# مۇجاھىدلار ئازۇقى

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

# مۇجاھىدلار بۇلىقى

توپلىغۇچى :

## ئابدۇسەمەد

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر:
ئەبۇ ھەمزە داموللام
جۇندۇراززاق

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

## مۇندەرىجە


كىرىش سۆز........................................... 7

1ـ باب  جىھادتا نىيەتنىڭ خالىس بولۇشى ھەققىدە.............. 11

2ـ باب  الله  يولىدىكى جىھادنىڭ غايىسى ........................ 17

3ـ باب  جىھادنىڭ پەرز ئىكەنلىكى ھەققىدە ........................ 21

4ـ باب  الله  يولىدىكى جىھاد ۋە مۇجاھىدلارنىڭ پەزىلىتى ............ 25

5ـ باب  ئەتىگەن ـ ئاخشامدا الله  يولىدا جىھادقا چىقىشنىڭ پەزىلىتى .. 40

6ـ باب  الله  يولىدىكى جىھاد سېپىدە تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى.......... 41

7ـ باب  الله  يولىدا چاڭ ـ توزان بولۇشنىڭ پەزىلىتى............ 43

8ـ باب  ئۇرۇش قىلغۇچى كاپىرنى الله  يولىدا ئۆلتۈرۈشنىڭ پەزىلىتى .. 45

9ـ باب  مۇجاھىد — الله نىڭ مەغپىرىتى، كاپالىتى، ياردىمى ۋە ھىدايىتىدە بولىدۇ............................................... 46

10ـ باب  جىھاد — ئىززەتتۇر، ئۇنى تاشلاش خارلىق ۋە ھالاكەتتۇر.... 54

11ـ باب  جىھادنى تەرك ئېتىش مۇناپىقلىقنىڭ سۈپىتىدىندۇر ........ 59

12ـ باب  جىھادقا چىقىشنى سەمىمىي ئارزۇ قىلىپ ئەمما چىقالمىغان ئۆزرىلىك كىشىلەرنىڭ ئەجرى ............................ 61

13ـ باب  كىشىلەرنى جىھادقا قىزىقتۇرۇش ھەققىدە................. 63

14ـ باب  دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشنىڭ ئامىللىرى........ 64

(1) الله قا بولغان ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر ........................ 64

(2) الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش .......................... 66

(3) سەۋر قىلىش ۋە سەۋردە دۈشمەنلەردىن چىداملىق بولۇش.......... 66

(4) جەڭدە مۇستەھكەم تۇرۇش............................. 67

(5) الله  تائالانى كۆپ زىكىر قىلىش ۋە گۇناھلىرىغا ئىستىغپار ئېيتىش....... 69

(6) الله  تائالاغا كۆپ دۇئا قىلىش.............................. 71

(7) پەقەت الله قىلا تەۋەككۈل قىلىش .......................... 73

(8) الله  ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش ........................... 75

(9) گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا ئەمىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش

75

(10) بىرلىشىش، ئىختىلاپلاشماسلىق ..... 78

(11) ئاجىزلارغا ياخشىلىق قىلىش ..... 80

(12) سەۋەبلەرنى قىلىشتا تاقىتىنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق قىلىش ..... 81

15 ـ باب دۈشمەنلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى ..... 81

(1) الله قا ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلىش (گۇناھ ـ مەئسىيەت) ..... 81

(2) گۇناھقا بۇيرۇمىغان ئەمرگە ئىتائەتسىزلىك قىلىش ..... 83

(3) سان ياكى كۈچ ـ قۇۋۋەتتىگە تەۋەككۈل قىلىپ قېلىش ..... 83

(4) غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىش ..... 84

(5) مۇسۇلمانىنى ناھەق ئۆلتۈرۈش ..... 85

(6) بۆلۈنۈش ۋە تالاش ـ تارتىش قىلىش ..... 87

(7) ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى تەرك ئېتىش ..... 88

(8) جەڭدىن قېچىش ..... 91

16 ـ باب بىر ياكى بىر نەچچە كىشىنىڭ شاھادەتكە قىزىقىپ دۈشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىرىپ كېتىشىنىڭ پەزىلىتى ..... 91

17 ـ باب جەڭدە شىجائەتلىك بولۇشنىڭ پەزىلىتى ..... 101

18 ـ باب الله قا سادىق بولغان كىشىنىڭ ئارزۇسىنى الله نىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ..... 103

19 ـ باب الله يولىدا يارىلىنىشنىڭ پەزىلىتى ..... 108

20 ـ باب جەڭنىڭ ھىيلە بىلەن بولىدىغانلىقى ھەققىدە ..... 110

21 ـ باب جىھادتىكى قورقۇنچىنىڭ پەزىلىتى ..... 115

22 ـ باب مۇسۇلمانغا قورال تەڭلەشتىن ۋە تىغلىق نەرسىلەرنى يالىڭاچ سۇنۇشتىن ساقلىنىش ھەققىدە ..... 116

23 ـ باب الله يولىدا مال سەرپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى ..... 118

24 ـ باب الله يولىدا مال سەرپ قىلىشقا ئالدىراش ھەققىدە ..... 123

25 ـ باب الله يولىغا مال سەرپ قىلىشتا بېخىللىق قىلىشتىن ساقلىنىش ھەققىدە ..... 125

26 ـ باب مۇجاھىدلارنى جابدۇش (تەييارلاش) ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىن

ياخشى خەۋەر ئېلىش ھەققىدە.............................. 126

27ـ باب مۇجاھىدلارغا ياردەم قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنىڭ پەزىلىتى.............................. 129

28ـ باب مۇجاھىدلارنى ئۇزىتىپ قويۇش ۋە قايتىپ كەلگەندە كۈتۈۋېلىش ھەققىدە.............................. 131

29ـ باب غازاتتىن قايتىپ كەلگەندە ئېيتىلىدىغان زىكىرلەر........ 132

30ـ باب ئاياللارغا جىھادنىڭ پەرز ئەمەسلىكى ھەققىدە ........... 133

31ـ باب ئايال كىشى پىتنىدىن خالىي ھالەتتە ئەمىرنىڭ ئىجازىتى بىلەن جىھادقا چىقىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى ھەققىدە ............... 134

32ـ باب دېڭىز جىھادىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇقلۇق جىھادىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى ھەققىدە .............................. 138

33ـ باب جەڭدە تەكبىر ئېيتىشنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكى ھەققىدە. 140

34ـ باب جىھادقا تەييارلىق قىلىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى ھەققىدە. 141

35ـ باب الله يولىدا ئوق ئېتىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى.............................. 141

36ـ باب الله يولىدا (يەنى جىھادتا) روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى......... 146

37ـ باب ئاتنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنى جىھاد نىيىتىدە ياخشى پەرۋىش قىلىشنىڭ ساۋابى ھەققىدە .............................. 147

38ـ باب ياخشى ئاتلارنىڭ سۈپىتى .............................. 152

39ـ باب شەرىئەتكە زىت شەرتلەر قويۇلمىغان مۇسابىقىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى ھەققىدە .............................. 153

40ـ باب كۇفۇر دىيارىدا ئىبادەتلىرىنى ئاشكارا قىلىشقا ۋە دىنىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقا قادىر بولالمىغان كىشىنىڭ ھىجرەت قىلىشى ۋاجىب ئىكەنلىكى ھەققىدە .............................. 156

41ـ باب ھىجرەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى.............................. 158

42ـ باب ھىجرەتنىڭ تاكى قىيامەتكىچە ئۈزۈلۈپ قالمايدىغانلىقى ھەققىدە.............................. 163

43ـ باب پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھىجرەت سەپىرى.................. 164

44ـ باب  الله  يولىدىكى رىباتنىڭ پەزىلىتى .................180
45ـ باب  الله  يولىدا ھارىستا تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى ...............184
46ـ باب  الله  يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شەھىدلەرنىڭ پەزىلىتى .........189
47ـ باب  ئەڭ ئەۋزەل شەھىدلەر.................................204
48ـ باب  شاھادەتنى ئارزۇ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھېرىس بولۇش ھەققىدە .206
49ـ باب  جىھاد ئۈچۈن چىقىپ ئۇرۇشسىز ئۆلگەن كىشىنىڭمۇ شەھىد بولىدىغانلىقى ھەققىدە.........................................208
50ـ باب  شەھىدلىكنىڭ ئىنسانلار ھەقلىرىنى ئۆچۈرەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە...............................................212
51ـ باب  غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىشنىڭ گۇناھى ۋە ئۇنىڭ ھەتتا الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىمۇ ھالاك قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ........213
52ـ باب  الله  يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شەھىدلەردىن سىرت يەنە شەھىدلىكنىڭ پەزىلىتىگە ئېرىشەلەيدىغان كىشىلەر ھەققىدە....................222
53ـ باب  مۇسۇلمانلار جامائىتىنى لازىم تۇتۇشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى ۋە ئۇلاردىن ئايرىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ھەققىدە.....................226
54ـ باب  پاسىقلىقى پەقەت ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولغان، مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان پاسىق ئەمىر ئاستىدا جىھاد قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى ھەققىدە.................................................230
55ـ باب  ئەمىرنىڭ قوشۇن ئەزالىرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى .....233
(1) قول ئاستىدىكىلەر ئۈستىدىكى باش مەسئۇللۇق (يەنى قول ئاستىدىكىلەرگە ئادىل بولۇش؛ ئۇلارنى توغرىغا يېتەكلەش، ھىمايە قىلىش ۋە مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرۇش) 234..................................................
(2) ئەمىر شەرئىي ھۆكۈمنى ئېنىق بىلەلمىگەن ياكى شەرئەتتە ئوچۇق بەلگىلىمە كەلمىگەن ئىشلاردا سەمىمىي ئەھلى ئىلىم ۋە تەجرىبىلىك كىشىلەرگە مەسلىھەت سېلىشى ھەققىدە ...............................243
(3) ئەمىرنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن بەيئەت ئېلىشى ...................251
(4) يارامىلىق گۇرۇپپا ئەمىرلىرى ۋە خىزمەت مەسئۇللىرىنى تەيىنلەش ........252

(5) قول ئاستىدىكى كىشىلەرگە مېھرىبان بولۇش ۋە بارلىق ئىشلاردا تەمكىن بولۇش ...................................... 254
(6) جامائەتنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش.......................... 257
(7) جامائەت ئەزالىرىنىڭ ئىمانىي تەييارلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش ............... 259
(8) قول ئاستىدىكى كىشىلەردىن يامان گۇمان قىلماسلىق............ 261
56- باب قوشۇن ئەزالىرىنىڭ ئەمىر ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى ..... 262
(1) گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا ئەمرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ...................................... 262
(2) ئەمرگە نەسىھەت قىلىش.......................... 271
(3) ئەمرگە سەمىمىي- سادىق بولۇش ........................ 273
(4) ئەمرنى ھۆرمەت قىلىش.......................... 274
(5) ئەمردىن يامان گۇمان قىلماسلىق ۋە ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئاچماسلىق ...... 276
57- باب مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن فىدىيە بېرىش ياكى ئەسىر ئالماشتۇرۇش ۋە ياكى جەڭ قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى ھەققىدە 277
58- باب الله تائالانىڭ بۇ دىننى پاسىق كىشى بىلەنمۇ كۈچلەندۈرىدىغانلىقى ھەققىدە ...................................... 281
59- باب جەڭدە غەنىيمەت ئالغان كىشىنىڭ ساۋابىنىڭ كېمىيىپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە .............................. 283
60- باب پەيغەمبەر ﷺ نىڭ غازاتلىرىنىڭ سانى ............... 284
61- باب بەدر غازىتى ............................ 285
62- باب بەنى نەزىر غازىتى ......................... 317
63- باب ئۇھۇد غازىتى ........................... 320
64- باب رەجىئ غازىتى ........................... 346
65- باب بىئرى مەئۇنە غازىتى ........................ 350
66- باب ئەھزاب غازىتى .......................... 353
67- باب بەنى قۇرەيزە غازىتى ........................ 365
68- باب بەنى مۇستەلىق غازىتى ....................... 369
69- باب زىقەرەد غازىتى.......................... 372

70ـ باب  خەيبەر غازىتى ........................ 378
71ـ باب  زاتۇررىقائ غازىتى ........................ 386
72ـ باب  مۇئتە غازىتى ........................ 387
73ـ باب  مەككە فەتھىسى غازىتى ........................ 388
74ـ باب  ھۇنەين غازىتى ........................ 405
75ـ باب  تائىف غازىتى ........................ 418
76ـ باب  ئەۋتاس غازىتى ........................ 419
77ـ باب  تەبۇك غازىتى ........................ 421
78ـ باب  زۇلخەلەسە غازىتى ........................ 436
79ـ باب  زاتۇسەلاسىل غازىتى ........................ 437
80ـ باب  جىھادنىڭ تاكى قىيامەتكىچە ئۈزۈلۈپ قالمايدىغانلىقى ھەققىدە ........................ 438

# كىرىش سۆز

جىمى ھەمدۇ-سانالار ئۇز كىتابىدا: «ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن اللە نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى اللە نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر. ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسىتىگە ئېرىشكۇچىلەردۇر [20]. پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇشخەۋەر بىرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېئمەتكە ئېرىشىدۇ [21]. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۇ قالىدۇ. شۈبھىسىزكى، اللە نىڭ دەرگاھىدا (ئۇلارغا) كاتتا ساۋاب بار [22]»[1] دېگەن ئايەتنى ئۆز يولىدىكى باھادىر ئەزىمەتلەرگە ئىنئام قىلغان، چەكسىز مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك، مۇئمىنلەرگە ئىززەتنى ئېھسان قىلىپ، كاپىرلارنى خارلىق ئازگىلىغا بەند قىلغۇچى، پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان رەببىمىز اللە سۇبھانەھۇ ۋە تائالاغا بولسۇن. دۇرۇت ۋە سالاملار ھەمدە جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ماقامى ئۆزىنىڭ سەھىھ ھەدىسىدە: «بىر كىشىنىڭ اللە يولىدىكى جىھاد سېپىدە بىر سائەت تۇرۇشى 60 يىللىق ئىبادەتتىن ئەۋزەلدۇر»[2] دېگەن مۇجاھىدلار ئىمامى، رەھبىرىمىز ۋە قوماندانىمىز رەسۇلۇللاھقا بولسۇن. اللە نىڭ چەكسىز رەھمىتى ۋە مەغپىرىتى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارچە ساھابىلىرىگە بولسۇن.

شۈبھىسىزكى، قۇربانلىق يولىدىكى ساپ بۇلاقتىن روھى سۇغۇرۇلغان دىن پىدائىيلىرىنىڭ خۇشھىد قانلىرى بىلەن پاكلانغان ھەربىر زېمىن شۇنىڭغا گۇۋاھكى، بۇ دىن تارىختىن بۇيان دىن دۇشمەنلىرى ھەق يولىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئوڭ قولىغا قۇياشنى، سول قولىغا ئاينى ۋەدە قىلسىمۇ، تاكى ئىسلام غالىب بولغىچە ياكى بۇ يولدا ئۆلتۈرۈلگىچە تەۋرەنمەي ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرغان: دىن يولىدىكى قۇربانلىقتا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ، ئاخىرەتتىكى كۆزى كۆرۈپ باقمىغان، قۇلىقى ئاڭلاپ باقمىغان، كۆڭلىگە كېچىپمۇ باقمىغان مەڭگۈلۈك نازۇ-نېئمەتلەر ماكانىغا قاراپ ئات چاپتۇرغان:

[1] سۇرە تەۋبە 20- ئايەتتىن 22- ئايەتكىچە.

[2] بەيھەقى ۋە خەتىب توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

شۇنداقلا تاللىغان يولى قانچىلىك تىكەنلىك ياكى مۇدھىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كەينىگە داجىمىغان؛ رەببىنىڭ رازىلىقىدىن باشقا ھېچنەرسىگە ئەھمىيەت بەرمىگەن؛ بۇ يولنى ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيگەن ۋە ئۇنىڭ لەززىتىنى ئالغان؛ شۇ ئالىي مەنزىل ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرگەن كىشىلىرىدىن ۋە بارچە مال ـ بىساتىدىن ئايرىلىش، يۇرتىدىن قوغلىنىش، قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنىش، تۈرمىلەرگە قامىلىش بىلەن ئاجىزلىشىپ، ئىككىلىنىپ قالمىغان؛ ۋاقىتلىق مەغلۇبىيەت ۋە مۇسىبەت ئالدىدا مەيۈسلىنىپ، بوشاپ قالمىغان؛ ئۆلۈمنى كۈلۈپ تۇرۇپ قارشى ئالالىغان؛ ئەخلاقى — قۇرئان، ئۈلگىسى — رەسۇلۇللاھ ﷺ، قورغىنى — ئىمان، ئىززىتى — جىھاد، شۇئارى: «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر» بولغان؛ الله ئۈچۈن خۇشال بولىدىغان، الله ئۈچۈن غەزەبلىنىدىغان؛ الله رازى بولىدىغان پېقىرلىقنى بايلىق، الله نارازى بولىدىغان بايلىقنى پېقىرلىق سانايدىغان؛ الله رازى بولىدىغان خارلىقنى ئىززەت، الله نارازى بولىدىغان ئىززەتنى خارلىق سانايدىغان ھەمدە الله رازى بولىدىغان مۇسىبەتنى بەخت، الله نارازى بولىدىغان بەختنى مۇسىبەت سانايدىغان؛ ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يەر يۈزىدىن كۇفرىنى تازىلاپ، ئىسلام ھىدلىرى بىلەن تولدۇرۇش ۋە شەرىئەتنى ئالىي قىلىش يولىدا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى قۇربان قىلالايدىغان ھەمدە ئىمانىدا تەۋرەنمەي، رەببىنىڭ رازىلىقىنىڭ سىرتىدا ھېچنەرسىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بىر تۈركۈم جاسارەتلىك ئوغلانلار ۋە ھەقىقەتپەرۋەر ئالىملار بىلەن بەرپا بولغان ئىدى، شۈبھىسىزكى، يەنە داۋاملىق شۇ قانۇنىيەت ئاساسىدا بەرپا بولىدۇ.

كاپىرلار بىلەن بولغان شىددەتلىك جەڭلەرگىمۇ باتۇرلارچە بۇسۇپ كىرىپ قىلىچ ئويناتقان ھەمدە بۇ جەڭلەردە الله تائالا ئۇلارنى نۇسرەت ۋە زەپەر بىلەن رىزىقلاندۇرغان ئەنە شۇ قۇدرەت ساھىبلىرى ۋە باھادىر ئوغلانلارنى سۇغارغان ساپ بۇلاقتىن زامانىمىزدىكى ئىزباسارلىرىغا ھەم ئاتا ئېتىپ، خۇنۇكلىشىپ قالغان نۇرانە تارىخىمىزنى قايتىدىن نۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاتلانغان مۇجاھىدلارغا ئازراق بولسىمۇ قۇۋۋەت بەخش ئېتىش ئۈمىدىدە قولىڭىزدىكى

ئۇشبۇ كىتابنى سىز قېرىندىشىمغا سۇندۇم.

ئۇشبۇ كىتاب جىھاد مەيدانىغا نۇر بولۇپ چېچىلىپ، ھەربىر نىئمەت ئىگىلىرىنىڭ قەلبلىرىگە لەززەت ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقان جىھاد توغرىسىدىكى ئىلاھىي ۋەھىيلەرنى رەتلەپ توپلاش ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، ھەدىسلەرنى توپلىغاندا تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تەرەپكە ئالاھىدە ئېتىبارىمنى ئاغدۇردۇم:

بىرىنچىدىن، ئىنشائاللاھ پەقەت سەھىھ ھەدىسلەرنىلا كىرگۈزدۇم. «سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم»دىن باشقا ھەدىس توپلاملىرىدىكى ھەدىسلەرنىڭ سەھىھلىك دەرىجىسىنىڭ تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولۇشى ئۈچۈن، ھەدىس تەتقىقاتى ۋە تەكشۈرۈپ باھالاش بىلەن شۇغۇللانغان ئىبنى ھەجەر، ئەرنەئۇت، ئەلبانى، ھەيسەمى، نەۋەۋى، سۇيۇتى، زەھەبى... (ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىگە ئالسۇن!) قاتارلىق مۇھەددىسلەرنىڭ مەزكۇر ھەدىسكە بولغان باھاسىنى ئىزدىنىش ئارقىلىپ يېزىپ قويدۇم. ئەمما، «سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم»نىڭ ھەدىسلىرى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا «سەھىھ» دەپ قوبۇل قىلىنغاچقا، ئۇلارنىڭ مەنبەسىنى كەلتۈرۈپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەندىم.

ئىككىنچىدىن، كەلتۈرۈلگەن ھەدىسلەرنىڭ ئەسلى لەۋزى بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەدىسلەرنىڭ ئۇ-بۇ كىتابلاردا نەقىل قىلىنغان لەۋزىنى ئەمەس بەلكى ئەسلى توپلانغان ھەدىس كىتابلىرىدىكى تېكىستىنى ئالدىم.

ئۈچىنچىدىن، پەقەت قىزىقتۇرۇش ۋە پەزىلەت مەزمۇنىدىكى ئايەت-ھەدىسلەرنى كەلتۈرۈپ، فىقھى ھۆكۈمگە ئالاقىدارلىرىنى ئالمىدىم چۈنكى فىقھى ھۆكۈملەر كەڭ دائىرىلىك دەلىللەرنى تەلەپ قىلغاچقا، بىرنەچچە ئايەت-ھەدىسلەر بىلەن ئالىملارنىڭ ئىختىلاپلىرى ئارىسىدىكى مەلۇم بىر ھۆكۈمنى كۈچلەندۈرۈپ قويۇشنى خالىمىدىم.

تۆتىنچىدىن، ئالىملارنىڭ بەرگەن شەرھىسى ئارقىلىق پەزىلىتى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈلگەن ياكى ئىزاھات بېرىپ قويۇشقا تېگىشلىك دەپ قارىغان قىسمەن ھەدىسلەرگە قارىتا، بەت ئاستىغا نوپۇزلۇق كىتابلاردىن شەرھى كەلتۈرۈپ قويدۇم.

ئاخىرىدا، ئۇشبۇ كىتابنىڭ مۇجاھىدلار قۇۋۋىتى ۋە جىھاد نۇسرىتىگە

سەۋەب بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ﷲ تائالانىڭ ھەربىر مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىگە ئوقۇرمەنلەرنىڭ سالىھ دۇئا قىلىپ قويۇشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.

—— توپلىغۇچىدىن

# 1- باب

# جىھادتا نىيەتنىڭ خالىس بولۇشى ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَا لِلَّهِ الدِّينُ الْخَالِصُ﴾ «بىلىڭلاركى، (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ دىن الله قا خاستۇر».①

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ﴾ «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى الله قا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) الله قىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى».②

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ آمَنُوا يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ﴾ «مۇئمىنلەر الله يولىدا جىھاد قىلىدۇ».③

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ كَانَ يُرِيدُ الْعَاجِلَةَ عَجَّلْنَا لَهُ فِيهَا مَا نَشَاءُ لِمَنْ نُرِيدُ ثُمَّ جَعَلْنَا لَهُ جَهَنَّمَ يَصْلَاهَا مَذْمُومًا مَدْحُورًا ۞ وَمَنْ أَرَادَ الْآخِرَةَ وَسَعَى لَهَا سَعْيَهَا وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُولَئِكَ كَانَ سَعْيُهُمْ مَشْكُورًا ۞﴾ «بىز دۇنيانى كۆزلىگەنلەر ئىچىدىن خالىغان ئادەمگە (ئۇنىڭ خالىغىنىنى ئەمەس) بىزنىڭ خالىغىنىمىزنى بېرىمىز، ئاندىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەم بىلەن جازالايمىز. جەھەننەمگە ئۇ خارلانغان، (الله نىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا كىرىدۇ [18]. كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۇئمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمىلى (الله نىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ [19]».④

**1. عن عمر ابن الخطاب رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «إنما الأعمال بالنيات وإنما لكل امرئ ما نوى، فمن كانت هجرته إلى الله ورسوله فهجرته إلى الله ورسوله، ومن كانت هجرته لدنيا يصيبها أو امرأة ينكحها فهجرته إلى ما هاجر إليه».**

1. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «بارلىق ئەمەللەر پەقەت نىيەتكە

① سۈرە زۇمەر 3- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە بەييىنە 5- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ سۈرە نىسا 76- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ سۈرە ئىسرا 18-، 19- ئايەتلەر.

باغلىقتۇر، ھەرقانداق ئىنسان پەقەت ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ. كىمكى الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ ھىجرىتىدىن شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ؛ كىمكى بۇ دۇنيادا پۇل ـ مالغا ئېرىشىش ياكى بىرەر خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى نىيەت قىلغان نەرسىسى ئۈچۈن بولىدۇ». [1]

**2. عن عبد الله بن عمرو بن العاص رضي الله عنهما أنه قال: يا رسول الله، أخبرني عن الجهاد والغزو، فقال ﷺ: «يا عبد الله بن عمرو إن قاتلت صابرا محتسبا بعثك الله صابرا محتسبا، وإن قاتلت مرائيا مكاثرا، بعثك الله مرائيا مكاثرا، يا عبد الله بن عمرو، على أي حال قاتلت أو قتلت، بعثك الله على تلك الحال».**

2. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا جىھاد ۋە غازاتتىن خەۋەر بەرسەڭ» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر! ئەگەر سەن سەۋر قىلغان ۋە الله تىن ئەجىر ئۈمىد قىلغان ھالەتتە جەڭ قىلساڭ، الله سېنى سەۋر قىلغۇچى ۋە الله تىن ئەجىر ئۈمىد قىلغۇچى ھالىتىڭدە تىرىلدۈرىدۇ؛ ئەگەر سەن رىيا قىلىش ۋە مال ـ دۇنيالىرىڭنى كۆپەيتىش ئۈچۈن جەڭ قىلساڭ، الله سېنى رىياكار ۋە مال ـ دۇنيالىرىنى كۆپەيتكۈچى ھالىتىڭدە تىرىلدۈرىدۇ. ئى ئىبنى ئەمر! قايسى ھالەتتە جەڭ قىلساڭ ياكى ئۆلتۈرۈلسەڭ، الله سېنى شۇ ھالەتتە تىرىلدۈرىدۇ» دېدى. [2]

**3. عن أبي أمامة رضي الله عنه قال: جاء رجل إلى النبيِّ ﷺ فقال: أرأيت رجلاً غزا يلتمس الأجر والذكر، ماله؟ فقال: «لا شيء له»، فأعادها ثلاث مرار يقول: «لا شيء له»، ثم قال: «إن الله تعالى لا يقبل من العمل إلا ما كان له خالصًا، وابتغي به وجهه».**

3. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ھەم ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، ھەم نام ـ ئاتاقنى كۆزلەپ غازات قىلغان كىشىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەرسەڭ، ئۇ ئاخىرەتتە نېمىگە ئېرىشىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە ھېچنەرسە يوق» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم بۇ سوئالنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغانىدى،

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى ۋە ھاكىم توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ ھەر قېتىم ئۇنىڭغا: «ئاخىرەتتە ھېچنەرسە يوق» دېدى ۋە ئاندىن: «شۈبھىسىزكى، الله تائالا پەقەت ئۆزى ئۈچۈن خالىس قىلىنغان ۋە ئۆزىنىڭ رازىلىقى كۆزلەنگەن ئەمەلدىن باشقا ھېچقانداق ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ» دېدى.①

**4. عن أبي هريرة، أن رسول الله ﷺ قال: «قال الله عز وجل: أنا أغنى الشركاء عن الشرك، فمن عمل لي عملا أشرك فيه غيري، فأنا منه بريء، وهو للذي أشرك».**

4. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ‹مەن شېرىكلەرنىڭ شېرىكلىكىگە قەتئىي ھاجىتى چۈشمەيدىغان زاتتۇرمەن. كىمكى بىر ئەمەلنى مەن ئۈچۈن قىلىپ، ئۇنىڭغا مەندىن باشقىنى شېرىك قىلسا (يەنى باشقىلارنى كۆرسۇن ياكى ئاڭلىسۇن دەپ رىيا قىلسا) مەن ئۇنىڭدىن ئادا-جۇدامەن، ئۇ ئەمەل شېرىك قىلىنغۇچى ئۈچۈن بولىدۇ›».②

**5. عن أبي سعيد بن أبي فضالة الأنصاري قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «إذا جمع الله الأولين والآخرين يوم القيامة ليوم لا ريب فيه نادى مناد: من كان أشرك في عمله لله أحدا فليطلب ثوابه من عنده فإن الله أغنى الشركاء عن الشرك».**

5. ئەبۇ سەئىد ئىبنى ئەبۇ فۇزالە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «الله بارلىق خالايىقنى شەكسىز بولىدىغان قىيامەت كۈنى توپلىغاندا، بىر جاكارچى: ‹كىمكى ئۆز ئەمىلىدە الله تىن باشقا بىرىنى شېرىك قىلغان بولسا، ساۋابىنى شۇنىڭدىن تەلەپ قىلسۇن! چۈنكى الله شېرىكلەرنىڭ شېرىكچىلىكىگە قەتئىي ھاجىتى چۈشمەيدىغان زاتتۇر› دەيدۇ».③

**6. عن عبد الله بن الديلمي أن يعلى بن منية قال: أذن رسول الله ﷺ بالغزو وأنا شيخ كبير ليس لي خادم، فالتمست أجيرا يكفيني وأجري له سهمه، فوجدت رجلا، فلما دنا الرحيل أتاني، فقال: ما أدري ما السهمان، وما يبلغ سهمي؟ فسم لي شيئا كان السهم أو لم يكن، فسميت له ثلاثة دنانير، فلما حضرت غنيمة أردت أن أجري له سهمه، فذكرت الدنانير،**

① ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② ئىبنى ماجە ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

③ تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

**فجئت النبي ﷺ فذكرت له أمره، فقال: «ما أجد له في غزوته هذه في الدنيا والآخرة إلا دنانيره التي سمي».**

6. يەئلا ئىبنى مۇنەييەھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ غازاتقا چىقىشقا ئۇقتۇرۇش قىلدى، ۋەھالەنكى مەن ياشىنىپ قالغان كىشى ئىدىم. خىزمەتچىم ھەم يوق ئىدى، شۇڭا ماڭا ياخشى خىزمەت قىلالايدىغان خىزمەتچى ئىزدىدىم. ئۇنىڭ ئىش ھەققى ھېسابىدا غەنىيمەتتىن ئۈلۈشىنى بەرمەكچى بولدۇم. مەن ئاخىرى بىر كىشىنى تاپتىم. يولغا چىقىشقا تەمشەلگەندە ئۇ يېنىمغا كېلىپ: «ماڭا بىرىدىغان ئۈلۈشىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن شۇڭا غەنىيمەتتىكى ئۈلۈشتىن بولامدۇ ياكى باشقا پۇلدىن بولامدۇ ماڭا بېرىدىغان ھەقنى ئېنىق بەلگىلەپ بەرگىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنىڭغا ئۈچ دىنار ئىش ھەققى بېكىتتىم. غەنىيمەت كەلگەن چاغدا مەن ئۇنىڭغا ئۈلۈشىنى بەرمەكچى بولدۇم ـ يۇ، تۇرۇپلا دىنارلارنى ئەسلەپ قالدىم ـ دە، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا بۇنى سۆزلەپ بەردىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇ بۇ غازاتتىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پەقەت ئۆزى ئېيتقان دىنارلارنىلا ئالىدۇ، خالاس» دېدى.[1]

**7. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «إن أول الناس يقضى يوم القيامة عليه رجل استشهد، فأتي به فعرفه نعمه فعرفها، قال: فما عملت فيها؟ قال: قاتلت فيك حتى استشهدت. قال: كذبت، ولكنك قاتلت لأن يقال: جريء! فقد قيل، ثم أمر به فسحب على وجهه حتى ألقي في النار».**

7. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «قىيامەت كۈنى تۇنجى بولۇپ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كىشى ‹شەھىد› بولغان ئادەمدۇر. الله ئۇ ئادەمنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئۆز نېئمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇ ئادەم تونۇيدۇ. الله ئۇنىڭدىن: ‹سەن ئۇ نېئمەتلەر بىلەن نېمە ئەمەللەرنى قىلدىڭ؟› دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم: ‹سېنىڭ يولۇڭدا ئۇرۇش قىلىپ شەھىد بولدۇم› دەيدۇ. الله ئۇنىڭغا: ‹يالغان ئېيتتىڭ، بەلكى سەن قەھرىمان دەپ ئاتىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلدىڭ ۋە بۇ سۆزلەر ساڭا دېيىلىپ بولدى› دەيدۇ، ئاندىن ئۇ دوزاخقا

[1] ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى ۋە ھاكىم توپلىغان؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بۇيرۇلىدۇ ۋە يۈزىچە سۆرىتىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ».[1]

8. وعن أبو هريرة رضي الله عنه: أن عمرو بن أقيش كان له ربا في الجاهلية، فكره أن يسلم حتى يأخذه، فجاء يوم أحد، فقال: أين بنو عمي؟ قالوا: بأحد، قال: أين فلان، قالوا: بأحد، فلبس لأمته، وركب فرسه، وتوجه قبلهم، فلما رآه المسلمون قالوا: إليك عنا يا عمرو، قال: إني قد آمنت، فقاتل حتى جرح، فحمل إلى أهله جريحا، فجاءه سعد بن معاذ، فقال لأخته: سليه أحمية لقومك، أم غضبا لهم، أم غضبا لله تبارك وتعالى؟ قال: بل غضبا لله ولرسوله، فمات فدخل الجنة، وما صلى لله تبارك وتعالى صلاة.

8. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەمر ئىبنى ئۇقەيش جاھىلىيەت دەۋرىدە جازانە ئالاتتى. ئۇ ئالىدىغان جازانىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ بولغۇچە ئىسلام دىنىغا كىرىشنى خالاپ كەتمىدى. ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغان كۈنى ئۇ:

— تاغامنىڭ ئوغۇللىرى قېنى؟ — دەپ سورىغانىدى، كىشىلەر:

— ئۇلار ئۇھۇدتا، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ:

— پالانى قېنى؟ — دەپ سورىغانىدى. ئۇلار:

— ئۇمۇ ئۇھۇدتا، — دېدى. ئۇ يەنە:

— پۈكۈنى قېنى؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

— ئۇمۇ ئۇھۇدتا، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ ئېتىغا مىندى ۋە ئۇھۇدقا قاراپ ئاتلاندى. مۇسۇلمانلار ئۇنى كۆرۈپ:

— ئى ئەمر! بىزدىن يىراق تۇرغىن، — دېيىشتى. ئۇ:

— مەن ئىمان كەلتۈردۈم، — دېدى ۋە جەڭگە كىرىپ يارىلاندى. كېيىن ئۇ ياردار ھالەتتە ئائىلىسىگە ئاپىرىلدى. سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ ھەمشىرىسىگە:

— ئۇنىڭدىن سوراپ باققىن، ئۇ بۇ قېتىم قەۋمى ئۈچۈن ئۇرۇشۇپتىمۇ ياكى ئاچچىقى كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇرۇشۇپتىمۇ ۋە ياكى الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن غەزەپلىنىپ ئۇرۇشۇپتىمۇ، — دېدى. (ھەمشىرىسى ئۇنىڭدىن بۇ سوئالنى سورىغاندا،) ئۇ:

— الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن غەزەپلىنىپ ئۇرۇشتۇم، — دېدى

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ۋە شۇ جاراھەتنى سەۋەبلىك جان ئۈزدى. نەتىجىدە، ئۇ الله رازىلىقى ئۈچۈن بىر رەكئەت نامازمۇ ئوقۇماستىن جەننەتكە كىرىپ كەتتى.①

**9. عن أبي هريرة رضي الله عنه، أن رجلا قال: يا رسول الله، رجل يريد الجهاد في سبيل الله، وهو يبتغي عرضا من عرض الدنيا، فقال رسول الله ﷺ: «لا أجر له». فأعظم ذلك الناس، وقالوا للرجل: عد لرسول الله ﷺ فلعلك لم تفهمه، فقال: يا رسول الله، رجل يريد الجهاد في سبيل الله، وهو يبتغي عرضا من عرض الدنيا، فقال: «لا أجر له». فقالوا: للرجل عد لرسول الله ﷺ، فقال له: الثالثة. فقال له: «لا أجر له».**

9. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىر ئادەم دۇنيانى مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ الله يولىدا جىھادقا چىققان بولسا قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىلمەيدۇ» دېدى. بۇ گەپ باشقىلارغا ئېغىر تۇيۇلۇپ ھېلىقى كىشىگە: «رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن قايتا سوراپ باققىن، بەلكىم سوئالىڭنى چۈشەندۈرەلمىگەن بولساڭ كېرەك» دېدى. ئاندىن ئۇ كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىر ئادەم دۇنيانى مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ الله يولىدا جىھادقا چىققان بولسا قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىلمەيدۇ» دېدى. ئۇلار ئۇ كىشىگە رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن يەنە بىر قېتىم سوراپ بېقىشنى ئېيتقانىدى، ئۇ كىشى ئۈچىنچى قېتىم سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنىلا: «ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىلمەيدۇ» دېدى.②

**10. عن عبادة بن الصامت رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «من غزا في سبيل الله ولم ينو إلا عقالا فله ما نوى».**

10. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا ئارغامچا چاغلىق نەرسىگە ئېرىشىشنى نىيەت قىلىپ ئۇرۇش قىلسا، پەقەت نىيەت قىلغان نەرسىسىگىلا ئېرىشىدۇ».③

**11. عن عن معاذ بن جبل رضي الله عنه، عن رسول الله ﷺ أنه قال: «الغزو غزوان: فأما**

---

① ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

② ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان: ئەلبانى ۋە ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

③ ئەھمەد، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان؛ ئىبنى ھەجەر ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

من ابتغى وجه الله، وأطاع الإمام، وأنفق الكريمة، وياسر الشريك، واجتنب الفساد، فإن نومه ونبهه أجر كله. وأما من غزا فخرا ورياء وسمعة، وعصى الإمام، وأفسد في الأرض، فإنه لم يرجع بالكفاف».

11. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «غازات ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، بىر كىشى الله رازىلىقىنى كۆزلەپ غازاتقا چىقسا، قوماندانىغا ئىتائەت قىلسا، ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىنى الله يولىدا سەرپ قىلسا، سەپداشلىرىغا قۇلايلىق يارىتىپ بەرسە ۋە بۇزۇقچىلىقتىن ساقلانسا، ئۇنىڭ ئۇخلىغان ۋە ئويغاق ھالىتىنىڭ ھەممىسى ئەجىردۇر؛ يەنە بىرى، ئەگەر بىر كىشى پەخىرلىنىش، باشقىلارغا كۆرسىتىپ قويۇش ۋە ئاڭلىتىش مەقسىتىدە غازاتقا چىقىپ، قوماندانىغا ئاسىيلىق قىلسا ۋە زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلسا، بۇنداق كىشى ئەجىرسىز قۇرۇق قول قايتىدۇ».[1]

## 2 ـ باب

## الله يولىدىكى جىھادنىڭ غايىسى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّىٰ لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ لِلَّهِ﴾ «پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار».[2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَاتِلُوا الَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَلَا بِالْيَوْمِ الْآخِرِ وَلَا يُحَرِّمُونَ مَا حَرَّمَ اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَلَا يَدِينُونَ دِينَ الْحَقِّ مِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ حَتَّىٰ يُعْطُوا الْجِزْيَةَ عَن يَدٍ وَهُمْ صَاغِرُونَ﴾ «سىلەر ئەھلى كىتابتىن الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى <الله نىڭ ئوغلى>، ناسارالار ئىسانى <الله نىڭ ئوغلى> دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار <الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلىمىز> دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغانلىنىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن، الله (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[2] سۈرە ئەنفال 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىسلام دىنى)غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىڭلار».①

**12. عن أبي موسى رضي الله عنه: أن أعرابيا أتى النبي ﷺ فقال: يا رسول الله، الرجل يقاتل للمغنم، والرجل يقاتل ليذكر، والرجل يقاتل ليرى مكانه، فمن في سبيل الله؟ فقال رسول الله ﷺ: «من قاتل لتكون كلمة الله هي العليا، فهو في سبيل الله».**

12. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، بىر ئەئرابى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىر ئادەم غەنىيمەت ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، بىر ئادەم نام ـ ئاتاقتا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، بىر ئادەم ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، بۇلارنىڭ قايسىسى الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئەنە شۇ الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ» دېدى.②

**13. وعنه قال: سئل رسول الله ﷺ عن الرجل يقاتل شجاعة، ويقاتل حمية، ويقاتل رياء، أي ذلك في سبيل الله؟ فقال رسول الله ﷺ: «من قاتل لتكون كلمة الله هي العليا، فهو في سبيل الله».**

13. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «باتۇرلۇقىنى كۆرسىتىش، گۇرۇھۋازلىق قىلىش ۋە رىيا قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغانلار بار: بۇلارنىڭ قايسىسى الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ؟» دەپ سورالغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئەنە شۇ الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ» دېدى.③

**14. وعن أبي موسى رضي الله عنه: أن أعرابيا جاء إلى رسول الله ﷺ فقال: إن الرجل يقاتل للذكر، ويقاتل ليحمد، ويقاتل ليغنم، ويقاتل ليرى مكانه، فقال رسول الله ﷺ: «من قاتل حتى تكون كلمة الله هي أعلى فهو في سبيل الله عز وجل».**

14. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئەئرابى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «نام ـ ئاتاقتا ئېرىشىش، ماختىنىش، غەنىيمەت ۋە

① سۇرە تەۋبە 29ـ ئايەت.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغانلار بار» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئەنە شۇ الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ» دېدى.①

**15. عن ابن عمر رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «أمرت أن أقاتل الناس حتى يشهدوا أن لا إله إلا الله، وأن محمدا رسول الله، ويقيموا الصلاة، ويؤتوا الزكاة، فإذا فعلوا ذلك عصموا مني دماءهم وأموالهم إلا بحق الإسلام، وحسابهم على الله».**

15. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن تاكى كىشىلەر: ‹بىر الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد الله نىڭ بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر› دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنگە، ناماز ئوقۇغانغا ۋە زاكات بەرگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلسا، قانلىرى ۋە مال ـ مۈلكىنى مەندىن ساقلاپ قالالايدۇ ئەمما پەقەت ئىسلامنىڭ ھەققى بۇنىڭدىن مۇستەسنا②، ئۇلارنىڭ (ئىچكى سىرلىرىنىڭ) ھېسابىنى الله ئالىدۇ».③

**16. عن سليمان بن بريدة عن أبيه رضي الله عنه قال: كان رسول الله ﷺ إذا أمر أميرا على جيش أو سرية أوصاه في خاصته بتقوى الله ومن معه من المسلمين خيرا ثم قال: «اغزوا باسم الله في سبيل الله، قاتلوا من كفر بالله اغزوا ولا تغلوا ولا تغدروا ولا تمثلوا ولا تقتلوا وليدا، وإذا لقيت عدوك من المشركين فادعهم إلى ثلاث خصال (أو خلال) فأيتهن ما أجابوك فاقبل منهم وكف عنهم، ثم ادعهم إلى الإسلام فإن أجابوك فاقبل منهم وكف عنهم، ثم ادعهم إلى التحول من دارهم إلى دار المهاجرين وأخبرهم أنهم إن فعلوا ذلك فلهم ما للمهاجرين وعليهم ما على المهاجرين، فإن أبوا أن يتحولوا منها فأخبرهم أنهم يكونون كأعراب المسلمين، يجري عليهم حكم الله الذي يجري على المؤمنين، ولا يكون لهم في الغنيمة والفيء شيء، إلا أن يجاهدوا مع المسلمين، فإن هم أبوا فسلهم الجزية، فإن هم أجابوك فاقبل منهم وكف عنهم، فإن هم أبوا فاستعن بالله وقاتلهم».**

16. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىرەر قوشۇنغا

---

① ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

② يەنى قان تۆكۈشكە ئوخشاش گۇناھ سادىر قىلغان بولسا، ئىسلامنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا ئىجرا قىلىنىۋېرىدۇ.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ياكى بىرەر جامائەتكە ئەمىر بېكىتسە، ئۇ كىشىگە الله تائالاغا تەقۋادار بولۇشقا ۋە قوماندانلىقى ئاستىدىكى مۇسۇلمانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا تەۋسىيە قىلاتتى. ئاندىن مۇنداق دەيتتى: «الله يولىدا الله نىڭ نامى بىلەن غازات قىلىڭلار، الله قا كاپىر بولغانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار. غازات قىلىڭلار، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەڭلار، خىيانەت قىلماڭلار، جەسەتلەرنىڭ ئەزالىرىنى كەسمەڭلار، كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار.

ئەگەر مۇشرىكلاردىن بولغان دۈشمىنىڭگە ئۇچراشساڭ ئۇلارنى ئۈچ شەرتكە چاقىرغىن. ئەگەر ئۇلار قايسى بىرىگە كۆنسە، ئۇلاردىن قوبۇل قىلغىن ۋە ئۇرۇشتىن قولۇڭنى يىغقىن.

ئالدى بىلەن ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرغىن، ئەگەر ئۇلار كۆنسە ئۇلاردىن قوبۇل قىلغىن ۋە ئۇرۇشتىن قولۇڭنى يىغقىن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن مۇھاجىرلارنىڭ يۇرتلىرىغا ھىجرەت قىلىشقا چاقىرغىن ۋە ئۇلارغا شۇنى خەۋەر قىلىپ قويغىنكى، ئەگەر ئۇلار ئورۇندىسا مۇھاجىرلارغا كەلگەن مەنپەئەتتىن ئۇلارمۇ تەڭ بەھرىمان بولىدۇ ۋە مۇھاجىرلارنىڭ زىيىنىغا بولغان ئىشلار ئۇلارنىڭمۇ زىيىنىغا بولىدۇ؛ ئەگەر ھىجرەت قىلىشنى رەت قىلسا، ئۇلارغا سەھرالىق مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىغىن. الله تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە ئىجرا بولۇۋاتقان ھۆكۈمى ئۇلارغىمۇ ئوخشاش ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۇلار ئەگەر مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە جەڭ قىلمىسا، غەنىيمەت ۋە ئولجىدىن نېسىۋىسى بولمايدۇ.

ئەگەر ئۇلار بۇ شەرتلەرنى رەت قىلسا ئۇلارنى جىزيە تۆلەشكە بۇيرۇغىن، ماقۇل كۆرسە ئۇلاردىن قوبۇل قىلىپ، ئۇرۇشتىن قولۇڭنى يىغقىن؛ ئەگەر ئۇلار بۇنىمۇ رەت قىلسا، الله تائالادىن ياردەم تىلەپ ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلغىن». [1]

**17. عن عبد الله بن عمر رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «بعثت بين يدي الساعة بالسيف، حتى يعبد الله وحده لا شريك له، وجعل رزقي تحت ظل رمحي، وجعل الذلة والصغار على من خالف أمري، ومن تشبه بقوم فهو منهم».**

17. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «يەككە-يېگانە ۋە شېرىكسىز الله قا ئىبادەت

[1] مۇسلىم توپلىغان.

قىلىنىشى ئۈچۈن، مەن قىيامەتتىن ئىلگىرى قىلىچ بىلەن ئەۋەتىلدىم. مېنىڭ رىزقىم نەيزەمنىڭ سايىسى ئاستىدا قىلىندى. خارلىق ۋە بىچارىلىك مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا خىلاپلىق قىلغان كىشىگە بولىدۇ. كىمكى قايسى بىر قەۋمگە ئوخشىۋالسا ئۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ». [①]

## 3 ـ باب

## جىھادنىڭ پەرز ئىكەنلىكى ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ وَهُوَ كُرْهٌ لَكُمْ وَعَسَى أَنْ تَكْرَهُوا شَيْئًا وَهُوَ خَيْرٌ لَكُمْ وَعَسَى أَنْ تُحِبُّوا شَيْئًا وَهُوَ شَرٌّ لَكُمْ وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾ «سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى، ھالبۇكى سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر. سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) الله بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، (شۇنىڭ ئۈچۈن الله بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار)». [②]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَاتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾ «الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، الله ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلارنى، ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر». [③]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿انْفِرُوا خِفَافًا وَثِقَالًا وَجَاهِدُوا بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ «(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش ـ قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار؛ ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار؛ ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق

---

① ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② سۈرە بەقەرە 216 ـ ئايەت.

③ سۈرە بەقەرە 244 ـ ئايەت.

قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَاتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَكُمْ﴾ «سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى الله يولىدا جىهاد قىلىڭلار»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاقْتُلُوا الْمُشْرِكِينَ حَيْثُ وَجَدْتُمُوهُمْ وَخُذُوهُمْ وَاحْصُرُوهُمْ وَاقْعُدُوا لَهُمْ كُلَّ مَرْصَدٍ﴾ «مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار»[3].

**18. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «أمرت أن أقاتل الناس حتى يقولوا: لا إله إلا الله، فإذا قالوها عصموا مني دماءهم، وأموالهم إلا بحقها وحسابهم على الله عز وجل».**

18. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن تاكى كىشىلەر <الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر> دېگەنگە قەدەر ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئەگەر ئۇلار ئۇ سۆزنى ئېيتسا، ئۆزلىرىنىڭ قانلىرى ۋە ماللىرىنى مەندىن ساقلاپ قالىدۇ ئەمما پەقەت ئىسلامنىڭ ھەققى بۇنىڭدىن مۇستەسنا[4]. ئۇلارنىڭ (ئىچكى سىرلىرىنىڭ) ھېسابىنى الله ئالىدۇ»[5].

**19. عن بشير بن الخصاصية رضي الله عنه قال: أتيت رسول الله ﷺ لأبايعه على الإسلام، فاشترط علي «تشهد أن لا إله إلا الله وأن محمدا عبده ورسوله، وتصلي الخمس، وتصوم رمضان، وتؤدي الزكاة، وتحج البيت، وتجاهد في سبيل الله» قال: قلت: يا رسول الله، أما اثنتان فلا أطيقهما، أما الزكاة فمالي إلا عشر ذود، هن رسل أهلي وحمولتهم وأما الجهاد فيزعمون أنه من ولى، فقد باء بغضب من الله، فأخاف إذا حضرني قتال كرهت الموت، وخشعت نفسي، قال: فقبض رسول الله ﷺ يده ثم حركها ثم قال: «لا صدقة ولا جهاد فبم تدخل الجنة؟» قال: ثم قلت: يا رسول الله، أبايعك فبايعني عليهن كلهن.**

---

[1] سۇرە تەۋبە 41- ئايەت.

[2] سۇرە بەقەرە 190- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۇرە تەۋبە 5- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] يەنى قان تۆكۈشكە ئوخشاش گۇناھ سادىر قىلغان بولسا، ئىسلامنىڭ ھەققى- ھۆرمىتى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا ئىجرا قىلىنىدۇ.

[5] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

19. بەشىر ئىبنى خەساسىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا ئىسلامغا بەيئەت قىلىش ئۈچۈن كەلدىم. ئۇ ماڭا: «الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەيسەن، بەش ۋاق ناماز ئوقۇغايسەن، رامىزان روزىسى تۇتقايسەن، زاكاتنى ئادا قىلغايسەن، ھەج قىلغايسەن ۋە الله يولىدا جىھاد قىلغايسەن» دەپ شەرت قويدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئىككى شەرتكە تاقىتىم يەتمەيدۇ: بىرى، زاكات. چۈنكى مېنىڭ ئون تۆگەم بار، ئۇلاردىن ئائىلەم سۈتىنى سېغىپ، يۈك ـ تاق ئارتىپ پايدىلىنىدۇ. يەنە بىرى، جىھاد. كىشىلەر: <كىمكى جىھادتىن يۈز ئۆرۈپ قاچسا، ئۇ چوقۇم الله نىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ> دېيىشىدۇ، ئەگەر مەن جەڭگە كىرىپ قالسام ئۆلۈمنى يامان كۆرۈپ، جېنىمنى ئېلىپ قېچىشىمدىن قورقىمەن» دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ قولۇمنى تۇتتى ۋە ھەرىكەتلەندۇردى. ئاندىن ماڭا: «سەدىقىمۇ بەرمەي، جىھادمۇ قىلماي، قانداق جەننەتكە كىرىسەن؟!» دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بەيئەت قىلاي» دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ مەندىن يۇقىرىقى ھەممە شەرتلەرگە ئاساسەن بەيئەت ئالدى.[①]

**20. عن سلمة بن نفيل الكندي قال: كنت جالسا عند النبي ﷺ فقال رجل: يا رسول الله أذال الناس الخيل، ووضعوا السلاح، وقالوا: لا جهاد، وقد وضعت الحرب أوزارها فأقبل ﷺ بوجهه، قال: «كذبوا، الآن جاء القتال، ولا يزال من أمتي أمة يقاتلون على الحق ويزيغ الله لهم قلوب أقوام ويرزقهم منهم حتى تقوم الساعة».**

20. سەلەمە ئىبنى نۇفەيل كىندى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىدا ئولتۇراتتىم. بىر ئادەم كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! كىشىلەر ئاتلارنى خارلاپ، قوراللارنى تاشلىدى ۋە: <ئەمدى جىھاد يوق چۈنكى جەڭ ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىدى (يەنى جەڭ تۈگىدى)> دېيىشىۋاتىدۇ» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ: «ئۇلار خاتالىشىپتۇ، جەڭ قىلىشنىڭ دەۋرى ئەمدى كەلدى. مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم جامائەت ھەمىشە ھەق ئۈستىدە ئۇرۇش قىلىدۇ. الله ئۇلارغا مەلۇم قەۋملەرنىڭ دىللىرىنى مايىل قىلىپ بېرىدۇ ۋە شۇلارنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا

[①] ئەھمەد، تەبرانى ۋە ھاكىم توپلىغان، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

رىزىق بېرىپ تۇرىدۇ. ھەتتا قىيامەت كۈنىگىچە مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ» دېدى.[①]

**21. عن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «جاهدوا المشركين بأموالكم وأنفسكم وألسنتكم».**

21. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ماللىرىڭلار، جانلىرىڭلار ۋە تىللىرىڭلار بىلەن مۇشرىكلارغا قارشى جىھاد قىلىڭلار!»[②]

**22. عن حذيفة رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «الإسلام ثمانية أسهم: الإسلام سهم والصلاة سهم والزكاة سهم والصوم سهم وحج البيت سهم والأمر بالمعروف سهم والنهي عن المنكر سهم والجهاد في سبيل الله سهم وقد خاب من لا سهم له».**

22. ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىسلام سەككىز ئۈلۈشتۇر: ئىسلام كەلتۈرۈش بىر ئۈلۈش، ناماز بىر ئۈلۈش، زاكات بىر ئۈلۈش، رامىزان روزىسى بىر ئۈلۈش، ھەج بىر ئۈلۈش، ياخشىلىققا بۇيرۇش بىر ئۈلۈش، يامانلىقتىن توسۇش بىر ئۈلۈش، الله يولىدا جىھاد قىلىش بىر ئۈلۈش. كىمنىڭ ئۇنىڭدىن بىرەر ئۈلۈشى بولمىسا، ئۇ چوقۇم زىيان تارتىدۇ».[③]

**23. وعن عائشة رضي الله عنها قالت: قال النبي ﷺ: «لا هجرة بعد الفتح، ولكن جهاد ونية، وإذا استنفرتم فانفروا».**

23. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «(مەككە) فەتىھ بولغاندىن كېيىن ھىجرەت قىلىش يوق.[④]

---

① نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ بەززار توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

④ ئىزاھات: بۇ ھەدىس ئەينى چاغدا مەككە فەتىھ بولغاندىن كېيىن مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن كىشىلەرگە قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى «مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش مەككىنىڭ فەتىھ قىلىنىشى بىلەن ئاخىرلاشتى، مەككە فەتىھ قىلىنىپ ئىسلامىي زېمىن بولۇپ بولغاندىن كېيىن مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىسا ئەجىر بولمايدۇ» دېگەنلىكتۇر چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ: «تەۋبە قىلىش توختاپ قالمىغۇچە ھىجرەت قىلىش توختاپ قالمايدۇ، كۈن غەربتىن چىقمىغۇچە تەۋبە قىلىش توختاپ قالمايدۇ» دېگەن (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن) — تەرجىماندىن.

لېكىن جىھاد ۋە جىھادقا نىيەت قىلىش بار، ئەگەر سىلەر جىھادقا چاقىرىلساڭلار، چىقىڭلار» دېگەن.①

**24. عن مجاشع رضي الله عنه قال: أتيت النبي ﷺ أنا وأخي فقلت: بايعنا على الهجرة. فقال: «مضت الهجرة لأهلها» قلت: علام تبايعنا؟ قال: «على الإسلام والجهاد».**

24. مۇجاشىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: قېرىندىشىم ئىككىمىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كەلدۇق. مەن ئۇنىڭغا:

— بىزدىن ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن بەيئەت ئالساڭ، — دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ:

— ھىجرەت قىلىشنىڭ زامانى ئۆز ۋاقتىدا ھىجرەت قىلغانلار بىلەن ئاخىرلاشتى، — دېدى. مەن:

— ئۇنداقتا بىزدىن نېمىگە بەيئەت ئالىسەن؟ — دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئىسلام ۋە جىھادقا، — دەپ جاۋاب بەردى.②

## 4 - باب

## الله يولىدىكى جىھاد ۋە مۇجاھىدلارنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ عَلَى الْقَاعِدِينَ دَرَجَةً وَكُلًّا وَعَدَ اللَّهُ الْحُسْنَىٰ وَفَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ أَجْرًا عَظِيمًا ۞ دَرَجَاتٍ مِنْهُ وَمَغْفِرَةً وَرَحْمَةً وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا ۞﴾ «مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. الله ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر (ئالىي) دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار)نىڭ ھەممىسىگە الله جەننەتنى

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ۋەدە قىلدى. الله جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلدى [95]. الله (ئۇلارغا) بەلەن مەرتىۋىلەر، مەغپىرەت ۋە رەھمەت ئاتا قىلدى، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [96]».①

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلْيُقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ الَّذِينَ يَشْرُونَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا بِالْآخِرَةِ وَمَنْ يُقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيُقْتَلْ أَوْ يَغْلِبْ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا﴾ «دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار الله يولىدا (جېنىنى، پۇل ـ مېلىنى پىدا قىلىپ) جىھاد قىلسۇن. كىمكى الله يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز».②

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ أَعْظَمُ دَرَجَةً عِنْدَ اللَّهِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ ۞ يُبَشِّرُهُمْ رَبُّهُمْ بِرَحْمَةٍ مِنْهُ وَرِضْوَانٍ وَجَنَّاتٍ لَهُمْ فِيهَا نَعِيمٌ مُقِيمٌ ۞ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا إِنَّ اللَّهَ عِنْدَهُ أَجْرٌ عَظِيمٌ ۞﴾ «ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر، ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر [20]. پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېئمەتكە ئېرىشىدۇ [21]. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. شۈبھىسىزكى، الله نىڭ دەرگاھىدا (ئۇلارغا) كاتتا ساۋاب بار [22]».③

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ اشْتَرَى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنْفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ وَعْدًا عَلَيْهِ حَقًّا فِي التَّوْرَاةِ وَالْإِنْجِيلِ وَالْقُرْآنِ وَمَنْ أَوْفَى بِعَهْدِهِ مِنَ اللَّهِ فَاسْتَبْشِرُوا بِبَيْعِكُمُ الَّذِي بَايَعْتُمْ بِهِ وَذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾ «شۈبھىسىزكى، الله مۆئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى، ئۇلار الله نىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شەھىد بولىدۇ). (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكىر

---

① سۈرە نىسا 95 ـ، 96 ـ ئايەتلەر.

② سۈرە نىسا 74 ـ ئايەت.

③ سۈرە تەۋبە 20 ـ ئايەتتىن 22 ـ ئايەتكىچە.

قىلىنغان (الله نىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە الله تىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى الله تىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق.) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر». ①

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنْ تَنْصُرُوا اللَّهَ يَنْصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر الله قا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، الله سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ». ②

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُوا وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أُولَئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ﴾ «شۈبھىسىزكى، (ھەقىقىي) مۇئمىنلەر الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر». ③

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَى تِجَارَةٍ تُنْجِيكُمْ مِنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ ۞ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَتُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ ۞ يَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَيُدْخِلْكُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ وَمَسَاكِنَ طَيِّبَةً فِي جَنَّاتِ عَدْنٍ ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ ۞ وَأُخْرَى تُحِبُّونَهَا نَصْرٌ مِنَ اللَّهِ وَفَتْحٌ قَرِيبٌ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ ۞ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا أَنْصَارَ اللَّهِ كَمَا قَالَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ لِلْحَوَارِيِّينَ مَنْ أَنْصَارِي إِلَى اللَّهِ قَالَ الْحَوَارِيُّونَ نَحْنُ أَنْصَارُ اللَّهِ فَآمَنَتْ طَائِفَةٌ مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ وَكَفَرَتْ طَائِفَةٌ فَأَيَّدْنَا الَّذِينَ آمَنُوا عَلَى عَدُوِّهِمْ فَأَصْبَحُوا ظَاهِرِينَ ۞﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ [10]. الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر [11]. (شۇنداق قىلساڭلار) الله سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمىي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا (تۇرغۇزىدۇ)، بۇ چوڭ

① سۈرە تەۋبە 111ـ ئايەت.

② سۈرە مۇھەممەد 7ـ ئايەت.

③ سۈرە ھۇجۇرات 15ـ ئايەت.

مۇۋەپپەقىيەتتۇر [12]. سىلەرگە (مەرھەمەت قىلىنىدىغان) سىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىر نېئمەت اللە تىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋە يېقىن غەلىبە (يەنى مەككىنىڭ فەتھ قىلىنىشى) دۇر، (ئى مۇھەممەد!) مۇئمىنلەرگە (بۇ روشەن مەرھەمەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگىن [13]. ئى مۇئمىنلەر! ھەۋارىيۇنلار (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا دەسلەپتە ئىمان ئېيتقان مۇئمىن قەۋم)دەك اللە نىڭ ياردەمچىلىرى بولۇڭلار. مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ھەۋارىيۇنلارغا: <(اللە نىڭ دەۋىتىنى تەبلىغ قىلىشتا) اللە قا كىملەر ياردەمچىلىرىم بولىدۇ؟> دېدى، ھەۋارىيۇنلار: <بىز اللە نىڭ ياردەمچىلىرىمىز> دېدى. ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر تائىپە ئىمان ئېيتتى، يەنە بىر تائىپە كاپىر بولدى. مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشىدا يار- يۆلەكتە بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن مۇئمىنلەر غالىب بولدى [14]». ①

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ الْحَاجِّ وَعِمَارَةَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ كَمَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَجَاهَدَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ لَا يَسْتَوُونَ عِنْدَ اللَّهِ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ ۞ الَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ أَعْظَمُ دَرَجَةً عِنْدَ اللَّهِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ ۞ يُبَشِّرُهُمْ رَبُّهُمْ بِرَحْمَةٍ مِنْهُ وَرِضْوَانٍ وَجَنَّاتٍ لَهُمْ فِيهَا نَعِيمٌ مُقِيمٌ ۞ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا إِنَّ اللَّهَ عِنْدَهُ أَجْرٌ عَظِيمٌ ۞﴾ «سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلىشنى اللە قا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە اللە نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟! اللە نىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. اللە زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ [19]. ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن اللە نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى اللە نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر [20]. پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېئمەتكە ئېرىشىدۇ [21]. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. شۈبھىسىزكى، اللە نىڭ دەرگاھىدا (ئۇلارغا) كاتتا ساۋاب بار [22]». ②

① سۈرە سەپ 10- ئايەتتىن 14- ئايەتكىچە.

② سۈرە تەۋبە 19- ئايەتتىن 22- ئايەتكىچە.

**25. عن النعمان بن بشير قال: كنت عند منبر النبي ﷺ، فقال رجل: ما أبالي أن لا أعمل عملا بعد الإسلام إلا أن أسقي الحاج وقال آخر: ما أبالي أن لا أعمل عملا بعد الإسلام إلا أن أعمر المسجد الحرام، وقال آخر: الجهاد في سبيل الله أفضل مما قلتم، فزجرهم عمر وقال: لا ترفعوا أصواتكم عند منبر رسول الله ﷺ وهو يوم جمعة، ولكن إذا صليت الجمعة دخلت فاستفتيته فيما اختلفتم فيه، فنزل: ﴿أَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ الْحَاجِّ وَعِمَارَةَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ كَمَنْ آمَنَ بِاللَّهِ﴾ [التوبة: 19] إلى آخرها.**

25. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنبىرىنىڭ يېنىدا ئىدىم. بىر كىشى:

— ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشتىن باشقا ئىش قىلمىساممۇ بولۇۋېرىدۇ، — دېدى. يەنە بىر كىشى:

— ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، بەيتۇلھەرەمنى ئاۋات قىلىشتىن باشقا ئىش قىلمىساممۇ بولۇۋېرىدۇ، — دېدى. ئۈچىنچى كىشى:

— سىلەر دېگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن جىھاد قىلىش ئەۋزەل، — دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى چەكلەپ:

— رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنبىرىنىڭ ئەتراپىدا ئاۋازىڭلارنى يۇقىرى كۆتۈرمەڭلار! بۈگۈن جۈمە كۈنى، جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان مەسىلە ھەققىدە سوراپ بېرەي، — دېدى. شۇ ۋاقىتتا الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿أَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ الْحَاجِّ وَعِمَارَةَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ كَمَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَجَاهَدَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ لَا يَسْتَوُونَ عِنْدَ اللَّهِ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾ «سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلىشنى الله قا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟! الله نىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. الله زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ[1]». [2]

**26. عن أبي ذر رضي الله عنه قال: قلت: يا رسول الله، أي الأعمال أفضل؟ قال: «الإيمان بالله، والجهاد في سبيل الله» قلت: أي الرقاب أفضل؟ قال: «أنفسها عند أهلها، وأكثرها ثمنا».**

---

[1] سۈرە تەۋبە 19 ـ ئايەت.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

26. ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «ئەمەللەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەۋزەل؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «الله قا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە الله يولىدا جىھاد قىلىش» دېدى. مەن: «قايسى قۇلنى ئازاد قىلىش ئەڭ ئەۋزەل؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ئۆز ئىگىسىنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېسىل، باھاسىمۇ ئەڭ قىممەت بولغىنى» دېدى.[1]

**27. عن ابن مسعود رضي الله عنه قال: سألت رسول الله ﷺ أي الأعمال أفضل؟ قال: «الصلاة على وقتها» قلت: ثم أي؟ قال: «بر الوالدين» قلت: ثم أي؟ قال: «الجهاد في سبيل الله».**

27. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «قايسى ئەمەل ئەڭ ئەۋزەل؟» دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز» دېدى. مەن: «ئاندىن قالسىچۇ؟» دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دېدى. مەن: «ئاندىن قالسىچۇ؟» دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «الله يولىدا جىھاد قىلىش» دەپ جاۋاب بەردى.[2]

**28. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: سئل النبي ﷺ أي العمل أفضل؟ قال: «إيمان باللّٰه ورسوله» قيل: ثم ماذا؟ قال: «الجهاد في سبيل اللّٰه» قيل: ثم ماذا؟ قال: «حج مبرور».**

28. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «قايسى ئەمەل ئەڭ ئەۋزەل؟» دەپ سورالغاندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرۈش» دېدى. «ئاندىن قايسى؟» دەپ سورالغاندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «الله يولىدا جىھاد قىلىش» دېدى. «ئاندىن قايسى؟» دەپ سورالغاندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «توغرا رەۋىشتە قىلىنغان ھەج» دەپ جاۋاب بەردى.[3]

**29. وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال: جاء رجل إلى رسول الله ﷺ فقال: دلني على عمل يعدل الجهاد، قال: «لا أجده». قال ﷺ: «هل تستطيع إذا خرج المجاهد أن تدخل مسجدك، فتقوم ولا تفتر، وتصوم ولا تفطر؟» قال: ومن يستطيع ذلك!؟**

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

29. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ: «مېنى جىھادقا باراۋەر كېلىدىغان بىرەر ئەمەلگە باشلاپ قويغىن» دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەن ئۇنداق ئەمەلنى بىلمەيمەن. ئەگەر بىر مۇجاھىد جەڭگە چىقىپ كەتسە، سەن مەسجىدكە كىرىپ چارچىماستىن قىيامدا تۇرۇشقا، ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتۇشقا قادىر بولالامسەن؟» دەپ سورىغاندى، ئۇ كىشى: «كىممۇ قادىر بولالىسۇن!؟» دېدى.[1]

**30. عن عائشة رضي الله عنها قالت: قلت: يا رسول الله، نرى الجهاد أفضل العمل، أفلا نجاهد؟ فقال ﷺ: «لكن أفضل الجهاد: حج مبرور».**

30. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز جىھاد قىلىشنى ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى دەپ قارايمىز. ئۇنداقتا، بىز ئاياللارمۇ جىھاد قىلمايمىزمۇ؟» دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «(سىلەر ئۈچۈن) جىھادنىڭ ئەۋزىلى توغرا رەۋىشتە قىلىنغان ھەجدۇر» دېدى.[2]

**31. وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قيل: يا رسول الله، ما يعدل الجهاد في سبيل الله؟ قال ﷺ: «لا تستطيعونه» فأعادوا عليه مرتين أو ثلاثا كل ذلك يقول ﷺ: «لا تستطيعونه»، ثم قال ﷺ: «مثل المجاهد في سبيل الله كمثل الصائم القائم القانت بآيات الله لا يفتر من صيام، ولا صلاة، حتى يرجع المجاهد في سبيل الله».**

31. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «الله تائالا يولىدىكى جىھادقا قايسى ئەمەل باراۋەر بولالايدۇ؟» دېيىلگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنى قىلىشقا تاقىتىڭلار يەتمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. سورىغۇچى يۇقىرىقى سوئالنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەر قېتىمدا: «ئۇنى قىلىشقا تاقىتىڭلار يەتمەيدۇ» دېدى، ئاندىن: «الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى كۈندۈزى ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتقان، كېچىسى ئۇخلىماي قىيامدا تۇرغان، ھەمىشە الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇغان، الله يولىدا جىھادقا چىقىپ كەتكەن شۇ مۇجاھىد قايتىپ كەلگەنگە قەدەر روزا تۇتۇشتىن ۋە ناماز ئوقۇشتىن قىلچە سۇسلىشىپ قالمىغان كىشىگە

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

ئوخشايدۇ» دېدى.[1]

**32. عن أبي سعيد الخدري رضي الله عنه: أن رسول الله ﷺ قال: «من رضي بالله ربا، وبالإسلام دينا، وبمحمد رسولا، وجبت له الجنة»، فعجب لها أبو سعيد، فقال: أعدها علي يا رسول الله، فأعادها عليه، ثم قال: «وأخرى يرفع الله بها العبد مائة درجة في الجنة، ما بين كل درجتين كما بين السماء والأرض» قال: وما هي يا رسول الله؟ قال: «الجهاد في سبيل الله، الجهاد في سبيل الله».**

32. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئى ئەبۇ سەئىد! كىمكى الله نىڭ رەب ئىكەنلىكىگە، ئىسلامنىڭ دىن ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە رازى بولسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ» دېدى. ئەبۇ سەئىد ھەيران بولۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى قايتا دېگىن» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ قايتا تەكرارلاپ بەردى. ئاندىن: «ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر ئەمەل بار، ئۇ ئارقىلىق بەندە يۈز دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ پەرقى ئاسمان ـ زېمىندەك كېلىدۇ» دېدى. ئەبۇ سەئىد: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ قايسى ئەمەل؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «الله يولىدىكى جىھاد، الله يولىدىكى جىھاد» دېدى.[2]

**33. عن معاذ رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «رأس الأمر الإسلام، وعموده الصلاة، وذروة سنامه الجهاد».**

33. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىشنىڭ بېشى ئىسلامدۇر، تۈۋرۈكى نامازدۇر ۋە چوققىسى جىھادتۇر». دېدى.[3]

**34. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: مر رجل من أصحاب رسول الله ﷺ بشعب فيه عيينة من ماء عذبة، فأعجبته، فقال: لو اعتزلت الناس فأقمت في هذا الشعب، ولن أفعل حتى أستأذن رسول الله ﷺ فذكر ذلك لرسول الله ﷺ فقال: «لا تفعل؛ فإن مقام أحدكم في سبيل الله أفضل من صلاته في بيته سبعين عاما، ألا تحبون أن يغفر الله لكم، ويدخلكم الجنة؟ أغزوا في سبيل الله، من قاتل في سبيل الله فواق ناقة وجبت له الجنة».**

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

34. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن بىر كىشى تاتلىق سۇ ئېقىپ تۇرغان كىچىك بىر بۇلاق بار بىر جىلغىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، بۇلاق سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكى ئۇ كىشىنى جەلپ قىلدى. ئۇ كىشى كۆڭلىدە: «مەن كىشىلەردىن ئايرىلىپ مۇشۇ جىلغىدا تۇرۇپ (ئىبادەت قىلسام) قانداق بولار؟! لېكىن شۇنداقتىمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ رۇخسىتىسىز ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن» دەپ ئويلاپ، بۇ مەقسىتىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنداق قىلمىغىن، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ الله يولىدا جىھاد قىلىشى ئۆز ئۆيىدە 70 يىل ناماز ئوقۇغاندىن ئەۋزەلدۇر. ئەجىبا الله نىڭ گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىپ، جەننەتكە كىرگۈزۈشىنى خالىمامسىلەر!؟ الله يولىدا ئۇرۇش قىلىڭلار. كىمكى تۆگە سۈتى يىلىنىغا يىغىلغانچىلىك (قىسقا ۋاقىت) بولسىمۇ الله يولىدا ئۇرۇش قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ» دېدى.[1]

**35. عن عبادة بن الصامت رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «جاهدوا في سبيل الله، فإن الجهاد في سبيل الله باب من أبواب الجنة ينجي الله به من الهم والغم».**

35. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا جىھاد قىلىڭلار، الله تائالا يولىدىكى جىھاد ھەقىقەتەن جەننەت ئىشىكلىرىدىن بولغان بىر ئىشىك بولۇپ، الله تائالا ئۇ ئارقىلىق غەم ـ قايغۇلارنى كەتكۈزىدۇ».[2]

**36. وعن أبي أمامة رضي الله عنه، أن رجلا قال: يا رسول الله، ائذن لي في السياحة! فقال النبي ﷺ: «إن سياحة أمتي الجهاد في سبيل الله عز وجل».**

36. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ساياھەت قىلىشىمغا رۇخسەت قىلغىن» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۈممىتىمنىڭ ساياھىتى الله تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر» دېدى.[3]

**37. عن أبي بكر بن عبد الله بن قيس عن أبيه قال سمعت أبي وهو بحضرة العدو يقول:**

---

[1] تىرمىزى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[2] ئەھمەد ۋە تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

**قال رسول الله ﷺ: «إن أبواب الجنة تحت ظلال السيوف». فقام رجل رث الهيئة فقال: يا أبا موسى أنت سمعت رسول الله ﷺ يقول هذا؟ قال: نعم، قال فرجع إلى أصحابه فقال أقرأ عليكم السلام، ثم كسر جفن سيفه فألقاه ثم مشى بسيفه إلى العدو فضرب به حتى قتل.**

37. ئەبۇبەكرى ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس مۇنداق دەيدۇ: مەن ئاتامنىڭ (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «رەسۇلۇللاھ ﷺ: <شۈبھىسىزكى، جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر> دېگەن». ئاندىن تۇرقى كۆرۈمسىز بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى ئەبۇ مۇسا! سەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇشۇنداق دېگەنلىكىنى راست ئاڭلىغانمىدىڭ؟» دەپ سورىۋىدى، ئاتام (ئەبۇ مۇسا): «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ ئۇلارغا سالام قىلدى ۋە قىلىچىنىڭ غىلىپىنى سۇندۇرۇپ تاشلىۋەتتى. ئاندىن قىلىچىنى ئېلىپ دۈشمەنگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى ۋە ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلدى.[1]

**38. عن عمرو بن عبسة قال: قال رجل: يا رسول الله ما الإسلام؟ قال: «أن يسلم قلبك، وأن يسلم المسلمون من لسانك ويدك»، قال: فأى الإسلام أفضل؟ قال: «الإيمان»، قال: وما الإيمان؟ قال: «تؤمن بالله وملائكته، وكتبه ورسله، والبعث بعد الموت»، قال: فأى الإيمان أفضل؟ قال: «الهجرة»، قال: فما الهجرة؟ قال: «تهجر السوء»، قال: فأى الهجرة أفضل؟ قال: «الجهاد»، قال: وما الجهاد؟ قال: «أن تقاتل الكفار إذا لقيتهم»، قال: فأى الجهاد أفضل؟ قال: «من عقر جواده وأهريق دمه».**

38. ئەمىر ئىبنى ئەبەسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى (رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن):

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئىسلام دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— قەلبىڭنىڭ الله قا تەسلىم بولۇشى ھەمدە مۇسۇلمانلار سېنىڭ تىلىڭ ۋە قولۇڭدىن ئامان بولۇشى، — دېدى. ئۇ كىشى:

— ئىسلامنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟ — دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئىمان، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى:

[1] مۇسلىم توپلىغان.

— ئىمان دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— اللە قا، اللە نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىمان كەلتۈرۈشۈڭ، — دېدى. ئۇ كىشى:

— ئىماننىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟ — دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ھىجرەت قىلىش، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى:

— ھىجرەت قىلىش دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— يامانلىقتىن يىراق بولۇشۇڭ، — دېدى. ئۇ كىشى:

— ھىجرەتنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟ — دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— جىھاد، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى:

— جىھاد دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— كاپىرلارغا ئۇچراشقان چېغىڭدا ئۇرۇش قىلىشىڭ، — دېدى. ئۇ كىشى:

— جىھادنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟ — دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئېتى چېپىلىپ، ئۆزىنىڭ قانلىرى تۆكۈلگەن كىشى، — دېدى.[①]

**39. عن أبي سعيد الخدري رضي الله عنه قال: قال رجل: أي الناس أفضل يا رسول الله؟ قال: «مؤمن مجاهد بنفسه وماله في سبيل الله» قال: ثم من؟ قال: «ثم رجل معتزل في شعب من الشعاب يعبد ربه ويدع الناس من شره».**

39. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى كىم؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «اللە يولىدا ئۆز جېنى ۋە مېلى بىلەن جىھاد قىلغان كىشى» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى: «ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «باشقىلارغا زىيىنىم يەتمىسۇن دەپ تاغ جىلغىلىرىدىن بىرىدە اللە قا ئىبادەت قىلغان مۇئمىن كىشى» دەپ جاۋاب بەردى.[②]

**40. وعن ابن عباس رضي الله عنهما، أن رسول الله ﷺ قال: «ألا أخبركم بخير الناس منزلا» قلنا: بلى يا رسول الله، قال: «رجل أخذ برأس فرسه في سبيل الله حتى يموت أو يقتل. ألا أخبركم بالذي يليه؟ قلنا: بلى يا رسول الله، قال: «امرؤ معتزل في شعب يقيم الصلاة ويؤتي**

---

① ئەھمەد ۋە تەبرانى سەھىھ ئىسناد بىلەن توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**الزكاة ويعتزل شرور الناس».**

40. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەن سىلەرگە مەرتىۋە جەھەتتە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېدى. بىز: «ئى رەسۇلۇللاھ! شۇنداق قىلغىن» دېسەك، ئۇ: «ۋاپات بولغىچە ياكى ئۆلتۈرۈلگىچە الله يولىدا ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان كىشى» دېدى. ئاندىن: «بۇنىڭدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېدى. بىز: «ئى رەسۇلۇللاھ! شۇنداق قىلغىن» دېگەنىدۇق، ئۇ: «كىشىلەردىن ئايرىلىپ بىرەر جىلغىدا چىقىپ ناماز ئوقۇغان، زاكات بەرگەن ۋە كىشىلەرنىڭ يامانلىقىدىن ساقلانغان كىشى» دېدى.[1]

**41. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «مثل المجاهد في سبيل الله – والله أعلم بمن يجاهد في سبيله – كمثل الصائم القائم الخاشع الراكع الساجد».**

41. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى، — الله ئۆز يولىدا جىھاد قىلغان كىشىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر! — روزا تۇتقۇچى، قىيامدا تۇرغۇچى، الله قا بويسۇنغۇچى، رۇكۇ قىلغۇچى ۋە سەجدە قىلغۇچىدۇر».[2]

**42. عن النعمان بن بشير رضي الله عنهما قال: قال رسول الله ﷺ: «مثل المجاهد في سبيل الله كمثل الصائم نهاره القائم ليله حتى يرجع متى يرجع».**

42. نوئمان ئىبنى بەشىر ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى، مۇجاھىد قايتىپ كەلگۈچە كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرغان كىشىگە ئوخشايدۇ».[3]

**43. عن أبي هريرة رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «مثل المجاهد في سبيل الله كمثل القانت الصائم الذي لا يفتر صلاة ولا صياما، حتى يرجعه الله إلى أهله بما يرجعه**

[1] تىرمىزى، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەھمەد ۋە تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

**إليهم من غنيمة أو أجر أو يتوفاه فيدخله الجنة».**

43. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى خۇددى الله ئۇنى غەنىيمەت ياكى ئەجىر بىلەن ئۆز ئەھلىگە قايتۇرغۇچە ياكى ئۇنى ۋاپات تاپتۇرۇپ جەننەتكە كىرگۈزگىچە ناماز ۋە روزىدىن بوشىشىپ قالماي قىيامدا تۇرۇپ، روزا تۇتقان كىشىگە ئوخشايدۇ».[1]

**44. عن أبي هريرة رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «من آمن بالله ورسوله، وأقام الصلاة، وصام رمضان، كان حقا على الله أن يدخله الجنة، هاجر في سبيل الله، أو جلس في أرضه التي ولد فيها»، قالوا: يا رسول الله، أفلا ننبئ الناس بذلك؟ قال: «إن في الجنة مائة درجة، أعدها الله للمجاهدين في سبيله، كل درجتين ما بينهما كما بين السماء والأرض، فإذا سألتم الله فسلوه الفردوس، فإنه أوسط الجنة، وأعلى الجنة، وفوقه عرش الرحمن، ومنه تفجر أنهار الجنة».**

44. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىمان ئېيتسا، نامازنى ئادا قىلسا، زاكاتنى بەرسە ۋە رامىزان روزىسىنى تۇتسا، مەيلى ئۇ الله يولىدا ھىجرەت قىلسۇن ياكى تۇغۇلغان يۇرتىدا ياشىسۇن، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشنى الله ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ» دېدى. ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنى كىشىلەرگە خەۋەر قىلمايلىمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «جەننەتتە ھەقىقەتەن 100 دەرىجە بار، الله ئۇنى ئۆز يولىدا جىھاد قىلغان مۇجاھىدلارغا تەييارلىدى، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى گويا ئاسمان ـ زېمىندەك كېلىدۇ. ئەگەر الله تىن سورىساڭلار فىردەۋس جەننىتىنى سوراڭلار! چۈنكى ئۇ جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئەڭ ئۈستىدۇر، ئۇنىڭ ئۈستىدە رەھمان تائالانىڭ ئەرشى بار. ئۇنىڭدىن جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرى ئېتىلىپ چىقىدۇ» دېدى.[2]

**45. فضالة بن عبيد رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «أنا زعيم لمن آمن بي وأسلم وهاجر ببيت في ربض الجنة وببيت في وسط الجنة، وأنا زعيم لمن آمن بي وأسلم وجاهد في سبيل الله ببيت في ربض الجنة وببيت في وسط الجنة وببيت في أعلى غرف**

[1] ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن، شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

[2] بۇخارى توپلىغان.

**الجنة، من فعل ذلك فلم يدع للخير مطلبا ولا من الشر مهربا يموت حيث شاء أن يموت».**

45. فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ماڭا ئىمان ئېيتقان، ئىسلام كەلتۈرگەن ۋە ھىجرەت قىلغان كىشىگە جەننەتنىڭ تۆۋىنىدىن بىر ئۆي ۋە جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر ئۆي بېرىلىشىگە مەن كېپىل؛ ماڭا ئىمان ئېيتقان، ئىسلام كەلتۈرگەن ۋە الله يولىدا جىھاد قىلغان كىشىگە جەننەتنىڭ تۆۋىنىدىن بىر ئۆي، ئوتتۇرىسىدىن بىر ئۆي ۋە جەننەت ھۇجرىلىرىنىڭ ئەڭ ئالىيسىدىن بىر ئۆي بېرىلىشىگە مەن كېپىل؛ كىمكى بۇ ئەمەللەرنى قىلسا، الله ئۇنى قەيەردە ۋاپات تاپقۇزۇشىدىن قەتئىينەزەر، ياخشىلىقنى تەلەپ قىلىشى ۋە يامانلىقتىن قېچىشى ئۈچۈن ھاجەت قالمىغان بولىدۇ».[1]

**46. عن عبد الله بن عمرو رضي الله عنه قال: قال لي رسول الله ﷺ: «أتعلم أول زمرة تدخل الجنة من أمتي؟» قلت: الله ورسوله أعلم. فقال: «المهاجرون؛ يأتون يوم القيامة إلى باب الجنة ويستفتحون فيقول لهم الخزنة: أو قد حوسبتم؟ فيقولون: بأي شيء نحاسب؟! وإنما كانت أسيافنا على عواتقنا في سبيل الله حتى متنا على ذلك. قال: فيفتح لهم فيقيلون فيه أربعين عاما قبل أن يدخلها الناس».**

46. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن تۇنجى بولۇپ جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟» دېدى. مەن: «الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر» دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇلار مۇھاجىرلاردۇر، ئۇلار قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ جەننەتنى ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرگە: <ئىشىكنى ئېچىڭلار> دەيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارغا: <سىلەردىن ھېساب ئېلىنىپ بولدىمۇ؟> دەيدۇ. ئۇلار: <قىلىچلىرىمىز ھەر دائىم الله يولىدا مۈرىلىرىمىزدە ئېسىقلىق تۇرغان ھالەتتە ۋاپات تاپقان تۇرساق، بىز نېمىدىن ھېساب بېرىمىز؟> دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا جەننەتنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ. كىشىلەر جەننەتكە كىرىشتىن 40 يىل ئىلگىرى ئۇلار

[1] نەسائى، ھاكىم ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

جەننەتتە كىرىپ ئارام ئالىدۇ». [1]

**47. وعن سبرة بن أبي فاكه رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «إن الشيطان قعد لابن آدم بأطرقه، فقعد له بطريق الإسلام، فقال: تسلم وتذر دينك ودين آبائك وآباء أبيك، فعصاه فأسلم، ثم قعد له بطريق الهجرة، فقال: تهاجر وتدع أرضك وسماءك، وإنما مثل المهاجر كمثل الفرس في الطول، فعصاه فهاجر، ثم قعد له بطريق الجهاد، فقال: تجاهد فهو جهد النفس والمال، فتقاتل فتقتل، فتنكح المرأة، ويقسم المال، فعصاه فجاهد»، فقال رسول الله ﷺ: «فمن فعل ذلك كان حقا على الله عز وجل أن يدخله الجنة، ومن قتل كان حقا على الله عز وجل أن يدخله الجنة، وإن غرق كان حقا على الله أن يدخله الجنة، أو وقصته دابته كان حقا على الله أن يدخله الجنة».**

47. سەبۇرە ئىبنى ئەبۇ فاكىھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ھەقىقەتەن شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ يوللىرىدا ئولتۇرۇپ (ۋەسۋەسە قىلىدۇ). شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇش يولىدا ئولتۇرۇپ: ‹سەن ئۆزۈڭنىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭنىڭ دىنىنى تاشلاپ مۇسۇلمان بولامسەن؟› دەيدۇ. ئۇ كىشى شەيتاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي مۇسۇلمان بولىدۇ. شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ ھىجرەت يولىدا ئولتۇرۇپ: ‹سەن ئۆز ۋەتىنىڭنى ۋە يۇرتۇڭنى تاشلاپ ھىجرەت قىلامسەن؟ مۇھاجىرنىڭ مىسالى خۇددى باغلاقتىكى ئاتقا ئوخشايدۇ (يەنى ئۆز ۋەتىنىڭدىكىدەك ئەركىن ـ ئازادە ياشىيالمايسەن)› دەيدۇ. ئۇ كىشى شەيتاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي ھىجرەت قىلىدۇ. ئاندىن شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ جىھاد يولىدا ئولتۇرۇپ: ‹سەن جىھاد قىلامسەن؟ جىھاد دېگەن جان ۋە مالنى سەرپ قىلىشتۇر. ئۇرۇش قىلساڭ ئۆلتۈرۈلىسەن، ئاندىن ئايالىڭ باشقا ئەرگە نىكاھلىنىدۇ ۋە ماللىرىڭ باشقىلارغا تەقسىم قىلىنىدۇ› دەيدۇ. ئۇ كىشى شەيتاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي جىھاد قىلىدۇ». ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېدى: «كىمكى شۇنداق قىلسا، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ ئۈستىدىكى ھەق بولىدۇ؛ كىمكى جەڭدە شەھىد قىلىنسا، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ ئۈستىدىكى ھەق بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇ سۇدا غەرق بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنى جەننەتكە

[1] ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان.

كىرگۈزۈش الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ ئۈستىدىكى ھەق بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇ ئۆلگىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ ئۈستىدىكى ھەق بولىدۇ».①

## 5 ـ باب

## ئەتىگەن ـ ئاخشامدا الله يولىدا جىھادقا چىقىشنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا كَانَ لِأَهْلِ الْمَدِينَةِ وَمَنْ حَوْلَهُمْ مِنَ الْأَعْرَابِ أَنْ يَتَخَلَّفُوا عَنْ رَسُولِ اللَّهِ وَلَا يَرْغَبُوا بِأَنْفُسِهِمْ عَنْ نَفْسِهِ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ لَا يُصِيبُهُمْ ظَمَأٌ وَلَا نَصَبٌ وَلَا مَخْمَصَةٌ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا يَطَئُونَ مَوْطِئًا يَغِيظُ الْكُفَّارَ وَلَا يَنَالُونَ مِنْ عَدُوٍّ نَيْلًا إِلَّا كُتِبَ لَهُمْ بِهِ عَمَلٌ صَالِحٌ إِنَّ اللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ الْمُحْسِنِينَ ۝ وَلَا يُنْفِقُونَ نَفَقَةً صَغِيرَةً وَلَا كَبِيرَةً وَلَا يَقْطَعُونَ وَادِيًا إِلَّا كُتِبَ لَهُمْ لِيَجْزِيَهُمُ اللَّهُ أَحْسَنَ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ ۝﴾ «مەدىنە ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئەئرابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن جىھادقا بىللە چىقماي قېلىپ قېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئارامى بىلەنلا بولۇپ، جاپادا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە بولماسلىقى توغرا ئەمەس ئىدى. بۇ (يەنى ئۇلارنى جىھادقا چىقماي قېلىپ قېلىشتىن مەنئى قىلىش) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله نىڭ يولىدا ئۇچرىغان ئۇسسۇزلۇق، تارتقان جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەربىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇب قىلىش قاتارلىق) ھەربىر نەرسىسى ئۈچۈن (الله نىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق (يەنى ساۋاب) يېزىلىدۇ، الله ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ [120]. ئۇلارنىڭ (الله نىڭ يولىدا) مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن، سەرپ قىلغان نەرسىسى ۋە جىھاد ئۈچۈن باسقان ھەربىر مۇساپىسى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا يېزىلىدۇ [121]».②

**48. عن أنس بن مالك رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «لغدوة في سبيل الله، أو**

① نەسائى، ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② سۈرە تەۋبە 120 ـ، 121 ـ ئايەتلەر.

**روحة خير من الدنيا وما فيها. ولقاب قوس أحدكم من الجنة، أو موضع قيد – يعني سوطه – خير من الدنيا وما فيها».**

48. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «اللە يولىدا ئەتىگەن ياكى كەچتە بىر قېتىم جىھادقا مېڭىش — دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى بىر ياچاق ياكى بىر قامچا مىقدارىچىلىك ئورنى — دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر».[1]

**49. عن أبي أيوب رضي الله عنه يقول: قال رسول الله ﷺ: «غدوة في سبيل الله، أو روحة خير مما طلعت عليه الشمس وغربت».**

49. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «اللە يولىدا ئەتىگەن ياكى كەچتە بىر قېتىم جىھادقا مېڭىش — ئۇستىگە قۇياش نۇرى چۈشكەن ۋە پاتقان نەرسىلەردىن (يەنى پۈتۈن دۇنيادىن) ياخشىدۇر».[2]

**50. عن عبد الله بن عمرو رضي الله عنهما، عن النبي ﷺ قال: «قفلة كغزوة».**

50. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «غازاتتىن قايتقانغىمۇ غازات قىلغاننىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ».[3]

## 6 ـ باب

## اللە يولىدىكى جىھاد سېپىدە تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِهِ صَفًّا كَأَنَّهُم بُنْيَانٌ مَّرْصُوصٌ﴾«شۈبھىسىزكى، اللە ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى (يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] مۇسلىم توپلىغان.
[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ»[1].

**51. عن عبد الله بن سلام رضي الله عنه قال: قعدنا نفر من أصحاب رسول الله ﷺ فتذاكرنا، فقلنا: لو نعلم أي الأعمال أحب إلى الله لعملناه، فأنزل الله تعالى: ﴿سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ ۞ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لِمَ تَقُولُونَ مَا لَا تَفْعَلُونَ ۞ كَبُرَ مَقْتًا عِندَ اللَّهِ أَن تَقُولُوا مَا لَا تَفْعَلُونَ ۞ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِهِ صَفًّا كَأَنَّهُم بُنْيَانٌ مَّرْصُوصٌ ۞﴾، قال عبد الله بن سلام: فقرأها علينا رسول الله ﷺ.**

51. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىرنەچچە ساھابىلىرى ئولتۇرۇپ ئۆزئارا: «قايسى ئەمەلنىڭ الله قا ئەڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساق شۇنى قىلغان بولاتتۇق» دېيىشكەن ئىدۇق، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ ۞ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لِمَ تَقُولُونَ مَا لَا تَفْعَلُونَ ۞ كَبُرَ مَقْتًا عِندَ اللَّهِ أَن تَقُولُوا مَا لَا تَفْعَلُونَ ۞ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِهِ صَفًّا كَأَنَّهُم بُنْيَانٌ مَّرْصُوصٌ ۞﴾ «ئاسمانلاردىكى نەرسىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر (يەنى ئىنسانلار، ئۆسۈملۈكلەر، جانسىز شەيئىلەر) الله قا تەسبىھ ئېيتتى. الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [1]. ئى مۇئمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟) [2] سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر) [3]. شۈبھىسىزكى، الله ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى (يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ [4]»[2]. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ بەردى.[3]

**52. عن عمران بن حصين رضى الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «مقام الرجل في الصف في سبيل الله أفضل عند الله من عبادة رجل ستين سنة».**

52. ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى،

---

[1] سۈرە سەپ 4- ئايەت.

[2] سۈرە سەپ 1- ئايەتتىن 4- ئايەتكىچە.

[3] تىرمىزى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ الله يولىدىكى جىھاد سېپىدە تۇرۇشى الله نىڭ نەزىرىدە 60 يىل ئىبادەت قىلغىنىدىن ئەۋزەلدۇر». ①

**53. وعن عمران بن حصين رضى الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «لقيام رجل في سبيل الله ساعة أفضل من عبادة ستين سنة».**

53. ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ الله يولىدىكى جىھاد سېپىدە بىر سائەت تۇرۇشى 60 يىللىق ئىبادەتتىن ئەۋزەلدۇر». ②

## 7 ـ باب

## الله يولىدا چاڭ ـ توزان بولۇشنىڭ پەزىلىتى

**54. عن عبد الرحمن بن جبر رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «ما اغبرت قدما عبد في سبيل الله فتمسه النار».**

54. ئابدۇراھمان ئىبنى جەبىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا ئىككى پۇتى توپىغا مىلەنگەن كىشىگە دوزاخ ئوتى تەگمەيدۇ». ③

**55. وعنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «من اغبرت قدماه في سبيل الله حرمه الله على النار».**

55. ئابدۇراھمان ئىبنى جەبىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «قانداق بىر كىشىنىڭ ئىككى قەدىمى الله يولىدا چاڭ ـ توزانغا مىلەنسە، الله ئۇنىڭغا دوزاخنى ھارام قىلدى (يەنى ئۇ دوزاخقا كىرمەيدۇ)». ④

**56. عن جابر بن عبد الله قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «من اغبرت قدماه في سبيل الله ساعة من نهار، فهما حرام على النار».**

---

① تەبرانى، بەيھەقى ۋە ھاكىم توپلىغان. ھاكىم «بۇخارىنىڭ سەھىھ ھەدىس شەرتىگە چۈشىدۇ» دېگەن، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② بەيھەقى ۋە خەتىب توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ بۇخارى توپلىغان.

④ بۇخارى توپلىغان.

56. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «قانداق بىر كىشىنىڭ ئىككى قەدىمى كۇندۇزدىن بىر سائەت الله يولىدا چاڭ-توزانغا مىلەنسە، ئۇ ئىككى پۇتقا دوزاخ ئوتى هارام قىلىنىدۇ (يەنى دوزاخ ئوتى تەگمەيدۇ)».[①]

**57. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «لا يلج النار رجل بكى من خشية الله حتى يعود اللبن في الضرع، ولا يجتمع غبار في سبيل الله ودخان جهنم».**

57. ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تىن قورقۇپ يىغلىغان ئادەم خۇددى سېغىلىپ بولۇنغان سۈت يېلىنغا قايتىپ كىرمىگەندەك دوزاخقا ھەرگىز كىرمەيدۇ ھەمدە الله يولىدا توزىغان چاڭ-توزان بىلەن جەھەننەمنىڭ تۈتۈنى بىرلەشمەيدۇ (يەنى الله يولىدا جىھاد قىلغان كىشى دوزاخقا كىرمەيدۇ)».[②]

**58. عن أبي هريرة رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ، قال: «لا يجتمعان في النار اجتماعا يضر أحدهما: مسلم قتل كافرا ثم سدد المسلم وقارب، ولا يجتمعان في جوف عبد: غبار في سبيل الله، ودخان جهنم. ولا يجتمعان في قلب عبد: الإيمان، والشح».**

58. ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرى يەنە بىرىگە زەرەر يەتكۈزىدىغان ئىككى كىشى دوزاختا جەملەنمەيدۇ: بىر مۇسۇلمان بىر كاپىرنى ئۆلتۈرسە، ئاندىن ئۇ مۇسۇلمان سابىت تۇرۇپ ۋاپات تاپسا، بۇ ئىككىسى دوزاختا جەملەنمەيدۇ. الله يولىدىكى چاڭ-توزان بىلەن جەھەننەم تۈتۈنىدىن ئىبارەت ئىككى نەرسە بەندىنىڭ قورسىقىدا جەملەنمەيدۇ، ئىمان بىلەن بېخىللىقتىن ئىبارەت ئىككى نەرسە بەندىنىڭ قەلبىدە جەملەنمەيدۇ».[③]

**59. عن أبي هريرة رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «طوبى لعبد آخذ بعنان فرسه في سبيل الله، أشعث رأسه مغبرة قدماه».**

59. ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «چېچى چۇۋۇق، ئىككى قەدىمى توپىغا مىلەنگەن ھالەتتە الله

---

[①] ئەھمەد، تەبرانى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.
[②] تىرمىزى ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[③] ئەھمەد، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان؛ ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

يولىدا ئىتتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان كىشىگە خۇش مۇبارەك بولسۇن».[1]

**60. وعن عائشة أن مكاتبا لها دخل عليها ببقية مكاتبته فقالت له: ما أنت بداخل علي غير مرتك هذه، فعليك بالجهاد في سبيل الله فإني سمعت رسول الله ﷺ يقول: «ما خالط قلب امرئ مسلم رهج في سبيل الله إلا حرم الله عليه النار».**

60. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇكاتىبى[2] پۇتۇشكەن پۇلىنىڭ كەملەپ قالغان قىسمىنى ئېلىپ ئۇنىڭ قېشىغا كىردى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا: «بۇندىن كېيىن مېنىڭ قېشىمغا كىرمە، الله يولىدىكى جىھادنى لازىم تۇت! چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: <قايسى بىر مۇسۇلماننىڭ قەلبىگە الله يولىدىكى چاڭ-توزان ئارىلاشسىلا، الله ئۇنىڭغا دوزاخنى ھارام قىلىدۇ>».[3]

# 8- باب

## ئۇرۇش قىلغۇچى كاپىرنى الله يولىدا ئۆلتۈرۈشنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يُقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيُقْتَلْ أَوْ يَغْلِبْ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا﴾«كىمكى الله يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز».[4]

**61. عن أبي هريرة رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «لا يجتمع كافر وقاتله في النار أبدا».**

61. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كاپىر بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرگۈچى دوزاختا مەڭگۈ جەملەنمەيدۇ».[5]

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] مەلۇم مىقداردىكى پۇلنى تۆلەپ ئازاد بولۇش ئۈچۈن خوجايىنى بىلەن توختام تۈزۈشكەن قۇل.

[3] ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن، شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

[4] سۈرە نىسا 74- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[5] مۇسلىم توپلىغان.

# 9- باب

## مۇجاھىد – اللە نىڭ مەغپىرىتى، كېپىللىكى، ياردىمى ۋە ھىدايىتىدە بولىدۇ

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّ جُندَنَا لَهُمُ الْغَالِبُونَ﴾ «بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر».①

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَم مِّن فِئَةٍ قَلِيلَةٍ غَلَبَتْ فِئَةً كَثِيرَةً بِإِذْنِ اللَّهِ وَاللَّهُ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾ «اللە نىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. اللە چىداملىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر».②

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَأَيَّدْنَا الَّذِينَ آمَنُوا عَلَىٰ عَدُوِّهِمْ فَأَصْبَحُوا ظَاهِرِينَ﴾ «مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشىدا يار-يۆلەكتە بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن مۇئمىنلەر غالىب بولدى».③

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ جَاهَدُوا فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا وَإِنَّ اللَّهَ لَمَعَ الْمُحْسِنِينَ﴾ «بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يوللىرىمىزغا يېتەكلەيمىز، اللە ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر».④

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّ اللَّهَ لَهَادِ الَّذِينَ آمَنُوا إِلَىٰ صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ﴾ «اللە مۇئمىنلەرنى ھەقىقەتەن توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر».⑤

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَانَ حَقًّا عَلَيْنَا نَصْرُ الْمُؤْمِنِينَ﴾ «مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى».⑥

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ يُدَافِعُ عَنِ الَّذِينَ آمَنُوا﴾ «اللە مۇئمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ».⑦

---

① سۈرە سافقات 173- ئايەت.
② سۈرە بەقەرە 249- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ سۈرە سەپ 14- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ سۈرە ئەنكەبۇت 69- ئايەت.
⑤ سۈرە ھەج 54- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑥ سۈرە رۇم 47- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑦ سۈرە ھەج 38- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**62. عن أبي سعيد الخدرى رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «المجاهد في سبيل الله مضمون على الله إما أن يكفته إلى مغفرته ورحمته وإما أن يرجعه بأجر وغنيمة».**

62. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا ئۆز يولىدىكى مۇجاھىدنى مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېلىشقا ۋە ياكى ئۇنى ئەجىر ۋە غەنىيمەت بىلەن قايتۇرۇشقا كېپىل بولدى».①

**63. عن أبي هريرة رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «تكفل الله لمن جاهد في سبيله، لا يخرجه من بيته إلا الجهاد في سبيله، وتصديق كلماته، أن يدخله الجنة أو يرده إلى مسكنه بما نال من أجر أو غنيمة».**

63. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا جىھاد قىلغان كىشىنىڭ ئۆيدىن چىققاندىكى نىيىتى پەقەت الله يولىدا جىھاد قىلىش ھەمدە الله نىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاش بولسا، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ۋە ياكى ئەجىر ياكى غەنىيمەتكە ئېرىشكەن ھالدا ئۆيگە قايتۇرۇشقا الله كېپىل بولدى».②

**64. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «انتدب الله لمن يخرج في سبيله لا يخرجه إلا الإيمان بي، والجهاد في سبيلي أنه ضامن حتى أدخله الجنة، بأيها كان، إما بقتل، أو وفاة، أو أرده إلى مسكنه الذي يخرج منه، نال ما نال من أجر أو غنيمة».**

64. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «الله ئۆز يولىدا جىھادقا چىققان كىشىگە كېپىل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: <كىمكى ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن ھالدا پەقەت مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ جىھادقا چىقىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى ئۆزى ۋاپات تاپسا، مەن ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ۋە ياكى ئەجىر ياكى غەنىيمەتكە ئېرىشكەن ھالدا ئۆيگە قايتۇرۇشقا كېپىلمەن> دېدى».③

**65. عن معاذ بن جبل رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «خمس من فعل واحدة**

① ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**منهن كان ضامنا على الله: من عاد مريضا، أو خرج مع جنازة، أو خرج غازيا، أو دخل على إمامه يريد تعزيزه وتوقيره، أو قعد في بيته فسلم الناس منه وسلم من الناس».**

65. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بەش تۈرلۈك ئىش باركى، كىمكى ئۇنىڭدىن بىرنى قىلسا، الله تائالا ئۇ ئادەمگە كېپىل بولىدۇ: كېسەل يوقلاش، جىنازا بىلەن بىرگە چىقىش، غازاتقا چىقىش، ئەمىرىنىڭ قېشىغا ئۇنى ئىززەتلەش ۋە ھۆرمەت قىلىش نىيىتى بىلەن كىرىش ھەمدە كىشىلەرگە زىيىنى يەتمەسلىكى ۋە باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا زىيان سالماسلىقى ئۈچۈن ئۆيىدە ئولتۇرۇش».[1]

**66. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «ثلاثة حق على الله عونهم: المجاهد في سبيل الله، والمكاتب الذي يريد الأداء، والناكح الذي يريد العفاف».**

66. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە ياردەم بېرىشنى الله ئۆز ئۈستىگە ئالدى: 1. الله يولىدىكى مۇجاھىد؛ 2. مەلۇم مىقداردىكى پۇلنى ئادا قىلىش بەدىلىگە ئازاد قىلىنماقچى بولغان قۇل؛ 3. ئىپپەتلىك بولۇش ئۈچۈن توي قىلغان كىشى».[2]

**67. عن عبد الله بن الزبير قال: لما وقف الزبير يوم الجمل دعاني فقمت إلى جنبه، فقال: يا بني، إنه لا يقتل اليوم إلا ظالم أو مظلوم، وإني لا أراني إلا سأقتل اليوم مظلوما، وإن من أكبر همي لديني أفترى ديننا يبقي من مالنا شيئا، ثم قال: يا بني، بع مالنا، واقض ديني، وأوصى بالثلث وثلثه لبنيه، يعني: لبني عبد الله.**

**فجعل يوصيني بدينه، ويقول: إن عجزت عن شيء منه فاستعن بمولاي، فوالله ما دريت ما أراد، حتى قلت: يا أبت من مولاك؟ قال: الله، فوالله ما وقعت في كربة من دينه إلا قلت: يا مولى الزبير اقض دينه، فيقضيه فقتل الزبير، ولم يدع دينارا ولا درهما إلا أرضين منها الغابة، وأحد عشر دارا بالمدينة، ودارين بالبصرة، ودارا بالكوفة، ودارا بمصر، وإنما كان دينه الذي كان عليه أن الرجل كان يأتيه بالمال فيستودعه إياه، فيقول الزبير: لا ولكن هو سلف إني أخشى عليه الضيعة.**

---

[1] تەبرانى، ئەھمەد ۋە ئىبنى ئەبۇ ئاسىم توپلىغان، سۇيۇتى ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] تىرمىزى، ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

وما ولي إمارة قط ولا جباية ولا خراجا ولا شيئا، إلا أن يكون في غزو مع النبي ﷺ أو مع أبي بكر وعمر وعثمان، فحسبت ما كان عليه من الدين، فوجدته ألفي ألف ومائتي ألف فلقيني حكيم بن حزام، فقال: يا ابن أخي كم على أخي من الدين؟ فكتمته، وقلت: مائة ألف، فقال: والله ما أرى أموالكم تسع هذا فقلت: أرأيتك إن كان ألفي ألف ومائتي ألف، قال: ما أراكم تطيقون هذا، فإن عجزتم عن شيء فاستعينوني.

وكان الزبير قد اشترى الغابة بسبعين ومائة ألف، فباعها عبد الله بألفي ألف وست مائة ألف، فقال: من كان له على الزبير شيء فليوافنا بالغابة، فأتاه عبد الله بن جعفر وكان له على الزبير أربع مائة ألف، فقال: إن شئتم تركتها لكم، قال عبد الله: لا، قال: وإن شئتم جعلتموها فيما تؤخرون إن أخرتم، فقال عبد الله: لا، قال: فاقطعوا لي قطعة، فقال عبد الله: لك من هاهنا إلى هاهنا فباع عبد الله منها فقضى دينه وأوفاه، وبقي معه أربعة أسهم ونصف، فقدم على معاوية وعنده عمرو بن عثمان والمنذر بن الزبير، وابن زمعة (فقال) معاوية: كم قومت الغابة، قال: كل سهم مائة ألف. قال: كم بقي منها قال: أربعة أسهم ونصف، فقال المنذر: قد أخذت سهما بمائة ألف، وقال عمرو بن عثمان: قد أخذت سهما بمائة ألف، وقال ابن زمعة: قد أخذت سهما بمائة ألف. فقال معاوية: كم بقي قال سهم ونصف.

قال: قد أخذته بخمسين ومائة ألف، وباع عبد الله بن جعفر نصيبه من معاوية بست مائة ألف، فلما فرغ ابن الزبير من قضاء دينه، قال بنو الزبير: اقسم بيننا ميراثنا، قال: والله لا أقسم بينكم حتى أنادي بالموسم أربع سنين، ألا من كان له على الزبير دين فليأتنا (فلنقضه) فجعل كل سنة ينادي في الموسم فلما (مضى) أربع سنين قسم بينهم، ورفع الثلث وكان للزبير أربع نسوة فأصاب كل امرأة ألف ألف ومائتا ألف فجميع ماله خمسون ألف ألف ومائتا ألف.

67. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئاتام زۇبەير جەمەل ئۇرۇشى بولغان كۈنى مېنى چاقىردى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇردۇم. ئۇ:

— ئى ئوغلۇم! بۈگۈن يا زالىم ياكى مەزلۇم ئۆلتۈرۈلىدۇ، مەن بۈگۈن ناھەق ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن، مېنىڭ ئەڭ چوڭ غېمىم قەرزىمدۇر، مەندىن قالغان مال-مۈلك قەرزگە يېتىپ ئاشارمۇ؟! — دېدى، ئاندىن:

— ئى ئوغلۇم! مال-مۈلكىمىزنى سېتىپ قەرزىمنى تۆلىگىن، — دېدى.

ئۇ قەرزدىن ئاشقان مىلىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى باللىرىغا ۋەسىيەت قالدۇردى. ۋەسىيەت قالدۇرغان ئاشۇ ئۈچتىن بىر قىسىم مىلىنىڭ يەنە ئۈچتىن بىرىنى مېنىڭ (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ) ئوغۇللىرىمغا ۋەسىيەت قالدۇردى.

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاتام زۇبەير قەرزىنى ئادا قىلىشىمنى ۋەسىيەت قىلىپ:

— ئى ئوغلۇم! قەرزىمنى ئادا قىلىشتا بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسەڭ، خوجايىنىمدىن ياردەم سورىغىن، — دېدى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭ «خوجايىنىم» دېگەن سۆزىدىن كىمنى مەقسەت قىلغانلىقىنى بىلەلمەي:

— ئى ئاتا! خوجايىنىڭ كىم؟ — دەپ سورىسام، ئۇ:

— خوجايىنىم الله تۇر، — دەپ جاۋاب بەردى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قەرزىنى ئۆتەشتە بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسەملا:

— ئى زۇبەيرنىڭ خوجايىنى الله ! زۇبەيرنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىپ بەرگىن، — دەپ دۇئا قىلاتتىم، شۇنىڭ بىلەن، الله ئۇنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىپ بېرەتتى.

دېگەندەك، ئاتام ئۆلتۈرۈلدى. ئاتام ئالتۇن-كۈمۈش قالدۇرماي، پەقەت بىرقانچە جايدا يەر-زېمىن قالدۇرغان ئىدى. شۇ يەر-زېمىندىن مەدىنە ئەتراپىدىكى «غابە» دەپ ئاتىلىدىغان مەشھۇر بىر زېمىن بار ئىدى. يەنە مەدىنىدە 11 قورۇ، بەسرەدە ئىككى قورۇ، كۇفەدە بىر قورۇ، مىسىردا بىر قورۇ جاي قالغانىدى.

ئاتام زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەرز بولۇپ قېلىش سەۋەبى مۇنداق ئىدى: كىشىلەر ماللىرىنى ئاتامنىڭ قېشىغا ئامانەت قويغىلى ئېلىپ كەلسە، ئاتام:

— ياق، مەن ئامانەتنى زايە قىلىۋېتىشتىن قورقىمەن، لېكىن بۇ ماڭا قەرز ھېسابىدا بولسۇن، — دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن قەرزلەر كۆپىيىپ كەتتى. دادام ھەرگىزمۇ سېلىق، خىراجەت ۋە باشقا نەرسىلەرنى يىغىشقا قويۇلغان

ئەمەس ئىدى، پەقەت پەيغەمبەر ﷺ ھەمدە ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن غازاتلارغا چىقىپ، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ ئۆتكەن كىشى ئىدى.

مەن دادامنىڭ قەرزىنى ھېسابلىسام جەمئىي ئىككى مىليون 200 مىڭ چىقتى. كېيىن ھەكىم ئىبنى ھىزام ماڭا ئۇچراپ:

— ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! قېرىندىشىمنىڭ قانچىلىك قەرزى بار ئىكەن؟ — دەپ سورىغانىدى، مەن ھەقىقىي سانىنى يوشۇرۇپ:

— 100 مىڭ ئىكەن، — دەپ قويدۇم. بىراق ئۇ:

— الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار بۇنىڭغا يەتمەسمىكىن، — دېدى. مەن:

— ئەگەر ئىككى مىليون 200 مىڭ بولسا قانداق قارايسەن؟ — دېسەم، ئۇ:

— بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيسىلەر، ئەگەر قەرز قايتۇرۇشقا ئاجىز كەلسەڭلار مەندىن ياردەم سوراڭلار، — دېدى. ئاتام زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېلىقى «غابە» دېگەن جاينى 170 مىڭغا سېتىۋالغان ئىكەن. مەن ئۇنى بىر مىليون 600 مىڭغا ساتتىم، ئاندىن:

— كىمنىڭ ئاتامدا ئېلىشى بولسا، بىزنىڭ غابە دېگەن زېمىنىمىزغا كەلسۇن! — دەپ ئېلان قىلدىم. يېنىمغا ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر كەلدى. ئۇنىڭ ئاتامدا 400 مىڭ ئېلىشى بار ئىكەن. ئۇ ياخشىلىق قىلىش نىيىتىدە:

— ئەگەر خالىساڭلار ئۇ مېلىمنى سىلەرگە قالدۇراي، — دېدى. مەن:

— ياق، — دېدىم. ئۇ:

— ئۇنداقتا، خالىساڭلار مېنىڭ ئېلىشىمنى ئەڭ ئاخىرىدا بېرىڭلار! — دېدى. مەن:

— ياق، — دېدىم. ئۇ:

— ئۇنداقتا، ماڭا زېمىندىن بىر پارچە بۆلۈپ بېرىڭلار، — دېدى. مەن:

— بۇ يەردىن بۇ يەرگىچە سېنىڭ بولسۇن، — دەپ بۆلۈپ بەردىم. شۇنداق قىلىپ، مەن ئاتامنىڭ يەر-زېمىن ۋە قورۇ-جايلىرىنىڭ بىر قىسمىنى سېتىپ، ئۇنىڭ قەرزىنى تولۇق ئادا قىلدىم. ئۇنىڭ «غابە» دېگەن زېمىنىنىڭ

ئومۇمىي يەر كۆلىمىدىن يەنە تۆت يېرىم ھەسسە زېمىن ئېشىپ قالدى. كېيىن مەن مۇئاۋىيەنىڭ قېشىغا كەلسەم ئەمر ئىبنى ئوسمان، مۇنزىر ئىبنى زۇبەير ۋە ئىبنى زەمئە قاتارلىقلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىكەن. مۇئاۋىيە:

— غابەدىكى زېمىنغا قانچىلىك باھا قويۇلدى؟ — دەپ سورىدى، مەن:

— ھەربىر ھەسسىگە 100 مىڭ، — دېدىم. ئۇ:

— ئۇنىڭدىن قانچىلىك قالدى؟ — دېدى. مەن:

— تۆت يېرىم ھەسسە، — دېدىم. مۇنزىر ئىبنى زۇبەير:

— بىر ھەسسىنى 100 مىڭغا مەن ئالاي، — دېدى. ئەمر ئىبنى ئوسمان:

— بىر ھەسسىنى 100 مىڭغا مەن ئالاي، — دېدى. ئىبنى زەمئە:

— بىر ھەسسىنى 100 مىڭغا مەن ئالاي، — دېدى. مۇئاۋىيە:

— ئەمدى قانچىلىك قالدى؟ — دېدى. مەن:

— بىر يېرىم ھەسسە، — دېدىم. ئۇ:

— ئۇنداقتا، ئۇنى 150 مىڭغا مەن ئالاي، — دېدى. كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ئۆز نېسىۋىسىنى مۇئاۋىيەگە 600 مىڭغا ساتتى. شۇنداق قىلىپ، مەن ئاتامنىڭ قەرزلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندا، ئاتامنىڭ باشقا باللىرى:

— ئەمدى بىزگە مىراسىمىزنى تەقسىم قىلىپ بەرگىن! — دېيىشتى. مەن:

— الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدە: «ئاتامدا قەرزى بارلار كەلسۇن، بىز ئۇنى قايتۇرىمىز» دەپ ئۇدا تۆت يىل جاكارلىمىغۇچە مىراسنى ئاراڭلاردا تەقسىم قىلمايمەن، — دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدە شۇنداق جاكارلاپ، تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن قېرىنداشلىرىمغا مالنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بۆلۈپ بەردىم. دادامنىڭ تۆت ئايالى بولۇپ، ھەربىر ئايالغا بىر مىليون 200 مىڭدىن مىراس تەگدى. دادامنىڭ ئومۇمىي مېلى 50 مىليون 200 مىڭ بولۇپ چىقتى.[①]

**68. عن جابر بن عبد الله رضي الله عنهما قال: بعثنا رسول الله ﷺ وأمر علينا أبا عبيدة رضي الله عنه نتلقى عيرا لقريش، وزودنا جرابا من تمر لم يجد لنا غيره، فكان أبو**

[①] بۇخارى توپلىغان.

عبيدة يعطينا تمرة تمرة، فقيل: كيف كنتم تصنعون بها؟ قال: نمصها كما يمص الصبي، ثم نشرب عليها من الماء، فتكفينا يومنا إلى الليل، وكنا نضرب بعصينا الخبط، ثم نبله بالماء فنأكله.

قال: وانطلقنا على ساحل البحر، فرفع لنا على ساحل البحر كهيئة الكثيب الضخم، فأتيناه فإذا هي دابة تدعى العنبر، فقال أبو عبيدة: ميتة، ثم قال: لا، بل نحن رسل رسول الله ﷺ وفي سبيل الله وقد اضطررتم فكلوا.

فأقمنا عليه شهرا، ونحن ثلاثمئة حتى سمنا، ولقد رأيتنا نغترف من وقب عينه بالقلال الدهن ونقطع منه الفدر كالثور أو كقدر الثور، ولقد أخذ منا أبو عبيدة ثلاثة عشر رجلا فأقعدهم في وقب عينه وأخذ ضلعا من أضلاعه فأقامها ثم رحل أعظم بعير معنا فمر من تحتها وتزودنا من لحمه وشائق، فلما قدمنا المدينة أتينا رسول الله فذكرنا ذلك له، فقال: «هو رزق أخرجه الله لكم، فهل معكم من لحمه شيء فتطعمونا؟» فأرسلنا إلى رسول الله ﷺ منه فأكله.

68. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى ئەبۇ ئۇبەيدىنىڭ قوماندانلىقىدا قۇرەيشنىڭ سودا كارۋىنىنى توسۇشقا ئەۋەتتى. باشقا نەرسە تاپالمىغاچقا بىزگە ئوزۇق ئۈچۈن بىر خالتا خورما تەييارلاپ بەرگەن ئىدى.

ئەبۇ ئۇبەيدە خورمىنى بىزگە بىر تالدىن ـ بىر تالدىن بېرەتتى. جابىردىن: «سىلەر ئۇ بىر تال خورمىنى قانداق قىلاتتىڭلار؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «بىز ئۇنى كىچىك بالا شۈمگەندەك شۈمەتتۇق، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ ئىچەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىزنىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈزىمىزگە كۇپايە قىلاتتى. بىز ھاسىمىز بىلەن قۇرۇق يوپۇرماقلارنى قېقىپ سۇ بىلەن نەمدەپ يەيتتۇق» دېدى.

شۇنداق قىلىپ، بىز دېڭىز ساھىلىغا بېرىپ قالدۇق. دېڭىز ساھىلىدا قۇملۇق دۆڭگە ئوخشاش بىر نەرسە دومبىيىپ چىقىپ قالغانىدى. بىز ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قارىساق «كىت» دېيىلىدىغان بىر جانىۋار ئىكەن. ئەبۇ ئۇبەيدە: «بۇ كىت ئۆلۈككەن» دېدى. ئاندىن ئۇ: «ياق، بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەلچىلىرىمىز ۋە الله يولىدىمىز، سىلەر يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن يەۋېرىڭلار!» دېدى.

بىز ئۇنىڭ قېشىدا بىر ئاي تۇردۇق، بىز 300 كىشى ئىدۇق، ھەتتا بىز ئۇنى يەپ سەمرىپ كەتتۇق. بەزىلىرىمىز ئۇ ھايۋاننىڭ كۆزىنىڭ چانىقىدىكى ياغنى قاچا بىلەن سۈزۈۋالاتتۇق. ئۇنىڭ گۆشىدىن ئۆكۈزدەك ـ ئۆكۈزدەك چوڭلۇقتىكى گۆشلەرنى كېسىپ ئالاتتۇق. ئەبۇ ئۇبەيدە بىزدىن 13 كىشىنى كىتنىڭ كۆز چانىقىدا ئولتۇرغۇزۇپ باقتى. ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرىدىن بىر قوۋۇرغىنى يەرگە تىكلەپ، چوڭ تۆگىدىن بىرىگە مىنىپ ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپمۇ باقتۇق. ئۇ جانىۋارنىڭ گۆشىدىن ئوزۇقلۇق ئۈچۈن قاقلاپ ئېلىۋالدۇق.

مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە بۇ ئەھۋالنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە سۆزلەپ بەرگەنىدۇق، ئۇ: «ئۇ، الله سىلەرگە چىقىرىپ بەرگەن رىزىقتۇر، سىلەردە ئۇنىڭ گۆشىدىن يەنە بولسا بىزنىمۇ ئېغىزلاندۇرمامسىلەر!؟» دېدى. بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۇنىڭدىن ئەۋەتىپ بەرگەنىدۇق، ئۇ ئۇنىڭدىن يېدى.[1]

## 10 ـ باب

## جىھاد ئىززەتتۇر، ئۇنى تاشلاش خارلىق ۋە ھالاكەتتۇر

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِلَّا تَنفِرُوا يُعَذِّبْكُمْ عَذَابًا أَلِيمًا وَيَسْتَبْدِلْ قَوْمًا غَيْرَكُمْ وَلَا تَضُرُّوهُ شَيْئًا وَاللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾ «ئەگەر سىلەر جىھادقا چىقمىساڭلار، الله سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. (سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، سىلەر اللهقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر».[2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِن كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَاؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُم مِّنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُوا حَتَّىٰ يَأْتِيَ اللَّهُ بِأَمْرِهِ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ﴾ «ئېيتقىنكى: <ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار (ھەممە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] سۈرە تەۋبە 39 ـ ئايەت.

قىلىشىدىن قورقىدىغان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن اللە تىن، اللە نىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە اللە نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ اللە نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى اللە نىڭ ئەمر (يەنى اللە نىڭ جازاسى ۋە ئازابى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، اللە پاسىق قەۋمنى (يەنى اللە نىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ>».[1]

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْلاَ دَفْعُ اللّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَّفَسَدَتِ الأَرْضُ وَلَكِنَّ اللّهَ ذُو فَضْلٍ عَلَى الْعَالَمِينَ﴾ «اللە ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابلىققا يۈزلىنەتتى)، لېكىن اللە (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر»[2].

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْلَا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَهُدِّمَتْ صَوَامِعُ وَبِيَعٌ وَصَلَوَاتٌ وَمَسَاجِدُ يُذْكَرُ فِيهَا اسْمُ اللَّهِ كَثِيرًا﴾ «ئەگەر اللە ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە اللە نىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى»[3].

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا لَكُمْ لَا تُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ الرِّجَالِ وَالنِّسَاءِ وَالْوِلْدَانِ الَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا أَخْرِجْنَا مِنْ هَذِهِ الْقَرْيَةِ الظَّالِمِ أَهْلُهَا وَاجْعَلْ لَنَا مِنْ لَدُنْكَ وَلِيًّا وَاجْعَلْ لَنَا مِنْ لَدُنْكَ نَصِيرًا﴾ «(ئى مۇئمىنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، اللە نىڭ يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر ۋە (دۇئا قىلىپ): <ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل> دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى

[1] سۈرە تەۋبە 24 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە 251 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە ھەج 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھاد قىلمايسىلەر». [1]

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَوْ كَانَ عَرَضًا قَرِيبًا وَسَفَرًا قَاصِدًا لَاتَّبَعُوكَ وَلَكِنْ بَعُدَتْ عَلَيْهِمُ الشُّقَّةُ وَسَيَحْلِفُونَ بِاللَّهِ لَوِ اسْتَطَعْنَا لَخَرَجْنَا مَعَكُمْ يُهْلِكُونَ أَنْفُسَهُمْ وَاللَّهُ يَعْلَمُ إِنَّهُمْ لَكَاذِبُونَ﴾ «ئەگەر (ئۇلارنىڭ دەۋەت قىلىنغىنى) ئاسان قولغا كېلىدىغان غەنىيمەت ۋە (يىراق ئەمەس) ئوتتۇراھال سەپەر بولىدىغان بولسا، ئۇلار چوقۇم ساڭا ئەگىشىپ (غەنىيمەت ئېلىش مەقسىتىدە) چىقاتتى. لېكىن بۇ ئارىلىق ئۇلارغا يىراق بىلىندى. ئۇلار الله بىلەن قەسەم ئىچىپ: <ئەگەر چىقىشقا قادىر بولالىغان بولساق ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە چىقاتتۇق> دەيدۇ، ئۇلار (يالغان قەسەملىرى تۈپەيلىدىن) ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ھالاك قىلىدۇ، الله بىلىدۇكى، ئۇلار شەك ـ شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر». [2]

**69. عن ابن عمر رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «إذا تبايعتم بالعينة، وأخذتم أذناب البقر، ورضيتم بالزرع، وتركتم الجهاد، سلط الله عليكم ذلا لا ينزعه حتى ترجعوا إلى دينكم».**

69. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئەگەر سىلەر جازانە تىجارەتلىرىگە بېرىلىپ، كالىنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ئېسىلىپ، تېرىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ جىھادنى تاشلاپ قويساڭلار، الله سىلەرگە شۇنداق بىر خارلىقنى يۈكلەپ قويىدۇكى، تاكى سىلەر دىنىڭلارغا قايتمىغۇچە الله تائالا ئۇ خارلىقنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ[3]». [4]

**70. عن أبي أمامة الباهلي رضي الله عنه قال: ورأى سكة وشيئا من آلة الحرث فقال**

---

[1] سۈرە نىسا 75 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تەۋبە 42 ـ ئايەت.

[3] ئىبنى نەھھاس (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دەيدۇ: «ھەدىسنىڭ مەنىسى ـــ كىشىلەر جىھادنى تەرك ئېتىپ، تىجارەت، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قاتارلىق دۇنياۋي مەنپەئەتلەرگە بېرىلىپ جىھادقا تەييارلىق قىلمىغانلىقى ۋە ئۆزلىرى مەشغۇل بولۇۋاتقان دۇنيالىق ئىشلىرىغا رازى بولغانلىقى ئۈچۈن، دۈشمەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمران بولىدۇ چۈنكى الله تائالا ئۇلارنى ئازابلاش ئۈچۈن، ئۇلارنى خار ـ زەبۇنلۇققا تاشلاپ قويىدۇ؛ تاكى ئۇلار الله تائالا ۋاجىب قىلىپ بېكىتكەن كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىش، دىننى تۇرغۇزۇش، ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلمىغۇچە، ئۇلار بۇ خارلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ» (**«مشارع الأشواق إلى مصارع العشاق»** 29 ـ بەت).

[4] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**سمعت النبي ﷺ يقول: «لا يدخل هذا بيت قوم إلا أدخله الله الذل».**

70. ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سوقا (ساپان) ۋە تېرىقچىلىق سايمانلىرىنى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: <ئۆيلىرىگە بۇ نەرسىلەر كىرگەن ھەر قانداق قەۋمنى الله چوقۇم خارلىققا مۇپتىلا قىلىدۇ>».[①]

**71. عن أسلم أبي عمران قال: غزونا من المدينة نريد القسطنطينية وعلى الجماعة عبد الرحمن بن خالد بن الوليد، والروم ملصقو ظهورهم بحائط المدينة فحمل رجل على العدو، وقال الناس: مه، مه، لا إله إلا الله، يلقي بيديه إلى التهلكة، فقال أبو أيوب: إنما أنزلت هذه الآية فينا معشر الأنصار لما نصر الله نبيه ﷺ وأظهر الإسلام، قلنا نقيم في أموالنا ونصلحها، فأنزل الله ﴿وَأَنفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ﴾ والإلقاء بالأيدي إلى التهلكة أن نقيم في أموالنا ونصلحها وندع الجهاد، قال أبو عمران فلم يزل أبو أيوب يجاهد في سبيل الله حتى دفن بالقسطنطينية.**

71. ئەسلەم ئەبۇ ئىمران مۇنداق دەيدۇ: بىز غازات قىلىش ئۈچۈن مەدىنىدىن قۇستانتىنىيەگە قاراپ يولغا چىقتۇق. جامائىتىمىزنىڭ ئەمىرى ئابدۇراھمان ئىبنى خالىد ئىبنى ۋەلىد ئىدى. رۇملۇقلار ئۆزىنىڭ ئارقىسىنى شەھەر تېمىغا قىلىپ تۇرۇۋالدى. تۇساتتىن بىر كىشى يالغۇز دۈشمەن سېپىگە ھۇجۇم قىلىپ بۆسۈپ كىرىپ كەتتى، كىشىلەر: «توختا، توختا... لا إله إلا الله... ئۇ ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىدى» دېيىشتى. بۇ ۋاقىتتا ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى مۇنداق دېدى: «بۇ ئايەت بىز ئەنسارىلار ھەققىدە نازىل بولغان. الله تائالا پەيغەمبىرىگە نۇسرەت بېرىپ ئىسلامنى غالىب قىلغۇدى، بىز: <ئەمدى مال-مۈلكىمىزنى پەرۋىش قىلىپ، ھال-ئەھۋالىمىزنى ياخشىلىۋالايلى> دېيىشتۇق، الله تائالا شۇ چاغدا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿وَأَنفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ وَأَحْسِنُوا إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ <الله نىڭ يولىدا (پۇل-مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ>.[②] دېمەك، <ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلاش> بىزنىڭ مال-دۇنيانى كۆپەيتىشكە بېرىلىپ جىھادنى تەرك

[①] بۇخارى توپلىغان.

[②] سۈرە بەقەرە 195- ئايەت.

ئەتكەنلىكىمىز ئىدى».

ئەبۇ ئىمران مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە جىھاد قىلىپ ھەتتا قۇستانتىنىيەگە دەپنە قىلىندى».[1]

**72. وعن أبي أمامة رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «من لم يغز، أو يجهز غازيا، أو يخلف غازيا في أهله بخير، أصابه الله بقارعة قبل يوم القيامة».**

72. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى غازات قىلمىسا ياكى غازات قىلغۇچىنى جابدۇپ قويمىسا ۋە ياكى بىرەر غازات قىلغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىن ياخشىلىق بىلەن خەۋەر ئالمىسا، الله تائالا ئۇنى قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن چوڭ بىر مۇسىبەت بىلەن ئازابلايدۇ».[2]

**73. وعن ثوبان رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «يوشك الأمم أن تداعى عليكم كما تداعى الأكلة إلى قصعتها»، فقال قائل: من قلة نحن يومئذ؟ فقال: «بل أنتم يومئذ كثيرون، ولكنكم غثاء كغثاء السيل، ولينزعن الله من صدور عدوكم المهابة منكم، وليقذفن في قلوبكم الوهن»، قيل: وما الوهن يا رسول الله؟ قال: «حب الدنيا وكراهية الموت».**

**وفي رواية لأحمد: «حبكم الدنيا، وكراهيتكم القتال».**

73. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «يېقىندا سىلەرگە بارلىق مىللەتلەر خۇددى ئاچ قالغان كىشىلەر بىر لوقما تائامغا ئولاشقاندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ» دېدى. ساھابىلەر: «شۇ كۈنلەردە سانىمىزنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىدىن شۇنداق بولامدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ياق، ئۇ كۈندە سىلەرنىڭ سانىڭلار كۆپ بىراق سەلدىكى كۆپۈككە ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر. الله دۈشمىنىڭلارنىڭ قەلبىدىن سىلەرگە نىسبەتەن قورقۇنچنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. الله قەلبىڭلارغا ۋەھەننى تاشلاپ قويىدۇ» دېدى. ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ۋەھەن دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «دۇنيانى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش» دېدى.[3]

ئىمام ئەھمەد نەقىل كەلتۈرگەن يەنە بىر ھەدىستە: «سىلەرنىڭ دۇنيانى

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[3] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ياخشى كۆرۈشۈشلار ۋە الله يولىدا جەڭ قىلىشنى يامان كۆرۈشۈشلار» دېيىلگەن.[1]

**74. وعن أبي بكر رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «ما ترك قوم الجهاد إلا عمهم الله بالعذاب».**

74. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «جىھادنى تەرك ئەتكەن قەۋمگە الله ئومۇمىيۈزلۈك ئازاب (يەنى خارلىق ۋە بىچارىلىك) چۈشۈرىدۇ».[2]

## 11 - باب

## جىھادنى تەرك ئېتىش مۇناپىقلىقنىڭ سۈپىتىدىندۇر

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَرِحَ الْمُخَلَّفُونَ بِمَقْعَدِهِمْ خِلَافَ رَسُولِ اللَّهِ وَكَرِهُوا أَنْ يُجَاهِدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَقَالُوا لَا تَنْفِرُوا فِي الْحَرِّ قُلْ نَارُ جَهَنَّمَ أَشَدُّ حَرًّا لَوْ كَانُوا يَفْقَهُونَ ۞ فَلْيَضْحَكُوا قَلِيلًا وَلْيَبْكُوا كَثِيرًا جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ ۞ فَإِنْ رَجَعَكَ اللَّهُ إِلَى طَائِفَةٍ مِنْهُمْ فَاسْتَأْذَنُوكَ لِلْخُرُوجِ فَقُلْ لَنْ تَخْرُجُوا مَعِيَ أَبَدًا وَلَنْ تُقَاتِلُوا مَعِيَ عَدُوًّا إِنَّكُمْ رَضِيتُمْ بِالْقُعُودِ أَوَّلَ مَرَّةٍ فَاقْعُدُوا مَعَ الْخَالِفِينَ ۞ وَلَا تُصَلِّ عَلَى أَحَدٍ مِنْهُمْ مَاتَ أَبَدًا وَلَا تَقُمْ عَلَى قَبْرِهِ إِنَّهُمْ كَفَرُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَمَاتُوا وَهُمْ فَاسِقُونَ ۞﴾ «رەسۇلۇللاھقا خىلاپلىق قىلىپ (تەبۇك غازىتىغا چىقماي) قېلىپ قالغانلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆيلىرىدە بەخىرامان ئولتۇرغانلىقلىرى بىلەن خۇشال بولۇشتى، ئۇلار الله نىڭ يولىدا ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشنى ياقتۇرمىدى، ئۇلار (بىر-بىرىگە): <ئىسسىقتا چىقماڭلار> دېيىشتى. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: <جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىزىقتۇر. ئەگەر ئۇلار چۈشىنىدىغان بولسا، (ئەلۋەتتە ئىسسىقتا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە چىقاتتى)> [81]. ئۇلار قىلمىش (گۇناھ)لىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئاز كۈلسۇن، كۆپ يىغلىسۇن [82]. ئەگەر الله سېنى (تەبۇك غازىتىدىن) قايتۇرۇپ (ئۆزرىسىز قېلىپ قالغان مۇناپىقلاردىن) بىر تۈركۈمنىڭ يېنىغا

---

[1] ئەھمەد ۋە تەبرانى توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن، ھەيسەمى: «ئىسنادى ياخشى» دېگەن.

[2] تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئېلىپ بارسا، ئۇلار (ئىككىنچى بىر غازاتقا) چىقىشقا سەندىن ئىزنى سورىسا، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: <سىلەر مەن بىلەن بىللە مەڭگۇ (غازاتقا) چىقماڭلار، ھەرگىز مەن بىلەن بىللە چىقىپ ئۇرۇش قىلماڭلار. شۈبھىسىزكى، سىلەر دەسلەپكى قېتىمدا (چىقماي، ئۆيۈڭلاردا بەخىرامان) ئولتۇرۇشقا رازى بولدۇڭلار، ئەمدى (غازاتقا چىقماي) قېلىپ قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كىچىك بالىلار) بىلەن ئولتۇرۇڭلار> [83]. (ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن، (دەپنە قىلىش، زىيارەت ياكى دۇئا ئۈچۈن) ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن! چۈنكى ئۇلار الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار پاسىق ھالىتى بىلەن ئۆلدى [84]».[1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَحْلِفُونَ بِاللَّهِ إِنَّهُمْ لَمِنكُمْ وَمَا هُم مِّنكُمْ وَلَٰكِنَّهُمْ قَوْمٌ يَفْرَقُونَ ۞ لَوْ يَجِدُونَ مَلْجَأً أَوْ مَغَارَاتٍ أَوْ مُدَّخَلًا لَّوَلَّوْا إِلَيْهِ وَهُمْ يَجْمَحُونَ ۞﴾ «ئۇلار: <بىز چوقۇم سىلەر (يەنى سىلەرگە ئوخشاش مۇسۇلمانلار)دىن> دەپ الله بىلەن قەسەم ئىچىدۇ. ئۇلار سىلەردىن ئەمەس لېكىن ئۇلار (زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراشتىن قورقۇپ ئاغزىدا مۇسۇلمان بولغان) قورقۇنچاق قەۋمدۇر [56]. ئەگەر ئۇلار بىرەر قورغان ياكى غار ۋە ياكى گەمىنى تاپسا ئىدى، شۇ تەرەپكە قاراپ ئەلۋەتتە يۈگۈرۈشكەن بولاتتى [57]».[2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَّا كَانَ اللَّهُ لِيَذَرَ الْمُؤْمِنِينَ عَلَىٰ مَا أَنتُمْ عَلَيْهِ حَتَّىٰ يَمِيزَ الْخَبِيثَ مِنَ الطَّيِّبِ﴾ «الله يامانىنى (يەنى مۇناپىقنى) ياخشىدىن (يەنى مۇئمىندىن) ئايرىمىغۇچە مۇئمىنلەرنى (يەنى سىلەرنى) ھازىرقى پېتىڭلارچە قويمايدۇ».[3]

**75. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «من مات ولم يغز ولم يحدث نفسه بغزو مات على شعبة من نفاق». قال عبد الله بن المبارك: فنرى أن ذلك كان على عهد رسول الله ﷺ.**

75. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى جىھاد قىلماي ياكى جىھاد قىلىشنى كۆڭلىگىمۇ پۈكمەي ئۆلۈپ كەتسە، مۇناپىقلىقنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىر سۈپەت بىلەن ئۆلگەن

[1] سۈرە تەۋبە 81 ـ ئايەتتىن 84 ـ ئايەتكىچە.

[2] سۈرە تەۋبە 56 ـ ، 57 ـ ئايەتلەر.

[3] سۈرە ئال ئىمران 179 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولىدۇ».

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دەيدۇ: «بىز بۇ ھۆكۈمنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ زامانىدا (جىھادقا چىقمىغانلارنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بەلگىلەشتە) قوللىنىلغان ئۆلچەم بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايمىز».①

## 12 ـ باب

## جىھادقا چىقىشنى سەمىمي ئارزۇ قىلىپ ئەمما چىقالمىغان ئۆزرىلىك كىشىلەرنىڭ ئەجرى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَيْسَ عَلَى الضُّعَفَاءِ وَلَا عَلَى الْمَرْضَى وَلَا عَلَى الَّذِينَ لَا يَجِدُونَ مَا يُنْفِقُونَ حَرَجٌ إِذَا نَصَحُوا لِلَّهِ وَرَسُولِهِ مَا عَلَى الْمُحْسِنِينَ مِنْ سَبِيلٍ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ ۞ وَلَا عَلَى الَّذِينَ إِذَا مَا أَتَوْكَ لِتَحْمِلَهُمْ قُلْتَ لَا أَجِدُ مَا أَحْمِلُكُمْ عَلَيْهِ تَوَلَّوْا وَأَعْيُنُهُمْ تَفِيضُ مِنَ الدَّمْعِ حَزَنًا أَلَّا يَجِدُوا مَا يُنْفِقُونَ ۞﴾ «ئاجىزلار (يەنى ياشانغان بوۋايلار)، كېسەللەر، (جىھادقا چىقىشقا) خىراجەت تاپالمىغانلار الله قا ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولسىلا، جىھادقا چىقمىسا گۇناھ بولمايدۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەشكە يول يوقتۇر، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [91]. يەنە مۇنداق كىشىلەرنىمۇ ئەيىبلەشكە يول يوقتۇركى، ئۇلار (جىھادقا چىقىش ئۈچۈن) سەندىن ئۇلاغ سوراپ كەلگەندە، (ئۇلارغا سەن:) <مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق> دېدىڭ. ئۇلار (جىھادقا چىقىشقا) سەرپ قىلىدىغان نەرسە تاپالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن غەمكىن، كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا قايتىشتى [92]»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ عَلَى الْقَاعِدِينَ دَرَجَةً وَكُلًّا وَعَدَ اللَّهُ الْحُسْنَى وَفَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ أَجْرًا عَظِيمًا﴾ «مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار — الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② سۇرە تەۋبە 91 ـ، 92 ـ ئايەتلەر.

قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. اللە ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار)نىڭ ھەممىسىگە اللە جەننەتنى ۋەدە قىلدى. اللە جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلدى»[1].

**76. عن زيد بن ثابت رضي الله قال: أن رسول الله ﷺ أملى عليه ﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ﴾. قال: فجاءه ابن أم مكتوم وهو يملها علي فقال: يا رسول الله، لو أستطيع الجهاد لجاهدت، وكان رجلا أعمى، فأنزل الله تبارك وتعالى على رسوله ﷺ وفخذه على فخذي فثقلت علي حتى خفت أن ترض فخذي ثم سري عنه فأنزل الله عز وجل: ﴿غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ﴾.**

76. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا (زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا): «مۇئمىنلەردىن جىھادقا چىقمىغانلار — اللە يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ» دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بىرىۋاتقاندا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر مەن جىھاد قىلالىغان بولسام، ئەلۋەتتە جىھادقا چىققان بولاتتىم» دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەما كىشى ئىدى. (زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:) شۇ چاغدا اللە تەبارەك ۋە تائالا پەيغەمبەر ﷺ گە ۋەھيي نازىل قىلدى. ئۇنىڭ يوتىسى مېنىڭ يوتامنىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئۇنىڭ يوتىسى شۇنداق ئېغىرلىشىپ كەتتىكى، مېنىڭ يوتامنى ئېزىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ قورقۇپ قالغان ئىدىم. بىرئازدىن كېيىن ۋەھيىمۇ توختىدى. شۇ جەرياندا اللە تائالا مەزكۇر ئايەتنىڭ: «ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا)» دېگەن قىسمىنى نازىل قىلغان ئىكەن.

**77. عن جابر رضي الله عنه قال: كنا مع النبي ﷺ في غزاة، فقال: «إن بالمدينة لرجالا ما سرتم مسيرا، ولا قطعتم واديا، إلا كانوا معكم حبسهم المرض». وفي رواية: «حبسهم**

[1] سۈرە نىسا 95- ئايەت.

**العذر». وفي رواية: «إلا شركوكم في الأجر».**

77. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە غازاتقا چىققان ئىدۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېدى: «مەدىنىدە كېسەل سەۋەبىدىن قېلىپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. سىلەر قەيەرگە ماڭساڭلار ۋە ھەرقانداق جىلغىدىن كېسىپ ئۆتسەڭلار، ئۇلار خۇددى سىلەر بىلەن بىللە بولغاندەك ھېسابلىنىدۇ».[1]

باشقا بىر نەقىلدە: «ئۇلار ئۆزرە سەۋەبلىك چىقالمىدى» دېيىلگەن.

يەنە بىر نەقىلدە: «ئۇلار ئەجىردە سىلەر بىلەن ئوخشاش» دېيىلگەن.

**78. عن ابن عباس رضي الله عنهما، عن رسول الله ﷺ فيما يرويه عن ربه تبارك وتعالى، قال: «إن الله كتب الحسنات والسيئات، ثم بين ذلك، فمن هم بحسنة فلم يعملها كتبها الله عنده حسنة كاملة، وإن هم بها فعملها كتبها الله عنده عشر حسنات إلى سبعمائة ضعف إلى أضعاف كثيرة».**

78. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ الله تەبارەك ۋە تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتقان: «الله ھەقىقەتەن ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارنى يازدى، ئاندىن ئۇنى مۇنداق بايان قىلدى: <كىمكى بىر ياخشىلىقنى قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلمىسا، الله ئۇنىڭغا كامىل بىر ياخشىلىقنى قىلغاننىڭ ساۋابىنى يازىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلسا، الله ئۇنىڭغا 10 دىن تارتىپ تاكى 700 ھەسسىگىچە ياخشىلىقنى، ھەتتا (بەندىنىڭ ئىخلاسىغا ۋە ئەمەلىنىڭ باشقىلارغىمۇ يېتىدىغان پايدىسىغا قارىتا) ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ>».[2]

## 13 ـ باب

## كىشىلەرنى جىھادقا قىزىقتۇرۇش ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَحَرِّضِ الْمُؤْمِنِينَ عَسَى اللَّهُ أَنْ يَكُفَّ بَأْسَ الَّذِينَ كَفَرُوا وَاللَّهُ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

﴿أَشَدُّ بَأْسًا وَأَشَدُّ تَنْكِيلًا﴾ «مۇئمىنلەرنى (جىھادقا) قىزىقتۇرغىن. الله نىڭ كاپىرلار كۈچىنى توسىدىغانلىقىمۇ ھەقىقەتتۇر، الله نىڭ كۈچى ئەڭ زوردۇر، الله نىڭ جازاسى ئەڭ قاتتىقتۇر». [1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ حَرِّضِ الْمُؤْمِنِينَ عَلَى الْقِتَالِ﴾ «ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرنى (مۇشرىكلار بىلەن) ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن». [2]

**79. عن أنس رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «جاهدوا المشركين بأموالكم وأنفسكم وألسنتكم».**

79. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ماللىرىڭلار، جانلىرىڭلار ۋە تىللىرىڭلار بىلەن مۇشرىكلارغا قارشى جىھاد قىلىڭلار!». [3]

**80. عن أبي مسعود رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «من دل على خير فله مثل أجر فاعله».**

80. ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر كىشىنى ياخشىلىققا باشلاپ قويسا، ئۇنىڭغا شۇ ياخشىلىقنى قىلغۇچىنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ». [4]

## 14 ـ باب

## دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشنىڭ ئامىللىرى

### (1) الله قا بولغان ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا﴾ «الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى

[1] سۈرە نىسا 84 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ئەنفال 65 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[4] مۇسلىم توپلىغان.

ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ». [1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا لَنَنْصُرُ رُسُلَنَا وَالَّذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَيَوْمَ يَقُومُ الْأَشْهَادُ﴾ «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۇئمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز». [2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَهِنُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَنْتُمُ الْأَعْلَوْنَ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ﴾ «(جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شەھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر[3]». [4]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَانَ حَقًّا عَلَيْنَا نَصْرُ الْمُؤْمِنِينَ﴾ «مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى». [5]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَنْ يَجْعَلَ اللَّهُ لِلْكَافِرِينَ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ سَبِيلًا﴾ «الله كاپىرلارغا ھەرگىز مۇئمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ». [6]

---

[1] سۈرە نۇر 55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە غافىر 51 ـ ئايەت.

[3] ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بەندىنىڭ ئۈستۈنلۈكتىن ئېرىشىدىغان نېسىۋىسى ۋە غەلىبە ـ نۇسرەتتىن ئېرىشىدىغان نېسىۋىسى ئۇنىڭ ئىمانى ۋە ئىمانىنىڭ ھەقىقىتى مىقدارى بىلەن بولىدۇ. ئەگەر بەندىنىڭ ئۈستۈنلۈك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتتىن ئىبارەت نېسىۋىسى قولدىن كەتسە، ئۇنىڭ قارشىسىدا ئىمانىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا ئۆگىنىپ ۋە ئەمەل قىلىشتىكى ھەقىقەتلىرى قولدىن كەتكەن بولىدۇ.

ئىمان كېمەيسە الله نىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش، ئۈستۈنلۈك ۋە ئىززەتكە ئېرىشىش، الله نىڭ قوغدىشىغا ئېرىشىش ۋە الله نىڭ كۇپايە قىلىشىغا ئېرىشىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كېمىيىپ بارىدۇ. ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ كۆزقارىشى شۇكى، ئىمان زىيادە بولىدۇ ۋە كېمىيىدۇ» («**إغاثة اللهفان**» 2 ـ توم 193 ـ بەت).

[4] سۈرە ئال ئىمران 139 ـ ئايەت.

[5] سۈرە رۇم 47 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[6] سۈرە نىسا 141 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## (2) ﷲ نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَيَنصُرَنَّ اللَّهُ مَن يَنصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ﴾ «كىمكى ﷲ نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە ﷲ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. ﷲ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر». ①

ﷲ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِن تَنصُرُوا اللَّهَ يَنصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ﷲ قا (يەنى ﷲ نىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ﷲ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ». ②

## (3) سەۋر قىلىش ۋە سەۋردە دۈشمەنلەردىن زىيادە چىداملىق بولۇش

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاصْبِرُوا إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾ «سەۋر قىلىڭلار، ﷲ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر». ③

ﷲ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَأَيِّن مِّن نَّبِيٍّ قَاتَلَ مَعَهُ رِبِّيُّونَ كَثِيرٌ فَمَا وَهَنُوا لِمَا أَصَابَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَمَا ضَعُفُوا وَمَا اسْتَكَانُوا وَاللَّهُ يُحِبُّ الصَّابِرِينَ﴾ «نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۇي ئالىملار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار ﷲ يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى؛ ﷲ (ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ»④.

ﷲ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اصْبِرُواْ وَصَابِرُواْ وَرَابِطُواْ وَاتَّقُواْ اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (تائەت ـ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا) سەۋر قىلىڭلار، (دۈشمەنلەرگە) زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ﷲ تىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە

① سۈرە ھەج 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە مۇھەممەد 7 ـ ئايەت.
③ سۈرە ئەنفال 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ سۈرە ئال ئىمران 146 ـ ئايەت.

مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ جَاءُوكُمْ مِنْ فَوْقِكُمْ وَمِنْ أَسْفَلَ مِنْكُمْ وَإِذْ زَاغَتِ الْأَبْصَارُ وَبَلَغَتِ الْقُلُوبُ الْحَنَاجِرَ وَتَظُنُّونَ بِاللَّهِ الظُّنُونَا ۞ هُنَالِكَ ابْتُلِيَ الْمُؤْمِنُونَ وَزُلْزِلُوا زِلْزَالًا شَدِيدًا ۞ وَإِذْ يَقُولُ الْمُنَافِقُونَ وَالَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ مَا وَعَدَنَا اللَّهُ وَرَسُولُهُ إِلَّا غُرُورًا ۞﴾ «ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، الله ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار [10]. بۇ يەردە مۇئمىنلەر سىنالغان ۋە (بىشىغا كەلگەن كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا ئۇلارنى يەر سىلكىگەندەك) قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى [11]. ئەينى ۋاقىتتا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلار: <الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزلەرگە قۇرۇق ۋەدىلەرنى قىلىپتىكەن> دېيىشەتتى [12]»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنْ تَكُونُوا تَأْلَمُونَ فَإِنَّهُمْ يَأْلَمُونَ كَمَا تَأْلَمُونَ وَتَرْجُونَ مِنَ اللَّهِ مَا لَا يَرْجُونَ﴾ «ئەگەر سىلەر قىينالساڭلار، ئۇلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش قىينىلىدۇ، سىلەر ئۇلار ئۈمىد قىلمايدىغان نەرسىنى (يەنى شەھىد بولۇشنى، ساۋابنى ۋە غەلىبىنى) الله تىن ئۈمىد قىلىسىلەر»[3].

**81. عن ابن عباس رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «واعلم: أن النصر مع الصبر، وأن الفرج مع الكرب، وأن مع العسر يسرا».**

81. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىلگىنكى، غەلىبە ـ نۇسرەت سەۋر قىلىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ، جاپا تارتماي ھالاۋەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، بىر قىيىنچىلىق بىلەن بىر ئاسانچىلىق بولىدۇ»[4].

## (4) جەڭدە مۇستەھكەم تۇرۇش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا لَقِيتُمْ فِئَةً فَاثْبُتُوا وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (يەنى دۈشمەن

[1] سۈرە ئال ئىمران 200 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەھزاب 10 ـ ئايەتتىن 12 ـ ئايەتكىچە.

[3] سۈرە نىسا 104 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] تىرمىزى، ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

قوشۇنغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن اللە نى كۆپ ياد ئېتىڭلار»[1].

**82. وعن عبد الله بن أبي أوفى رضي الله عنهما: أن رسول الله ﷺ في بعض أيامه التي لقي فيها العدو انتظر حتى مالت الشمس، ثم قام في الناس فقال: «أيها الناس، لا تتمنوا لقاء العدو، واسألوا الله العافية، فإذا لقيتموهم فاصبروا؛ واعلموا أن الجنة تحت ظلال السيوف».**

82. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە دۈشمەننى تاكى كۈن قايرىلغۇچە كۈتتى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئى ئىنسانلار! دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلماڭلار، اللە تىن خاتىرجەملىكنى سوراڭلار. ئەگەر دۈشمەن بىلەن ئۇچراشساڭلار چىداملىق بولۇڭلار. بىلىڭلاركى، جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدا» دېدى.[2]

**83. قال رجل للبراء بن عازب رضي الله عنهما: يا أبا عمارة أفررتم عن رسول الله ﷺ يوم حنين؟ فقال: لكن رسول الله ﷺ لم يفر، إن هوزان كانوا قوما رماة، فلما لقيناهم وحملنا عليهم انهزموا، فأقبل الناس على الغنائم، فاستقبلونا بالسهام، فانهزم الناس، فلقد رأيت رسول الله ﷺ وأبو سفيان بن الحارث أخذ بلجام بغلته البيضاء، وهو يقول: «أنا النبي لا كذب، أنا ابن عبد المطلب».**

83. بىر كىشى بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «ئى ئەبۇ ئەممارە (بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۇنىيىتى)! ھۇنەيىن غازىتىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تاشلاپ قاچقانمىدىڭلار؟» دەپ سورىغانىدى، بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ قاچمىغان. ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى ئىنتايىن مەرگەن ئىدى. بىز ئۇلار بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتۇق، ئۇلار ئارقىلىرىغا قاراپ قاچتى. ئاندىن كىشىلەر غەنىيمەت يىغىشقا بېرىلىپ كەتكەنىدى، دۈشمەنلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىزنى ئوققا تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن، بىز كەينىمىزگە قاراپ قاچتۇق ئەمما مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سابىت تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ئۇنىڭ ئاق

[1] سۈرە ئەنفال 45- ئايەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىچىرىنىڭ يۈگىنىدىن تۇتۇۋالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

مەن اﷲ نىڭ رەسۇلى،
پەقەت راستنى سۆزلەيمەن.
ھەمدە پاكتۇر نەسەبىم،
ئابدۇلمۇتتەلىب پۇشتىمەن.

دېدى»[1].

## (5) اﷲ تائالانى كۆپ زىكىر قىلىش ۋە گۇناھلىرىغا ئىستىغپار ئېيتىش

اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن اﷲ نى كۆپ ياد ئېتىڭلار»[2].

اﷲ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا قَضَيْتُمُ الصَّلَاةَ فَاذْكُرُوا اللَّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَى جُنُوبِكُمْ﴾ «نامازدىن فارىغ بولغىنىڭلاردا ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە ياتقان ھالەتلىرىڭلاردا اﷲ نى ياد ئېتىڭلار (اﷲ سىلەرگە دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىشى مۇمكىن)»[3].

اﷲ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ اللَّهُ لِيُعَذِّبَهُمْ وَأَنْتَ فِيهِمْ وَمَا كَانَ اللَّهُ مُعَذِّبَهُمْ وَهُمْ يَسْتَغْفِرُونَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا (سېنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن) اﷲ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ. ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا اﷲ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ»[4].

**84. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال النبي ﷺ: «أنا عند ظن عبدي بي، وأنا معه إذا ذكرني، فإن ذكرني في نفسه ذكرته في نفسي، وإن ذكرني في ملأ ذكرته في ملأ خير منهم، وإن تقرب إلي شبرا تقربت إليه ذراعا، وإن تقرب إلي ذراعا تقربت منه باعا، وإن أتاني يمشي أتيته هرولة».**

84. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: <بەندەم مېنى قانداق ئويلىسا،

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] سۈرە ئەنفال 45- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نىسا 103- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئەنفال 33- ئايەت.

مەن ئۇنىڭ ئۇچۇن شۇنداق بولىمەن. ئۇ مېنى ئەسلىگەندە، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولىمەن. ئەگەر ئۇ مېنى كۆڭلىدە ئەسلىسە، مەنمۇ ئۇنى كۆڭلۈمدە ئەسلەيمەن؛ ئەگەر مېنى بىر جامائەت ئىچىدە ئەسلىسە، مەنمۇ ئۇنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىر جامائەت ئىچىدە ئەسلەيمەن. ئۇ ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن؛ ئەگەر ئۇ ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن؛ ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن>». [1]

**85. عن ابن عباس رضي الله قال: كنت خلف رسول الله ﷺ يوما فقال: «يا غلام، إني أعلمك كلمات: احفظ الله يحفظك، احفظ الله تجده تجاهك»**

85. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىر ئۇلاغدا ئۇنىڭ كەينىگە مىنگەشكەن ئىدىم. پەيغەمبەر ﷺ: <ئى بالام! مەن ساڭا بىر نەچچە كەلىمىلەرنى ئۆگىتىپ قوياي. الله نى ئېسىڭدىن چىقارما، الله سېنى ئەستىن چىقارمايدۇ؛ الله نى ئەستىن چىقارمىساڭ، ئۇنى ئالدىڭدا تاپىسەن>». [2]

**86. عن عمارة بن زعكرة رضى الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «إن الله تعالى يقول: إن عبدى كل عبدى الذى يذكرنى و هو ملاق قرنه».**

86. ئۇمارە ئىبنى زەئكەرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: <ھەقىقىي بەندەم ـــ مېنى ئۇرۇش ئەسناسىدا زىكىر قىلىپ تۇرىدىغان كىشىدۇر>». [3]

**87. عن ابن عباس رضى الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «من لزم الاستغفار جعل الله له من كل ضيق مخرجا، ومن كل هم فرجا، ورزقه من حيث لا يحتسب».**

87. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله قا داۋاملىق ئىستىغپار ئېيتسا، الله ئۇنىڭ ھەربىر قىيىنچىلىقىغا بىر چىقىش يولى، ھەربىر غېمىگە خۇرسەنلىك ئاتا

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] تىرمىزى توپلىغان، ئىبنى ئەلان ئۆزىنىڭ «**شرح الأذكار**» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەدىسنى ئىبنى ھەجەرنىڭ «ھەسەن» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان.

قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئويلىمىغان يېرىدىن رىزىقلاندۇرىدۇ».[1]

## (6) الله تائالاغا كۆپ دۇئا قىلىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ تَسْتَغِيثُونَ رَبَّكُمْ فَاسْتَجَابَ لَكُمْ أَنِّي مُمِدُّكُمْ بِأَلْفٍ مِنَ الْمَلَائِكَةِ مُرْدِفِينَ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) رەببىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، الله: ‹سىلەرگە ئارقىمۇئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن› دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى».[2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَمَّا بَرَزُوا لِجَالُوتَ وَجُنُودِهِ قَالُوا رَبَّنَا أَفْرِغْ عَلَيْنَا صَبْرًا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وَانْصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ﴾ «ئۇلار جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچراشقان چاغدا: ‹رەببىمىز! قەلبىمىزنى چىدامىلىقلىق بىلەن تولدۇرغىن، قەدەملىرىمىزنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن› دېدى».[3]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ إِنَّ الَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ﴾ «رەببىڭلار ئېيتىدۇ: ‹ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن). شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ›».[4]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَأَيِّنْ مِنْ نَبِيٍّ قَاتَلَ مَعَهُ رِبِّيُّونَ كَثِيرٌ فَمَا وَهَنُوا لِمَا أَصَابَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَمَا ضَعُفُوا وَمَا اسْتَكَانُوا وَاللَّهُ يُحِبُّ الصَّابِرِينَ ۞ وَمَا كَانَ قَوْلَهُمْ إِلَّا أَنْ قَالُوا رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَإِسْرَافَنَا فِي أَمْرِنَا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وَانْصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ ۞ فَآتَاهُمُ اللَّهُ ثَوَابَ الدُّنْيَا وَحُسْنَ ثَوَابِ الْآخِرَةِ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ ۞﴾ «نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۇي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار الله يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى، الله ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ [146].

---

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد توپلىغان، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

[2] سۈرە ئەنفال 9- ئايەت.

[3] سۈرە بەقەرە 250- ئايەت.

[4] سۈرە ئەنفال 9- ئايەت.

ئۇلارنىڭ سۆزى پەقەت: ‹رەببىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن› دېگەندىن باشقا بولمىدى [147]. الله ئۇلارغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى (يەنى دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى) ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى ساۋابىنى (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېئمەتلىرىنى) ئاتا قىلدى، الله ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ [148]»①.

**88. وعن سهل بن سعد رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «ثنتان لا تردان، أو قلما تردان: الدعاء عند النداء وعند البأس حين يلحم بعضهم بعضا».**

88. سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «رەت قىلىنمايدىغان ياكى كەمدىن-كەم رەت قىلىنىدىغان ئىككى خىل دۇئا بار: بىرى، ئەزان ۋاقتىدا قىلىنغان دۇئا؛ يەنە بىرى، دۈشمەن بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇۋاتقان ۋاقىتتا قىلىنغان دۇئا».②

**89. عن سلمان رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «لا يرد القضاء إلا الدعاء».**

89. سالمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بالا-قازانى پەقەت دۇئالا قايتۇرالايدۇ».③

**90. وعن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: كان رسول الله ﷺ إذا غزا، قال: «اللَّهُمَّ أَنْتَ عَضُدِي، وَأَنْتَ نَصِيرِي، بِكَ أَحُولُ وَبِكَ أَصُولُ وَبِكَ أُقَاتِلُ».**

90. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ جەڭ قىلىۋاتقان ۋاقىتتا مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! سەنلا مېنىڭ يۆلەنچۈكۈمسەن ۋە مەدەتكارىمسەن. پەقەت سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەنلا دۈشمەنگە قارشى ھەرىكەت قىلىمەن، پەقەت سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەنلا دۈشمەنگە زەربە بېرىمەن ۋە پەقەت سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەنلا ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىمەن».④

**91. وعن أبي موسى رضي الله عنه: أن النبي ﷺ كان إذا خاف قوما، قال: «اللَّهُمَّ إِنَّا نَجْعَلُكَ فِي نُحُورِهِمْ، وَنَعُوذُ بِكَ مِنْ شُرُورِهِمْ».**

---

① سۈرە ئال ئىمران 146- ئايەتتىن 148- ئايەتكىچە.

② ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ تىرمىزى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

④ ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

91. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىرەر دۈشمەندىن خەۋپسىرىسە مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله ! ئۇلارنىڭ ھالاكىتىنى ساڭا تاپشۇرىمىز ۋە ساڭا سېغىنىپ ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز». [1]

**92. عن عبد الله بن أبي أوفى رضي الله عنه قال: دعا رسول الله ﷺ على الأحزاب فقال: «اللَّهُمَّ مُنْزِلَ الْكِتَابِ، سَرِيعَ الْحِسَابِ، اهْزِمِ الأَحْزَابَ، اللَّهُمَّ اهْزِمْهُمْ وَزَلْزِلْهُمْ».**

92. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇشرىكلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىغا مۇنداق بەددۇئا قىلغانىدى: «ئى كىتاب نازىل قىلغۇچى، تېز ھېساب ئالغۇچى الله ! دۈشمەنلەرنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇب قىلغىن. ئى الله ! ئۇلارنى مەغلۇب قىلغىن ۋە قاتتىق سىلكىگىن». [2]

## (7) پەقەت الله قىلا تەۋەككۇل قىلىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنْ يَنْصُرْكُمُ اللَّهُ فَلَا غَالِبَ لَكُمْ وَإِنْ يَخْذُلْكُمْ فَمَنْ ذَا الَّذِي يَنْصُرُكُمْ مِنْ بَعْدِهِ وَعَلَى اللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ﴾ «ئەگەر الله سىلەرگە ياردەم بەرسە، سىلەرنى ھېچ كىشى يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر الله سىلەرگە ياردىمىنى تەرك ئەتسە، الله تىن باشقا سىلەرگە كىم ياردەم بېرىدۇ!؟ مۇئمىنلەر يالغۇز الله قا تەۋەككۇل قىلسۇن! (يەنى ھەممە ئىشنى الله قا تاپشۇرسۇن)». [3]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعَلَى اللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ﴾ «مۇئمىنلەر (ھەممە ئىشتا) يالغۇز بىر الله قىلا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى ھەممە ئىشلىرىنى الله قا تاپشۇرسۇن)». [4]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ فَهُوَ حَسْبُهُ﴾ «كىمكى الله قا تەۋەككۇل قىلسا، الله ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ». [5]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعَلَى اللَّهِ فَتَوَكَّلُوا إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ﴾ «ئەگەر (الله نىڭ

[1] ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] سۈرە ئال ئىمران 160- ئايەت.
[4] سۈرە ئىبراھىم 11- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە تەلاق 3- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ۋەدە قىلغان ياردىمىگە) ئىشەنسەڭلار، الله قا تەۋەككۇل قىلىڭلار».[1]

**93. عن جابر بن عبد الله رضي الله عنه قال: قاتل رسول الله ﷺ محارب خصفة بنخل، فرأوا من المسلمين غرة، فجاء رجل منهم يقال له غورث بن الحارث حتى قام على رسول الله ﷺ بالسيف، فقال: من يمنعك مني؟ قال: «الله» فسقط السيف من يده. قال: فأخذ رسول الله ﷺ السيف فقال: «من يمنعك مني؟» فقال: كن خير آخذ. فقال: «تشهد أن لا إله إلا الله، وأني رسول الله؟» قال: لا، ولكن أعاهدك على ألا أقاتلك، ولا أكون مع قوم يقاتلونك. فخلى سبيله، فأتى أصحابه، فقال: «جئتكم من عند خير الناس».**

93. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇھارىب خەسەفە ئايمىقىغا ئۇرۇش قىلدى. ئارام ئېلىش ئۈچۈن خورمىزارلىقتا چۈشكەن ۋاقتىدا كاپىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ غاپىل تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، غەۋرس ئىبنى ھارىس ئىسىملىك بىرى كەلدى، ھەتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بېشىدا قىلىچنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— مېنىڭدىن سېنى كىم قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدۇ؟ — دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— الله ، — دېدى. ئاندىن قىلىچ ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ قىلىچنى قولىغا ئېلىپ:

— مېنىڭدىن سېنى كىم قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدۇ؟ — دېگەندى، ئۇ مۇشرىك:

— قىلىچ تۇتقۇچىنىڭ ياخشىسى بولغىن، — دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— بىر الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مېنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟ — دېگەندى، مۇشرىك:

— ياق، لېكىن سەن بىلەن ئۇرۇشماسلىققا ۋە سەن بىلەن ئۇرۇشقانلار بىلەن بىللە بولماسلىققا ۋەدە قىلاي، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ مۇشرىكنى قويۇۋەتتى. ئاندىن ئۇ مۇشرىك ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— مەن كىشىلەرنىڭ ياخشىسىنىڭ قېشىدىن كەلدىم ، — دېدى.[2]

**94. عن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «لو أنكم كنتم توكلون**

---

[1] سۈرە مائىدە 23- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇخارى توپلىغان.

على الله حق توكله، لرزقكم كما يرزق الطير تغدو خماصا وتروح بطانا».

94. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەر اللە قا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلىدىغان بولساڭلار، اللە سىلەرنى ئەتىگەندە ئاچ چىقىپ كېتىپ كەچتە توق قايتقان قۇشلارنى رىزىقلاندۇرغاندەك رىزىقلاندۇرىدۇ». [1]

## (8) اللە ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَا تَنَازَعُوا فَتَفْشَلُوا وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْ﴾ «(پۈتۈن سۆز ـ ھەرىكەتلىرىڭلاردا) اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار؛ بولمىسا (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ». [2]

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَطِيعُواْ اللَّهَ وَالرَّسُولَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ﴾ «سىلەرگە رەھمەت قىلىنىشى ئۈچۈن، اللە قا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار». [3]

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يُطِعِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ فَازَ فَوْزًا عَظِيمًا﴾ «كىمكى اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ». [4]

## (9) گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا ئەمىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! اللە قا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە[5] ئىتائەت قىلىڭلار». [6]

---

[1] تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[2] سۈرە ئەنفال 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە ئال ئىمران 132 ـ ئايەت.

[4] سۈرە ئەھزاب 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[5] ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دەيدۇ: «ئىش ئۈستىدىكىلەرنىڭ ئاستىغا ھەرقانداق ئەگىشىلىدىغان ئادەملەر كىرىپ كېتىدۇ چۈنكى ئۇلار ئىش ئۈستىدىكىلەرنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ» («**مجموع الفتاوى**» 28 ـ توم 170 ـ بەت).

[6] سۈرە نىسا 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

95. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «من أطاعني فقد أطاع الله، ومن عصاني فقد عصى الله، ومن يطع الأمير فقد أطاعني، ومن يعص الأمير فقد عصاني».

95. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ماڭا ئىتائەت قىلسا، الله قا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ؛ كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلسا، الله قا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. كىمكى ئەمىرگە ئىتائەت قىلسا، ماڭا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ؛ كىمكى ئەمىرگە ئاسىيلىق قىلسا، ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ».[1]

96. وعن أبي هريرة رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «تعس عبد الدينار وعبد الدرهم وعبد الخميصة، إن أعطي رضي، وإن لم يعط سخط، تعس وانتكس، وإذا شيك فلا انتقش، طوبى لعبد آخذ بعنان فرسه في سبيل الله، أشعث رأسه مغبرة قدماه، إن كان في الحراسة كان في الحراسة، وإن كان في الساقة كان في الساقة، إذا استأذن لم يؤذن له، وإن شفع لم يشفع».

96. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «دىنار، دەرھەم ۋە كەشتىلەنگەن رەختلەرنىڭ قۇللىرى ھالاك بولسۇن! ئەگەر ئۇلارغا بىرىلسە رازى بولىدۇ، بىرىلمىسە ئاچچىقلايدۇ. ھالاك بولسۇن، كېسەل ۋە خارلىقتىن قۇتۇلالمىسۇن! ئۇنىڭغا تىكەن كىرسە چىقىرىلمىسۇن! چېچى چۇۋۇق، ئىككى قەدىمى توپىغا مىلەنگەن ھالەتتە الله يولىدا ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان كىشىگە خۇش مۇبارەك بولسۇنكى، ئەگەر ئۇنى هارىستا تۇرۇشقا[2] قويسا، هارىستا تۇرىدۇ؛ ئارقا سەپتە قويسا، ئارقا سەپتە بولىدۇ؛ رۇخسەت سورىسا، رۇخسەت بىرىلمەيدۇ؛ شاپائەت قىلماقچى بولسا، شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ».[3]

97. عن عبد الله بن عمر رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «السمع والطاعة على المرء المسلم فيما أحب وكره، ما لم يؤمر بمعصية، فإذا أمر بمعصية فلا سمع ولا طاعة».

97. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ، (ئەمىر) ئۇنى

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] هارىستا تۇرۇش — ئىسلام زېمىنىنى قوغداپ پوستتا تۇرۇش. قاراۋۇللۇقتا تۇرۇش.

[3] بۇخارى توپلىغان.

گۇناھقا بۇيرۇمىسىلا مەيلى ئۇ ياقتۇرسۇن ياكى ياقتۇرمىسۇن ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىشى ۋاجىبتۇر. ئەگەر گۇناھقا بۇيرۇلسا ئاڭلاشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ». ①

**98. عن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «اسمعوا وأطيعوا، وإن استعمل عليكم عبد حبشي، كأن رأسه زبيبة».**

98. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «گەرچە سىلەرگە بېشى قۇرۇق ئۈزۈمدەك (كۆرۈمسىز) قارا قۇل ئەمىر قىلىنسىمۇ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاڭلار ۋە ئىتائەت قىلىڭلار». ②

**99. عن يحيى بن الحصين، عن أمه قالت: سمعت رسول الله ﷺ يخطب في حجة الوداع يقول: «يا أيها الناس، اتقوا الله واسمعوا وأطيعوا، وإن أمر عليكم عبد حبشي مجدع ما أقام فيكم كتاب الله عز وجل».**

99. يەھيا ئىبنى ھۇسەين ئانىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ۋىدالىشىش ھەجىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئى خالايىق! الله قا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، ئەگەر سىلەرگە قۇلىقى كېسىلگەن قارا قۇل ئەمىر بولغان تەقدىردىمۇ، الله نىڭ كىتابى بويىچە ھۆكۈم قىلسىلا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار». ③

**100. عن الحارث الأشعرى رضي الله عنه، عن النبى ﷺ قال: «وأنا آمركم بخمس الله أمرني بهن: بالجماعة، والسمع، والطاعة، والهجرة، والجهاد في سبيل الله».**

100. ھارىس ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرنى الله مېنى بۇيرۇغان بەش ئىشقا بۇيرۇيمەن: جامائەت بولۇش، (ئەمىرنىڭ) سۆزىنى ئاڭلاش، (ئەمىرگە) ئىتائەت قىلىش، ھىجرەت ۋە الله يولىدا جىھاد قىلىش». ④

**101. عن عبد الله بن مسعود رضي الله عنه قال: «الزموا هذه الطاعة والجماعة فإنه حبل الله الذي أمر به، وأن ما تكرهون في الجماعة خير مما تحبون في الفرقة».**

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② بۇخارى توپلىغان.

③ ئەھمەد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

④ ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

101. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىتائەت ۋە جامائەتنى لازىم تۇتۇڭلار چۈنكى بۇ ـــ الله نىڭ سىلەرگە (ئېسىلىشىڭلار ئۈچۈن) بۇيرۇغان ئارغامچىسىدۇر. جامائەتتە يامان كۆرگەن ئىشلار تەپرىقچىلىقتا ياخشى كۆرگەن ئىشلاردىن ياخشىدۇر».[①]

## (10) بىرلىشىش، ئىختىلاپلاشماسلىق

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللَّهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا﴾ «ھەممىڭلار الله نىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار)».[②]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَنْ أَقِيمُوا الدِّينَ وَلَا تَتَفَرَّقُوا فِيهِ﴾ «سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقچىلىك قىلماڭلار».[③]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَكُونُوا مِنَ الْمُشْرِكِينَ ۝ مِنَ الَّذِينَ فَرَّقُوا دِينَهُمْ وَكَانُوا شِيَعًا كُلُّ حِزْبٍ بِمَا لَدَيْهِمْ فَرِحُونَ ۝﴾ «مۇشرىكلاردىن بولماڭلار [31]. سىلەر دىندا ئىختىلاپ قىلىشىپ، پىرقە-پىرقە بولۇپ، ھەرپىرقە ئۆز دىنى بىلەن خوشاللىنىدىغانلاردىن (بولماڭلار) [32]».[④]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِهِ صَفًّا كَأَنَّهُمْ بُنْيَانٌ مَرْصُوصٌ﴾ «شۈبھىسىزكى، الله ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى (يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ»[⑤].

**102. عن ابن عمر رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «يد الله على الجماعة».**

102. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ

---

[①] ئىبنى ئەبۇ شەيبە، ھاكىم ۋە ھەيسەمى توپلىغان، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن، زەھەبى «بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ شەرتىگە چۈشىدۇ» دېگەن.

[②] سۈرە ئال ئىمران 103- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[③] سۈرە شۇرا 13- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[④] سۈرە رۇم 31- ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 32- ئايەت.

[⑤] سۈرە سەپ 4- ئايەت.

ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ قولى جامائەت ئۈستىدىدۇر».[1]

**103. عن الحارث الأشعرى رضي الله عنه، عن النبى ﷺ قال: «وأنا آمركم بخمس الله أمرني بهن: السمع والطاعة والجهاد والهجرة والجماعة. فإنه من فارق الجماعة قيد شبر فقد خلع ربقة الإسلام من عنقه إلا أن يرجع».**

103. ھارىس ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرنى الله مېنى بۇيرۇغان بەش ئىشقا بۇيرۇيمەن: ئاڭلاش، ئىتائەت قىلىش، جىهاد، ھىجرەت ۋە جامائەت بولۇش. كىمكى جامائەتتىن بىر غېرىچ ئايرىلسا، تاكى يەنە قايتىپ قوشۇلمىغۇچە ئىسلامنىڭ ئارغامچىسىنى (ھالقىسىنى) بوينىدىن چىقىرىۋەتكەن بولىدۇ».[2]

**104. عن أبي هريرة رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «إن الله يرضى لكم ثلاثا، ويسخط لكم ثلاثا: يرضى لكم أن تعبدوه ولا تشركوا به شيئا، وأن تعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا، وأن تناصحوا من ولاه الله أمركم، ويسخط لكم ثلاثا: قيل وقال، وكثرة السؤال، وإضاعة المال».**

104. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا سىلەرنىڭ ئۈچ ئىشىڭلاردىن رازى بولىدۇ ۋە ئۈچ ئىشىڭلاردىن نارازى بولىدۇ: سىلەرنىڭ الله قا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشىڭلاردىن، ھەممىڭلار الله نىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىپ، بۆلۈنمەسلىكىڭلاردىن ۋە الله سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا ئىگە قىلغان ئەمىرلەرگە نەسىھەت قىلىشىڭلاردىن رازى بولىدۇ؛ (پالانى ـ پۈكۈنى مۇنداق دەپتىمىش دېگەندەك) ئەپقاچتى سۆزلەرنى قىلىشىڭلار، كۆپ سوئال سورىشىڭلار ۋە پۇل ـ مالنى بۇزۇپ چېچىۋېتىشىڭلاردىن نارازى بولىدۇ».[3]

**105. عن النعمان بن بشير رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «الجماعة رحمة والفرقة عذاب».**

105. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جامائەت ـــ رەھمەت، بۆلۈنۈش ـــ ئازابتۇر».[4]

---

[1] تىرمىزى ۋە تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

[4] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

## (11) ئاجىزلارغا ياخشىلىق قىلىش

**106. عن مصعب بن سعد بن أبي وقاص رضي الله عنهما قال: قال النبي ﷺ: «هل تنصرون وترزقون إلا بضعفائكم»**

106. مۇسئەب ئىبنى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە پەقەت شۇ ئاجىز كىشىلەرنىڭ سەۋەبىدىنلا نۇسرەت ئاتا قىلىنىدۇ ۋە رىزىق بېرىلىدۇ». ①

**107. عن أبي الدرداء عويمر رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «ابغوني الضعفاء، فإنما تنصرون وترزقون بضعفائكم».**

107. ئەبۇ دەردا ئۇۋەيمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مېنى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئىزدەڭلار، سىلەر ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى ئاجىز كىشىلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن رىزىقلىنىسىلەر ۋە نۇسرەت قازىنىسىلەر». ②

**108. عن مصعب بن سعد، عن أبيه، أنه ظن أن له فضلا على من دونه من أصحاب النبي ﷺ، فقال نبي الله ﷺ: «إنما ينصر الله هذه الأمة بضعيفها، بدعوتهم وصلاتهم وإخلاصهم».**

108. مۇسئەب ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: «دادام سەئىد ئۆزىنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ باشقا ساھابىلىرىدىن پەزىلەتلىك ھېسابلىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: <الله بۇ ئۇممەتكە پەقەت ئۇنىڭ ئاجىزلىرىنىڭ دۇئاسى، نامىزى ۋە ئىخلاسى يۈزىسىدىنلا نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ>». ③

**109. عن أبي الدرداء رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «أدن اليتيم منك وألطفه وامسح برأسه وأطعمه من طعامك فإن ذلك يلين قلبك وتدرك حاجتك».**

109. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئۆزۈڭگە يېتىمنى يېقىن قىل، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلىپ بېشىنى سىلا ۋە تائامىڭدىن بەر چۈنكى بۇنداق قىلغىنىڭ سېنىڭ قەلبىڭنى يۇمشىتىپ، ھاجىتىڭنىڭ راۋا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ». ④

① بۇخارى توپلىغان.

② ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئىبنى ھەجەر ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ نەسائى ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

④ ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

## (12) سەۋەبلەرنى قىلىشتا تاقىتىنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق قىلىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِنْ دُونِهِمْ﴾ «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن الله نىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر»[①].

# 15 ـ باب

## دۈشمەنلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى

### (1) الله قا ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلىش (گۇناھ ـ مەئسىيەت)

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَصَابَكُمْ مِنْ مُصِيبَةٍ فَبِمَا كَسَبَتْ أَيْدِيكُمْ﴾ «سىلەرگە (يەنى جىنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ[②]».[③]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَصَابَكَ مِنْ سَيِّئَةٍ فَمِنْ نَفْسِكَ﴾ «(ئى ئىنسان!) ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزۈڭدىندۇر».[④]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِأَنْفُسِهِمْ﴾ «ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە (يەنى الله نىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۈمىمىگىچە) الله ئۇلارنىڭ

---

[①] سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «نېئمەتلەرنىڭ زاۋال تېپىشى ۋە ئازابلارنىڭ چۈشۈشى گۇناھلارنىڭ جازالىرىدىندۇر. بەندىدىن بىر نېئمەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭغا بىر ئازاب چۈشىدىكەن، ئۇ پەقەت گۇناھىنىڭ سەۋەبىدىندۇر. بۇ ھەقتە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: <بالا ـ مۇسىبەت پەقەت گۇناھ ـ مەئسىيەت تۈپەيلىدىن چۈشىدۇ، ئۇ پەقەت تەۋبە قىلىش بىلەنلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ> («**الجواب الكافي**» 85 ـ بەت).

[③] سۈرە شۇرا 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[④] سۈرە نىسا 79 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى الله ئۇلارغا بەرگەن نېئمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)».[①]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَظْلِمُ النَّاسَ شَيْئًا وَلَكِنَّ النَّاسَ أَنْفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ﴾ «شۈبھىسىزكى، الله ئىنسانلارغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ لېكىن ئىنسانلار (كۇفرى ۋە گۇناھ ئارقىلىق) ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلىدۇ».[②]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ صَدَقَكُمُ اللَّهُ وَعْدَهُ إِذْ تَحُسُّونَهُمْ بِإِذْنِهِ حَتَّى إِذَا فَشِلْتُمْ وَتَنَازَعْتُمْ فِي الْأَمْرِ وَعَصَيْتُمْ مِنْ بَعْدِ مَا أَرَاكُمْ مَا تُحِبُّونَ مِنْكُمْ مَنْ يُرِيدُ الدُّنْيَا وَمِنْكُمْ مَنْ يُرِيدُ الْآخِرَةَ ثُمَّ صَرَفَكُمْ عَنْهُمْ لِيَبْتَلِيَكُمْ وَلَقَدْ عَفَا عَنْكُمْ وَاللَّهُ ذُو فَضْلٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ﴾ «الله سىلەرگە قىلغان (دۈشمىنىڭلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت) ۋەدىسىدە تۇردى. الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتاتتىڭلار، الله سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن زەئىپلىشىپ قالدىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى توغرىسىدا جاڭجاللاشتىڭلار، (پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنمىدىڭلار؛ بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار، ئاندىن الله سىناش ئۈچۈن سىلەردىن دۈشمەننى قايتۇردى (يەنى سىلەرنى غەلىبىدىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى) ۋە سىلەرنى ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى. الله مۇئمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر».[③]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلْيَحْذَرِ الَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِ أَنْ تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ «پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە (يەنى دۇنيادىكى بالايى ـ ئاپەتكە)[④] يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن».[⑤]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ تَوَلَّوْا مِنْكُمْ يَوْمَ الْتَقَى الْجَمْعَانِ إِنَّمَا اسْتَزَلَّهُمُ الشَّيْطَانُ بِبَعْضِ مَا كَسَبُوا﴾ «ئىككى قوشۇن (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار) بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقان كۈندە، ئىچىڭلاردىكى (جەڭدىن) ھەقىقەتەن يۈز

---

[①] سۈرە رەئد 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] سۈرە يۇنۇس 44 ـ ئايەت.

[③] سۈرە ئال ئىمران 152 ـ ئايەت.

[④] بۇ تەپسىر «**تفسير البغوي**» 3 ـ توم 432 ـ بەتتىن ئېلىندى.

[⑤] سۈرە نۇر 63 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆرۈگەن كىشىلەرنى بەزى قىلمىشلىرى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقى) تۈپەيلىدىن شەيتان تېيىلدۇرۇشقا ئۇرۇندى»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَوَلَمَّا أَصَابَتْكُم مُّصِيبَةٌ قَدْ أَصَبْتُم مِّثْلَيْهَا قُلْتُمْ أَنَّىٰ هَٰذَا قُلْ هُوَ مِنْ عِندِ أَنفُسِكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾ «سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن مۇسىبەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا (يەنى ئۇھۇد غازىتىدا سىلەردىن 70 كىشى شەھىد بولغان تۇرسا، بەدر غازىتىدا بولسا مۇشرىكلاردىن 70 كىشىنى ئۆلتۈرگەن، 70 كىشىنى ئەسىر ئالغان تۇرساڭلار)، سىلەر يەنە: <بۇ مۇسىبەت قەيەردىن كەلدى؟> دېدىڭلار. ئېيتقىنكى: <ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلاردىن (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە غەنىيمەتكە ھېرىس بولغانلىقىڭلاردىن) بولدى>. الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر»[2].

**110. عن عبد الله بن عمر رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «جعل الذلة والصغار على من خالف أمري».**

110. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «خارلىق ۋە بىچارىلىك مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا خىلاپلىق قىلغان كىشىگە بولىدۇ»[3].

## (2) گۇناھقا بۇيرۇمىغان ئەمىرگە ئىتائەتسىزلىك قىلىش

**111. وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «ومن يطع الأمير فقد أطاعني، ومن يعص الأمير فقد عصاني».**

111. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەمىرگە ئىتائەت قىلسا، ماڭا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ؛ كىمكى ئەمىرگە ئاسىيلىق قىلسا، ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ»[4].

## (3) سان ياكى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تەۋەككۇل قىلىپ قېلىش

[1] سۈرە ئال ئىمران 155 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران 165 ـ ئايەت.

[3] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ نَصَرَكُمُ اللَّهُ فِي مَوَاطِنَ كَثِيرَةٍ وَيَوْمَ حُنَيْنٍ إِذْ أَعْجَبَتْكُمْ كَثْرَتُكُمْ فَلَمْ تُغْنِ عَنْكُمْ شَيْئًا وَضَاقَتْ عَلَيْكُمُ الْأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ ثُمَّ وَلَّيْتُمْ مُدْبِرِينَ﴾ «الله سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەين كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇب بولمايمىز دېدىڭلار. بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ سانى 4000 ئىدى). سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى، (قاتتىق قورقىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى، ئاندىن (مەغلۇب بولۇپ رەسۇلۇللاھنى ئازغىنە مۇئمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار».[①]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعَلَى اللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُتَوَكِّلُونَ﴾ «تەۋەككۇل قىلغۇچىلار پەقەت الله قا تەۋەككۇل قىلسۇن».[②]

## (4) غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىش

**112. عن حبيب بن مسلمة قال: سمعت أبا ذر يقول: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «إن لم تغل أمتي لم يقم لهم عدو أبدا».**

112. ھەبىب ئىبنى مەسلەمەدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئەگەر مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىش بولمىسىلا، دۈشمەن ئۇلارغا ھەرگىز قارشى تۇرالمايدۇ».[③]

**113. قال أبو ذر لحبيب بن مسلمة: «هل يثبت لكم العدو حلب شاة؟» قال: نعم وثلاث شياه غزر، قال أبو ذر: «غللتم، ورب الكعبة».**

113. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەبىب ئىبنى مەسلەمەدىن: «دۈشمەن سىلەرگە قارشى بىر قوي ساغقۇچىلىك مۇددەت مۇستەھكەم تۇرالامدۇ؟» دەپ سورىغاندى، ھەبىب ئىبنى مەسلەمە: «ھەئە، ئىنتايىن سۈتلۈك ئۈچ قوينى

[①] سۈرە تەۋبە 25 ـ ئايەت.

[②] سۈرە ئىبراھىم 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[③] تەبرانى توپلىغان، ئىبنى ھەجەر ئۆزىنىڭ «المطالب العالية» ناملىق كىتابى 5 ـ توم 406 ـ بەتتە ھەم نەقىل قىلغان، ھەيسەمى «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن.

ساغقانچىلىك مىقداردا مۇستەھكەم تۇرالايدۇ» دېدى. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىدىغانلار باركەن» دېدى.①

## (5) مۇسۇلماننى ناھەق ئۆلتۈرۈش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يَقْتُلْ مُؤْمِنًا مُّتَعَمِّدًا فَجَزَاؤُهُ جَهَنَّمُ خَالِدًا فِيهَا وَغَضِبَ اللَّهُ عَلَيْهِ وَلَعَنَهُ وَأَعَدَّ لَهُ عَذَابًا عَظِيمًا﴾ «كىمكى بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، الله نىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ، الله ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ».②

**114. عن ثوبان رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «إني سألت ربي لأمتي أن لا يهلكها بسنة عامة، وأن لا يسلط عليهم عدوا من أنفسهم فيستبيح بيضتهم، وإن ربي قال: <يا محمد، إذا قضيت قضاء فإنه لا يرد، وإني أعطيتك لأمتك أن لا أهلكهم بسنة عامة ولا أسلط عليهم عدوا سوى أنفسهم يستبيح بيضتهم، ولو اجتمع عليهم من بأقطارها حتى يكون بعضهم يهلك بعضا ويسبى بعضهم بعضا>».**

114. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن رەببىمدىن ئۇممىتىمنى قەھەتچىلىك بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ھالاك قىلماسلىقنى ۋە ئۇلارنى ئومۇمىيۈزلۈك قىرغىن قىلىدىغان ئۆزلىرىدىن باشقا دۈشمەننى دۇچار قىلماسلىقنى تىلىگەنىدىم، رەببىم ماڭا: <ئى مۇھەممەد! مېنىڭ ھۆكمىم قايتۇرۇلمايدۇ. مەن ئۇممىتىڭنى قەھەتچىلىك بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ھالاك قىلماسلىق تەلىپىڭنى ھەمدە پۈتۈن دۇنيادىكى دۈشمەنلەر ئۇلارغا قارشى تopلانغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئۆزئارا بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بىر-بىرىنى ئەسىر ئالمىسىلا، ئۇلارنى ئومۇمىيۈزلۈك قىرغىن قىلىدىغان باشقا دۈشمەنلەرنى ئۇلارغا دۇچار قىلماسلىقتىن ئىبارەت تەلىپىڭنى قوبۇل قىلدىم> دېدى».③

**115. عن عبد الله بن عمر رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «من حمل علينا السلاح**

---

① تەبرانى توپلىغان، ھەيسەمى «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن.

② سۈرە نىسا 93- ئايەت.

③ مۇسلىم توپلىغان.

**فليس منا».**

115. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىزگە قارشى قورال كۆتۈرسە، ئۇ بىزدىن ئەمەس». ①

**116. عن أبي هريرة رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «من خرج على أمتي يضرب برها وفاجرها لا يتحاشى من مؤمنها ولا يفي بعهد زي عهدها فليس مني ولست منه».**

116. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى مېنىڭ ئۈممىتىمگە قارشى چىقىپ، ياخشىسىنىمۇ، يامىنىنىمۇ ئايرىماستىن، مۇئمىنلەرگە پەرۋا قىلماستىن ئۆلتۈرسە، ئەھدە تۈزگەنلەرنىڭ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمىسا، ئۇ مەندىن ئەمەس، مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئەمەس». ②

**117. وعن عبد الله بن عمر رضي الله عنهما قال: قال رسول الله ﷺ: «لن يزال المؤمن في فسحة من دينه ما لم يصب دما حراما».**

117. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن كىشى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن بولسىلا، ئۆز دىنىدا ھەمىشە كەڭچىلىك ئىچىدە ياشايدۇ». ③

**118. عن أبي الدرداء رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «كل ذنب عسى الله أن يغفره إلا من مات مشركا أو من قتل مومنا متعمدا».**

118. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «الله ھەرقانداق گۇناھنى مەغپىرەت قىلىدۇ، پەقەت مۇشرىك ھالەتتە ئۆلگەن كىشىنى ياكى بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ». ④

**119. عن عبادة بن الصامت رضي الله عنه، عن رسول الله ﷺ قال: «من قتل مؤمنا فاغتبط بقتله لم يقبل الله منه صرفا ولا عدلا».**

119. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى،

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② مۇسلىم توپلىغان.

③ بۇخارى توپلىغان.

④ ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان؛ ھاكىم، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر مۇئمىننى ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتسە، الله ئۇنىڭ نە پەرز ئەمەلىنى، نە نەپلە ئەمەلىنى قوبۇل قىلمايدۇ».[1]

**120. عن عبد الله بن بريدة عن أبيه قال: قال رسول الله ﷺ: «قتل المؤمن أعظم عند الله من زوال الدنيا».**

120. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە دادىسىدىن نەقىل قىلىپ ئېيتىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر مۇئمىننى ئۆلتۈرۈش الله نىڭ نەزىرىدە پۈتۈن دۇنيانىڭ يوق بولۇپ كەتكىنىدىنمۇ چوڭ گۇناھتۇر».[2]

## (6) بۆلۈنۈش ۋە تالاش-تارتىش قىلىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿...وَلَا تَنَازَعُوا فَتَفْشَلُوا وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْ﴾ «...ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ-قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ».[3]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ فَرَّقُوا دِينَهُمْ وَكَانُوا شِيَعًا لَسْتَ مِنْهُمْ فِي شَيْءٍ﴾ «دىنىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە ئايرىلغانلاردىن سەن ئادا-جۇداسەن».[4]

**121. عن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده، أن بعض الصحابة تماروا في آية من القرآن حتى ارتفعت أصواتهم، فخرج رسول الله ﷺ مغضبا وقال: «مهلا يا قوم، بهذا أهلكت الأمم من قبلكم باختلافهم على أنبيائهم وضربهم الكتب بعضها ببعض».**

121. ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن، ئۇ چوڭ بوۋىسىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بەزى ساھابىلەر قۇرئان كەرىمنىڭ بىر ئايىتىدە مۇنازىرىلىشىپ قېلىپ ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ﷺ غەزەپلەنگەن ھالەتتە چىقىپ مۇنداق دېدى: «توختاڭلار! ئى خالايىق، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر مۇشۇ سەۋەبتىن، يەنى پەيغەمبەرلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ۋە كىتابلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.
[2] نەسائى ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] سۈرە ئەنفال 46- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئەنئام 159- ئايەت.

سوقۇشتۇرغانلىقى سەۋەبىدىن ھالاك قىلىنغان». ①

**122. عن أبي الدرداء رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «ألا أخبركم بأفضل من درجة الصيام والصلاة والصدقة؟» قالوا: بلى يا رسول الله، قال: «إصلاح ذات البين وفساد ذات البين الحالقة».**

122. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ: «مەن سىلەرگە روزا، ناماز ۋە سەدىقىنىڭ دەرىجىسىدىنمۇ ئەۋزەلراق بىر ئەمەلنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېدى. ساھابىلەر: «ماقۇل، ئى رەسۇلۇللاھ!» دېگەندى. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى: «ئارىنى ئىسلاھ قىلىشتۇر، ئارىنىڭ بۇزۇلۇشى دىننى قىرىپ تاشلايدۇ». ②

**123. وعن البراء بن عازب رضي الله عنهما قال: قال رسول الله ﷺ: «لا تختلفوا فتختلف قلوبكم».**

123. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، قەلبىڭلار قارىمۇقارشى بولۇپ قالىدۇ». ③

## (7) ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى تەرك ئېتىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لُعِنَ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ عَلَى لِسَانِ دَاوُودَ وَعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ ذَلِكَ بِمَا عَصَوْا وَكَانُوا يَعْتَدُونَ ۞ كَانُوا لَا يَتَنَاهَوْنَ عَنْ مُنْكَرٍ فَعَلُوهُ لَبِئْسَ مَا كَانُوا يَفْعَلُونَ ۞﴾ «بەنى ئىسرائىلدىن كاپىر بولغانلارغا داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ تىلى بىلەن (يەنى زەبۇردا ۋە ئىنجىلدا) لەنەت قىلىنىدى. بۇ (يەنى ئۇلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشى) — ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولدى [78]. ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر-بىرىنى توسمايتتى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان! [79]». ④

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَنْجَيْنَا الَّذِينَ يَنْهَوْنَ عَنِ السُّوءِ وَأَخَذْنَا الَّذِينَ ظَلَمُوا

① ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

② ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

③ ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

④ سۈرە مائىدە 78-، 79- ئايەتلەر.

﴿بِعَذَابٍ بَئِيسٍ بِمَا كَانُوا يَفْسُقُونَ﴾ «يامان ئىشتىن مەنئى قىلغۇچىلارنى قۇتقۇزدۇق؛ الله نىڭ ئەمرىدىن چىققانلىقلىرى ئۈچۈن، زالىملارنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلدۇق»[1].

**124. عن حذيفة رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «والذي نفسي بيده، لتأمرن بالمعروف، ولتنهون عن المنكر، أو ليوشكن الله أن يبعث عليكم عقابا من عنده، ثم تدعونه فلا يستجيب لكم».**

124. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «جېنىم قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشۇڭلار كېرەك. ئۇنداق قىلمىساڭلار، الله سىلەرگە پات يېقىندىلا ئازاب ئەۋەتىدۇ، ئاندىن كېيىن سىلەر الله قا دۇئا قىلساڭلارمۇ، دۇئايىڭلار ئىجابەت بولمايدۇ»[2].

**125. عن ابن مسعود رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «والله لتأمرن بالمعروف، ولتنهون عن المنكر، ولتأخذن على يد الظالم، ولتأطرنه على الحق أطرا، ولتقصرنه على الحق قصرا، أو ليضربن الله بقلوب بعضكم على بعض، ثم ليلعننكم كما لعنهم».**

125. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشۇڭلار ھەمدە زالىمنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ (يەنى زالىمنىڭ زۇلمىنى توسۇپ)، ئۇنىڭغا ھەقنى تېڭىشىڭلار ۋە ھەققە زورلىشىڭلار كېرەك. ئۇنداق قىلمىساڭلار، سىلەرنىڭ بەزىلىرىڭلار سەۋەبلىك قالغانلىرىڭلارنىڭ قەلبىنى الله پېچەتلەپ قويىدۇ؛ ئاندىن بەنى ئىسرائىلنى ئۆز رەھمىتىدىن يىراق قىلغاندەك، سىلەرنىمۇ ئۆز رەھمىتىدىن جەزمەن يىراق قىلىۋېتىدۇ»[3].

**126. عن عبيد الله بن جرير عن أبيه قال: قال رسول الله ﷺ: «ما من قوم يعمل فيهم بالمعاصي هم أعز منهم وأمنع، لا يغيرون إلا عمهم الله تعالى بعقابه».**

126. ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى جەرىر دادىسىدىن نەقىل قىلىپ ئېيتىدۇكى،

---

[1] سۇرە ئەئراف 165- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

[3] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، تىرمىزى «ھەسەن» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەزىز، ئابرۇيلۇق كىشىلەر ئىچىدە گۇناھ قىلىنسا ئەمما ئۇلار گۇناھ قىلغانلارنى توسمىسا، الله تائالا ئۇلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئازابلايدۇ». ①

**127. عن أم المؤمنين أم الحكم زينب بنت جحش رضي الله عنها: أن النبي ﷺ دخل عليها فزعا، يقول: «لا إله إلا الله، ويل للعرب من شر قد اقترب، فتح اليوم من ردم يأجوج ومأجوج مثل هذه»، وحلق بأصبعيه الإبهام والتي تليها، فقلت: يا رسول الله، أنهلك وفينا الصالحون؟ قال: «نعم، إذا كثر الخبث».**

127. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى زەينەب بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ پاراكەندە ھالدا ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ: «لا ئىلاھە ئىللەللاھ! ئەرەبلەرگە ۋاي! ئۇلارغا بىر يامانلىق يېقىنلاپ كەلدى. بۈگۈن يەئجۇج ـ مەئجۇجنىڭ توسمىسىدىن مۇنچىلىك ئېچىلىپ كەتتى» دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن باش بارمىقىنى دۈگىلەك ھالقا قىلىپ كۆرسەتتى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئارىمىزدا ياخشى كىشىلەر تۇرسىمۇ ھالاك بولامدۇق؟» دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ: «ئەگەر يامان ئىشلار كۆپىيىپ كېتىپ (ياخشىلار ئۇنى توسمىسا) چوقۇم شۇنداق بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ②

**128. عن أبي بكر الصديق رضي الله عنه قال: يا أيها الناس، إنكم لتقرؤون هذه الآية: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا عَلَيْكُمْ أَنْفُسَكُمْ لَا يَضُرُّكُمْ مَنْ ضَلَّ إِذَا اهْتَدَيْتُمْ﴾ [المائدة: 105] وإني سمعت رسول الله ﷺ يقول: «إن الناس إذا رأوا الظالم فلم يأخذوا على يديه أوشك أن يعمهم الله بعقاب منه».**

128. ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئى خالايىق! سىلەر ھەقىقەتەن الله نىڭ: ‹ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ›③ دېگەن ئايىتىنى ئوقۇيسىلەر. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ‹ئەگەر كىشىلەر زۇلۇم قىلغۇچىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالمىسا (يەنى ئۇنىڭ زۇلمىنى توسمىسا)، الله پات

① ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ سۈرە مائىدە 105 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاردا ئۆزى تەرىپىدىن بولغان ئازابنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق چۈشۈردۇ>» .①

## (8) جەڭدىن قېچىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا لَقِيتُمُ الَّذِينَ كَفَرُوا زَحْفًا فَلَا تُوَلُّوهُمُ الْأَدْبَارَ ۝ وَمَنْ يُوَلِّهِمْ يَوْمَئِذٍ دُبُرَهُ إِلَّا مُتَحَرِّفًا لِقِتَالٍ أَوْ مُتَحَيِّزًا إِلَى فِئَةٍ فَقَدْ بَاءَ بِغَضَبٍ مِنَ اللَّهِ وَمَأْوَاهُ جَهَنَّمُ وَبِئْسَ الْمَصِيرُ ۝﴾ «ئى مۇئمىنلەر! كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن چېغىڭلاردا ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار (يەنى قاچماڭلار) [15]. كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش ياكى (ياردەم تىلەش) ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! [16]» .②

**129. عن أبي هريرة رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «اجتنبوا السبع الموبقات» قالوا: يا رسول الله ، وما هن؟ قال: «الشرك بالله، والسحر، وقتل النفس التي حرم الله إلا بالحق، وأكل الربا، وأكل مال اليتيم، والتولي يوم الزحف، وقذف المحصنات المؤمنات الغافلات».**

129. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھالاك قىلغۇچى يەتتە تۈرلۈك گۇناھتىن ساقلىنىڭلار» دېدى. ساھابىلەر: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇلار قايسىلار؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «الله قا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھرىگەرلىك قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، جازانە (ئۆسۈم) يېيىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، جەڭ مەيداندىن قېچىش ۋە ئىپپەتلىك، پاك مۇئمىن ئاياللارغا تۆھمەت چاپلاش» دېدى.③

# 16 ـ باب

# بىر ياكى بىر نەچچە كىشىنىڭ شاھادەتكە

① ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

② سۈرە ئەنفال 15 ـ ، 16 ـ ئايەتلەر.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

# قىزىقىپ دۈشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىرىپ كېتىشنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَشْرِي نَفْسَهُ ابْتِغَاءَ مَرْضَاتِ اللَّهِ وَاللَّهُ رَءُوفٌ بِالْعِبَادِ﴾ «بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار الله نىڭ رىزاسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ. الله بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر[1]».[2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ لَا تُكَلَّفُ إِلَّا نَفْسَكَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن (يەنى ئۆزۈڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن، ساڭا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان، مۇناپىقلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمە)، سەن پەقەت ئۆزۈڭگىلا جاۋابكارسەن»[3].

**130. عن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: غاب عمي أنس بن النضر عن قتال بدر، فقال: يا رسول الله، غبت عن أول قتال قاتلت المشركين، لئن الله أشهدني قتال المشركين ليرين الله ما أصنع. فلما كان يوم أحد انكشف المسلمون فقال: اللهم إني اعتذر إليك مما صنع هؤلاء - يعني: أصحابه - وأبرأ إليك مما صنع هؤلاء - يعني: المشركين - ثم تقدم فاستقبله سعد بن معاذ فقال: يا سعد بن معاذ، الجنة ورب النضر، إني أجد ريحها من دون أحد! فقال سعد: فما استطعت يا رسول الله ما صنع! قال أنس: فوجدنا به بضعا وثمانين ضربة بالسيف، أو طعنة برمح أو رمية بسهم، ووجدناه قد قتل ومثل به المشركون، فما عرفه أحد إلا أخته ببنانه. قال أنس: كنا نرى - أو نظن - أن هذه الآية نزلت فيه وفي أشباهه: ﴿مِنَ**

---

[1] قۇرتۇبى ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر كىشى دۈشمەن قولىدىن قۇتۇلۇپ كېتىش ياكى ئۇلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز ھالەتتە مۇشرىكلاردىن مىڭ كىشىگە ھۇجۇم قىلسا ھېچ مەسىلە يوق. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا مەكرۇھتۇر چۈنكى بۇنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھېچبىر مەنپەئەتى يوق بولۇپ، بۇ ئۆز جېنىنى ھالاكەتكە تاشلىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ مەقسىتى مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلارغا بولغان جاسارىتىنى ئاشۇرۇش ھەمدە ئۆزىنىڭ قەيسەرلىكىنى كۆرگەن مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ھەم جاسارىتىنىڭ ئىرىلىشىگە سەۋەب بولۇشىنى كۆزلەش بولسا، بۇ چەكلەنمەيدۇ چۈنكى بۇنىڭدا مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت بار. شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ مەقسىتى دىندا مۇسۇلمانلارنىڭ (كاپىرلارغا نىسبەتەن) قاتتىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى قورقۇتۇش بولسا، بۇمۇ ھەم دۇرۇستتۇر. الله نىڭ دىنىنىڭ ئەزىز بولۇشى ۋە كاپىرلارنىڭ ئاجىزلىشى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىش بولسا كاتتا شەرەپلىك مەرتىۋىدۇر» («تفسير القرطبي» 2ـ توم 364ـ بەت).

[2] سۈرە بەقەرە 207ـ ئايەت.

[3] سۈرە نىسا 84ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ فَمِنْهُمْ مَنْ قَضَى نَحْبَهُ﴾ [الأحزاب: 23] إلى آخرها.

130. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: تاغام ئەنەس ئىبنى نەزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدر ئۇرۇشىغا قاتنىشالمىغانىدى. ئۇ پەيغەمبەر ﷺ گە: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن مۇشرىكلارغا قارشى قىلغان تۇنجى جەڭگە مەن قاتنىشالماي قالدىم. ئەگەر الله مېنى مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا نېسىپ قىلسا، الله چوقۇم مېنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىمنى كۆرىدۇ» دېدى.

ئۇھۇد ئۇرۇشى كۈنى مۇسۇلمانلار تالاپەتكە ئۇچراپ پىتىراپ كەتكەندە ئەنەس ئىبنى نەزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى الله! مەن ھەمراھلىرىمنىڭ قاچقانلىقىدىن ساڭا ئۆزرە ئېيتىمەن ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئىشىدىن ئادا-جۇدامەن» دەپ كاپىرلار تەرەپكە ئىلگىرىلەپ ماڭدى. ئاندىن ئالدىغا سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇچرىغانىدى، ئەنەس ئىبنى نەزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «ئى سەئىد ئىبنى مۇئاز! مەن جەننەتنى ئارزۇ قىلىۋاتىمەن. دادام نەزىرنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇھۇد تەرەپتىن جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇراۋاتىمەن» دېدى. سەئىد ئىبنى مۇئاز: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇنىڭدەك قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم» دېدى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئەنەس ئىبنى نەزىرنىڭ جەسىتىدىن قىلىچ بىلەن چېپىلغان، نەيزە بىلەن سانجىلغان ۋە ئوقيا بىلەن ئېتىلغان بولۇپ 80 نەچچە يېرىنىڭ يارىلانغانلىقىنى كۆردۇق. مۇشرىكلار ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن قۇلاق-بۇرۇنلىرىنى كېسىپ، يۈزىنى بۇزۇۋەتكەن بولغاچقا ھېچكىم ئۇنى تونۇيالمىدى. ئۇنى پەقەت ھەمشىرىسىلا بارمىقىدىن تونۇيالىدى. بىز ﴿مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ فَمِنْهُمْ مَنْ قَضَى نَحْبَهُ وَمِنْهُمْ مَنْ يَنْتَظِرُ وَمَا بَدَّلُوا تَبْدِيلًا﴾ «مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شەھىد بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) الله قا بەرگەن ئەھدىسىدە سادىق بولغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شەھىد بولدى، بەزىسى (شەھىد بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق»[1] دېگەن بۇ ئايەتنى ئەنەس ئىبنى نەزىر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش

[1] سۈرە ئەھزاب 23- ئايەت.

كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولدى دەپ ئويلايمىز.[1]

**131. عن عبد الله بن مسعود رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «عجب ربنا من رجل غزا في سبيل الله فانهزم أصحابه، فعلم ما عليه فرجع حتى أهريق دمه، فيقول الله عز وجل لملائكته: انظروا إلى عبدي رجع رغبة فيما عندي، وشفقة مما عندي حتى أهريق دمه».**

131. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا جىھادقا چىققان، سەپداشلىرى مەغلۇب بولۇپ چېكىنگەن، ئەگەر ئۆزىمۇ ھەم چېكىنسە قانچىلىك ئېغىر ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە دۈشمەن تەرەپكە قايتىپ بېرىپ تاكى قېنى تۆكۈلگىچە ئۇرۇش قىلغان ئادەمدىن رەببىمىز الله تائالا مەمنۇن بولىدۇ ۋە پەرىشتىلىرىگە: <ئاۋۇ بەندەمگە قاراڭلار! ئۇ دەرگاھىمدىكى مۇكاپاتنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىمدىن قورقۇپ دۈشمەن تەرەپكە قايتىپ تاكى قېنى تۆكۈلگىچە ئۇرۇش قىلدى> دەيدۇ».[2]

**132. عن أبي الدرداء رضي الله عنه قال: قال النبي ﷺ: «ثلاثة يحبهم الله ويضحك إليهم ويستبشر بهم: الذي إذا انكشفت فئة قاتل وراءها بنفسه لله عز وجل فإما أن يقتل وإما أن ينصره الله عز وجل ويكفيه، فيقول انظروا إلى عبدي هذا كيف صبر لي بنفسه ...».**

132. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله ياخشى كۆرىدىغان، ئۇلارغا كۈلىدىغان ۋە ئۇلاردىن خۇشال بولىدىغان ئۈچ تۈرلۈك كىشى بار: بىرى، قوشۇننىڭ مۇداپىئە سېپى ئېچىلىپ قالغان ۋاقىتتا، (شۇ قوشۇننى قوغداپ) ئۆزى يالغۇز الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن ياكى الله ياردەم بېرىپ (شۇ قوشۇننى قوغداپ قېلىشقا) كۇپايە قىلغان كىشى. ئاندىن الله : <بۇ بەندەمنىڭ مەن ئۈچۈن قانداق سەۋر قىلغانلىقىغا قاراڭلار!> دەيدۇ...».[3]

**133. عن أبي ذر رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «ثلاثة يحبهم الله، وثلاثة يبغضهم الله، فأما الذين يحبهم الله: فرجل أتى قوما فسألهم بالله ولم يسألهم بقرابة بينه وبينهم**

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

[3] تەبرانى توپلىغان، ھەيسەمى «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

**فمنعوه فتخلف رجل بأعقابهم فأعطاه سرا لا يعلم بعطيته إلا الله والذي أعطاه، وقوم ساروا ليلتهم حتى إذا كان النوم أحب إليهم مما يعدل به، نزلوا فوضعوا رؤسهم فقام أحدهم يتملقني ويتلو آياتي، ورجل كان في سرية فلقي العدو فهزموا فأقبل بصدره حتى يقتل أو يفتح له. والثلاثة الذين يبغضهم الله: الشيخ الزاني، والفقير المختال، والغني الظلوم».**

133. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله ئۈچ تۈرلۈك كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۈچ تۈرلۈك كىشىدىن غەزەپلىنىدۇ.

الله ياخشى كۆرىدىغان ئۈچ تۈرلۈك كىشى بولسا: بىرى، بىرەر قەۋمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلاردىن ئۆز ئارىسىدىكى يېقىنلىق مۇناسىۋىتى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى الله نىڭ نامىنى شىپى كەلتۈرۈپ بىر نەرسە تەلەپ قىلغان ئادەمگە ئۇلار ھېچ نەرسە بەرمىگەندە، ئۇلارغا سەزدۈرمەستىن بىر نەرسە بەرگەن كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بەرگەن نەرسىسىنى پەقەت ئۇ كىشى ۋە الله تىن باشقا ھېچكىم بىلمەيلا قالىدۇ؛ يەنە بىرى، بىر كارۋان بىلەن سەپەرگە چىقىپ، كارۋاندىكىلەر يولدا چارچاپ قاتتىق ئۇيقۇسى كېلىپ، قونالغۇغا چۈشۈپ بېشىنى قويۇپلا ئۇخلاپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تۇرۇپ الله قا ئىلتىجا قىلغان ۋە ئۇنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلغان كىشىدۇر؛ ئۈچىنچىسى، جىھادقا قاتنىشىپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشقان، گەرچە قوشۇن مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ يەنىلا دۈشمەنگە كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، غەلىبە قىلغان ياكى شەھىد بولغانغا قەدەر ئېلىشقان كىشىدۇر.

الله غەزەپلىنىدىغان ئۈچ تۈرلۈك كىشى بولسا: زىناخور قېرى، تەكەببۇر كەمبەغەل ۋە زالىم بايدۇر». [1]

**134. عن سلمة بن الأكوع رضي الله عنه قال: بعث رسول الله ﷺ بظهره مع رباح غلام رسول الله ﷺ، وأنا معه، وخرجت معه بفرس طلحة أنديه مع الظهر، فلما أصبحنا إذا عبد الرحمن الفزاري قد أغار على ظهر رسول الله ﷺ، فاستاقه أجمع، وقتل راعيه، قال: فقلت يا رباح، خذ هذا الفرس فأبلغه طلحة بن عبيد الله وأخبر رسول الله ﷺ أن المشركين قد أغاروا على سرحه. قال: ثم قمت على أكمة، فاستقبلت المدينة فناديت ثلاثا يا صباحاه!**

[1] تىرمىزى، ئەھمەد، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان؛ تىرمىزى، ھاكىم ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

ثم خرجت في آثار القوم أرميهم بالنبل وأرتجز أقول:

أنا ابن الأكوع

واليوم يوم الرضع

فألحق رجلا منهم فأصك سهما في رحله حتى خلص نصل السهم إلى كتفه، قال: قلت خذها، وأنا ابن الأكوع واليوم يوم الرضع، قال: فوالله ما زلت أرميهم وأعقر بهم، فإذا رجع إلى فارس أتيت شجرة، فجلست في أصلها، ثم رميته فعقرت به، حتى إذا تضايق الجبل، فدخلوا في تضايقه، علوت الجبل فجعلت أرديهم بالحجارة، قال: فما زلت كذلك أتبعهم حتى ما خلق الله من بعير من ظهر رسول الله ﷺ إلا خلفته وراء ظهري وخلوا بيني وبينه، ثم اتبعتهم أرميهم حتى ألقوا أكثر من ثلاثين بردة، وثلاثين رمحا، يستخفون ولا يطرحون شيئا إلا جعلت عليه آراما من الحجارة يعرفها رسول الله ﷺ وأصحابه، حتى أتوا متضايقا من ثنية، فإذا هم قد أتاهم فلان بن بدر الفزاري، فجلسوا يتضحون - يعني يتغدون - وجلست على رأس قرن، قال الفزاري: ما هذا الذي أرى؟ قالوا: لقينا من هذا البرح والله ما فارقنا منذ غلس يرمينا حتى انتزع كل شيء في أيدينا. قال: فليقم إليه نفر منكم أربعة.

قال: فصعد إلى منهم أربعة في الجبل، قال: فلما أمكنوني من الكلام، قال: قلت هل تعرفوني؟ قالوا: لا، ومن أنت؟ قال: قلت أنا سلمة بن الأكوع، والذي كرم وجه محمد ﷺ، لا أطلب رجلا منكم إلا أدركته، ولا يطلبني رجل منكم فيدركني، قال أحدهم: أنا أظن. قال: فرجعوا، فما برحت مكاني حتى رأيت فوارس رسول الله ﷺ يتخللون الشجر، قال: فإذا أولهم الأخرم الأسدي، على إثره أبو قتادة الأنصاري، وعلى إثره المقداد بن الأسود الكندي، قال: فأخذت بعنان الأخرم، قال: فولوا مدبرين، قلت: يا أخرم، احذرهم لا يقتطعوك حتى يلحق رسول الله ﷺ وأصحابه. قال: يا سلمة، إن كنت تؤمن بالله واليوم الآخر، وتعلم أن الجنة حق والنار حق، فلا تحل بيني وبين الشهادة. قال: فخليته، فالتقى هو وعبد الرحمن، قال: فعقر بعبد الرحمن فرسه وطعنه عبد الرحمن فقتله وتحول على فرسه ولحق أبو قتادة فارس رسول الله ﷺ بعبد الرحمن، فطعنه فقتله، فوالذي كرم وجه محمد ﷺ، لتبعتهم أعدو على رجلى حتى ما أرى ورائي من أصحاب محمد ﷺ، ولا غبارهم شيئا حتى يعدلوا قبل غروب الشمس إلى شعب فيه ماء يقال له: ذو قرد ليشربوا منه وهم عطاش، قال: فنظروا إلى أعدو وراءهم، فحليتهم عنه - يعني أجليتهم عنه - فما ذاقوا منه قطرة، قال: ويخرجون فيشتدون في ثنية، قال: فأعدو فألحق رجلا منهم فأصكه بسهم في نغض كتفه. قال: قلت خذها، وأنا ابن الأكوع واليوم يوم الرضع. قال: يا ثكلته أمه، أكوعه بكرة؟ قال: قلت نعم يا عدو نفسه، أكوعك بكرة،

قال: وأردوا فرسين على ثنية، قال: فجئت بهما أسوقهما إلى رسول الله ﷺ، قال: ولحقني عامر بسطيحة فيها مذقة من لبن، وسطيحة فيها ماء، فتوضأت وشربت، ثم أتيت رسول الله ﷺ وهو على الماء الذي حليتهم عنه، فإذا رسول الله ﷺ قد أخذ تلك الإبل وكل شيء استنقذته من المشركين، وكل رمح وبردة، وإذا بلال نحر ناقة من الإبل الذي استنقذت من القوم، وإذا هو يشوي لرسول الله ﷺ من كبدها وسنامها، قال: قلت يا رسول الله، خلني فأنتخب من القوم مائة رجل فأتبع القوم، فلا يبقى منهم مخبر إلا قتلته، قال: فضحك رسول الله ﷺ حتى بدت نواجذه في ضوء النار، فقال: «يا سلمة أتراك كنت فاعلا». قلت: نعم، والذي أكرمك. فقال: «إنهم الآن ليقرون في أرض غطفان». قال: فجاء رجل من غطفان، فقال: نحر لهم فلان جزورا فلما كشفوا جلدها رأوا غبارا، فقالوا: أتاكم القوم فخرجوا هاربين. فلما أصبحنا قال رسول الله ﷺ: «كان خير فرسانا اليوم أبو قتادة وخير رجالتنا سلمة».

134. سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ تۆگىلىرىنى خىزمەتچىسى رەباھ بىلەن يايلاققا ئەۋەتتى. شۇ چاغدا مەنمۇ رەباھ بىللە بولۇپ، تەلھەنىڭ ئىتىنى تۆگە بىلەن بىللە ئوتلىتىشقا ئېلىپ چىققان ئىدىم. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئابدۇراھمان فەزارى باستۇرۇپ كېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پادىچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، تۆگىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ ھەيدەپ كەتتى. مەن رەباھقا:

— ئى رەباھ! بۇ ئاتنى تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھقا يەتكۈزۈپ بەر ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە ئەھۋاللارنى خەۋەر قىلغىن، — دېدىم. ئاندىن بىر دۆڭگە چىقىپ مەدىنىگە قاراپ:

— دۈشمەن ھۇجۇم قىلدى! — دەپ ئۈچ قېتىم توۋلىدىم ۋە:

مەنكى ئەكۋەئ ئوغلىمەن،
دىن ئىسلامنىڭ قالقىنى.
بۈگۈن دۈشمەن تېتىيدۇ،
ھالاكەتنىڭ تەمىنى.

دەپ بېيىت ئوقۇغاچ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىز قوغلاپ ماڭدىم. ئۇلاردىن بىرىگە يېتىشىۋېلىپ ئوق ئاتقاندىم، ئوق ئۇنىڭ تارغىقىغا تەگدى. مەن:

— ئاله مانا! مەن ئەكۋەئنىڭ ئوغلىمەن، بۈگۈن سەن پەسكەشلەرنىڭ ھالاكەت كۈنىدۇر، — دېدىم.

الله بىلەن قەسەمكى، ئۇلارغا توختىماي ئوق ئېتىپ، ئاتلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەردىم. ناۋادا ئاتلىق بىرەرسى ئارقىغا بۇرۇلۇپ ماڭا ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، دەرھال دەرەخنى دالدا قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئوق ئېتىپ ئېتىنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم. ئاندىن تاغ يولى تارىيىپ چىغىر يوللارغا كىرگەندە تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇلارغا تاش دۇمىلاتتىم. ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈردۈم. ئۇلار ئاخىرى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تۆگىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ قاچقىلى تۇردى، مەنمۇ تۆگىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئارقامدا قالدۇرۇپ، داۋاملىق ئوق ئاتقان ھالدا ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ مېڭىۋەردىم. ئۇلار يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئوتتۇز قۇرغا يېقىن كىيىم-كېچەك ۋە ئوتتۇز تالغا يېقىن نەيزىلىرىنى تاشلاپ ماڭدى. ئۇلار تاشلاپ ماڭغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە پەيغەمبەر ﷺ ۋە ساھابىلەرنىڭ بىلىۋېلىشى ئۈچۈن تاش بىلەن بەلگە قويۇپ ماڭدىم. ھەتتا ئۇلار بىر چاغدا تاغ قاپتىلىغا كېلىپ قالدى، ئۇشتۇمتۇت، ئۇلارنىڭ قېشىغا بەدر فەزارىنىڭ ئوغلىمۇ كەلدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق يېگەچ پاراڭلىشىشقا باشلىدى. مەنمۇ بىر تۆپىلىككە چىقىپ ئولتۇردۇم. فەزارى ئۇلاردىن:

— سىلەرگە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىغاندى، ئۇلار:

— بۇ ئادەم بىشىمىزغا بالا بولدى. تاڭ يورىغاندىن باشلاپ بىزدىن نېرى كەتمەي ئوق ئېتىپ قوغلاۋاتىدۇ، قولىمىزدىكى ھەممە نەرسىنى ئېلىۋالدى، — دېيىشتى. فەزارى:

— تۆت كىشى تۆپىلىككە چىقىپ ئۇنىڭغا بىر نېمە دېسۇن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلاردىن تۆت كىشى مەن بار تۆپىلىككە ياماشقىلى تۇردى. ئۇلار يېقىنلاپ گېپىمنى ئاڭلىغۇدەك يەرگە كەلگەندە، مەن:

— مېنى تونۇمسىلەر؟ — دەپ سورىدىم، ئۇلار:

— ياق، كىمسەن؟ — دېيىشتى، مەن:

— سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ بولىمەن. مۇھەممەد ﷺ نىڭ يۈزىنى ھۆرمەتلىك قىلغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قايسىڭلارنى قوغلىسام ئۇ ھەرگىزمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ئەمما مېنى تۇتماقچى بولساڭلار ھېچقايسىڭلار يېتىشەلمەيسىلەر، — دېدىم، ئۇلاردىن بىرى:

— ھەقىقەتەن شۇنداقكەن، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قايتىپ چۇشۇپ كەتتى. مەن جايىمدا مىدىرلىماي تۇردۇم. شۇ ئارىدا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ دەرەخزارلىقنىڭ ئارىسىدا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. ئەڭ باشتا ئەخرەم ئەسەدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەبۇ قەتادە ئەنسارى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مىقداد ئىبنى ئەسۋەد كىندى كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر قېچىپ كېتىشتى. مەن ئەخرەمنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئى ئەخرەم! دىققەت قىل، پەيغەمبەر ﷺ ۋە ساھابىلەر يېتىپ كەلگۈچە ئۇلار سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قالمىسۇن، — دېسەم، ئۇ:

— ئى سەلەمە! سەن اللە قا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرسەڭ، جەننەت ۋە دوزاخنى ھەق دەپ بىلسەڭ، مېنى شەھىد بولۇشتىن توسمىغىن! — دېدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم. ئۇ بېرىپ ئابدۇراھمان بىلەن ئېلىشىپ ئېتىنى ئۆلتۈردى لېكىن ئابدۇراھمان ئۇنىڭغا نەيزە سانجىپ شەھىد قىلىۋەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئېتىغا مىنىپ قاچماقچى بولغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چەۋەندازى ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ نەيزە بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى.

مۇھەممەد ﷺ نىڭ يۈزىنى ھۆرمەتلىك قىلغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن پىيادە يۈگۈردۈم. (مەن بەك ئىلگىرىلەپ كەتكەن بولغاچقا) ئارقامدىن كېلىۋاتقان ساھابىلەرنىڭ بىرىنىمۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئايىغىدىن چىققان چاڭ ـ توزاننىمۇ كۆرمىدىم. كۈن ئولتۇراي دەپ قالغان ۋاقىتتا، دۈشمەن زىقەرەد دەپ ئاتىلىدىغان سۇلۇق جىلغىغا يېتىپ باردى ۋە قاتتىق چاڭقاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سۇ ئىچمەكچى بولۇشقانىدى لېكىن مېنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ بىر تامچىمۇ سۇ ئىچمەلمەي يەنە قاچتى ۋە ئېگىز بىر تۆپىلىككە قاراپ يامىشىشقا باشلىدى. مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ بىرسىگە يېتىشىۋېلىپ مۈرىسىنى چەنلەپ تۇرۇپ ئوق ئاتتىم ۋە:

— ئالە مانا! مەن ئەكۋەئنىڭ ئوغلىمەن، بۈگۈن سەن پەسكەشلەرنىڭ ھالاكەت كۈنىدۇر، — دېدىم، ئۇ:

— ۋۇي ئانىسى ئۆلگۈر، يەنە شۇ ئەتىگەنكى ئەكۋەئىمۇسەن؟ — دېگەنىدى، مەن:

— شۇنداق، ئى ئۆز جېنىڭنىڭ دۈشمىنى! ئەتىگەنكى ئەكۋەئىڭمەن، — دېدىم.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تاغ يولىدا ئىككى تۇياق ئاتنى تاشلاپ قاچتى. مەن ئۇ ئىككى ئاتنى ئېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا قاراپ قايتىپ ماڭدىم. شۇ ئارىدا، تاغام ئامىر ماڭا يېتىشىپ كەلدى. ئۇ بىر تۇلۇمدا سۈت، يەنە بىر تۇلۇمدا سۇ ئەكەلگەن ئىكەن. سۈتنى ئىچىپ، سۇدا تاھارەت ئالدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ﷺ زىقەرەدتىكى سۇلۇق جىلغىدا تۇرۇۋاتقانىكەن؛ قارىسام، مەن مۇشرىكلاردىن تارتىۋالغان تۆگە، نەيزە ۋە كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ كەپتۇ. بىلال مەن قايتۇرۇۋالغان تۆگىدىن بىرنى بوغۇزلاپ، ئۇنىڭ جىگىرى بىلەن لوكىسىنى پەيغەمبەر ﷺ گە كاۋاپ قىلىپ پۇشۇرۇپ بېرىۋېتىپتۇ. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئىجازەت بەرگىن، ساھابىلەردىن يۈز ئادەمنى تاللاپ، ئۇلارنى قوغلاپ بېرىپ بىرىنىمۇ قويماي قىرىپ تۈگىتىۋېتەي، — دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ كۈلۈپ كەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ چىشلىرى ئوت يورۇقىدا كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئۇ:

— ئى سەلەمە! راستىنلا شۇنداق قىلامتىڭ؟ — دېگەنىدى، مەن:

— ھەئە، سېنى ئىززەت-ھۆرمەتلىك قىلغان زات بىلەن قەسەمكى، راستىنلا شۇنداق قىلىمەن، — دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇلار ھازىر غەتفان زېمىنىدا مېھمان قىلىنىۋاتىدۇ، — دېدى.

شۇ ئارىدا، غەتفان تەرەپتىن بىر ئادەم كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بىرەيلەن ئۇلار ئۈچۈن تۆگە بوغۇزلاپ، تېرىسىنى چىقىرىۋاتقان ۋاقىتتا يىراقتىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزاننى كۆرۈپ: «ھوي! مەدىنىلىكلەر ئارقىمىزدىن قوغلاپ كەپتۇ» دېيىشىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە پەيغەمبەر ﷺ:

— بۈگۈنكى چەۋەندازلىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەبۇ قەتادە، پىيادىلىك

ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى سەلەمەدۇر، — دېدى[①].[②]

## 17 ـ باب

## جەڭدە شجائەتلىك بولۇشنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ لَنْ يَنْفَعَكُمُ الْفِرَارُ إِنْ فَرَرْتُمْ مِنَ الْمَوْتِ أَوِ الْقَتْلِ﴾ «ئېيتقىنكى: <ئەگەر سىلەر ئۆلۈمدىن يا ئۆلتۈرۈلۈشتىن قاچساڭلار، قېچىشىڭلار سىلەرگە ھېچقانداق پايدىسى يوق>».[③]

**135. عن نعيم بن همار أن رجلا جاء إلى النبي ﷺ فقال: أي الشهداء أفضل؟ قال: «الذين يلقون القوم في الصف فلا يلفتون وجوههم. حتى يقتلوا، أولئك يتلبطون في الغرف العلا من الجنة، يضحك إليهم ربك، وإذا ضحك ربك إلى عبد في موطن، فلا حساب عليه».**

135. نۇئەيم ئىبنى ھەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «شەھىدلەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەۋزەل؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇلار دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا تاكى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر (قېچىش ئۈچۈن) يۈزلىرىنى ئارقىغا بۇراپمۇ قويمايدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار جەننەتنىڭ ئالىي سارايلىرىدا سەيلە قىلىدۇ، رەببى ئۇلارغا كۈلىدۇ. رەببى دۇنيادىكى بىرەر بەندىگە بىرەر ئورۇندا كۈلسە،

---

[①] ئىبنى نەھھاس (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەدىس ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىستە دۈشمەنگە ئۆزى يالغۇز ھۇجۇم قىلماقچى بولغان كىشىگە ئەمىر ياكى باشقا كىشىلەر مېھرىبانلىق قىلىپ ئۇنى توسۇشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە دەلىل بار؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر ئۇنىڭ نىيىتى راستچىل، ئىرادىسى سەمىمىي ۋە شەھىدلىككە بولغان ئارزۇسىنىڭ خالىس ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇ كىشىنىڭ ئارىسىنى توسۇپ قويماي، ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشىنىڭ دۇرۇسلۇقىغىمۇ دەلىل بولالايدۇ چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەخرەم ئەسەدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى توسقانلىقىنىمۇ، كېيىن ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەنلىكىنىمۇ ئەيىبلىمىگەن. سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەينىدىن قوغلىغان كاپىرلارنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ ئىدى چۈنكى ئۇ دۈشمەنلەرگە قايتا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئۆزىگە يۈز ئادەمنى بېرىشىنى سورىدى. ئەگەر كاپىرلار كۆپ بولمىغان بولسا، ئۇ ئۇنچىلىك ئادەم سورىمىغان بولاتتى ئەمما شۇنداقتىمۇ ئۇ دۈشمەنلەرگە ئۆزى يالغۇز ھۇجۇم قىلىپ باردى» (**«مشارع الأشواق إلى مصارع العشاق»** 163 ـ بەت).

[②] مۇسلىم توپلىغان.

[③] سۈرە ئەھزاب 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) ھېچبىر ھېساب يوق» دېدى.[1]

**136. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «المؤمن القوي خير وأحب إلى الله من المؤمن الضعيف وفي كل خير. احرص على ما ينفعك، واستعن بالله ولا تعجز».**

136. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن ياخشىراقتۇر ۋە اللہ قا سۆيۈملۈكراقتۇر.[2] ھەربىر مۇئمىندە ياخشىلىق بار. سەن ئۆزۈڭگە پايدىلىق نەرسىلەرگە ھېرىسمەن بولغىن، اللہ تىن ياردەم تىلىگىن، ئاجىزلىق قىلما».[3]

**137. عن أبي قتادة رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قام فيهم فذكر أن الجهاد في سبيل الله، والإيمان بالله أفضل الأعمال، فقام رجل فقال: يا رسول الله، أرأيت إن قتلت في سبيل الله أتكفر عني خطاياي؟ فقال له رسول الله ﷺ: «نعم، إن قتلت في سبيل الله وأنت صابر محتسب، مقبل غير مدبر»، ثم قال رسول الله ﷺ: «كيف قلت؟» قال: أرأيت إن قتلت في سبيل الله أتكفر عني خطاياي؟ فقال رسول الله ﷺ: «نعم، وأنت صابر محتسب، مقبل غير مدبر، إلا الدين فإن جبريل عليه السلام قال لي ذلك».**

137. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ (ساھابىلەرگە) خۇتبە ئوقۇپ، اللہ يولىدىكى جىھاد ۋە اللہ قا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندى، بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى اللہ نىڭ ئەلچىسى! مەن اللہ يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم بارلىق گۇناھلىرىم مەغپىرەت قىلىنامدۇ؟ بۇ ھەقتە ماڭا ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ كىشىگە: «ھەئە، سەۋر قىلىپ ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىپ كەينىڭگە قاچماي ئالدىڭنى قىلغان ھالدا اللہ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسەڭ» دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «قانداق دېدىڭ؟» دېدى.

[1] ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئىمام نەۋەۋى بۇ ھەدىسنى مۇنداق شەرھىلىگەن: «بۇ يەردىكى <كۈچلۈك> بولۇشتىن مەقسەت ـــــ ئاخىرەت ئىشلىرىدا ئىرادىلىك ۋە جاسارەتلىك بولۇش دېگەننى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. مانا بۇ سۈپەتنىڭ ئىگىسى ـــــ جىھادتا دۈشمەنگە بۆسۈپ كىرىشى كۆپ؛ جىھادقا چىقىشى تېز؛ جىھادنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان؛ ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقلاردىن توسۇشتا، اللہ يولىدىكى ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىشتا ئىرادىلىك؛ ناماز، روزا، زىكىر ۋە بارلىق ئىبادەتلەرگە بەك قىزىقىدىغان؛ ئىبادەتلەرنى تەلەپ قىلىش ۋە مۇھاپىزەت قىلىشتا ئاكتىپ بولىدۇ».

[3] مۇسلىم توپلىغان.

ھېلىقى كىشى (سۆزىنى تەكرارلاپ): «مەن الله يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم گۇناھلىرىم مەغپىرەت قىلىنامدۇ؟ بۇ ھەقتە ماڭا ئېيتىپ بەرگىن» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېدى: «ھەئە، سەۋر قىلىپ ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىپ كەينىڭگە قاچماي ئالدىڭنى قىلغان ھالدا الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسەڭ قەرزىڭدىن باشقا گۇناھلىرىڭ مەغپىرەت قىلىنىدۇ. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھازىر ماڭا شۇنداق دېدى».[1]

**138. عن عبد الله بن حبشي الخثعمي رضي الله عنه، أن النبي ﷺ سئل: أي القتل أشرف؟ قال : «من أهريق دمه وعقر جواده».**

**وعن جابر رضي الله عنه قال: قال رجل: يا رسول الله، أي الجهاد أفضل؟ قال: «أن يعقر جوادك ويهراق دمك».**

138. ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇبشىي خەسئەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئۇرۇشنىڭ قايسىسى ئەڭ شەرەپلىك؟» دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئېتى چېپىلىپ، ئۆزىنىڭ قانلىرى تۆكۈلگەن كىشى» دېدى.[2]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەقىل قىلغان يەنە بىر ھەدىستە، بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! قايسى جىھاد ئەڭ ئەۋزەل؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: «ئېتىڭ چېپىلىپ، قېنىڭ تۆكۈلگەن جىھاد» دېگەن.[3]

## 18 ـ باب

## الله قا سادىق بولغان كىشىنىڭ ئارزۇسىنى الله نىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ فَمِنْهُمْ مَنْ قَضَىٰ نَحْبَهُ وَمِنْهُمْ مَنْ يَنْتَظِرُ وَمَا بَدَّلُوا تَبْدِيلًا﴾ «مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شەھىد بولغانغا قەدەر داداللىق بىلەن جەڭ

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، نەسائى توپلىغان: ئىبنى ھەجەر ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

قىلىش توغرۇلۇق) الله قا بەرگەن ئەھدىسىدە سادىق بولغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شەھىد بولدى، بەزىسى (شەھىد بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق»[①].

**139. عن شداد بن الهاد رضي الله عنه، أن رجلا من الأعراب جاء إلى النبي ﷺ فامن به وآتبعه، ثم قال: أهاجر معك، فأوصى به النبي ﷺ بعض أصحابه، فلما كانت غزوة، غنم النبي ﷺ سبيا، فقسم وقسم له، فاعطى أصحابه ما قسم له، وكان يرعى ظهرهم، فلما جاء دفعوه إليه، فقال: ما هذا قالوا: قسم قسمه لك النبي ﷺ فأخذه فجاء به إلى النبي ﷺ فقال: ما هذا قال: «قسمته لك». قال: ما على هذا اتبعتك، ولكني اتبعتك على أن أرمى إلى هاهنا، وأشار إلى حلقه، بسهم فاموت فادخل الجنة. فقال: «إن تصدق الله يصدقك». فلبثوا قليلاً، ثم نهضوا في قتال العدؤ، فاتي به النبي ﷺ يحمل قد أصابه سهئم حيث أشار ، فقال النبي ﷺ: «أهو هو» قالوا: نعم. قال: «صدق الله فصدقه»، ثم كفنه النبي ﷺ في جبة النبي ﷺ ثم قدمه فصلى عليه، فكان فيما ظهر من صلاته: «أللهم هذا عبدك، خرج مهاجرا في سبيلك، فقتل شهيدا، أنا شهيد على ذلك».**

139. شەدداد ئىبنى ھاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەئرابىلاردىن بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈردى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئەزچىل ئەگەشتى. كېيىن ئۇ:

— سەن بىلەن ھىجرەت قىلىمەن، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ساھابىلىرىدىن بىرىگە تاپشۇردى.

(خەيبەر) غازىتى كۈنى پەيغەمبەر ﷺ نۇرغۇن ئولجا غەنىيمەت ئالدى ۋە ئۇنى مۇجاھىدلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. ھېلىقى ئادەمگىمۇ بىر كىشىلىك ئايرىپ، ئۇنىڭغا تەقسىم بولغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا بەردى چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ ئۇلاغلىرىنى باقاتتى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە ئۇلار ئۇنىڭ ھەسسىسىنى بەردى. ئۇ:

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىغانىدى، ھەمراھلىرى:

— پەيغەمبەر ﷺ غەنىيمەتتىن ساڭا ئايرىپ بەرگەن ھەسسەڭ، — دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان نەرسىلەرنى

---

① سۈرە ئەھزاب 23_ ئايەت.

ئېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— مەن ساڭا غەنىيمەتتىن بۆلۈپ بەرگەن ھەسسەڭ، — دېدى. ئۇ:

— مەن ساڭا بۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەشمىدىم بەلكى پەقەت بۇ يېرىمگە (گېلىمنى كۆرسەتتى) ئوق تېگىپ ئۆلۈش ئۈچۈن، شۇ ئارقىلىق جەننەتكە كىرىشىم ئۈچۈن ئەگەشتىم، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئەگەر سەن الله قا سادىق بولساڭ، الله ساڭا سادىق بولىدۇ (يەنى سېنى مەقسىتىڭگە يەتكۈزىدۇ)، — دېدى. ساھابىلەر بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن دۈشمەنگە قارشى جەڭگە كىرىپ كەتتى. ھېلىقى ئادەم قەھرىمانلارچە جەڭ قىلدى ۋە كۆرسەتكەن يېرىگە (گېلىغا) ئوق تېگىپ شەھىد بولدى. ساھابىلەر ئۇنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندى، پەيغەمبەر ﷺ:

— بۇ ھېلىقى ئادەممۇ؟ — دەپ سورىغاندى، ئۇلار:

— ھەئە، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇ الله قا سادىق بولغانلىقى ئۈچۈن، الله ئۇنىڭغا سادىق بوپتۇ (ئۇنى مەقسىتىگە يەتكۈزۈپتۇ)، — دېدى. ئاندىن ئۇنى ئۆز تونى (يەنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تونى) بىلەن كېپەنلىدى ۋە ئالدىغا قويۇپ نامىزىنى چۈشۈردى. ئۇ نامىزىدا:

— ئى الله ! بۇ قۇلۇڭ سېنىڭ يولۇڭدا ھىجرەت قىلىپ چىقىپ شەھىد بولدى. مەن بۇنىڭغا گۇۋاھ بولىمەن، — دېدى.[①]

**140. عن أبى قتادة رضي الله عنه قال: أتى عمرو بن الجموح إلى رسول الله ﷺ فقال: يا رسول الله، أرأيت إن قاتلت في سبيل الله حتى أقتل أمشى برجلى هذه صحيحة فى الجنة؟ وكانت رجله عرجاء، قال رسول الله ﷺ: «نعم»، فقتلوا يوم أحد هو وابن أخيه، ومولى لهم، فمر عليه رسول الله ﷺ فقال: «كأنى أنظر إليك تمشى برجلك هذه صحيحة في الجنة».**

140. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەمر ئىبنى جەمۇھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئېيتىپ بەرگىن، ئەگەر مەن الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسەم مۇشۇ پۇتۇم بىلەن بىجىرىم ھالەتتە جەننەتتە ماڭالامدىم؟» دەپ سورىدى. ئۇنىڭ

---

① نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

پۈتى توكۇر ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇھۇد جېڭى كۈنى ئۆزى، قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ۋە بىر ئازاد قىلىنغۇچىسى بىلەن قوشۇلۇپ شەھىد قىلىندى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ: «مەن سېنىڭ جەننەتتە بىجىرىم ھالەتتە مېڭىۋاتقانلىقىڭنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن» دېدى.①

**141. وعن أنس رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «قوموا إلى جنة عرضها السماوات والأرض»، قال: يقول عمير بن الحمام الأنصاري رضي الله عنه: يا رسول الله، جنة عرضها السماوات والأرض؟ قال: «نعم»، قال: بخ بخ؟ فقال رسول الله ﷺ: «ما يحملك على قولك بخ بخ؟»، قال: لا والله يا رسول الله، إلا رجاء أن أكون من أهلها، قال: «فإنك من أهلها»، فأخرج تمرات من قرنه، فجعل يأكل منهن، ثم قال: لئن أنا حييت حتى آكل تمراتي هذه إنها لحياة طويلة، فرمى بما كان معه من التمر، ثم قاتلهم حتى قتل.**

141. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كەڭلىكى ئاسمان بىلەن زېمىندەك كېلىدىغان جەننەت ئۈچۈن ئاتلىنىڭلار!» دېدى. ئۇمەير ئىبنى ھۇمام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! كەڭلىكى ئاسمان بىلەن زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھەئە» دېدى. ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پاھ-پاھ!» دەپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «پاھ-پاھ دەپ كەتتىڭغۇ؟» دېگەنىدى، ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! الله بىلەن قەسەمكى، مەن پەقەت شۇ جەننەت ئەھلىدىن بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ شۇنداق دېدىم» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سەن ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلىدىن» دېدى. ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوقدېنىدىن بىر قانچە تال خورمىنى چىقىرىپ يېيىشكە باشلىدى. ئاندىن: «مەن بۇ خورمىلارنى يەپ بولغۇچە ياشىسام بەكلا ئۇزۇن ھايات بولۇپ كېتىدىكەن» دېدى-دە، خورمىلارنى تاشلىۋېتىپ، مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ شەھىد قىلىندى.②

**142. عن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: غاب عمي أنس بن النضر عن قتال بدر، فقال: يا رسول الله، غبت عن أول قتال قاتلت المشركين، لئن الله أشهدني قتال المشركين ليرين الله ما أصنع. فلما كان يوم أحد انكشف المسلمون فقال: اللهم إني اعتذر إليك مما**

① ئەھمەد توپلىغان؛ ئىبنى ھەجەر، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.
② مۇسلىم توپلىغان.

صنع هؤلاء - يعني: أصحابه - وأبرأ إليك مما صنع هؤلاء - يعني: المشركين - ثم تقدم فاستقبله سعد بن معاذ فقال: يا سعد بن معاذ، الجنة ورب النضر، إني أجد ريحها من دون أحد! فقال سعد: فما استطعت يا رسول الله ما صنع! قال أنس: فوجدنا به بضعا وثمانين ضربة بالسيف، أو طعنة برمح أو رمية بسهم، ووجدناه قد قتل ومثل به المشركون، فما عرفه أحد إلا أخته ببنانه. قال أنس: كنا نرى - أو نظن - أن هذه الآية نزلت فيه وفي أشباهه: ﴿مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ فَمِنْهُم مَّن قَضَىٰ نَحْبَهُ﴾ [الأحزاب: 23] إلى آخرها.

142. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: تاغام ئەنەس ئىبنى نەزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدر ئۇرۇشىغا قاتنىشالمىغانىدى. ئۇ پەيغەمبەر ﷺ گە: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن مۇشرىكلارغا قارشى قىلغان تۇنجى جەڭگە مەن قاتنىشالماي قالدىم. ئەگەر الله مېنى مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا نېسىپ قىلسا، الله چوقۇم مېنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىمنى كۆرىدۇ» دېدى.

ئۇھۇد ئۇرۇشى كۈنى مۇسۇلمانلار تالاپەتكە ئۇچراپ پىتىراپ كەتكەندە ئەنەس ئىبنى نەزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى الله ! مەن ھەمراھلىرىمنىڭ قاچقانلىقىدىن ساڭا ئۆزرە ئېيتىمەن ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئىشىدىن ئادا-جۇدامەن» دەپ كاپىرلار تەرەپكە ئىلگىرىلەپ ماڭدى. ئاندىن ئالدىغا سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇچرىغانىدى، ئەنەس ئىبنى نەزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «ئى سەئىد ئىبنى مۇئاز! مەن جەننەتنى ئارزۇ قىلىۋاتىمەن. دادام نەزىرنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇھۇد تەرەپتىن جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇراۋاتىمەن» دېدى. سەئىد ئىبنى مۇئاز: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇنىڭدەك قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم» دېدى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئەنەس ئىبنى نەزىرنىڭ جەسىتىدىن قىلىچ بىلەن چېپىلغان، نەيزە بىلەن سانجىلغان ۋە ئوقيا بىلەن ئېتىلغان بولۇپ 80 نەچچە يېرىنىڭ يارىلانغانلىقىنى كۆردۇق. مۇشرىكلار ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن قۇلاق-بۇرۇنلىرىنى كېسىپ، يۈزىنى بۇزۇۋەتكەن بولغاچقا ھېچكىم ئۇنى تونۇيالمىدى. ئۇنى پەقەت ھەمشىرىسىلا بارمىقىدىن تونۇيالىدى. بىز ﴿مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ فَمِنْهُم مَّن قَضَىٰ نَحْبَهُ وَمِنْهُم مَّن يَنتَظِرُ وَمَا بَدَّلُوا تَبْدِيلًا﴾ «مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شەھىد بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ

قىلىش توغرۇلۇق) الله قا بەرگەن ئەھدىسىدە سادىق بولغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شەھىد بولدى، بەزىسى (شەھىد بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق»[1] دېگەن بۇ ئايەتنى ئەنەس ئىبنى نەزر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولدى دەپ ئويلايمىز.[2]

**143. عن أنس رضي الله عنه، أن رجلا أسود أتى النبي ﷺ فقال: يا رسول الله، إني رجل أسود، منتن الريح، قبيح الوجه، لا مال لي، فإن أنا قاتلت هؤلاء حتى أقتل، فأين أنا؟ قال: «في الجنة»، فقاتل حتى قتل، فأتاه النبي ﷺ فقال: «قد بيض الله وجهك، وطيب ريحك، وأكثر مالك»، وقال لهذا أو لغيره: «لقد رأيت زوجته من الحور العين، نازعته جبة له من صوف، تدخل بينه وبين جبته».**

143. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن بولسام قارا تەنلىك، تېنىم بەدبۇي، كۆرۈمسىز بىر كىشى، مېنىڭ مال ـ دۇنيالىرىم ھەم يوق. ئەگەر مەن ئاۋۇلارغا (يەنى كاپىرلارغا) قارشى ھەتتا ئۆلتۈرۈلگىچە ئۇرۇش قىلسام قەيەردە بولىمەن؟» دەپ سورىغانىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «جەننەتتە» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن كېيىن ئۇ كىشى ئۇرۇش قىلىپ شەھىد بولدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىنىڭ قېشىغا كېلىپ: «مانا، الله سېنى خۇشپۇراق قىلىپ يۈزۈڭنى ئاق قىلدى، ماللىرىڭنى كۆپەيتىپ بەردى» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلارغا مۇنداق دېدى: «شۈبھىسىزكى، مەن ھۆر ئەيىندىن بولغان جۈپتىنىڭ ئۇنىڭغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ يۇڭدىن توقۇلغان جۇۋىسىنى تارتىپ تۇرۇپ جۇۋا بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرگەنلىكىنى كۆردۈم».[3]

## 19 ـ باب

## الله يولىدا يارىلىنىشنىڭ پەزىلىتى

---

[1] سۈرە ئەھزاب 23 ـ ئايەت.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] بەيھەقى ۋە ھاكىم توپلىغان، زەھەبى، ئەلبانى ۋە ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

**144. عن أبي هريرة رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «لا يكلم أحد في سبيل الله، والله أعلم بمن يكلم في سبيله، إلا جاء يوم القيامة وجرحه يثعب، اللون لون دم، والريح ريح مسك».**

**وفي لفظ آخر: «كل كلم يكلمه المسلم في سبيل الله، ثم تكون يوم القيامة كهيئتها إذ طعنت تفَجَّر دماً، اللون لون دم والعرف عرف المسك».**

144. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا يارىلانسىلا، — الله ئۆزىنىڭ يولىدا يارىلانغان كىشىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر، — قىيامەت كۈنى يارىسىدىن قان ئاققان ھالەتتە كېلىدۇ، يارىسىنىڭ رەڭگى قاننىڭ رەڭگىدە، قېنىنىڭ پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىدا بولىدۇ».[1]

يەنە بىر نەقىلدە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا يارىلانغان ھەرقانداق مۇسۇلمان قىيامەت كۈنى نەيزە سانجىلغان چاغدىكى ھالەتكە ئوخشاش قان ئېقىپ تۇرغان ھالەتتە كېلىدۇ؛ يارىسىنىڭ رەڭگى قاننىڭ رەڭگىدە، قېنىنىڭ پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىدا بولىدۇ».[2]

**145. عن معاذ رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «من جرح جرحا في سبيل الله، أو نكب نكبة فإنها تجيء يوم القيامة كأغزر ما كانت، لونها لون الزعفران، وريحها ريح المسك، ومن خرج به خراج في سبيل الله فإن عليه طابع الشهداء».**

145. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا جاراھەتلەنسە ياكى يارىلانسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ يارىسىدىن رەڭگى زەپىرانىنىڭ رەڭگىدە ۋە پۇرىقى ئىپارەدەك خۇشپۇراق قان بۇلدۇقلاپ تۇرغان ھالدا كېلىدۇ؛ كىمنىڭ بەدىنىگە الله يولىدا بىرەر نەرسە چىقىپ قالسا، ئۇنىڭغا شەھىدلەرنىڭ تامغىسى ئۇرۇلىدۇ».[3]

**146. عن أبي أمامة رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «ليس شيء أحب إلى الله من قطرتين وأثرين: قطرة دموع من خشية الله، وقطرة دم تهراق في سبيل الله. وأما الأثران، فأثر**

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان؛ ئىبنى ھەجەر ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**في سبيل الله وأثر في فريضة من فرائض الله».**

146. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «اللہ قا ئىككى تامچە ۋە ئىككى ئىزدىنمۇ سۆيۈملۈك نەرسە يوق. ئۇ ئىككى تامچە بولسا، اللہ تىن قورقۇپ ئاققۇزغان ياش تامچىسى ۋە اللہ يولىدا تۆكۈلگەن قان تامچىسى؛ ئىككى ئىز بولسا، اللہ يولىدا جىھاد قىلىش داۋامىدا قالدۇرغان ئىز ۋە اللہ نىڭ پەرزلىرىدىن بىرىنى ئادا قىلىش يولىدا قالدۇرغان ئىز».[1]

## 20 ـ باب

## جەڭنىڭ ھىيلە بىلەن بولىدىغانلىقى ھەققىدە

**147. وعن جابر بن عبد الله رضي الله عنهما، أن النبي ﷺ قال: «الحرب خدعة».**

147. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جەڭ دېگەن ھىيلە بىلەن بولىدۇ[2]».[3]

**148. وعن البراء رضي الله عنه قال: بعث رسول الله ﷺ إلى أبي رافع اليهودي رجالا من الأنصار، فأمر عليهم عبد الله بن عتيك، وكان أبو رافع يؤذي رسول الله ﷺ ويعين عليه، وكان في حصن له بأرض الحجاز، فلما دنوا منه، وقد غربت الشمس، وراح الناس بسرحهم، فقال عبد الله لأصحابه: اجلسوا مكانكم، فإني منطلق، ومتلطف للبواب، لعلي أن أدخل،**

---

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[2] ئىبنى ھەجەر بۇ ھەدىسنى شەرھىلەپ مۇنداق دېگەن: [ئالداش دېگەن بىر ئىشنى ئاشكارا قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەكسىنى يوشۇرۇشتۇر. بۇ ھەدىس جەڭدە ئېھتىيات قىلىشقا قىزىقتۇرغان ۋە كاپىرلارنى ئالداشقا چاقىرغان. كىمكى بۇنىڭغا سەگەك بولمايدىكەن، ئىشنىڭ ئەكسىنىڭ ئۆزىگە قايتىپ قېلىشىدىن ئەمىن بولالمايدۇ. ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دېگەن: «قايسى خىل ئۇسۇلدا ئىمكانىيەت بولسا، جەڭدە شۇنىڭدا كاپىرلارنى ئالداشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە ئالىملار بىرلىككە كەلگەن لېكىن ئۇنىڭدا ئەھدىنى ياكى ئامانلىقنى بۇزۇش بولىدىغان بولسا، ئۇ دۇرۇس ئەمەس». ئىبنى ئەرەبى مۇنداق دېگەن: «جەڭ دېگەن ئالداش، گەپ دارىتمىلاش، بۆكتۈرمە قۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار بىلەن بولىدۇ». ئىبنى مۇنىر مۇنداق دېگەن: «‹جەڭ دېگەن ھىيلە بىلەن بولىدۇ› دېگەن ھەدىسنىڭ مەنىسى — ئىگىسىنى كامىل مەقسەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ياخشى جەڭ يۈزمۇيۈز ئۇرۇشۇش ئەمەس، بەلكى ئالداشتۇر. بۇنداق بولۇشى يۈزمۇيۈز ئۇرۇشۇشنىڭ خەتىرىنىڭ بارلىقى ئەمما ئالداش ئارقىلىق خەتەرسىزلا مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر». بۇ ھەدىس يەنە جەڭدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئىشارەت قىلىنغان، بەلكى ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياج شىجائەتكە بولغان ئېھتىياجدىنمۇ كۈچلۈك] («**فتح الباري**» 6 ـ توم 158 ـ بەت).

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

فأقبل حتى دنا من الباب، ثم تقنع بثوبه كأنه يقضي حاجة، وقد دخل الناس، فهتف به البواب، يا عبد الله، إن كنت تريد أن تدخل فادخل، فإني أريد أن أغلق الباب، فدخلت فكمنت، فلما دخل الناس أغلق الباب، ثم علق الأغاليق على وتد، قال: فقمت إلى الأقاليد فأخذتها، ففتحت الباب، وكان أبو رافع يسمر عنده، وكان في علالي له، فلما ذهب عنه أهل سمره صعدت إليه، فجعلت كلما فتحت بابا أغلقت علي من داخل، قلت: إن القوم نذروا بي لم يخلصوا إلي حتى أقتله، فانتهيت إليه، فإذا هو في بيت مظلم وسط عياله، لا أدري أين هو من البيت، فقلت: يا أبا رافع، قال: من هذا؟ فأهويت نحو الصوت فأضربه ضربة بالسيف وأنا دهش، فما أغنيت شيئا، وصاح، فخرجت من البيت، فأمكث غير بعيد، ثم دخلت إليه، فقلت: ما هذا الصوت يا أبا رافع؟ فقال: لأمك الويل، إن رجلا في البيت ضربني قبل بالسيف، قال: فأضربه ضربة أثخنته ولم أقتله، ثم وضعت ظبة السيف في بطنه حتى أخذ في ظهره، فعرفت أني قتلته، فجعلت أفتح الأبواب بابا بابا، حتى انتهيت إلى درجة له، فوضعت رجلي، وأنا أرى أني قد انتهيت إلى الأرض، فوقعت في ليلة مقمرة، فانكسرت ساقي فعصبتها بعمامة، ثم انطلقت حتى جلست على الباب، فقلت: لا أخرج الليلة حتى أعلم أقتلته. فلما صاح الديك قام الناعي على السور، فقال: أنعى أبا رافع تاجر أهل الحجاز، فانطلقت إلى أصحابي، فقلت: النجاء، فقد قتل الله أبا رافع، فانتهيت إلى النبي ﷺ فحدثته، فقال: «ابسط رجلك» فبسطت رجلي فمسحها، فكأنها لم أشتكها قط.

148. بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەتىيك باشچىلىقىدىكى بىرنەچچە ئەنسارنى يەھۇدىي ئەبۇ رافىئنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتتى. ئەبۇ رافىئ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە كۆپ ئەزىيەت بېرىپ، دۈشمەنلىرىگە ياردەم قىلاتتى.

ئەبۇ رافىئ ھىجاز زېمىنىدىكى بىر قورغاندا تۇراتتى. كۈن ئولتۇرۇپ، كىشىلەر چارۋىلىرىنى ھەيدەپ قايتىۋاتقان چاغدا ئۇلار قورغانغا يېقىنلاشتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەتىيك ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىغا: «مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن دەرۋازىۋەننىڭ يېنىغا بېرىپ سىلىق گەپ قىلىپ ئىچىگە كىرىۋېلىشىم مۇمكىن» دېدى ۋە مېڭىپ دەرۋازىغا يېقىنلاشقان ۋاقىتتا، ھاجەت قىلىۋاتقاندەك بولۇۋېلىپ كىيىمىگە چۈمكىنىۋالدى. كىشىلەر دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىپ باراتتى. دەرۋازىۋەن ئۇنىڭغا: «ئى اللە نىڭ بەندىسى! كىرمەكچى بولساڭ تېزرەك كىرىۋال، دەرۋازىنى تاقايمەن» دەپ توۋلىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەتىيك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىچىگە كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالدىم. كىشىلەر كىرىپ بولغاندا دەرۋازىۋەن دەرۋازىنى تاقاپ، ئاچقۇچلارنى قوزۇققا ئېسىپ قويدى. مەن بېرىپ ئاچقۇچلارنى ئېلىپ ئىشىكلەرنى ئاچتىم. ئەبۇ رافىئ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئۆيدە بولۇپ، دوستلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئەبۇ رافىئنىڭ قېشىدىكىلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ ياتاق ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم. قايسىبىر ئىشىكنى ئاچسام ئۇنى ئىچى تەرەپتىن تاقاپ قويدۇم. چۈنكى كۆڭلۈمدە: <ئەگەر باشقىلار سېزىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ بولغۇچە مېنىڭ قېشىمغا كېلەلمەيدۇ> دەپ ئويلىدىم.

ئاندىن ئەبۇ رافىئ بار ئۆيگە يېتىپ باردىم ئەمما ئۇ قاراڭغۇ ئۆيدە بالا-چاقىلىرىمۇ بولغاچقا، ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي: <ئى ئەبۇ رافىئ!> دېدىم، ئۇ: <كىم؟> دېگەنىدى، مەن ھاياجانلىنىپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قىلىچ ئۇردۇم لېكىن ئۆلتۈرەلمىدىم. ئۇ ۋارقىراشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىپ كېتىپ، بىر ئاز تۇرۇپ يەنە كىردىم ۋە (ئاۋازىمنى ئۆزگەرتىپ): <ئى ئەبۇ رافىئ! بايىقى ۋارقىرىغان نېمە ئاۋاز؟> دېدىم. ئۇ: <ۋۇي ئۆلگۈر! ئۆيدە ئادەم بار ئىكەن، باياتىن ماڭا قىلىچ ئۇردى> دېدى. مەن ئۇنىڭغا يەنە بىر قىلىچ ئۇرۇپ ئېغىر يارىلاندۇردۇم ئەمما ئۆلتۈرەلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن، قىلىچنىڭ ئۇچىنى قورسىقىغا تىقىپ، دۈمبىسىدىن چىقىرىۋەتتىم. شۇندىلا ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ كەينىمگە قايتتىم ۋە ئىشىكلەرنى بىر-بىرلەپ ئېچىپ چىقىپ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقاندا، يەرگە دەسسىدىمغۇ دەپ ئويلاپ پۇتۇمنى شۇنداق قويۇشۇمغا پەسكە يىقىلىپ چۈشتۈم ۋە پۇتۇم سۇنۇپ كەتتى. ئاي نۇرىدا پۇتۇمنى سەللەم بىلەن تېڭىپ، دەرۋازا تۈۋىگە بېرىپ ئولتۇردۇم ۋە ئۆزۈمگە: <ئۇنىڭ ئۆلگەن ياكى ئۆلمىگەنلىكىنى بىلمىگىچە قورغاندىن چىقىپ كەتمەيمەن> دەپ نىيەت قىلدىم.

تاڭ سۈزۈلۈپ خوراز چىللىغاندا بىر جاكارچى سېپىلغا چىقىپ: <ھىجاز ئەھلىنىڭ سودىگىرى ئەبۇ رافىئنىڭ ئۆلگەنلىكىنى جاكارلايمەن!> دەپ توۋلىدى. مەن ھەمراھلىرىمنىڭ قېشىغا بېرىپ: <تېز بولۇڭلار! الله ئەبۇ رافىئنىڭ جېنىنى ئالدى> دېدىم. ئاندىن بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا

قايتتۇق ۋە ئىشنىڭ جەريانىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە سۆزلەپ بەردىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <پۇتۇڭنى سۇنغىن!> دېدى، مەن پۇتۇمنى سۇندۇم. رەسۇلۇللاھ ﷺ پۇتۇمنى سىلاپ قويۇۋېدى، پۇتۇم خۇددى ھېچنىمە بولمىغاندەكلا ساقىيىپ كەتتى». [1]

149. جابر بن عبد الله رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «من لكعب بن الأشرف؟ فإنه قد آذى الله ورسوله» فقام محمد بن مسلمة فقال: يا رسول الله، أتحب أن أقتله قال: «نعم» قال: فأذن لي أن أقول شيئا، قال: «قل» فأتاه محمد بن مسلمة، فقال: إن هذا الرجل قد سألنا صدقة، وإنه قد عنانا، وإني قد أتيتك أستسلفك، قال: وأيضا، والله لتملنه، قال: إنا قد اتبعناه فلا نحب أن ندعه حتى ننظر إلى أي شيء يصير شأنه وقد أردنا أن تسلفنا وسقا أو وسقين فقال: نعم، ارهنوني، قالوا: أي شيء تريد؟ قال: ارهنوني نساءكم، قالوا: كيف نرهنك نساءنا، وأنت أجمل العرب، قال: فارهنوني أبناءكم، قالوا: كيف نرهنك أبناءنا، فيسب أحدهم فيقال رهن بوسق أو وسقين، هذا عار علينا، ولكنا نرهنك اللأمة (يعني السلاح) فواعده أن يأتيه، فجاءه ليلا ومعه أبو نائلة، وهو أخو كعب من الرضاعة فدعاهم إلى الحصن، فنزل إليهم؛ فقالت له امرأته: أين تخرج هذه الساعة؟ فقال: إنما هو محمد بن مسلمة وأخي أبو نائلة قالت: أسمع صوتا كأنه يقطر منه الدم، قال: إنما هو أخي محمد بن مسلمة ورضيعي أبو نائلة، إن الكريم لو دعي إلى طعنة بليل لأجاب، قال: ويدخل محمد بن مسلمة معه رجلين، فقال: إذا ما جاء فإني قائل بشعره فأشمه، فإذا رأيتموني استمكنت من رأسه فدونكم فاضربوه، وقال مرة: ثم أشمكم فنزل إليهم متوشحا، وهو ينفح منه ريح الطيب فقال: ما رأيت كاليوم ريحا، أي أطيب قال: عندي أعطر نساء العرب وأكمل العرب؛ فقال: أتأذن لي أن أشم رأسك؟ قال: نعم فشمه ثم أشم أصحابه ثم قال: أتأذن لي؟ قال: نعم فلما استمكن منه، قال: دونكم فقتلوه.

149. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ:

— كىم كەئب ئىبنى ئەشرەفنىڭ جاجىسىنى بېرىپ قويىدۇ؟ ئۇ الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا ئازار يەتكۈزىۋاتىدۇ، — دېگەنىدى، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىمنى خالامسەن؟ — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

[1] بۇخارى توپلىغان.

ــ ھەئە، ــ دېگەنىدى، ئۇ:

ــ ئۇنداقتا، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن سىنىڭ ھەققىڭدە بەزى نامۇۋاپىق سۆزلەرنى قىلىشىمغا رۇخسەت بەرگىن، ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ بولىدۇ، ــ دېدى.

مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە كەئب ئىبنى ئەشرەفنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ بۇ ئادەم (پەيغەمبەر ﷺ نى دېمەكچى) بىزدىن تولا زاكات سوراپ ھېچ ھالىمىزنى قويمىدى. ئەمدى سەندىن قەرز سوراپ كەلدۇق، ــ دېگەنىدى، كەئب:

ــ الله بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئۇنىڭدىن چوقۇم زېرىكىسىلەر، ــ دېدى. ئىبنى مەسلەمە:

ــ ئۇنىڭغا ئەگىشىپتۇق، ھازىرچە ئۇنى تاشلىۋەتمەي تۇرايلى، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋالىغا قاراپ بىر ئىش قىلارمىز. بىزگە بىر-ئىككى ۋەسەق[1] خورما بېرىپ تۇرغىن، ــ دېگەنىدى، كەئب:

ــ بولىدۇ، لېكىن ماڭا بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە قويۇپ قويۇشۇڭلار كېرەك، ــ دېدى. ئىبنى مەسلەمە:

ــ نېمىنى قويىمىز؟ ــ دەپ سورىغانىدى، كەئب:

ــ ئاياللىرىڭلارنى قويۇڭلار، ــ دېدى. ئىبنى مەسلەمە:

ــ سەن ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ كېلىشكەن ئادىمى تۇرساڭ، ئاياللىرىمىزنى قانداقمۇ ساڭا گۆرۈگە قويالايمىز؟ ــ دېگەنىدى، كەئب:

ــ ئۇنداق بولسا ئوغۇللىرىڭلارنى قويۇڭلار، ــ دېدى. ئۇ:

ــ ئوغۇللىرىمىزنى قانداقمۇ گۆرۈگە قويىمىز؟! باشقىلار بىزنىڭ بالىلىرىمىزنى «بىر-ئىككى ۋەسەق خورما ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان» دەپ تىللىسا، بۇ بىز ئۈچۈن نومۇس ئەمەسمۇ!؟ ئەڭ ياخشىسى، ساڭا قوراللىرىمىزنى گۆرۈگە قويايلى، ــ دېدى. كەئب بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۆزئارا كېلىشتى. شۇ كېچىسى، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە كەئبنىڭ ئېمىلدىشى ئەبۇ نائىلەنى ئېلىپ كەئبنىڭ قېشىغا باردى

[1] بىر ۋەسەق ــ 122.5 كىلوگرام.

ۋە ئۇنى چاقىردى. كەئب ئۇلارنى سېپىلنىڭ ئىچىگە كىرىشكە چاقىرىپ ئۆزى ئۆيىدىن پەسكە چۈشۈۋاتقاندا، ئايالى:

— بۇ كېچىدە نەگە بارىسەن؟ ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن قان تېمىپ تۇرىدۇ، — دەپ توسۇۋېدى، ئۇ:

— ئۇلار دېگەن مېنىڭ دوستۇم مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ۋە ئېمىلدىشىم ئەبۇ نائىلە. مەرد ئادەم دېگەن كېچىسى جەڭگە چاقىرىلسىمۇ چىقىۋېرىدۇ، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ئۆزى بىلەن ئىككى ئادەمنى سېپىلغا كىرگۈزۈپ، ئۇلارغا:

— مەن ئۇنىڭ چېچىنى تۇتۇپ پۇرايمەن ۋە سىلەرگىمۇ پۇرىتىمەن. ئۇنىڭ بېشىنى راۋۇرۇس تۇتقىنىمنى كۆرگىنىڭلاردا دەرھال قىلىچ ئۇرۇڭلار، — دەپ تاپىلىدى. كەئب قورالىنى ئېسىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا چۈشتى. ئۇنىڭدىن گۈپۈلدەپ خۇشپۇراق كېلىپ تۇراتتى. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە:

— پاھ، بۈگۈنكىدەك خۇشپۇراقنى پۇراپ باقمىغان ئىدىم، — دېدى. كەئب:

— مېنىڭ يېنىمدا ئەرەبلەرنىڭ ۋە ئەرەب ئاياللىرىنىڭ ئەڭ خۇشپۇراقلىق بويۇملىرى بار، — دېدى. ئىبنى مەسلەمە:

— بېشىڭنى پۇرىۋالسام بولامدۇ؟ — دېگەنىدى، ئۇ:

— بولىدۇ، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇھەممەد ئۇنىڭ بېشىنى پۇرىدى، ئاندىن ھەمراھلىرىغىمۇ پۇراتتى. ئاندىن:

— يەنە بىر قېتىم پۇرىۋالسام بولامدۇ؟ — دېگەنىدى، كەئب:

— ماقۇل، — دېدى. مۇھەممەد ئۇنىڭ بېشىنى راۋۇرۇس تۇتۇپ:

— قېنى قول سېلىڭلار! — دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار كەئبنى ئۆلتۈردى.[1]

## 21 ـ باب

## جىھادتىكى قورقۇنچنىڭ پەزىلىتى

**150. عن أم مالك البهزية رضي الله عنها قالت: ذكر رسول الله ﷺ فتنة فقربها، فقلت:**

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

**يا رسول الله، من خير الناس فيها؟ قال: «رجل في ماشية يؤدي حقها ويعبد ربه، ورجل آخذ برأس فرسه يخيف العدو ويخوفونه».**

150. ئۇممۇ مالىك بەھزىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ پىتنە ھەققىدە سۆزلەپ، ئۇنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى بايان قىلدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ چاغدا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى كىم بولىدۇ؟» دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مال-چارۋىلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، زاكاتىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ، رەببىگە ئىبادەت قىلغان ھەمدە ئېتىنىڭ بېشىنى تۇتۇپ (يەنى دۈشمەنگە قارشى تەييار تۇرۇپ) دۈشمەننى قورقىتىدىغان، دۈشمەنمۇ ھەم ئۇنى قورقىتىدىغان كىشىدۇر» دېدى.[1]

**151. عن أم مبشر: تبلغ به النبي ﷺ قال: «خير الناس منزلة رجل على متن فرسه يخيف العدو و يخيفونه».**

151. ئۇممۇ مۇبەششىردىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ ئىچىدە مەرتىۋە جەھەتتە ئەڭ ياخشىسى — ئېتىغا مىنىپ تۇرۇپ دۈشمەننى قورقۇتىدىغان ۋە دۈشمەنلەرمۇ ئۇنى قورقۇتىدىغان كىشىدۇر». ئۇممۇ مۇبەششىر بۇ ھەدىسنىڭ (سەنەدىنى) پەيغەمبەر ﷺ گە ئۇلىغان.[2]

**152. عن سلمان رضي الله عنه قال: إذا كان الرجل في سبيل الله، فأرعد قلبه من الخوف، تحاتت خطاياه كما يتحات عذق النخلة.**

152. سەلمان فارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى ئەگەر الله يولىدا بولۇپ قەلبى بىرەر خەتەردىن قورقسا، ئۇنىڭ خاتالىقلىرى خورمىنىڭ يوپۇرمىقى تۆكۈلگەندەك تۆكۈلىدۇ».[3]

## 22- باب

## مۇسۇلمانغا قورال تەڭلەشتىن ۋە تىغلىق نەرسىلەرنى يالىڭاچ ھالەتتە سۇنۇشتىن ساقلىنىش ھەققىدە

---

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5- توم 286- بەت.

**153. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال أبو القاسم ﷺ: «من أشار إلى أخيه بحديدة، فإن الملائكة تلعنه، حتى وإن كان أخاه لأبيه وأمه».**

153. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئەبۇلقاسىم (يەنى رەسۇلۇللاھ) ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا تۆمۈر تەڭلىسە، گەرچە ئۇ تۆمۈر تەڭلىگەن كىشى ئۇنىڭ ئاتا بىر، ئانا بىر قېرىندىشى بولغان تەقدىردىمۇ، (تاكى ئۇ قولىنى يىغىۋالغانغا قەدەر) پەرىشتىلەر ئۇ تۆمۈر تەڭلىگەن كىشىگە لەنەت ئوقۇيدۇ».[1]

**154. وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «لا يشير أحدكم إلى أخيه بالسلاح، فإنه لا يدري أحدكم لعل الشيطان ينزع في يده فيقع في حفرة من النار».**

154. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار قېرىندىشىغا قورال تەڭلىمىسۇن. چۈنكى ئۇ ئۇقمايدۇكى، شەيتان ئۇنىڭ قولىدىكى قورالنى تارتىۋېتىپ، ئۇنى دوزاختىكى بىر چوڭقۇرغا چۈشۈرۈۋېتىدىغان ۋەقەگە دۇچار قىلىپ قويۇشى مۇمكىن[2]».[3]

**155. عن أبي موسى رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «إذا مر أحدكم في مسجدنا، أو في سوقنا، ومعه نبل، فليمسك على نصالها بكفه، أن يصيب أحدا من المسلمين منها بشيء» أو قال «ليقبض على نصالها».**

155. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئىبنى ئۇسەيمىن بۇ ھەدىسنى شەرھىلەپ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ بىرەر كىشىگە قورال، ياكى تۆمۈر، ياكى تاش ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا ئاتىدىغاندەك ھالەتتە تەڭلەشتىن توسقان چۈنكى شۇ ۋاقىتتا شەيتان ئۇ كىشىنىڭ قولىنى تارتىۋېتىشى ياكى قورال ئۇ كىشىنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن، ئاندىن ئۇ كىشى دوزاختىكى بىر چوڭقۇرغا چۈشۈپ كېتىدۇ. الله ساقلىسۇن! بەزى نادان كىشىلەر قىلىۋاتقان نەرسە ھەم شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن، ماشىنىنى ئۆرە تۇرغان ياكى ئولتۇرغان ۋە ياكى ياتقان كىشى تەرەپكە ئويىنىشىپ تېز سۈرئەتتە ئەكىلىدۇ، ئاندىن يېقىنلاشقاندا سوقۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن تېز سۈرئەتتە تورمۇزلايدۇ. بۇمۇ ھەم تۆمۈر تەڭلىگەنگە ئوخشاش چەكلىنىدۇ چۈنكى ئۇ كىشى بىلمەيدۇكى، شەيتان ئۇ كىشىنىڭ قولىنى تارتىۋېتىپ ماشىنىنى ياخشى كونترول قىلالماسلىقى مۇمكىن، ئاندىن ئۇ كىشى دوزاختىكى بىر چوڭقۇرغا چۈشۈپ كېتىدۇ» («**رياض الصالحين**»نىڭ شەرھىسىدىن ئېلىندى).

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىزنىڭ مەسجىدلىرىمىزدىن ياكى بازارلىرىمىزدىن ئۆتسە، ئۇنىڭدا تىغلىق نەرسە بولسا ئۇ تىغلىرىنىڭ بىرەر مۇسۇلمانغا زىيان يەتكۈزۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى يىغىۋالسۇن ياكى ئۇچىنى قولى بىلەن تۇتۇۋالسۇن». [1]

**156. عن جابر رضي الله عنه قال: «نهى رسول الله ﷺ أن يتعاطى السيف مسلولا».**

156. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ يالىڭاچ قىلىچنى باشقىلارغا سۇنۇشتىن توسقان». [2]

## 23 ـ باب

## الله يولىدا مال سەرپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ ذَا الَّذِي يُقْرِضُ اللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا فَيُضَاعِفَهُ لَهُ أَضْعَافًا كَثِيرَةً وَاللَّهُ يَقْبِضُ وَيَبْسُطُ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾ «كىمكى الله قا قەرزىي ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى الله نىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى 10 ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ. الله (سىناش ئۈچۈن بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، (بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) كەڭ قىلىدۇ، (قىيامەت كۈنى) الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر». [3]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَثَلُ الَّذِينَ يُنْفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنْبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِي كُلِّ سُنْبُلَةٍ مِائَةُ حَبَّةٍ وَاللَّهُ يُضَاعِفُ لِمَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾ «الله نىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ[4]. الله خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ، الله نىڭ مەرھەمىتى (چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر (الله مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان: ئىبنى ھەجەر، شۇئەيب ئەرنەئۇت ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] سۈرە بەقەرە 245 ـ ئايەت.

[4] بۇ ــ الله ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان پۇل ـ مالنىڭ ساۋابىنىڭ ھەسسىلەپ كۆپ بولىدىغانلىقىغا مىسال.

نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر)». ①

**157. عن أبي أمامة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «أفضل الصدقات ظل فسطاط في سبيل الله ومنيحة خادم في سبيل الله، أو طروقة فحل في سبيل الله».**

157. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «سەدىقىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بولسا، الله يولىدا تىككەن چېدىرنىڭ سايىسى، الله يولىغا خىزمەتچى بىرىش ياكى قورامىغا يەتكەن بىر تۆگىنى الله يولىدا سەرپ قىلىشتۇر». ②

**158. عن ثوبان رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «أفضل دينار ينفقه الرجل: دينار ينفقه على عياله، ودينار ينفقه على دابته في سبيل الله، ودينار ينفقه على أصحابه في سبيل الله».**

158. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ سەرپ قىلغان دىنارلىرىدىن ئەجرى ئەڭ يۇقىرى بولىدىغىنى — ئۆز ئائىلىسىگە سەرپ قىلغىنى، الله يولىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئاتاپ قويغان ئۇلاغقا سەرپ قىلغىنى ۋە الله يولىدىكى قېرىنداشلىرىغا سەرپ قىلغىنىدۇر». ③

**159. وعن أبي مسعود رضي الله عنه قال: جاء رجل إلى النبي ﷺ بناقة مخطومة، فقال: هذه في سبيل الله، فقال رسول الله ﷺ: «لك بها يوم القيامة سبعمائة ناقة كلها مخطومة».**

159. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا چۇلۇك سېلىنغان بىر تۆگىنى ئېلىپ كېلىپ: «بۇنى الله يولىغا ئاتىدىم» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «بۇ بىر تۆگىنىڭ بەدىلىگە قىيامەت كۈنى ساڭا چۇلۇك سېلىنغان 700 تۆگە بېرىلىدۇ» دېدى. ④

**160. عن خريم بن فاتك رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «من أنفق نفقة في سبيل الله كتبت له بسبع مائة ضعف».**

---

① سۈرە بەقەرە 261- ئايەت.

② ئەھمەد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

③ مۇسلىم توپلىغان.

④ مۇسلىم توپلىغان.

160. خۇرەيم ئىبنى فاتىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا بىر قېتىم چىقىم قىلسا، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ ئەجرى 700 ھەسسىگىچە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ».[①]

**161. وعن عبد الرحمن بن سمرة رضي الله عنه قال: جاء عثمان إلى النبي ﷺ بألف دينار في كمه حين جهز جيش العسرة، فنثرها في حجره. قال عبد الرحمن: فرأيت النبي ﷺ يقلبها في حجره ويقول: «ما ضر عثمان ما عمل بعد اليوم» مرتين.**

161. ئابدۇراھمان ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ تەبۇك غازىتى ئۈچۈن قوشۇن تەييارلىغاندا، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېڭىدە مىڭ تىللا ئالتۇن ئېلىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قۇچىقىغا تۆكتى. پەيغەمبەر ﷺ قۇچىقىدىكى تىللالارنى ئۆرۈپ-چۆرگەن ھالدا ئىككى قېتىم: «بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئوسمان قىلىپ سالغان ئىشلارنىڭ ئۇنىڭغا ھېچ زىيىنى بولمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.[②]

**162. عن أبي هريرة رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «من أنفق زوجين في سبيل الله نودي من أبواب الجنة: يا عبد الله هذا خير، فمن كان من أهل الصلاة دعي من باب الصلاة، ومن كان من أهل الجهاد دعي من باب الجهاد، ومن كان من أهل الصيام دعي من باب الريان، ومن كان من أهل الصدقة دعي من باب الصدقة». فقال أبو بكر رضي الله عنه: بأبي أنت وأمي يا رسول الله، ما على من دعي من تلك الأبواب من ضرورة، فهل يدعى أحد من تلك الأبواب كلها؟ قال: «نعم، وأرجو أن تكون منهم».**

162. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى الله يولىدا قوشلاپ سەرپ قىلسا، ئۇ كىشى جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىدىن: <ئى الله نىڭ بەندىسى! بۇ ئىشىك ياخشى> دەپ چاقىرىلىدۇ. كىمكى ناماز ئەھلى بولسا ناماز ئىشىكىدىن، جىھاد ئەھلى بولسا جىھاد ئىشىكىدىن، روزا ئەھلى بولسا رەييان دېگەن ئىشىكتىن، سەدىقە ئەھلى بولسا سەدىقە ئىشىكىدىن چاقىرىلىدۇ» دېدى. ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىر كىشىنىڭ بىرلا ئىشىكتىن چاقىرىلىشى شەرتمۇ، ئەجەبا بىر كىشى ئۇ ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىدىن چاقىرىلامدۇ؟» دەپ سورىۋىدى،

---

① تىرمىزى، ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان، ئىبنى ھەجەر ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② تىرمىزى توپلىغان، زەھەبى «سەھىھ» دېگەن، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ: «شۇنداق، مەن سېنىڭ شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.[1]

**163. عن معاذ بن جبل رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «ما ثقل ميزان عبد كدابة تنفق له في سبيل الله أو يحمل عليها في سبيل الله».**

163. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «(قىيامەت كۈنى) بەندىنىڭ تارازىسىدا ئېغىر كېلىدىغان نەرسە بولسا، الله يولىدا ئۇ بەندە ئۈچۈن ھالاك بولغان ياكى ئۇنىڭغا الله يولىدا يۈك ئارتىلىدىغان ئۇلاغدۇر».[2]

**164. عن أبي ذر رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «ما من رجل أنفق زوجين من ماله في سبيل الله إلا ابتدرته حجبة الجنة». قلت: وما زوجان من ماله؟ قال: «عبدان من رقيقه، فرسان من خيله، بعيران من إبله».**

164. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «كىمكى الله يولىدا قوشلاپ مال سەرپ قىلسىلا جەننەتنىڭ دەرۋازىۋەنلىرى ئۇنى ئالدىراپ قارشى ئالىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ: «<قوشلاپ مال> دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟» دەپ سورىغانىدىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «قۇلدىن ئىككىنى، ئاتتىن ئىككىنى، تۆگىدىن ئىككىنى» دېدى.[3]

**165. عن صعصعة بن معاوية قال: أتيت أبا ذر، قلت: ما مالك (يعني ما بالك)؟ قال: لي عملي. قلت: حدثني قال: نعم. قال رسول الله ﷺ: «ما من مسلم ينفق من كل مال له زوجين في سبيل الله، إلا استقبلته حجبة الجنة كلهم يدعوه إلى ما عنده» قلت: وكيف ذاك؟ قال: «إن كانت رجالا فرجلين، وإن كانت إبلا فبعيرين، وإن كانت بقرا فبقرتين».**

**وفي رواية: فقال أبو ذر: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «من أنفق زوجين من ماله ابتدرته حجبة الجنة» قلنا: ما هذان الزوجان؟ قال: «إن كانت رجالا فرجلان، وإن كانت خيلا ففرسان وإن كانت إبلا فبعيران، حتى عد أصناف المال كله».**

165. سەئسەئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ زەرنىڭ قېشىغا

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەھمەد ۋە تەبرانى توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت بۇ ھەدىسنى مۇنداق ئىزاھلىغان: «بۇ ھەدىس سەنەدلىرى ۋە گۇۋاھچىلىرى ئېتىبارى بىلەن سەھىھدۇر».

[3] ئىبنى ھىببان توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

كېلىپ: «ئەھۋالىڭ قانداق؟» دېسەم، ئۇ: «ئەمەللىرىمنىڭ كويىدا يۈرۈۋاتىمەن» دېدى. مەن: «ماڭا ھەدىس سۆزلەپ بەرگىن» دېگەنىدىم، ئۇ: «بولىدۇ، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: <قايسىبىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ بارلىق ماللىرىدىن الله يولىدا قوشلاپ سەرپ قىلسىلا، جەننەت خىزمەتچىلىرى ئۇنى قارشى ئالىدۇ ۋە ھەممىسى ئۆزى تەرەپكە چاقىرىدۇ>» دېدى. مەن: «قوشلاپ دېگەننى قانداق چۈشىنىمىز؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «قۇللىرىدىن ئىككىنى، تۆگىلىرىدىن ئىككىنى ۋە كالىلىرىدىن ئىككىنى سەرپ قىلىشتۇر» دېدى.[1]

يەنە بىر نەقىلدە، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى الله يولىدا قوشلاپ مال سەرپ قىلسا جەننەت دەرۋازىۋەنلىرى ئۇنى قارشى ئالىدۇ». ئاندىن بىز: «<قوشلاپ> دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟» دەپ سورىغانىدۇق، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «قۇللىرىدىن ئىككىنى، ئاتلىرىدىن ئىككىنى، تۆگىلىرىدىن ئىككىنى بولۇپ، ھەتتا پۈتۈن ماللىرىنىڭ تۈرلىرىدىن ئىككى تالدىن سەرپ قىلىشتۇر» دېدى.[2]

**166. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «من أنفق زوجين في سبيل الله دعاه خزنة الجنة كل خزنة باب: أي فل هلم». فقال أبو بكر: يا رسول الله، ذاك الذي لا توى عليه. قال رسول الله ﷺ: «إني لأرجو أن تكون منهم».**

166. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى الله يولىدا قوشلاپ سەرپ قىلسا، جەننەتنىڭ ھەربىر خادىملىرى ئايرىم بىر ئىشىكتە تۇرۇپ: <ئى پالانى! بۇياققا كەل> دەپ چاقىرىدۇ» دېدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ھەقىقەتەن زايە كەتمەيدىغان ۋە زىيانسىز چىقىمكەن» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەن سېنىڭ شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.[3]

## 24 ـ باب

[1] ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

## الله يولىدا مال سەرپ قىلىشقا ئالدىراش ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنَّ رَبِّي يَبْسُطُ الرِّزْقَ لِمَنْ يَشَاءُ مِنْ عِبَادِهِ وَيَقْدِرُ لَهُ وَمَا أَنْفَقْتُمْ مِنْ شَيْءٍ فَهُوَ يُخْلِفُهُ وَهُوَ خَيْرُ الرَّازِقِينَ﴾ «ئېيتقىنكى: <ھەقىقەتەن رەببىم قايسى بەندىسىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىشنى خالىسا ئۇنى كەڭ قىلىدۇ، (قايسى بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلىشنى خالىسا ئۇنى) تار قىلىدۇ. (الله نىڭ يولىدا) بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى الله تولدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىدۇر>». [1]

**167. وعن أبي ذر رضي الله عنه قال: انتهيت إلى النبي ﷺ وهو جالس في ظل الكعبة، فلما رآني قال: «هم الأخسرون ورب الكعبة»، فجئت حتى جلست، فلم أتقار أن قمت، فقلت: يا رسول الله، فداك أبي وأمي من هم؟ قال: «هم الأكثرون أموالا إلا من قال هكذا وهكذا وهكذا من بين يديه ومن خلفه وعن يمينه وعن شماله وقليل ما هم».**

167. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بارسام ئۇ كەئبىنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ: «كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئەڭ زىيان تارتقۇچىلاردۇر» دېدى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ بىرئاز ئولتۇردۇم ـ دە، ئاندىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئۇلار كىملەر؟» دەپ سورىۋىدىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇلار كۆپ مال ـ دۇنيا توپلىغانلاردۇر. لېكىن ئالدى ـ كەينى، ئوڭ ـ سولدىن (سېخىيلىق بىلەن) سەدىقە بەرگەن كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمما بۇنداق كىشىلەرنىڭ سانى بەك ئاز» دېدى. [2]

**168. عن أبي ذر رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «يا أبا ذر! ما أحب أن لي أحدا ذهبا و فضة أنفقه في سبيل الله، أموت يوم أموت فأدع منه قيراطا».**

168. ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى ئەبۇ زەر! مېنىڭ گەرچە ئوھۇد تېغىدەك ئالتۇن ـ كۈمۈشۈم بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى الله يولىدا سەرپ قىلغان بولاتتىم، ھەتتا ۋاپات بولغان كۈنىمدە ئۇنىڭدىن بىر قىرات ساقلاشنى ھەم

[1] سۈرە سەبەئ 39 ـ ئايەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

خالىمايمەن». [1]

**169. عن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال: أمرنا رسول الله ﷺ أن نتصدق فوافق ذلك عندي مالا. فقلت: اليوم أسبق أبا بكر إن سبقته فجئت بنصف مالي، فقال رسول الله ﷺ: «ما أبقيت لأهلك؟» قلت: مثله، وأتى أبو بكر بكل ما عنده فقال: «يا أبا بكر، ما أبقيت لأهلك؟» قال: أبقيت لهم الله ورسوله قلت: والله لا أسبقه إلى شيء أبدا.**

169. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى (الله يولىدا) مال سەرپ قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ كۈنلەردە قول ئىلكىمدە خېلى كۆپ مال بار ئىدى. ئىچىمدە: «بۈگۈن ئەبۇبەكرىدىن ئۆتۈپ كەتسەم ئەجەب ئەمەس» دېدىم ـ دە، مېلىمنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ كەلدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ مەندىن: «ئى ئۆمەر! ئائىلەڭگە بىرەر نەرسە قالدۇردىڭمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، مەن: «يەنە مۇشۇنچىلىك قالدۇردۇم» دېدىم. ئەبۇبەكرى سىددىق بولسا ئۆزىدىكى بارلىق نەرسىنى ئېلىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭدىن: «ئائىلەڭگە بىرەر نەرسە قالدۇردىڭمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇ: «الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى قالدۇردۇم» دېدى. مەن: «سەندىن ئېشىپ كېتىشىم مۇمكىن ئەمەسكەن» دېدىم. [2]

**170. عن أنس رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «جاهدوا المشركين بأموالكم وأنفسكم وألسنتكم».**

170. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ماللىرىڭلار، جانلىرىڭلار ۋە تىللىرىڭلار بىلەن مۇشرىكلارغا قارشى جىھاد قىلىڭلار!». [3]

**171. وعن أنس رضي الله عنه قال: كان رسول الله ﷺ لا يدخر شيئا لغد.**

171. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەتىلىكى ئۈچۈن بىر نەرسە ساقلىمايتتى». [4]

---

[1] بەززار توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[3] ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[4] تىرمىزى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

# 25 ـ باب

## الله يولىغا مال سەرپ قىلىشتا بېخىللىق قىلىشتىن ساقلىنىش ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿هَا أَنْتُمْ هَؤُلَاءِ تُدْعَوْنَ لِتُنْفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَمِنْكُمْ مَنْ يَبْخَلُ وَمَنْ يَبْخَلْ فَإِنَّمَا يَبْخَلُ عَنْ نَفْسِهِ وَاللَّهُ الْغَنِيُّ وَأَنْتُمُ الْفُقَرَاءُ وَإِنْ تَتَوَلَّوْا يَسْتَبْدِلْ قَوْمًا غَيْرَكُمْ ثُمَّ لَا يَكُونُوا أَمْثَالَكُمْ﴾ «سىلەر شۇنداق كىشىلەرسىلەركى، الله نىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىشقا چاقىرىلساڭلار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بېخىللىق قىلىدىغانلار بار. كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ. الله (سىلەرنىڭ مال ـ مۈلكۈڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، سىلەر بولساڭلار (الله قا) موھتاجسىلەر. ئەگەر سىلەر (الله نىڭ تائىتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، الله سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى الله قا ئىتائەت قىلىدۇ)». ①

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلَا يُنْفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَبَشِّرْهُمْ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ۞ يَوْمَ يُحْمَى عَلَيْهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكْوَى بِهَا جِبَاهُهُمْ وَجُنُوبُهُمْ وَظُهُورُهُمْ هَذَا مَا كَنَزْتُمْ لِأَنْفُسِكُمْ فَذُوقُوا مَا كُنْتُمْ تَكْنِزُونَ ۞﴾ «ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى الله نىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن [34]. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: <بۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلار (سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى الله نىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار> دېيىلىدۇ [35]». ②

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا لَكُمْ أَلَّا تُنْفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلِلَّهِ مِيرَاثُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ﴾ «سىلەر نېمىشقا الله نىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلمايسىلەر؟

---

① سۈرە مۇھەممەد 38 ـ ئايەت.

② سۈرە تەۋبە 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 35 ـ ئايەت.

ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ مىراسى اللە قا خاستۇر».①

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ وَأَحْسِنُوا إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ «اللە نىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، اللە ھەقىقەتەن ئېھسان قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ②».③

**172. قال حذيفة بن اليمان رضي الله عنه: ﴿وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ﴾ بترك النفقة في سبيل الله.**

172. ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «<ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار> دېگەن ئايەت ــ اللە يولىدا مال سەرپ قىلىشنى تەرك ئېتىپ (ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار) دېگەنلىكنى كۆرسىتىدۇ» دېگەن.④

## 26 ـ باب

## مۇجاھىدلارنى جابدۇش (تەييارلاش) ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش ھەققىدە

**173. عن زيد بن خالد الجهني رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «من جهز غازيا في سبيل الله فقد غزا، ومن خلف غازيا في أهله بخير فقد غزا».**

173. زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى اللە يولىدا غازات

---

① سۇرە ھەدىد 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② مۇھەممەد ئەلى سابۇنى ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «< اللە نىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار>، يەنى اللە نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ۋە ھەقنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن اللە نىڭ يولىغا پۇل ـ مال چىقىم قىلىڭلار؛ <ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار>، يەنى بېخىللىق قىلماڭلار ۋە پۇل ـ مالنى چىڭ تۇتۇۋالماڭلار، مۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن سىلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ ۋە دۈشمەنلەر سىلەردىن ئۈستۈن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىلەر ھالاك بولىسىلەر. <ئېھسان قىلىڭلار، اللە ھەقىقەتەن ئېھسان قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ>» (**«روائع البيان في تفسير آيات الأحكام»** 95 ـ بەت).

③ سۇرە بەقەرە 195 ـ ئايەت.

④ بۇخارى توپلىغان.

قىلغۇچىنى جابدۇپ قويسا، ئۆزىمۇ غازات قىلغۇچىغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ؛ كىمكى الله يولىدا غازات قىلغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىن ياخشىلىق بىلەن خەۋەر ئېلىشقا قالغان بولسا، ئۇمۇ غازات قىلغۇچىغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ». ①

**174. وعن زيد بن خالد الجهني رضي الله عنه، عن النبي ﷺ: «ومن جهز غازيا في سبيل الله، كان له مثل أجر الغازي في أنه لا ينقص من أجر الغازي شيئا».**

174. زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا بىر غازىنى جابدۇپ قويسا، ئۇ كىشىگە شۇ غازىغا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ غازىنىڭ ساۋابىدىن ھەم ھېچقانداق كېمىيىپ قالمايدۇ». ②

**175. عن زيد بن ثابت رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «من خلف غازيا في أهله بخير أو أنفق على أهله فله مثل اجره».**

175. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر غازىنىڭ ئائىلىسىدىن ياخشى خەۋەر ئالسا ياكى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە مال سەرپ قىلسا، شۇ غازىغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ». ③

**176. وعن أنس رضي الله عنه: أن فتى من أسلم، قال: يا رسول الله، إني أريد الغزو وليس معي ما أتجهز، قال: «ائت فلانا فإنه قد كان تجهز فمرض» فأتاه، فقال: إن رسول الله ﷺ يقرئك السلام، ويقول: أعطني الذي تجهزت به، فقال: يا فلانة، أعطيه الذي تجهزت به، ولا تحبسي عنه شيئا، فوالله لا تحبسي منه شيئا فيبارك لك فيه.**

176. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر يىگىت: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇرۇشقا قاتنىشاي دېسەم جابدۇنغىدەك بىرەر نەرسە تاپالمىدىم» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «پالانى كىشىنىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ئۇرۇشقا جابدۇنغان ئىدى ئەمما ئاغرىپ قاپتۇ» دېدى. ئۇ يىگىت ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ساڭا سالام ئېيتتى ۋە ئۇرۇشقا

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

③ تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

تەييارلىغان نەرسىلىرىڭنى ماڭا بېرىشىڭنى ئېيتتى» دېدى. ئۇ كىشى ئايالىغا: «مەن ئۇرۇشقا تەييارلىغان نەرسىلەردىن ھېچنىمىنى ئېلىپ قالماي ھەممىسىنى بۇ يىگىتكە بەرگىن! الله بىلەن قەسەمكى، ھېچنەرسىنى ئېلىپ قالما! ئەگەر ئېلىپ قالساڭ، الله ساڭا بەرىكەت بەرمەيدۇ» دېدى.①

**177. وعن أبي أمامة رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «من لم يغز، أو يجهز غازيا، أو يخلف غازيا في أهله بخير، أصابه الله بقارعة قبل يوم القيامة».**

177. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى غازات قىلمىسا ياكى غازات قىلغۇچىنى جابدۇپ قويمىسا ۋە ياكى بىرەر غازات قىلغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىن ياخشىلىق بىلەن خەۋەر ئالمىسا، الله تائالا ئۇنى قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن چوڭ بىر مۇسىبەت بىلەن ئازابلايدۇ».②

**178. عن عبد الله بن جعفر رضي الله عنه قال: لما جاء نعي جعفر قال النبي ﷺ: «اصنعوا لأهل جعفر طعاما، فإنه قد جاءهم ما يشغلهم».**

178. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ (دادام) جەئفەرنىڭ شەھىد بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ: <جەئفەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە تاماق ئېتىپ بېرىڭلار چۈنكى ئۇلار مۇسىبەت بىلەن مەشغۇل> دېگەنىدى».③

**179. عن بريدة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «حرمة نساء المجاهدين على القاعدين كحرمة أمهاتهم، وما من رجل من القاعدين يخلف رجلا من المجاهدين في أهله فيخونه فيهم، إلا وقف له يوم القيامة، فيأخذ من عمله ما شاء، فما ظنكم؟».**

179. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇجاھىدلارنىڭ ئاياللىرى جىھادقا چىقمىغانلارغا نىسبەتەن ئۆز ئانىلىرى ئۇلارغا ھارام بولغىنىدەك ھارامدۇر. ھەرقانداق بىر جىھادقا چىقمىغان كىشى، مۇجاھىدنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن قويۇلۇپ، ئاندىن ئۇ كىشى مۇجاھىدنىڭ ئەھلىگە خىيانەت قىلغان بولسا، خىيانەت

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

③ ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

قىلغۇچى قىيامەت كۈنى مۇجاھىد ئۇچۇن تۇرغۇزۇپ بېرىلىدۇ ۋە مۇجاھىد ئۇ خائىننىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن خالىغانچە ئېلىۋالىدۇ. سىلەرچە خائىننىڭ ھالى نېمە بولۇپ كېتەر؟!»[1]

## 27 ـ باب

## مۇجاھىدلارغا ياردەم قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنىڭ پەزىلىتى

**180. عن سهل بن حنيف رضى الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «من أعان مجاهدا فى سبيل الله أو غارما فى عسرته أو مكاتبا فى رقبته أظله الله يوم لا ظل إلا ظله».**

180. سەھل ئىبنى ھەنىف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدىكى بىر مۇجاھىد ياكى بىر قەرزدارنىڭ قىيىنچىلىقىغا ياردەم بەرسە ۋە ياكى مەلۇم مىقدار پۇل بەدىلىگە ئازاد بولىدىغان قۇلنىڭ قەرزىگە ياردەم بەرسە، ھېچبىر سايە يوق كۈندە الله ئۇنى ئۆز سايىسىدا سايىدىتىدۇ».[2]

**181. عن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «من أظل رأس غاز أظله الله يوم القيامة».**

181. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر غازىنىڭ بېشىغا سايىۋەن قىلىپ بەرگەن بولسا، الله ئۇ كىشىنى ئەرشىنىڭ سايىسىدىن بەھرىمان قىلىدۇ».[3]

**182. عن أبي أمامة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «أفضل الصدقات ظل فسطاط في سبيل الله ومنيحة خادم في سبيل الله، أو طروقة فحل في سبيل الله».**

182. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «سەدىقىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بولسا، الله يولىدا تىككەن چېدىرنىڭ سايىسى، الله يولىغا خىزمەتچى بېرىش ياكى قورامىغا يەتكەن بىر

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان.

[3] ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

توّگىنى الله يولىدا سەرپ قىلىشتۇر».①

**183. عن جابر رضي الله عنه، عن رسول الله ﷺ، أنه أراد أن يغزو فقال: «يا معشر المهاجرين والأنصار، إن من إخوانكم قوما ليس لهم مال، ولا عشيرة، فليضم أحدكم إليه الرجلين أو الثلاثة، فما لأحدنا من ظهر يحمله إلا عقبة كعقبة» يعني أحدهم، قال: فضممت إلي اثنين أو ثلاثة ما لي إلا عقبة كعقبة أحدهم من جملي.**

183. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ غازاتقا چىقماقچى بولۇپ: «ئى مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلار! سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ نە مال ـ مۈلكى، نە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى يوق. شۇڭا ھەر بىرىڭلار ئۇلاردىن ئىككى ياكى ئۈچ كىشىنى ئۆزىگە قوشۇۋالسۇن» دېدى. ھېچكىم ئۇلىغىغا يالغۇز مىنەلمەيتتى، بىر نەچچەيلەن بىر ئۇلاغقا نۆۋەتلىشىپ مىنەتتى. مەنمۇ ئۆزۈمگە ئىككى ياكى ئۈچ كىشىنى قوشۇۋالغان ئىدىم، ئۆز تۆگەمگە پەقەت ئۇلارغا ئوخشاش مىنىش نۆۋىتىم كەلگەندىلا مىنەلەيتتىم.②

**184. وعن أبي سعيد الخدري رضي الله عنه قال: بينما نحن في سفر مع النبي ﷺ إذ جاء رجل على راحلة له، فجعل يصرف بصره يمينا وشمالا، فقال رسول الله ﷺ: «من كان معه فضل ظهر فليعد به على من لا ظهر له، ومن كان له فضل من زاد، فليعد به على من لا زاد له»، فذكر من أصناف المال ما ذكر حتى رأينا أنه لا حق لأحد منا في فضل.**

184. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىللە بىر سەپەردە كېتىۋاتقىنىمىزدا، ئۇلاغقا مىنگەن بىر ئادەم كېلىپ ئۇياق ـ بۇياققا قارىغىلى تۇرۇۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمنىڭ ئارتۇق ئۇلىغى بولسا، ئۇنى ئۇلاغسىز كىشىگە بەرسۇن؛ كىمنىڭ ئارتۇق ئوزۇق ـ تۈلۈكى بولسا، ئۇنى ئوزۇق ـ تۈلۈكى يوق ئادەمگە بەرسۇن» دەپ شۇنداق جىق مالنىڭ تۈرلىرىنى ساناپكى ھەتتا بىز: «ھېچقايسىمىزنىڭ ئارتۇق نەرسىلىرىمىزدە ھەققىمىز يوق ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالدۇق.③

**185. وعن أبي موسى رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «إن الأشعريين إذا أرملوا**

① تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

② ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم توپلىغان، زەھەبى ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ مۇسلىم توپلىغان.

في الغزو، أو قل طعام عيالهم بالمدينة، جمعوا ما كان عندهم في ثوب واحد، ثم اقتسموه بينهم في إناء واحد بالسوية، فهم مني وأنا منهم».

185. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەشئەريي قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ قاچانىكى جەڭدە ئوزۇقلۇقى ئاز قالسا ياكى مەدىنىدىكى ئايال ـ بالىلىرىنىڭ ئوزۇقلۇقى ئاز قالسا، ئۇلار ئۆزلىرىدە بار نەرسىنىڭ ھەممىسىنى بىر پارچە رەختكە يىغىپ، ئاندىن ئۆزئارا ھەربىر قاچىغا باراۋەر تەقسىم قىلاتتى. ئۇلار مەندىن، مەن ئۇلاردىن». ①

186. عن معاذ بن أنس رضي الله عنه، عن رسول الله ﷺ أنه قال: «لأن أشيع مجاهدا في سبيل الله، فأكفه على راحلة غدوة أو روحة أحب إلي من الدنيا وما فيها».

186. مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدىكى مۇجاھىدقا ئەگىشىپ، ئەتىگەن ۋە كەچتە ئۇنىڭ ئۇلىغىنى ئىگەرلەپ بېرىشىم مەن ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن سۆيۈملۈكتۇر». ②

## 28 ـ باب

## مۇجاھىدلارنى ئۇزىتىپ قويۇش ۋە قايتىپ كەلگەندە كۈتۈۋېلىش ھەققىدە

187. عن ابن عباس رضي الله عنه قال: مشى معهم رسول الله ﷺ إلى بقيع الغرقد ثم وجههم وقال: «انطلقوا على اسم الله»، وقال: «اللهم أعنهم».

187. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: (كەئب ئىبنى ئەشرەفنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن) رەسۇلۇللاھ ﷺ (بىر ئەترەت تەشكىللەپ، ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن) بەقىئۇلغەرقەد دېگەن يەرگىچە بىرگە ماڭدى. ئاندىن ئۇلارغا: «الله نىڭ ئىسمى بىلەن (بىسمىللاھ دەپ) مېڭىڭلار» دېدى ۋە: «ئى

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم توپلىغان، زەھەبى «سەھىھ» دېگەن.

الله ! بۇلارغا ياردەم بەرگىن» دەپ دۇئا قىلدى.[1]

**188. عن عبد الله بن يزيد رضي الله عنه قال: كان رسول الله ﷺ إذا أراد أن يودع الجيش، قال: «أستودع الله دينكم، وأمانتكم، وخواتيم أعمالكم».**

188. ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ قوشۇن بىلەن خوشلاشقان ۋاقتىدا: <دىنىڭلارنى، مەسئۇلىيىتىڭلارنى ۋە ئەمەللىرىڭلارنىڭ ئاخىرىنى الله قا تاپشۇردۇم> دەيتتى».[2]

**189. قال السائب بن يزيد رضي الله عنه: ذهبنا نتلقى رسول الله ﷺ مع الصبيان إلى ثنية الوداع.**

189. سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ تەبۇك غازىتىدىن قايتقىنىدا، بىز ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كىچىك بالىلار بىلەن بىللە سەنىيەتۇلۋەدائ دېگەن يەرگە باردۇق».[3]

**190. قال ابن الزبير لابن جعفر رضي الله عنهم: أتذكر إذ تلقينا رسول الله ﷺ أنا وأنت، وابن عباس قال: نعم فحملنا وتركك.**

190. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «مەن، سەن ۋە ئىبنى ئابباس ئۈچىمىزنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىققىنىمىز يادىڭدىمۇ؟» دېگەنىدى، ئۇ: «ھەئە، شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى (ئۇلىغىغا) مىندۈرۈپ، سېنى قويۇپ قويغانىدى» دېدى.[4]

## 29 ـ باب

## غازاتتىن قايتىپ كەلگەندە ئېيتىلىدىغان زىكىرلەر

**191. عن عبد الله بن عمر رضي الله عنهما، أن رسول الله ﷺ كان إذا قفل من غزو أو حج أو عمرة، يكبر على كل شرف من الأرض ثلاث تكبيرات، ثم يقول: «لاَ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ المُلْكُ وَلَهُ الحَمْدُ، وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، آيِبُونَ تَائِبُونَ عَابِدُونَ سَاجِدُونَ لِرَبِّنَا**

---

[1] ئەھمەد، تەبرانى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئىبنى ھەجەر ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «ئىسنادى ھەسەن» دېگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، نەۋەۋى ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] بۇخارى توپلىغان.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**حَامِدُونَ، صَدَقَ اللّٰهُ وَعْدَهُ، وَنَصَرَ عَبْدَهُ، وَهَزَمَ الأَحْزَابَ وَحْدَهُ».**

191. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ غازاتتىن، ھەجدىن ياكى ئۆمرىدىن قايتىپ كەلگەندە، ھەربىر ئېگىز ئورۇندا ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىپ ئاندىن: ‹**لاَ إِلَهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ المُلْكُ وَلَهُ الحَمْدُ، وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، آيِبُونَ تَائِبُونَ عَابِدُونَ سَاجِدُونَ لِرَبِّنَا حَامِدُونَ، صَدَقَ اللّٰهُ وَعْدَهُ، وَنَصَرَ عَبْدَهُ، وَهَزَمَ الأَحْزَابَ وَحْدَهُ**›[1] دەيتتى».[2]

**192. وعن أنس رضي الله عنه قال: أقبلنا مع النبي ﷺ حتى إذا كنا بظهر المدينة، قال: «آيِبُونَ تَائِبُونَ عَابِدُونَ لِرَبِّنَا حَامِدُونَ» فلم يزل يقول ذلك حتى قدمنا المدينة.**

192. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن سەپەردىن قايتىپ مەدىنىنى كۆرگەندە، پەيغەمبەر ﷺ: ‹**آيِبُونَ تَائِبُونَ عَابِدُونَ لِرَبِّنَا حَامِدُونَ**›[3] دېدى، ھەتتا بۇ سۆزنى مەدىنىگە كىرگۈچە تەكرارلىدى».[4]

## 30 - باب

## ئاياللارغا جىھادنىڭ پەرز ئەمەسلىكى ھەققىدە

**193. عن عائشة رضي الله عنها قالت: قلت: يا رسول الله، نرى الجهاد أفضل العمل، أفلا نجاهد؟ فقال ﷺ: «لكن أفضل الجهاد: حج مبرور».**

193. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، مەن: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز جىھاد قىلىشنى ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى دەپ قارايمىز. ئۇنداقتا، بىز ئاياللارمۇ جىھاد قىلمايمىزمۇ؟» دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «(سىلەر ئۈچۈن) جىھادنىڭ ئەۋزىلى توغرا رەۋىشتە قىلىنغان ھەجدۇر» دېدى.[5]

---

[1] تەرجىمىسى: الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. بىز ـــ الله قا قايتقۇچى، تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، سەجدە قىلغۇچى ۋە ھەمدە ئېيتقۇچىلارمىز. الله ئۆز ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، بەندىسىگە ياردەم بەردى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى ئۆزى يالغۇز مەغلۇپ قىلدى.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] تەرجىمىسى: بىز ـــ الله قا قايتقۇچى، تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى ۋە ھەمدە ئېيتقۇچىلارمىز.

[4] مۇسلىم توپلىغان.

[5] بۇخارى توپلىغان.

**194. وعن عائشة أم المؤمنين رضي الله عنها قالت: استأذنت النبي ﷺ في الجهاد، فقال: «جهادكن الحج».**

194. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن جىھادقا چىقىش توغرۇلۇق ئىجازەت سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <سىلەرنىڭ جىھادىڭلار ھەج قىلىشتۇر> دەپ جاۋاب بەردى[1]». [2]

**195. عن عائشة رضي الله عنها قالت: قلت يا رسول الله، هل على النساء من جهاد؟ قال: «نعم، عليهن جهاد لا قتال فيه: الحج والعمرة».**

195. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاياللارغىمۇ جىھاد پەرزمۇ؟» دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ: «شۇنداق، ئاياللارغا جەڭسىز جىھاد بار، ئۇ بولسىمۇ پەرز ھەج ۋە ئۆمرە قىلىشتۇر» دەپ جاۋاب بەردى. [3]

## 31 ـ باب

## ئايال كىشى پىتنىدىن خالىي ھالەتتە ئەمىرنىڭ ئىجازىتى بىلەن جىھادقا چىقىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى ھەققىدە

**196. عن حديث عائشة رضي الله عنها قالت: «كان النبي ﷺ إذا أراد أن يخرج أقرع بين نسائه، فأيتهن يخرج سهمها خرج بها النبي ﷺ، فأقرع بيننا في غزوة غزاها، فخرج فيها سهمي، فخرجت مع النبي ﷺ بعد ما أنزل الحجاب».**

---

[1] ئىبنى ھەجەر بۇ ھەدىسنى شەرھىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى بەتتال مۇنداق دېگەن: <ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مەزكۇر ھەدىسى جىھادنىڭ ئاياللارغا پەرز ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ>» («**فتح الباري**» 6 ـ توم 75 ـ بەت). شۇنىڭ ئۈچۈن، جىھاد پەرز ئەين بولغان ھالەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاياللارنىڭ ئۈستىگە جىھادقا چىقىش پەرز ئەمەس، ئەمما بەزىدە بىرلا ھالەتتە پەرز بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئەگەر دۈشمەن بىر شەھەرگە بېسىپ كىرسە ۋە تازىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بارسا، ئايال كىشى ئۆزىنى ۋە ئۆزى بىلەن بىرگە بولغان كىشىلەرنى قوغداش ئۈچۈن جەڭ قىلىش پەرز بولىدۇ («**العمدة في اعداد العدة**» 29 ـ بەت).

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان؛ ئىبنى ھەجەر، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

196. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا، ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدا چەك تاشلايتتى. چەك كىمگە چىقسا، سەپەرگە شۇنى بىللە ئېلىپ چىقاتتى. بىر قېتىم پەيغەمبەر ﷺ غازاتقا چىقماقچى بولۇپ، بىزنىڭ ئارىمىزدا چەك تاشلىغانىدى، چەك ماڭا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە چىقتىم. بۇ ۋاقىت ھىجابلىنىش پەرز بولغاندىن كېيىنكى چاغ ئىدى».[1]

**197. عن أنس بن مالك رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ كان يدخل على أم حرام بنت ملحان فتطعمه، وكانت أم حرام تحت عبادة بن الصامت، فدخل عليها رسول الله ﷺ يوما، فأطعمته، ثم جلست تفلي رأسه، فنام رسول الله ﷺ، ثم استيقظ وهو يضحك، قالت: فقلت: ما يضحكك يا رسول الله؟ قال: «ناس من أمتي عرضوا علي، غزاة في سبيل الله، يركبون ثبج هذا البحر، ملوكا على الأسرة»، أو «مثل الملوك على الأسرة» - يشك أيهما - قالت: فقلت: يا رسول الله، ادع الله أن يجعلني منهم، فدعا لها، ثم وضع رأسه، فنام، ثم استيقظ وهو يضحك، قالت: فقلت: ما يضحكك يا رسول الله؟ قال: «ناس من أمتي عرضوا علي غزاة في سبيل الله»، كما قال في الأولى، قالت: فقلت: يا رسول الله، ادع الله أن يجعلني منهم، قال: «أنت من الأولين»، فركبت أم حرام بنت ملحان البحر في زمن معاوية، فصرعت عن دابتها حين خرجت من البحر، فهلكت.**

197. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇممۇ ھەرام بىنتى مىلھاننىڭ قېشىغا كىرەتتى، ئۇمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تاماق بىلەن كۈتۈۋالاتتى. ئۇممۇ ھەرام ئۇبادە ئىبنى سامىتنىڭ ئايالى ئىدى.

بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەنىدى، ئۇ ئادىتى بويىچە رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تاماق بىلەن كۈتۈۋالدى. ئاندىن ئولتۇرۇپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بېشىنى تاراۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇخلاپ قالدى ۋە كۈلگەن پېتى ئويغاندى.[2] ئۇممۇ ھەرام: «ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن كۈلۈپ كەتتىڭ؟» دەپ

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: «ئالىملار ئۇممۇ ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە مەھرەم ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ قېشىغا كىرەتتى، ئۇممۇ ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنى تاماق بىلەن كۈتۈۋالاتتى ۋە ئۇنىڭ چېچىنى تاراپ قوياتتى ھەمدە ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە مەھرەم بولغانلىقى ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ قېشىدا ئۇخلايتتى. بىر قىسىم ئالىملار ئۇممۇ

سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «(چۇشۇمدە) ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر اللە يولىدا غازات قىلىش ئۈچۈن خۇددى تەخت ئۈستىدىكى شاھلاردەك كېمە بىلەن دېڭىزدا كېتىۋاتقۇدەك» دېدى. ئۇممۇ ھەرام: «ئى رەسۇلۇللاھ! اللە نىڭ مېنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىشىغا دۇئا قىلساڭ» دېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى. ئاندىن بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالدى ۋە يەنە كۈلگەن پېتى ئويغاندى. ئۇممۇ ھەرام: «ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن كۈلۈپ كەتتىڭ؟» دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ يۇقىرىقىدەك چۈش كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇممۇ ھەرام: «ئى رەسۇلۇللاھ! اللە نىڭ مېنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىشىغا دۇئا قىلساڭ» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سىز ئاۋۋالقى قېتىمقىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدىڭىز» دېدى.

دەرۋەقە، ئۇممۇ ھەرام مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە دېڭىز سەپىرىگە قاتناشتى ۋە قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇلىغىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ۋاپات بولدى.①

**198. عن أنس رضي الله عنه قال: لما كان يوم أحد، انهزم الناس عن النبي ﷺ. قال: ولقد رأيت عائشة بنت أبي بكر، وأم سليم وإنهما لمشمرتان، أرى خدم سوقهما تنقلان القرب على متونهما، ثم تفرغانه في أفواه القوم، ثم ترجعان فتملآنها، ثم تجيئان فتفرغانها في أفواه القوم.**

198. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇھۇد غازىتى كۈنى بىر قىسىم كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ نى تاشلاپ قاچقاندا، مەن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھالارنىڭ پۇشقاقلىرىنى تۈرگەن ھالدا سۇ توشۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلار سۇ قاچىلانغان تۇلۇمنى مۈرىلىرىگە ئارتىپ كېلىپ، مۇجاھىدلارنىڭ ئاغزىغا قۇياتتى. تۇلۇمدىكى سۇ تۈگىسە يەنە سۇ تولدۇرۇپ كېلىپ، يەنە مۇجاھىدلارنىڭ ئاغزىغا قۇياتتى».②

---

ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئېمىلداش ھاممىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى» (نەۋەۋىنىڭ «**شرح صحيح مسلم**» ناملىق كىتابى 13- توم 58- بەت).

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**199. قال ثعلبة بن أبي مالك: إن عمر بن الخطاب رضي الله عنه، قسم مروطا بين نساء من نساء المدينة، فبقي مرط جيد، فقال له بعض من عنده: يا أمير المؤمنين، أعط هذا ابنة رسول الله ﷺ التي عندك، يريدون أم كلثوم بنت علي، فقال عمر: أم سليط أحق، وأم سليط من نساء الأنصار، ممن بايع رسول الله ﷺ، قال عمر: فإنها كانت تزفر لنا القرب يوم أحد.**

199. سەئلەبە ئىبنى ئەبۇ مالىك مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنە ئاياللىرىدىن بەزىلىرىگە كىيىم تارقىتىپ بەرگەندە بىر قۇر ئېسىل كىيىم ئېشىپ قالدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدىكىلەر: «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! بۇنى سىنىڭ ئايالىڭغا، يەنى ئەلىنىڭ قىزى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نەۋرىسى ئۇممۇ گۇلسۇمگە بەرگىن» دېگەندى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بۇنىڭغا ئۇممۇ سەلىت تېخىمۇ ھەقلىق، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ گە بەيئەت قىلغان ئەنسارى ئاياللاردىن بولۇپ، ئۇھۇد ئۇرۇشىدا بىزگە تۇلۇم بىلەن سۇ توشۇپ بەرگەندى» دېدى.[1]

**200. عن الربيع بنت معوذ رضي الله عنها قالت: كنا مع النبي ﷺ نسقي ونداوي الجرحى، ونرد القتلى إلى المدينة.**

200. رۇبەيىئ بىنتى مۇئەۋۋىز رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن غازاتقا چىققان ۋاقتىمىزدا مۇجاھىدلارغا سۇ توشۇپ بىرەتتۇق، يارىدارلارنى داۋالايتتۇق ۋە شەھىدلەرنىڭ جەسەتلىرىنى مەدىنىگە يۆتكەيتتۇق».[2]

**201. عن أنس رضي الله عنه، أن أم سليم اتخذت يوم حنين خنجرا، فكان معها، فرآها أبو طلحة، فقال: يا رسول الله، هذه أم سليم معها خنجر، فقال لها رسول الله ﷺ: «ما هذا الخنجر؟» قالت: اتخذته إن دنا مني أحد من المشركين، بقرت به بطنه، فجعل رسول الله ﷺ يضحك.**

201. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھۇنەيىن غازىتى كۈنى ئۇممۇ سۇلەيم نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆز يېنىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر خەنجەرنى ئېلىۋالغان ئىدى، ئەبۇ تەلھە بۇنى كۆرۈپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇممۇ سۇلەيمدە خەنجەر بار ئىكەن» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن: «بۇ نېمە خەنجەر؟» دەپ

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

سورىغانىدى، ئۇممۇ سۇلەيم: «مۇشرىكلارنىڭ بىرەرسى ماڭا يېقىنلىشىپ قالسا بۇنىڭ بىلەن قارنىنى بۆسۈۋېتەي دەپ ئېلىۋالدىم» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى.①

**202. وعن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: كان رسول الله ﷺ يغزو بأم سليم ونسوة من الأنصار معه إذا غزا، فيسقين الماء، ويداوين الجرحى.**

202. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ غازاتقا چىقسا ئۇممۇ سۇلەيم قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەنسارى ئاياللارنى بىللە ئېلىپ چىقاتتى. ئۇلار مۇجاھىدلارغا سۇ بېرىش ۋە يارىدارلارنى داۋالاش بىلەن مەشغۇل بولاتتى.②

**203. عن أم عطية الأنصارية رضي الله عنها قالت: غزوت مع رسول الله ﷺ سبع غزوات، أخلفهم في رحالهم، فأصنع لهم الطعام، وأداوي الجرحى، وأقوم على المرضى.**

203. ئۇممۇ ئەتىييە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىللە يەتتە قېتىم غازاتقا چىقتىم. ئۇلارنىڭ يۈك-تاقلىرىنى ساقلاپ، تاماقلىرىنى ئېتىپ بېرەتتىم، يارىدارلارنى داۋالايتتىم ۋە كېسەللەرگە قارايتتىم.③

## 32- باب

## دېڭىز جىهادىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇقلۇق جىهادىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى ھەققىدە

**204. عن أم حرام رضي الله عنها، عن النبي ﷺ أنه قال: «المائد في البحر الذي يصيبه القيء له أجر شهيد والغرق له أجر شهيدين».**

**والحميدي عنها بلفظ: قالت: ذكر رسول الله ﷺ غزاة البحر: «للمائد أجر شهيد، وللغرق أجر شهيدين». قالت فقلت: يا رسول الله! ادع الله عز وجل أن يجعلنى منهم، قال: «اللهم اجعلها منهم». فغزت البحر فلما خرجت ركبت دابتها فسقطت فماتت.**

204. ئۇممۇ ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر

① مۇسلىم توپلىغان.
② مۇسلىم توپلىغان.
③ مۇسلىم توپلىغان.

ﷺ مۇنداق دېگەن: «دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ سەۋەبىدىن بېشى قېيىپ قۇسقان كىشى بىر شەھىدنىڭ ئەجرىگە، غەرق بولۇپ ئۆلگەن كىشى ئىككى شەھىدنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ».[1]

ھۇمەيدى ئۇممۇ ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: پەيغەمبەر ﷺ دېڭىز غازىتىنى تىلغا ئېلىپ: «بېشى قېيىپ قۇسقان كىشى ئۈچۈن بىر شەھىدنىڭ ئەجرى، غەرق بولۇپ ئۆلگەن كىشى ئۈچۈن ئىككى شەھىدنىڭ ئەجرى بار» دېگەنىدى، مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! اللە نىڭ مېنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىشىغا دۇئا قىلساڭ» دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: «ئى اللە ! ئۇنى شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى. ئۇممۇ ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھا دېڭىز غازىتىغا چىقىپ ئۇلاغقا مىنگەندە يىقىلىپ چۈشۈپ ۋاپات بولدى.[2]

**205. عن أم حرام بنت ملحان رضي الله عنها قالت: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «أول جيش من أمتي يغزون البحر قد أوجبوا»، قالت أم حرام: قلت: يا رسول الله أنا فيهم؟ قال: «أنت فيهم»، ثم قال النبي ﷺ: «أول جيش من أمتي يغزون مدينة قيصر مغفور لهم»، فقلت: أنا فيهم يا رسول الله؟ قال: «لا».**

205. ئۇممۇ ھەرام بىنتى مىلھان رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «ئۈممىتىمدىن دېڭىزدا غازات قىلىدىغان تۇنجى قوشۇنغا (جەننەت) ۋاجىب بولدى» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇلارنىڭ قاتارىدىنمۇ؟» دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سىز ئۇلارنىڭ قاتارىدىن» دېدى. ئاندىن: «ئۈممىتىمدىن قەيسەر شەھىرىگە غازات قىلىدىغان تۇنجى قوشۇنىنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇلارنىڭ قاتارىدىنمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ياق» دېدى.[3]

**206. عن عبدالله بن عمرو بن العاص قال: قال رسول الله ﷺ: «غزوة في البحر خير من عشر غزوات في البر، ومن أجاز البحر فكأنما أجاز الأودية كلها، والمائد فيه كالمتشحط في دمه».**

---

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[3] بۇخارى توپلىغان.

206. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر قېتىملىق دېڭىز غازىتى ئون قېتىملىق قۇرۇقلۇق غازىتىدىن ياخشىدۇر، كىمكى دېڭىزنى كېزىپ ئۆتسە، ھەممە باياۋانلارنى كېزىپ ئۆتكەنگە باراۋەردۇر. دېڭىزدا بېشى قايغان كىشى ئۆزىنىڭ قېنىغا بويىلىپ ياتقان كىشىگە ئوخشاشتۇر».①

## 33 ـ باب

## جەڭدە تەكبىر ئېيتىشنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكى ھەققىدە

**207. عن أنس رضي الله عنه، أن النبي ﷺ خرج إلى خيبر، فجاءها ليلا، وكان إذا جاء قوما بليل لا يغير عليهم حتى يصبح، فلما أصبح خرجت يهود بمساحيهم ومكاتلهم، فلما رأوه قالوا: محمد والله، محمد والخميس، فقال النبي ﷺ: «الله أكبر، خربت خيبر إنا إذا نزلنا بساحة قوم، فساء صباح المنذرين».**

207. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ خەيبەرگە قاراپ يۈرۈش قىلىپ كېچىدە يېتىپ باردى. ئۇ بىرەر يۇرتقا يېتىپ بارسا تاڭ ئاتمىغۇچە ھۇجۇم قىلمايتتى. تاڭ ئاتقاندا، تېرىقچىلىق سايمانلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ (سېپىل سىرتىدىكى) ئېكىنزارلىقىغا چىقىپ كېتىۋاتقان خەيبەر يەھۇدىيلىرى بىزنى كۆرۈپ: «مۇھەممەد كەپتۇ! مۇھەممەد قوشۇن باشلاپ كەپتۇ!» دەپ ۋارقىراشقا (ۋە كەينىگە قاراپ قېچىشقا) باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ: «ئاللاھۇ ئەكبەر! خەيبەر ھالاك بولدى. بىز قانداق بىر دۈشمەننىڭ تەۋەلىكىگە كىرىدىكەنمىز، ئاگاھلاندۇرۇش بىرىلگەنلەرنىڭ ئەھۋالى يامان بولىدۇ» دېدى.②

## 34 ـ باب

① ھاكىم، تەبرانى ۋە بەيھەقى توپلىغان؛ ھاكىم «سەھىھ» دېگەن، زەھەبى «بۇخارىنىڭ شەرتىگە چۈشىدۇ» دېگەن.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

## جىھادقا تەييارلىق قىلىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُم مَّا اسْتَطَعْتُم مِّن قُوَّةٍ﴾ «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ تەييارلاڭلار»[①].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْ أَرَادُوا الْخُرُوجَ لَأَعَدُّوا لَهُ عُدَّةً وَلَٰكِن كَرِهَ اللَّهُ انبِعَاثَهُمْ فَثَبَّطَهُمْ وَقِيلَ اقْعُدُوا مَعَ الْقَاعِدِينَ﴾ «ئەگەر ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىش نىيىتى بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلاتتى لېكىن الله ئۇلارنىڭ چىقىشىنى ياقتۇرمىدى، (ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ھۇرۇنلۇقنى سېلىپ) ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇردى. (ئۇلارغا:) <ئۆيلىرىدە قېلىپ قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كىچىك باللار ۋە ئاجىزلار) بىلەن قېلىڭلار> دېيىلدى»[②].

**208. عن عقبة بن عامر رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ وهو على المنبر يقول: «﴿وَأَعِدُّوا لَهُم مَّا اسْتَطَعْتُم مِّن قُوَّةٍ﴾، ألا إن القوة الرمي، ألا إن القوة الرمي، ألا إن القوة الرمي».**

208. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ: <دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ تەييارلاڭلار>[③] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن: <بىلىپ قويۇڭلاركى، كۈچ تەييارلاش دېگەن ئوق ئېتىشتۇر! بىلىپ قويۇڭلاركى، كۈچ تەييارلاش دېگەن ئوق ئېتىشتۇر! بىلىپ قويۇڭلاركى، كۈچ تەييارلاش دېگەن ئوق ئېتىشتۇر!> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[④]»[⑤].

## 35 ـ باب

## الله يولىدا ئوق ئېتىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنى

[①] سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] سۈرە تەۋبە 46 ـ ئايەت.

[③] سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[④] سەنئانى بۇ ھەدىسنى شەرھىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تەييارلىق قىلىش ئوق ئېتىشقا ئادەتلىنىش بىلەن بولىدۇ، ياخشى ئاتالمىغان ئادەمنى كۈچ تەييارلىدى دېگىلى بولمايدۇ» («سبل السلام» 4 ـ توم 1374 ـ بەت).

[⑤] مۇسلىم توپلىغان.

# تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى

**209. عن أبي نجيح السلمي رضي الله عنه قال: حاصرنا مع النبي ﷺ حصن الطائف، فسمعت رسول الله ﷺ يقول: «من رمى بسهم في سبيل الله، فبلغه، فله درجة في الجنة». فقال رجل: يا نبي الله، إن رميت، فبلغت، فلي درجة في الجنة؟ قال: «فرمى فبلغ». قال: فبلغت يومئذ ستة عشر سهما.**

209. ئەبۇ نەجىھ سۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىللە تائىف قەلئەسىنى مۇھاسىرىگە ئالدۇق. شۇ چاغدا مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «كىمكى الله يولىدا دۈشمەنگە بىر پاي ئوق تەگكۈزسە، ئۇنىڭ جەننەتتىكى مەرتىۋىسى بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئوق ئېتىپ دۈشمەنگە تەگكۈزسەم، جەننەتتىكى مەرتىۋەم بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈلەمدۇ؟» دەپ سورىغانىدىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئېتىپ تەگكۈزسەڭ» دېدى. شۇ كۈنى مەن 16 تال ئوقنى دۈشمەنگە تەگكۈزدۈم.[1]

**210. عن كعب بن مرة رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «ارموا، من بلغ العدو بسهم رفع الله به درجة له»، فقال له عبد الرحمن بن النحام: يا رسول الله، وما الدرجة؟ قال: «أما إنها ليست بعتبة أمك ما بين الدرجتين مائة عام».**

210. كەئب ئىبنى مۇررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «(دۈشمەنلەرگە) ئېتىڭلار! كىمكى دۈشمەنگە بىر تال ئوق تەگكۈزسە، (قىيامەت كۈنى) الله ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى نەھام: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىر دەرىجە بىلەن يەنە بىر دەرىجىنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇ ئۆيۈڭنىڭ بوسۇغىسىچىلىك ئارىلىق ئەمەس بەلكى ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى 100 يىللىق مۇساپىدۇر» دېدى.[2]

**211. عن عمرو بن عبسة رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «من رمى بسهم في سبيل الله فهو له عدل محررة».**

211. ئەمر ئىبنى ئەبەسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ

[1] ئەھمەد، بەيھەقى ۋە ئىبنى ئەساكىر توپلىغان؛ شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەھمەد، نەسائى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى الله يولىدا بىر پاي ئوق ئاتسا، ئۇنىڭغا بىر قۇل ئازاد قىلغانىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ».[1]

**212. وعن عمرو بن عبسة رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «من شاب شيبة في سبيل الله كانت له نورا يوم القيامة، ومن رمى بسهم في سبيل الله فبلغ العدو أو لم يبلغ كان له كعتق رقبة، ومن أعتق رقبة مؤمنة كانت فداءه من النار عضوا بعضو».**

212. ئەمىر ئىبنى ئەبەسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «الله يولىدا چېچى ئاقارغان كىشىنىڭ ئاق چاچلىرى قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە نۇر بولىدۇ. كىمكى الله يولىدا دۈشمەنگە قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتسا، ئوق دۈشمەنگە تەگسۇن ياكى تەگمىسۇن ئاتقۇچىغا بىر قۇل ئازاد قىلغانىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ. كىمكى بىر مۇئمىن قۇلنى ئازاد قىلسا، قىيامەت كۈنى الله ئۇ قۇلنىڭ ھەربىر ئەزاسى ئۈچۈن ئازاد قىلغۇچىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى ئوتتىن ئازاد قىلىدۇ».[2]

**213. عن عطاء بن أبي رباح قال: رأيت جابر بن عبد الله وجابر بن عمير الأنصاري يرتميان فمل أحدهما فجلس، فقال له الآخر: كسلت، سمعت رسول الله ﷺ يقول : «كل شيء ليس من ذكر الله عز وجل فهو لهو أو سهو إلا أربع خصال: مشي الرجل بين الغرضين، وتأديبه فرسه، وملاعبة أهله، وتعلم السباحة».**

213. ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ مۇنداق دەيدۇ: مەن جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە جابىر ئىبنى ئۆمەير ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوق ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئاندىن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرۇۋالغاندى، يەنە بىرى ئۇنىڭغا: «ھورۇنلۇق قىلىۋاتامسەن؟! مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم: ‹الله نى زىكىر قىلىشتىن باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئىش ياكى خاتالىقتۇر لېكىن تۆت خىسلەت بۇنىڭدىن مۇستەسنا: ئىككى نىشان ئوتتۇرىسىدا مېڭىش،[3] ئېتىنى مەشىق قىلدۇرۇش، ئۆز ئايالى بىلەن ئوينىشىش ۋە سۇ ئۈزۈشنى

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسائى توپلىغان: ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[2] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئىككى نىشان ئوتتۇرىسىدا مېڭىش ــــ نىشان تاختىسى بەلگىلەپ، ئوقنى شۇ نىشانغا تەگكۈزۈشنى مەشىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆگىنىش> دېدى». [1]

**214. عن سلمة بن الأكوع رضي الله عنه قال: مر النبي ﷺ على نفر من أسلم ينتضلون، فقال النبي ﷺ: «ارموا بني إسماعيل، فإن أباكم كان راميا ارموا، وأنا مع بني فلان» قال: فأمسك أحد الفريقين بأيديهم، فقال النبي ﷺ: «ما لكم لا ترمون؟»، قالوا: كيف نرمي وأنت معهم؟ قال النبي ﷺ: «ارموا فأنا معكم كلكم».**

214. سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ئوق ئېتىشنى مەشىق قىلىۋاتقان ئەسلەم قەبىلىلىك كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «ئى ئىسمائىلنىڭ ئوغۇللىرى، ئېتىڭلار! سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ھەم مەرگەن ئىدى. ئېتىڭلار! مەن پالانى جەمەت تەرەپتە» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى گۇرۇھتىن بىرى ئوق ئېتىشتىن توختاپ قالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلاردىن: «سىلەرگە نېمە بولدى، ئاتمايسىلەرغۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئۇلار تەرەپتە تۇرساڭ قانداق ئاتىمىز؟!» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئېتىڭلار! مەن ھەممىڭلار تەرەپتە» دېدى. [2]

**215. عن علي رضي الله عنه قال: ما سمعت النبي ﷺ جمع أبويه لأحد إلا لسعد بن مالك، فإني سمعته يقول يوم أحد: «يا سعد ارم فداك أبي وأمي».**

215. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سەئىد ئىبنى مالىك (يەنى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس) تىن باشقا كىشىگە ئاتا-ئانىسىنى تەڭ تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ (پىدا قىلغانلىقىنى) ئاڭلاپ باقمىدىم. مەن ئۇھۇد جېڭى بولغان كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سەئىدكە: <ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ئى سەئىد! ئاتقىن> [3] دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان». [4]

---

[1] تەبرانى، نەسائى ۋە بەيھەقى توپلىغان: ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] ئەبۇ ئابدۇللاھ ھەلىمىي ئۆزىنىڭ «**شعب الإيمان**» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇھۇد غازىتى كۈنى سەئىد ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوق ئاتقاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىنى تەڭ تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا پىدا قىلغاندىن باشقا، ھېچبىر كىشىنىڭ ھېچبىر ئىش-ھەرىكىتىگە ئۇنداق دېمىگەنلىكى — ئوق ئېتىشنىڭ پەزىلىتىنىڭ نەقەدەر يۇقىرى ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر» («**شعب الإيمان**» 2- توم 496- بەت).

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**216. عن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: كان أبو طلحة يتترس مع النبي ﷺ بترس واحد، وكان أبو طلحة حسن الرمي، فكان إذا رمى تشرف النبي ﷺ، فينظر إلى موضع نبله.**

216. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ تەلھە بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئىككىسى بىر قالقاندا مۇداپىئەلىنەتتى. ئەبۇ تەلھە ئۇستا مەرگەن ئىدى شۇڭا ئۇ ئوق ئاتقاندا پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئاتقان ئوقنىڭ چۈشكەن يېرىگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ قويىاتتى.[1]

**217. وعن عقبة بن عامر رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «إن الله يدخل بالسهم الواحد ثلاثة نفر الجنة: صانعه يحتسب في صنعته الخير، والرامي به، ومنبله. وارموا واركبوا، وأن ترموا أحب إلي من أن تركبوا. وليس اللهو إلا في ثلاث: تأديب الرجل فرسه، وملاعبته أهله، ورميه بقوسه ونبله. ومن ترك الرمي بعد ما علمه رغبة عنه فإنها نعمة تركها» أو قال: «كفرها».**

217. ئوقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «اللە تائالا بىر پاي ئوق سەۋەبلىك ئۈچ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار: ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلىپ ياسىغۇچى، ئاتقۇچى ۋە ئاتقۇچىغا يەتكۈزۈپ بەرگۈچى. شۇڭا، ئوق ئېتىش ۋە ئات مىنىشنى مەشىق قىلىڭلار! ماڭا نىسبەتەن ئوق ئېتىپ مەشىق قىلغىنىڭلار ئات مىنىپ مەشىق قىلغىنىڭلاردىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر. مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئىش بىھۇدە ئويۇن ـ تاماشىغا كىرمەيدۇ: ئەر كىشىنىڭ ئېتىنى مەشىق قىلدۇرۇشى، ئايالى بىلەن ئوينىشىشى ۋە (يا بىلەن) ئوق ئېتىشى. كىمكى ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ تاشلىۋەتسە، نېئمەتنى تاشلىۋەتكەن بولىدۇ ياكى شۇ نېئمەتكە كاپىر بولغان بولىدۇ».[2]

**218. أن فقيما اللخمي، قال لعقبة بن عامر رضي الله عنه: تختلف بين هذين الغرضين وأنت كبير يشق عليك، قال عقبة رضي الله عنه: لولا كلام سمعته من رسول الله ﷺ لم أعانيه، قال الحارث: فقلت لابن شماسة: وما ذاك؟ قال: إنه قال: «من علم الرمي، ثم تركه، فليس منا» أو «قد عصى».**

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان؛ شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

218. فۇقەيم لەخمىي (ئىسمىلىك بىرى) ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ياشىنىپ قالغان تۇرۇپمۇ بۇ ئىككى نىشان ئارىسىدا ئوق ئېتىپ يۈرۈش ساڭا ئېغىر كەلمەمدۇ؟» دېگەنىدى، ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئەگەر مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىر سۆزىنى ئاڭلىمىغان بولسام بۇنچىۋالا قىلمىغان بولاتتىم» دېدى. ھارىس (راۋىي) مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى شىماسەدىن: «ئۇ قايسى سۆزكەن؟» دەپ سورىسام، ئىبنى شىماسە: «رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹كىمكى ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىپ بولۇپ ئاندىن ئۇنى تەرك ئەتسە بىزدىن ئەمەس› ياكى ‹بىزگە ئاسىي بولغان بولىدۇ› دېگەنىكەن[1]» دېدى.[2]

**219. عن عقبة بن عامر رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «ستفتح عليكم أرضون، ويكفيكم الله، فلا يعجز أحدكم أن يلهو بأسهمه».**

219. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «يات ئارىدا سىلەرگە نۇرغۇنلىغان زېمىنلار فەتىھ قىلىنىپ بېرىلىدۇ. الله سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ، شۇ ۋاقىتتا سىلەردىن بىرىڭلار ئۆزىدە مەرگەنلىكنى يېتىلدۈرۈشتىن بوشاپ قالمىسۇن».[3]

## 36 - باب

## الله يولىدا (يەنى جىھادتا) روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى

**220. عن أبي سعيد الخدري رضي الله عنه قال: سمعت النبي ﷺ يقول: «من صام يوما في سبيل الله، بعد الله وجهه عن النار سبعين خريفا».**

220. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى الله يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، الله ئۇنىڭ يۈزىنى دوزاختىن 70 يىللىق يىراق قىلىدۇ».[4]

**221. عن أبي أمامة رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «من صام يوما في سبيل الله جعل**

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] مۇسلىم توپلىغان.
[3] مۇسلىم توپلىغان.
[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**الله بينه وبين النار خندقا كما بين السماء والأرض».**

221. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، الله ئۇنىڭ بىلەن دوزاخ ئوتتۇرىسىدا كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىندەك كېلىدىغان بىر ئورەكنى پەيدا قىلىدۇ».[1]

**222. عن عمرو بن عبسة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «من صام يوما في سبيل الله بعدت منه النار مسيرة مائة عام».**

222. ئەمىر ئىبنى ئەبەسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، دوزاخ ئۇنىڭدىن 100 يىللىق مۇساپە يىراقلىشىدۇ».[2]

## 37 ـ باب

## ئاتنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنى جىھاد نىيىتىدە ياخشى پەرۋىش قىلىشنىڭ ساۋابى ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِنْ دُونِهِمْ لَا تَعْلَمُونَهُمُ اللَّهُ يَعْلَمُهُمْ وَمَا تُنْفِقُوا مِنْ شَيْءٍ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنْتُمْ لَا تُظْلَمُونَ﴾ «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن الله نىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر. ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، الله تونۇيدۇ. سىلەرنىڭ الله يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)».[3]

---

[1] تىرمىزى ۋە تەبرانى توپلىغان: ئابدۇقادىر ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن، نەۋەۋى ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەت.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْعَادِيَاتِ ضَبْحًا ۝ فَالْمُورِيَاتِ قَدْحًا ۝ فَالْمُغِيرَاتِ صُبْحًا ۝ فَأَثَرْنَ بِهِ نَقْعًا ۝ فَوَسَطْنَ بِهِ جَمْعًا ۝﴾ «(غازىلارنىڭ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشىدا) ھاسىراپ يۈگۈرگۈچى، (قاتتىق يۈگۈرگەنلىكتىن) تۇۋاقلىرىدىن ئوت چىقارغۇچى، ئەتىگەندە (دۈشمەن ئۈستىگە) باستۇرۇپ كىرگۈچى، (قاتتىق چاپقانلىقتىن) توپا ـ چاڭ چىقارغۇچى، شۇ توپا ـ چاڭ بىلەن دۈشمەن توپى ئىچىگە كىرىپ كەتكۈچى ئاتلار بىلەن قەسەمكى [1ـ5]». ①

**223. وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «من احتبس فرسا في سبيل الله، إيمانا بالله، وتصديقا بوعده، فإن شبعه، وريه وروثه، وبوله في ميزانه يوم القيامة».**

223. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله قا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ھالدا الله يولىغا (يەنى جىھادقا) ئاتاپ ئات باقسا، ئۇ ئاتنىڭ يەپ ـ ئىچكىنى، تېزەكلىگىنى ۋە سىيگەنلىرىدىن تارتىپ قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ياخشىلىق تارازىسىغا سېلىپ تارتىلىدۇ». ②

**224. وعن عروة البارقي رضي الله عنه، أن النبي ﷺ قال: «الخيل معقود في نواصيها الخير إلى يوم القيامة».**

224. ئۇرۋە بارىقىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ كوكۇلىسىغا قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق پۈتۈلگەندۇر». ③

**225. وعن عروة البارقي رضي الله عنه، أن النبي ﷺ قال: «الخيل معقود في نواصيها الخير إلى يوم القيامة: الأجر، والمغنم».**

225. ئۇرۋە بارىقىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ كوكۇلىسىغا قىيامەت كۈنىگىچە ئەجىر ۋە غەنىيمەتتىن ئىبارەت ياخشىلىق پۈتۈلگەندۇر». ④

**226. عن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «البركة في نواصي**

---

① سۈرە ئادىيات 1 ـ ئايەتتىن 5 ـ ئايەتكىچە.

② بۇخارى توپلىغان.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

④ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

الخيل».

226. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ كۆكۈلىسىدا بەرىكەت باردۇر». [1]

**227. عن أبي كبشة الأنماري رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «الخيل معقود في نواصيها الخير وأهلها معانون عليها، والمنفق عليها كالباسط يده بالصدقة».**

227. ئەبۇ كەبشە ئەنمارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ كۆكۈلىسىغا ياخشىلىق پۈتۈلگەندۇر، ئىگىسى بۇ ئات سەۋەبلىك (الله نىڭ ياردىمىگە) ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭغا مال سەرپ قىلغۇچى سەدىقە ئۈچۈن قولىنى ئېچىۋەتكەن (يەنى توختىماي خەير-ئېھسان قىلىپ تۇرىدىغان) كىشىگە ئوخشايدۇ». [2]

**228. عن جابر بن عبد الله رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «الخيل معقود في نواصيها الخير والنيل إلى يوم القيامة، وأهلها معانون عليها، فامسحوا بنواصيها، وادعوا لها بالبركة».**

228. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ كۆكۈلىسىغا قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق ۋە غەنىيمەت پۈتۈلگەن. ئۇنىڭ كۆكۈلىسىنى سىلاڭلار، (الله تىن) ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەڭلار!». [3]

**229. عن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: لم يكن شيء أحب إلى رسول الله ﷺ بعد النساء من الخيل.**

229. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈچۈن ئاياللاردىن قالسا ئاتتىنمۇ سۆيۈملۈكرەك نەرسە يوق ئىدى». [4]

**230. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «الخيل ثلاثة: هي لرجل وزر، وهي لرجل ستر، وهي لرجل أجر. فأما التي هي له وزر فرجل ربطها رياء وفخرا ونواء على أهل الإسلام، فهي له وزر، وأما التي هي له ستر، فرجل ربطها في سبيل الله، ثم لم ينس**

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] تەبرانى، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[4] نەسائى توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

**حق الله في ظهورها، ولا رقابها، فهي له ستر، وأما التي هي له أجر، فرجل ربطها في سبيل الله لأهل الإسلام في مرج، أو روضة فما أكلت من ذلك المرج أو الروضة من شيء إلا كتب له عدد ما أكلت حسنات وكتب له عدد أرواثها وأبوالها حسنات، ولا تقطع طولها فاستنت شرفا أو شرفين إلا كتب الله له عدد آثارها، وأرواثها حسنات، ولا مر بها صاحبها على نهر، فشربت منه، ولا يريد أن يسقيها إلا كتب الله له عدد ما شربت حسنات».**

230. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئات ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، ئۇ بەزىلەر ئۈچۈن گۇناھ ئېلىپ كېلىدۇ، بەزىلەر ئۈچۈن دوزاختقا پەردە بولىدۇ، يەنە بەزىلەرگە ساۋاب ئېلىپ كېلىدۇ. ئىگىسىگە گۇناھ ئېلىپ كېلىدىغان ئات بولسا رىيا، مەنمەنچىلىك قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىش ئۈچۈن بېقىلغان ئاتتۇر. دوزاختقا پەردە بولىدىغان ئات بولسا، جىھادتىن باشقا ياخشى ئىشلار ئۈچۈن بېقىلغان، ئىگىسى ئۇ ئاتنىڭ ئۈستىدىكى ۋە ئۆز گەدىنىدىكى الله نىڭ ھەققىنى ئۇنتۇمىغان ئاتتۇر. ئىگىسىگە ساۋاب ئېلىپ كېلىدىغان ئات بولسا، ئەھلى ئىسلام ئۈچۈن الله يولىدا بىرەر يايلاق ياكى بىرەر باغقا باغلاپ قويۇلغان ئاتتۇر. ئۇنىڭ يايلاق ياكى باغدىن يېگەن ئوتلىرى ياكى تېزەكلىگەن تېزەكلىرى ۋە ياكى سىيگەن سۈيدۈكلىرى مىقدارىدا نۇرغۇن ساۋاب بېرىلىدۇ. ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋېلىپ ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرگەن ۋاقىتتا دەسسىگەن ھەربىر قەدىمى ۋە تېزەكلىگەن ھەربىر تېزىكىگىمۇ الله نۇرغۇن ساۋابلارنى يازىدۇ. ئىگىسى ئۇنى مىنىپ بىرەر ئېرىقتىن ئۆتسىلا، گەرچە ئىگىسىنىڭ ئۇنى سۇغۇرۇش نىيىتى بولمىغان ھالەتتە ئۇ ئېرىقتىن ئۆزى ئىچىۋالغان ھەربىر يۇتۇم سۇ ئۈچۈنمۇ الله نۇرغۇن ساۋاب يازىدۇ».[①]

**231. عن عبد الله بن مسعود رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «الخيل ثلاثة، ففرس للرحمن، وفرس للإنسان، وفرس للشيطان، فأما فرس الرحمن: فالذي يربط في سبيل الله، فعلفه وروثه وبوله، وذكر ما شاء الله. وأما فرس الشيطان: فالذي يقامر أو يراهن عليه. وأما فرس الإنسان: فالفرس يرتبطها الإنسان يلتمس بطنها، فهي تستر من فقر».**

231. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتلار: راھمان (يەنى الله )نىڭ ئېتى، ئىنساننىڭ

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئېتى ۋە شەيتاننىڭ ئېتى دەپ ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. رەھمان تائالانىڭ ئېتى بولسا، الله يولىدا ئىشلىتىلىدىغان ئات بولۇپ، ئۇنىڭ ھەلپى، تېزىكى ۋە سۈيدۈكى قاتارلىق ھەرقانداق نەرسىسىدە ياخشىلىق بار؛ شەيتاننىڭ ئېتى بولسا، قىمار ياكى قول باغلىشىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئاتتۇر؛ ئىنساننىڭ ئېتى بولسا، ماددىي جەھەتتىن پايدىلىنىدىغان ئات بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ نامراتلىق ھاجىتىدىن چىقىدۇ». [1]

**232. عن رجل من الأنصار رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «الخيل ثلاثة فرس يرتبطه الرجل في سبيل الله عز وجل فثمنه أجر وركوبه أجر وعاريته أجر وفرس يغالق عليه الرجل ويراهن فثمنه وزر وركوبه وزر وفرس للبطنة فعسى أن يكون سدادا من الفقر إن شاء الله».**

232. ئەنسارىلاردىن بولغان بىرەيلەندىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئات ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: 1. مۇسۇلمان كىشى الله يولىدا باغلىغان ئات بولۇپ، ئۇنىڭ پۇلى، مىنىشى ۋە ئارىيەتكە بېرىشى ئەجىردۇر؛ 2. گۆرۈگە قويغان نەرسىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن قىمارغا دوغا تىكىدىغان ۋە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى قول باغلىشىدىغان ئات بولۇپ، ئۇنىڭ پۇلى ۋە ئۇنى مىنىش گۇناھتۇر؛ 3. تۇرمۇش ئۈچۈن باققان ئات بولۇپ، الله خالىسا بۇ كىشىنىڭ كەمبەغەللىكىنى قامدىشى مۇمكىن». [2]

**233. عن أسماء بنت يزيد رضي الله عنها قالت: قال رسول الله ﷺ: «الخيل في نواصيها الخير معقود أبدا إلى يوم القيامة، فمن ربطها عدة في سبيل الله، وأنفق عليها احتسابا في سبيل الله فإن شبعها وجوعها، وريها، وظمأها، وأرواثها، وأبوالها فلاح في موازينه يوم القيامة، ومن ربطها رياء، وسمعة، وفرحا، ومرحا فإن شبعها، وجوعها، وريها، وظمأها، وأرواثها، وأبوالها خسران في موازينه يوم القيامة».**

233. ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ كۆكۈلىسىغا تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق چىگىلگەندۇر. كىمكى ئۇ ئاتنى الله يولىدا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن باغلاپ ۋە الله يولىدا ساۋاب ئۈمىد قىلىپ چىقىم قىلغان بولسا؛ ئاتنىڭ تويغىنى، ئاچ قالغىنى، سۇغا قانغىنى، ئۇسسىغىنى، تېزەكلىرى ۋە

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

سۈيدۈكلىرى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ تارازىسىغا قويۇلۇپ، ئۇ كىشىنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ.

كىمكى ئۇ ئاتنى رىيا قىلىپ، نام ئاتاققا ئېرىشىش، كۆڭلىنى خۇش قىلىش، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن باغلىغان بولسا؛ ئۇ ئاتنىڭ تويغىنى، ئاچ قالغىنى، سۇغا قانغىنى، ئۇسسىغىنى، تېزەكلىرى ۋە سۈيدۈكلىرى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ تارازىسىغا قويۇلۇپ، ئۇ كىشىگە زىيان ئېلىپ كېلىدۇ». [1]

**234. عن أبي ذر رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «ما من فرس عربي إلا يؤذن له عند كل سحر بدعوتين: اللهم خولتني من خولتني من بني آدم وجعلتني له، فاجعلني أحب أهله وماله إليه».**

234. ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق ئەرەب ئېتى ئۈچۈنلا ھەر سەھەر ۋاقتىدا مۇنداق ئىككى دۇئا قىلىشقا ئىجازەت بېرىلگەن: ئى الله! مېنى مۇشۇ ئادەم بالىسىنىڭ مۈلكى قىلدىڭ، شۇڭا مېنى ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە مال-مۈلكىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكى قىلغىن». [2]

**235. عن أبي وهب الجشمي رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «ارتبطوا الخيل، وامسحوا بنواصيها وأعجازها وقلدوها ولا تقلدوها الأوتار».**

235. ئەبۇ ۋەھەب جۇشەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئات بېقىڭلار، پېشانىسىنى ۋە ساغرىسىنى سىلاڭلار، بويىنىغا بىر نەرسە ئېسىپ قويۇڭلار ئەمما تارا ئاسماڭلار!». [3]

## 38- باب

## ياخشى ئاتلارنىڭ سۈپىتى

**236. عن أبي قتادة رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «خير الخيل الأدهم الأقرح الأرثم،**

[1] ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[2] نەسائى، ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

ثم الأقرح المحجل، طلق اليمين، فإن لم يكن أدهم فكميت على هذه الشية».

236. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتلارنىڭ ياخشىسى ــ قاشقىلىق، ئۈستۈن كالپۇكى ياكى بۇرنى ۋە ئۈچ پۇتى ئاق قارىگىردۇر؛ ئۇندىن قالسا، قارىگىر بولمىغان تەقدىردىمۇ يۇقىرىدىكى سۈپەتكە ئىگە چىلانتورۇقتۇر».[1]

237. عن ابن عباس رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «يمن الخيل في شقرها».

237. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ بەرىكەتلىكى بوزلۇقىدىدۇر».[2]

238. قال راشد بن سعد: «كان السلف يستحبون الفحولة، لأنها أجرى وأجسر».

238. راشىد ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: «ئايغىر ئات يۈگۈرۈك ۋە جاسارەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇرۇنقىلار ئۇنى ياخشى كۆرەتتى».[3]

239. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: كان رسول الله ﷺ يكره الشكال من الخيل. والشكال: أن يكون الفرس في رجله اليمنى بياض، وفي يده اليسرى، أو في يده اليمنى ورجله اليسرى.

239. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ رەڭگى چاپراس ئاتلارنى ياخشى كۆرمەيتتى. چاپراس دېگەندە، ئوڭ ئارقا پۇتى بىلەن سول ئالدى پۇتى ياكى ئوڭ ئالدى پۇتى بىلەن سول ئارقا پۇتى ئاق بولغان ئاتلارنى كۆرسىتىدۇ.[4]

## 39 ـ باب

## شەرىئەتكە زىت شەرتلەر قويۇلمىغان مۇسابىقىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى ھەققىدە

240. عن ابن عمر رضي الله عنهما قال: أجرى النبي ﷺ ما ضمر من الخيل من الحفياء إلى ثنية الوداع، وأجرى ما لم يضمر من الثنية إلى مسجد بني زريق. قال ابن عمر: وكنت

[1] تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى ۋە ئابدۇقادىر ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.
[3] بۇخارى توپلىغان.
[4] مۇسلىم توپلىغان.

**فيمن أجرى. قال سفيان: بين الحفياء إلى ثنية الوداع خمسة أميال أو ستة، وبين ثنية إلى مسجد بني زريق ميل.**

240. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ مەشىق قىلدۇرۇلۇپ ئورۇقلىتىلغان ئاتلارنى ھەفيا بىلەن ۋەدا داۋىنىنىڭ ئارىلىقىدا، مەشىق قىلدۇرۇلماي سەمرىپ كەتكەن ئاتلارنى ۋەدا داۋىنى بىلەن بەنى زۇرەيق مەسجىدى ئارىسىدا بەيگىگە سالاتتى. شۇ بەيگىلەردە مەنمۇ بار ئىدىم». سۇفيان مۇنداق دەيدۇ: «ھەفيا بىلەن ۋەدا داۋىنىنىڭ ئارىلىقى بەش ـ ئالتە مىل، ۋەدا داۋىنى بىلەن بەنى زۇرەيق مەسجىدىنىڭ ئارىلىقى بىر مىل (تەخمىنەن 1700 مېتىر) كېلەتتى».[①]

**241. وعن ابن عمر رضي الله عنهما: أن رسول الله ﷺ سبق بين الخيل، وفضل القرح في الغاية.**

241. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئاتلارنى بەيگىگە سالاتتى ۋە يىراق مۇساپە ئۈچۈن بەش ياشقا قەدەم قويغان ئاتلارنى تاللايتتى».[②]

**242. وعن ابن عمر رضي الله عنهما: أن النبي ﷺ سابق بين الخيل وجعل بينها سبقاً وجعل فيها محللاً.**

242. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئاتلارنى بەيگىگە سېلىپ، مۇكاپات بەلگىلىگەن ۋە ئات بەيگىسىنىڭ مۇكاپاتىنى ھالال قىلغان».[③]

**243. عن لمازة بن زبار قال: أرسلت الخيل زمن الحجاج، فقلنا: لو أتينا الرهان قال: فأتيناه، ثم قلنا: لو ملنا إلى أنس بن مالك فسألناه: هل كنتم تراهنون على عهد رسول الله ﷺ؟ قال: فأتيناه فسألناه، فقال: نعم لقد راهن على فرس له، يقال له سبحة فسبق الناس، فبهش لذلك، وأعجبه.**

243. لۇمازە ئىبنى زەببار مۇنداق دەيدۇ: ھەججاجنىڭ زامانىدا ئاتلارنى بەيگىگە سېلىپ، ئۆز ئارىمىزدا: «باغلىشىپ باقامدۇق؟» دېيىشتۇق ۋە

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

③ تەبرانى توپلىغان، ھەيسەمى «سەھىھ» دېگەن.

شۇنداق قىلدۇق. كېيىن ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «سەلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ زامانىدا باغلىشامتىڭلار؟» دەپ سوراپ باقايلى دېيىشتۇق ۋە ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ ھەقتە سورىغاندۇق، ئۇ: «ھەئە، پەيغەمبەر ﷺ سۇبھە دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئات ئۇستىدە باغلاشتى. ئۇ ئات ھەممىسىنى بېسىپ چۈشكەندى، پەيغەمبەر ﷺ بەكمۇ خۇش بولۇپ، كۆڭلى يايراپ كەتتى» دېدى. ①

**244. عن أنس رضي الله عنه قال: كان للنبي ﷺ ناقة تسمى العضباء، لا تسبق - قال حميد: أو لا تكاد تسبق - فجاء أعرابي على قعود فسبقها، فشق ذلك على المسلمين حتى عرفه، فقال: «حق على الله أن لا يرتفع شيء من الدنيا إلا وضعه».**

244. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەزبائ ئىسىملىك بىر تۆگىسى بار بولۇپ، باشقا تۆگىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيتتى ياكى يېتىشۇالالمايتتى. بىر ئەئرابى ئۆزىنىڭ مىنىدىغان تۆگىسى بىلەن مۇسابىقىلىشىپ ئەزبائنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئىش مۇسۇلمانلارغا ئېغىر كەلگەندى، پەيغەمبەر ﷺ بۇنى بىلىپ: «دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر نەرسىنىڭ مەرتىۋىسى كۆتۈرۈلسە، ئۇنى ئۆز ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويۇش بولسا الله نىڭ قانۇنىيىتىدۇر» دېدى. ②

**245. عن سلمة بن الأكوع رضي الله عنه قال: وكان رجل من الأنصار لا يسبق شدا، قال: فجعل يقول: ألا مسابق إلى المدينة؟ هل من مسابق؟ فجعل يعيد ذلك قال: فلما سمعت كلامه، قلت: أما تكرم كريما، ولا تهاب شريفا، قال: لا، إلا أن يكون رسول الله ﷺ، قال: قلت: يا رسول الله، بأبي وأمي، ذرني فلأسابق الرجل، قال: «إن شئت»، قال: قلت: اذهب إليك وثنيت رجلي، فطفرت فعدوت، قال: فربطت عليه شرفا - أو شرفين - أستبقي نفسي، ثم عدوت في إثره، فربطت عليه شرفا - أو شرفين -، ثم إني رفعت حتى ألحقه، قال: فأصكه بين كتفيه، قال: قلت: قد سبقت والله، قال: أنا أظن، قال: فسبقته إلى المدينة.**

245. سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدىغان ئەنسارىلاردىن بىرى:

— مەن بىلەن مۇسابىقىلىشىدىغانلار بارمۇ؟ كىم مەن بىلەن مەدىنىگىچە

① ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

② بۇخارى توپلىغان.

مۇسابىقىلىشەلەيدۇ؟ — دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن توۋلىغىلى تۇردى، مەن ئۇنىڭغا:

— پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۆرمىتىنى قىلمامسەن، يۈز ـ ئابرۇيلۇق كىشىدىن تەپ تارتمامسەن؟ — دېسەم، ئۇ:

— ياق، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇنىڭدىن مۇستەسنا، — دېدى. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن. رۇخسەت قىلساڭ، بۇ ئادەم بىلەن مۇسابىقىلەشسەم، — دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ:

— مەيلى ئىختىيارىڭ! — دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا:

— قېنى ئەمىسە، باشلا! — دېدىم ۋە تۆگىدىن سەكرەپ چۈشتۈم. ئۆزۈمنى ھاردۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن بىر ـ ئىككى دۆڭدىن ئۆتۈپ ئازراق دەم ئالدىم، ئاندىن يەنە يۈگۈرۈپ بىر ـ ئىككى دۆڭدىن ئۆتۈپ يەنە دەم ئېلىۋالدىم. ئاندىن سۈرئىتىمنى تېزلىتىپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدىم ـ دە، مۈرىسىگە بىرنى ئۇرۇپ:

— الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئارقامدا قالدىڭ، — دېدىم، ئۇ:

— شۇنداق بولدى، — دېدى. شۇنداق قىلىپ مەدىنىگە ئۇنىڭدىن بۇرۇن يېتىپ باردىم.[1]

## 40 ـ باب

# كۇفۇر دىيارىدا ئىبادەتلىرىنى ئاشكارا قىلىشقا ۋە دىنىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقا قادىر بولالمىغان كىشىنىڭ ھىجرەت قىلىشى ۋاجىب ئىكەنلىكى ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ تَوَفَّاهُمُ الْمَلَائِكَةُ ظَالِمِي أَنفُسِهِمْ قَالُوا فِيمَ كُنتُمْ قَالُوا كُنَّا مُسْتَضْعَفِينَ فِي الْأَرْضِ قَالُوا أَلَمْ تَكُنْ أَرْضُ اللَّهِ وَاسِعَةً فَتُهَاجِرُوا فِيهَا فَأُولَئِكَ مَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ وَسَاءَتْ مَصِيرًا﴾ «ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار)نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: <(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟> دەپ سورايدۇ. ئۇلار: <زېمىندا بىز (دىنىنى بەرپا قىلىشتىن)

[1] مۇسلىم توپلىغان.

بوزەك قىلىنغان ئىدۇق> دەيدۇ. پەرىشتىلەر: <ھىجرەت قىلساڭلار اللە نىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟> دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغان)لارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!».[①]

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ آمَنُوا وَلَمْ يُهَاجِرُوا مَا لَكُمْ مِنْ وَلَايَتِهِمْ مِنْ شَيْءٍ حَتَّى يُهَاجِرُوا وَإِنِ اسْتَنْصَرُوكُمْ فِي الدِّينِ فَعَلَيْكُمُ النَّصْرُ إِلَّا عَلَى قَوْمٍ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُمْ مِيثَاقٌ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾ «ئىمان ئېيتقان ئەمما ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆزئارا ئىگە بولۇش (يەنى ياردەملىشىش، مىراسخور بولۇش) بولمايدۇ. ئەگەر دىن ئىشىدا ئۇلار سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك، اللە سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر».[②]

**246. عن الحارث الأشعرى رضي الله عنه، عن النبى ﷺ قال: «وأنا آمركم بخمس الله أمرني بهن: بالجماعة، والسمع، والطاعة، والهجرة، والجهاد في سبيل الله».**

246. ھارىس ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرنى اللە مېنى بۇيرۇغان بەش ئىشقا بۇيرۇيمەن: جامائەت بولۇش، (ئەمىرنىڭ) سۆزىنى ئاڭلاش، (ئەمىرگە) ئىتائەت قىلىش، ھىجرەت ۋە اللە يولىدا جىھاد قىلىش».[③]

**247. عن جرير بن عبد الله رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «أنا بريء من كل مسلم يقيم بين أظهر المشركين».**

247. جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا ياشايدىغان ھەرقانداق مۇسۇلماندىن بىزار».[④]

**248. عن سمرة بن جندب رضي الله عنه قال: أما بعد، قال رسول الله ﷺ: «من جامع المشرك وسكن معه فإنه مثله».**

---

① سۈرە نىسا 97- ئايەت.

② سۈرە ئەنفال 72- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

④ ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئىبنى ھەجەر ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

248. سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەقسەتكە كەلسەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: <كىمكى مۇشرىكلارغا قوشۇلۇپ كەتسە ۋە ئۇلار بىلەن بىر يەردە ياشىسا، شۈبھىسىزكى، ئۇمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ>». ①

**249. عن جرير بن عبد الله رضي الله عنه قال: أتيت رسول الله ﷺ أبايعه، فقلت: هات يدك واشترط علي وأنت أعلم بالشرط، فقال: «أبايعك على أن لا تشرك بالله شيئا، وتقيم الصلاة، وتؤتي الزكاة، وتنصح المسلم، وتفارق المشرك».**

249. جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بەيئەت بېرىش ئۈچۈن كېلىپ: «ماڭا قولۇڭنى بەرگىن ۋە شەرت قويغىن، سەن شەرتنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىسەن» دېگەنىدىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «<الله قا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە، مۇسۇلمانلارغا سەمىمىي بولۇشقا ۋە مۇشرىكلاردىن ئايرىلىشقا بەيئەت بېرىمەن> دېگىن» دېدى. ②

**250. وعن جرير رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «برئت الذمة ممن أقام مع المشركين في ديارهم».**

250. جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇشرىكلارنىڭ يۇرتىدا ئۇلار بىلەن بىللە تۇرغان كىشىدىن الله نىڭ ئەھدىسى ئادا ـ جۇدادۇر». ③

## 41 ـ باب

## ھىجرەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَالَّذِينَ هَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أُولَٰئِكَ يَرْجُونَ رَحْمَتَ اللَّهِ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾ «شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار، ھىجرەت قىلغانلار ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار، ئەنە شۇنداق كىشىلەر الله نىڭ

① ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

③ تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر». ①

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَالَّذِينَ هَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أُولَئِكَ يَرْجُونَ رَحْمَتَ اللَّهِ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾ «ئاندىن (ئى مۇھەممەد!) زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن ھەقىقەتەن ھىجرەت قىلغان، ئاندىن (الله نىڭ يولىدا) جىھاد قىلغان ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغانلارغا پەرۋەردىگارىڭ (مەغپىرەت قىلىدۇ). شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ شۇنىڭدىن (يەنى ئۇلارنىڭ ھىجرەت، جىھاد، سەۋر قىلغىنىدىن) كېيىن ئۇلارغا ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھمەت قىلغۇچىدۇر». ②

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ آوَوْا وَنَصَرُوا أُولَئِكَ هُمُ الْمُؤْمِنُونَ حَقًّا لَهُمْ مَغْفِرَةٌ وَرِزْقٌ كَرِيمٌ﴾ «ئىمان ئېيتقانلار، (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار، الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارىلار) ـــ ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر، ئۇلار(نىڭ گۇناھى) مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار (جەننەتتە) ئېسىل رىزىققا ئىگە بولىدۇ». ③

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ أَعْظَمُ دَرَجَةً عِنْدَ اللَّهِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ﴾ «ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر». ④

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ هَاجَرُوا فِي اللَّهِ مِنْ بَعْدِ مَا ظُلِمُوا لَنُبَوِّئَنَّهُمْ فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَلَأَجْرُ الْآخِرَةِ أَكْبَرُ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ﴾ «زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن الله يولىدا ھىجرەت قىلغانلارنى دۇنيادا چوقۇم ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇرىمىز، ئۇلار

① سۈرە بەقەرە 218_ ئايەت.

② سۈرە نەھل 110_ ئايەت.

③ سۈرە ئەنفال 74_ ئايەت.

④ سۈرە تەۋبە 20_ ئايەت.

بىلىدىغان بولسا ئۇلارغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابى تېخىمۇ چوڭدۇر». [1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يُهَاجِرْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يَجِدْ فِي الْأَرْضِ مُرَاغَمًا كَثِيرًا وَسَعَةً وَمَنْ يَخْرُجْ مِنْ بَيْتِهِ مُهَاجِرًا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ يُدْرِكْهُ الْمَوْتُ فَقَدْ وَقَعَ أَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا﴾ «كىمكى الله يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ. كىمكى ئۆيىدىن الله نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى الله چوقۇم بېرىدۇ. الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر». [2]

**251. عن عمرو بن العاص رضي الله عنه قال: فلما جعل الله الإسلام في قلبي أتيت النبي ﷺ فقلت: ابسط يمينك فلأبايعك، فبسط يمينه فقبضت يدي، فقال: «ما لك يا عمرو؟» قلت: أردت أن أشترط، قال ﷺ: «تشترط ماذا؟» قلت: أن يغفر لي، قال ﷺ: «أما علمت أن الإسلام يهدم ما كان قبله، وأن الهجرة تهدم ما كان قبلها، وأن الحج يهدم ما كان قبله؟».**

251. ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: الله قەلبىمنى ئىسلام بىلەن نۇرلاندۇرغاندىن كېيىن، مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئوڭ قولۇڭنى بەرگىن، مەن ساڭا بەيئەت قىلىمەن» دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ ئوڭ قولىنى ماڭا سۇنغانىدى، مەن قولۇمنى تارتىۋالدىم. پەيغەمبەر ﷺ: «ئەمىر، بۇ نېمە ئىش؟» دېدى. مەن: «بىر شەرتىم بار» دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇ نېمە شەرت؟» دەپ سورىدى. مەن: «گۇناھىمنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى» دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: «سەن ئەجەبا ئىسلامغا كىرىشنىڭ بۇندىن بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلارنى يۇيىدىغانلىقىنى، ھىجرەت قىلىشنىڭ بۇندىن بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلارنى ئۆچۈرىدىغانلىقىنى، ھەج قىلىشنىڭ بولسا بۇندىن بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلارنى يوققا چىقىرىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟!» دېدى. [3]

**252. عن عبد الله بن عمرو بن العاص رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «إن أول ثلة تدخل الجنة الفقراء المهاجرون، الذين تتقى بهم المكاره، إذا أمروا سمعوا وأطاعوا، وإن كانت لرجل منهم حاجة إلى السلطان، لم تقض له حتى يموت وهي في صدره».**

252. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن

---

[1] سۈرە نەھل 41- ئايەت.

[2] سۈرە نىسا 100- ئايەت.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «تۇنجى بولۇپ جەننەتكە كىرىدىغانلار پېقىر مۇھاجىرلاردۇر. ئۇلار ئارقىلىق جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يەڭگىللى بولىدۇ. ئۇلار ھەققە بۇيرۇلسا ئاڭلايدۇ ۋە ئىتائەت قىلىدۇ. گەرچە ئۇلاردىن بىرىنىڭ پادىشاھقا ھاجىتى بولسىمۇ لېكىن ھاجىتى ئورۇنلانماي كۆڭلىدە ساقلىنىپ قالغان ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىدۇ».[①]

**253. عن أبي مالك الأشعري رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «من فصل في سبيل الله فمات أو قتل فهو شهيد، أو وقصه فرسه أو بعيره، أو لدغته هامة، أو مات على فراشه بأي حتف شاء الله مات فإنه شهيد وإن له الجنة».**

253. ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى الله يولىدا ئۆيىدىن ئايرىلىپ ئۆلسە ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ چوقۇم شەھىد بولىدۇ. ناۋادا ئۇنى ئېتى ياكى تۆگىسى ئېتىۋېتىپ بويىنىنى سۇندۇرۇۋەتكەن، ياكى زەھەرلىك ھايۋانلار چېقىۋالغان، ياكى ئۇ كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلۈپ قالغان ۋە ياكى الله خالىغان بىرەر سەۋەب بىلەن ئۆلۈپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇ چوقۇم شەھىد ھېسابلىنىدۇ ۋە جەننەتكە كىرىدۇ».[②]

**254. عن كثير بن مرة، أن أبا فاطمة حدثه، أنه قال: يا رسول الله، حدثني بعمل أستقيم عليه وأعمله، قال له رسول الله ﷺ: «عليك بالهجرة، فإنه لا مثل لها».**

254. كەسىر ئىبنى مۇررەدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئەبۇ فاتىمە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا بىر ئەمەلنى سۆزلەپ بەرگىنكى، ئۇنىڭدا مۇستەھكەم تۇرۇپ ئەمەل قىلاي» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇنىڭغا: «ھىجرەتنى لازىم تۇتقىن چۈنكى ئۇنىڭغا باراۋەر كېلىدىغان ئەمەل يوقتۇر» دېگەنلىكىنى كەسىر ئىبنى مۇررەگە سۆزلەپ بەرگەن.[③]

**255. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «لولا الهجرة لكنت امرءا من الأنصار».**

---

[①] ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[②] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى **«صحيح الجامع»** ناملىق كىتابىدا بۇ ھەدىسنى «ھەسەن» دېگەن، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

[③] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن، ئابدۇقادىر ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

255. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھىجرەت بولمىغان بولسا، مەن ئەنسارىلاردىن بىرى بولغان بولاتتىم». ①

**256. عن سبرة بن أبي فاكه رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «إن الشيطان قعد لابن آدم بأطرقه، فقعد له بطريق الإسلام، فقال: تسلم وتذر دينك ودين آبائك وآباء أبيك، فعصاه فأسلم، ثم قعد له بطريق الهجرة، فقال: تهاجر وتدع أرضك وسماءك، وإنما مثل المهاجر كمثل الفرس في الطول، فعصاه فهاجر، ثم قعد له بطريق الجهاد، فقال: تجاهد فهو جهد النفس والمال، فتقاتل فتقتل، فتنكح المرأة، ويقسم المال، فعصاه فجاهد»، فقال رسول الله ﷺ: «فمن فعل ذلك كان حقا على الله عز وجل أن يدخله الجنة، ومن قتل كان حقا على الله عز وجل أن يدخله الجنة، وإن غرق كان حقا على الله أن يدخله الجنة، أو وقصته دابته كان حقا على الله أن يدخله الجنة».**

256. سەبۇرە ئىبنى ئەبۇ فاكىھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ھەقىقەتەن شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ يوللىرىدا ئولتۇرۇپ (ۋەسۋەسە قىلىدۇ). شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇش يولىدا ئولتۇرۇپ: <سەن ئۆزۈڭنىڭ ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ دىنىنى تاشلاپ مۇسۇلمان بولامسەن؟!> دەيدۇ. ئۇ كىشى شەيتاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي مۇسۇلمان بولىدۇ. شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ ھىجرەت يولىدا ئولتۇرۇپ: <سەن ئۆز ۋەتىنىڭنى ۋە يۇرتۇڭنى تاشلاپ ھىجرەت قىلامسەن؟! مۇھاجىرنىڭ مىسالى خۇددى باغلاقتىكى ئاتقا ئوخشايدۇ (يەنى ئۆز ۋەتىنىڭدىكىدەك ئەركىن-ئازادە ياشىيالمايسەن)> دەيدۇ. ئۇ كىشى شەيتاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي ھىجرەت قىلىدۇ. ئاندىن شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ جىھاد يولىدا ئولتۇرۇپ: <سەن جىھاد قىلامسەن؟! جىھاد دېگەن جان ۋە مالنى سەرپ قىلىشتۇر. ئۇرۇش قىلساڭ ئۆلتۈرۈلىسەن، ئاندىن ئايالىڭ باشقا ئەرگە نىكاھلىنىدۇ ۋە ماللىرىڭ باشقىلارغا تەقسىم قىلىنىدۇ> دەيدۇ. ئۇ كىشى شەيتاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي جىھاد قىلىدۇ». ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېدى: «كىمكى شۇنداق قىلسا، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ ئۈستىدىكى ھەق بولىدۇ؛ كىمكى

① بۇخارى توپلىغان.

جەڭدە شەھىد قىلىنسا، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ ئۈستىدىكى ھەق بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇ سۇدا غەرق بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ ئۈستىدىكى ھەق بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇ ئۆلىغىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ ئۈستىدىكى ھەق بولىدۇ».[1]

## 42 ـ باب

## ھىجرەتنىڭ تاكى قىيامەتكىچە ئۈزۈلۈپ قالمايدىغانلىقى ھەققىدە

**257. عن عبد الله السعدي رضي الله عنه قال: قال النبي ﷺ: «لا تنقطع الهجرة ما قوتل الكفار».**

257. ئابدۇللاھ ئىبنى سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كاپىرلار بىلەن بولغان ئۇرۇش مەۋجۇتلا بولىدىكەن ھىجرەت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ».[2]

**258. عن عبد الله بن السعدي رضي الله عنه قال: وفدنا على رسول الله ﷺ فدخل أصحابي فقضى حاجتهم، ثم كنت آخرهم دخولا عليه قال: «حاجتك» قلت: يا رسول الله، متى تنقطع الهجرة؟ قال رسول الله ﷺ: «لا تنقطع الهجرة ما قوتل الكفار».**

258. ئابدۇللاھ ئىبنى سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كەلدۇق. ھەمراھلىرىم رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كىرگەندە ئۇ ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا مەن كىردىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا: «نېمە ھاجىتىڭ بار؟» دېگەنىدى، مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ھىجرەت قاچان ئاخىرلىشىدۇ؟» دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كاپىرلار بىلەن بولغان ئۇرۇش مەۋجۇتلا بولىدىكەن ھىجرەت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ» دېدى.[3]

**259. عن معاوية رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «لا تنقطع الهجرة**

[1] نەسائى، ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان: ئىبنى ھەجەر «ھەسەن» دېگەن، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەھمەد، نەسائى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان: ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[3] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**حتى تنقطع التوبة، ولا تنقطع التوبة حتى تطلع الشمس من مغربها».**

259. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «تەۋبە ئۈزۈلۈپ قالمىغۇچە ھىجرەت توختاپ قالمايدۇ، كۈن مەغرىبتىن چىقمىغۇچە تەۋبە ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ». ①

**260. عن جنادة بن أبي أمية رضي الله عنه قال، أن رجالا من أصحاب رسول الله ﷺ قال بعضهم: إن الهجرة قد انقطعت، فاختلفوا في ذلك، قال: فانطلقت إلى رسول الله ﷺ فقلت: يا رسول الله، إن أناسا يقولون: إن الهجرة قد انقطعت، فقال رسول الله ﷺ: «إن الهجرة لا تنقطع ما كان الجهاد».**

260. جۇنادە ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر: «ھىجرەت قىلىش توختىدى» دەپ ئىختىلاپلىشىۋاتقان ئىدى، مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بېرىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! كىشىلەر: <ھىجرەت قىلىش توختىدى> دېيىشىۋاتىدۇ» دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «جىھاد داۋاملىشىپلا تۇرىدىكەن، ھىجرەت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ» دېدى. ②

**261. عن رجاء بن حيوة، عن أبيه، عن الرسول الذي سأل النبي ﷺ عن الهجرة، فقال: «لا تنقطع ما جوهد العدو».**

261. رەجا ئىبنى ھەيۋە دادىسىدىن، دادىسى بولسا پەيغەمبەر ﷺ دىن ھىجرەت توغرىسىدا سورىغان ئەلچىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «دۈشمەن بىلەن بولغان جىھاد داۋاملىشىپلا تۇرىدىكەن، ھىجرەت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ». ③

## 43 - باب

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھىجرەت سەپىرى

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ يَمْكُرُ بِكَ الَّذِينَ كَفَرُوا لِيُثْبِتُوكَ أَوْ يَقْتُلُوكَ أَوْ يُخْرِجُوكَ

① ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② ئەھمەد توپلىغان: ئىبنى ھەجەر، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

③ ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

﴿وَيَمْكُرُونَ وَيَمْكُرُ اللَّهُ وَاللَّهُ خَيْرُ الْمَاكِرِينَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار سېنى قاماقىا ئېلىش ياكى ئۆلتۈرۈش ۋە ياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن مىكىر ئىشلەتتى، ئۇلار مىكىر ئىشلىتىدۇ، الله ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ، الله نىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ مىكرىدىن ئۈنۈملۈكتۇر». [1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِلَّا تَنْصُرُوهُ فَقَدْ نَصَرَهُ اللَّهُ إِذْ أَخْرَجَهُ الَّذِينَ كَفَرُوا ثَانِيَ اثْنَيْنِ إِذْ هُمَا فِي الْغَارِ إِذْ يَقُولُ لِصَاحِبِهِ لَا تَحْزَنْ إِنَّ اللَّهَ مَعَنَا فَأَنْزَلَ اللَّهُ سَكِينَتَهُ عَلَيْهِ وَأَيَّدَهُ بِجُنُودٍ لَمْ تَرَوْهَا وَجَعَلَ كَلِمَةَ الَّذِينَ كَفَرُوا السُّفْلَى وَكَلِمَةُ اللَّهِ هِيَ الْعُلْيَا وَاللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ «ئەگەر سىلەر الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار (الله ياردەم قىلىدۇ)، الله ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (يەنى ئەبۇبەكرى سىددىق) ھەمراھ ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (رەسۇلۇللاھ) ھەمراھىغا: <غەم قىلمىغىن، الله ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە> دەيتتى، الله ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبىرىگە) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، ئۇنىڭغا (پەرىشتىلەردىن بولغان) قوشۇنلار بىلەن مەدەت بەردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار، كاپىرلارنىڭ سۆزىنى (يەنى شېرىك كەلىمىسىنى) پەس قىلدى، الله نىڭ سۆزى (يەنى كەلىمە تەۋھىد) ئۈستۈندۇر، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر». [2]

**262. أن عائشة رضي الله عنها، زوج النبي ﷺ قالت: لم أعقل أبوي قط، إلا وهما يدينان الدين، ولم يمر علينا يوم إلا يأتينا فيه رسول الله ﷺ طرفي النهار، بكرة وعشية، فلما ابتلي المسلمون خرج أبو بكر مهاجرا نحو أرض الحبشة، حتى إذا بلغ برك الغماد لقيه ابن الدغنة وهو سيد القارة، فقال: أين تريد يا أبا بكر؟ فقال أبو بكر: أخرجني قومي، فأريد أن أسيح في الأرض وأعبد ربي، قال ابن الدغنة: فإن مثلك يا أبا بكر لا يخرج ولا يخرج، إنك تكسب المعدوم وتصل الرحم، وتحمل الكل وتقري الضيف وتعين على نوائب الحق، فأنا لك جار ارجع واعبد ربك ببلدك، فرجع وارتحل معه ابن الدغنة، فطاف ابن الدغنة عشية في أشراف قريش، فقال لهم: إن أبا بكر لا يخرج مثله ولا يخرج، أتخرجون رجلا يكسب المعدوم ويصل الرحم، ويحمل الكل ويقري الضيف، ويعين على نوائب الحق، فلم تكذب قريش بجوار ابن الدغنة، وقالوا: لابن الدغنة: مر أبا بكر فليعبد ربه في داره، فليصل فيها وليقرأ ما شاء، ولا**

---

[1] سۈرە ئەنفال 30- ئايەت.

[2] سۈرە تەۋبە 40- ئايەت.

يؤذينا بذلك ولا يستعلن به، فإنا نخشى أن يفتن نساءنا وأبناءنا، فقال ذلك ابن الدغنة لأبي بكر، فلبث أبو بكر بذلك يعبد ربه في داره، ولا يستعلن بصلاته ولا يقرأ في غير داره، ثم بدا لأبي بكر، فابتنى مسجدا بفناء داره، وكان يصلي فيه، ويقرأ القرآن، فينقذف عليه نساء المشركين وأبناؤهم، وهم يعجبون منه وينظرون إليه، وكان أبو بكر رجلا بكاء، لا يملك عينيه إذا قرأ القرآن، وأفزع ذلك أشراف قريش من المشركين، فأرسلوا إلى ابن الدغنة فقدم عليهم، فقالوا: إنا كنا أجرنا أبا بكر بجوارك، على أن يعبد ربه في داره، فقد جاوز ذلك، فابتنى مسجدا بفناء داره، فأعلن بالصلاة والقراءة فيه، وإنا قد خشينا أن يفتن نساءنا وأبناءنا، فانهه، فإن أحب أن يقتصر على أن يعبد ربه في داره فعل، وإن أبى إلا أن يعلن بذلك، فسله أن يرد إليك ذمتك، فإنا قد كرهنا أن نخفرك، ولسنا مقرين لأبي بكر الاستعلان، قالت عائشة: فأتى ابن الدغنة إلى أبي بكر فقال: قد علمت الذي عاقدت لك عليه، فإما أن تقتصر على ذلك، وإما أن ترجع إلي ذمتي، فإني لا أحب أن تسمع العرب أني أخفرت في رجل عقدت له، فقال أبو بكر: فإني أرد إليك جوارك، وأرضى بجوار الله عز وجل والنبي ﷺ يومئذ بمكة، فقال النبي ﷺ للمسلمين: «إني أريت دار هجرتكم، ذات نخل بين لابتين» وهما الحرتان، فهاجر من هاجر قبل المدينة، ورجع عامة من كان هاجر بأرض الحبشة إلى المدينة، وتجهز أبو بكر قبل المدينة، فقال له رسول الله ﷺ: «على رسلك، فإني أرجو أن يؤذن لي» فقال أبو بكر: وهل ترجو ذلك بأبي أنت؟ قال: «نعم» فحبس أبو بكر نفسه على رسول الله ﷺ ليصحبه، وعلف راحلتين كانتا عنده ورق السمر وهو الخبط، أربعة أشهر. قال ابن شهاب، قال: عروة، قالت عائشة: فبينما نحن يوما جلوس في بيت أبي بكر في نحر الظهيرة، قال قائل لأبي بكر: هذا رسول الله ﷺ متقنعا، في ساعة لم يكن يأتينا فيها، فقال أبو بكر: فداء له أبي وأمي، والله ما جاء به في هذه الساعة إلا أمر، قالت: فجاء رسول الله ﷺ فاستأذن، فأذن له فدخل، فقال النبي ﷺ لأبي بكر: «أخرج من عندك». فقال أبو بكر: إنما هم أهلك، بأبي أنت يا رسول الله، قال: «فإني قد أذن لي في الخروج» فقال أبو بكر: الصحابة بأبي أنت يا رسول الله؟ قال رسول الله ﷺ: «نعم» قال أبو بكر: فخذ - بأبي أنت يا رسول الله - إحدى راحلتي هاتين، قال رسول الله ﷺ: «بالثمن». قالت عائشة: فجهزناهما أحث الجهاز، وصنعنا لهما سفرة في جراب، فقطعت أسماء بنت أبي بكر قطعة من نطاقها، فربطت به على فم الجراب، فبذلك سميت ذات النطاقين قالت: ثم لحق رسول الله ﷺ وأبو بكر بغار في جبل ثور، فكمنا فيه ثلاث ليال، يبيت عندهما عبد الله بن أبي بكر، وهو غلام شاب، ثقف لقن، فيدلج من عندهما بسحر، فيصبح مع قريش بمكة كبائت، فلا يسمع أمرا، يكتادان به إلا وعاه، حتى يأتيهما بخبر ذلك حين

يختلط الظلام، ويرعى عليهما عامر بن فهيرة، مولى أبي بكر منحة من غنم، فيريحها عليهما حين تذهب ساعة من العشاء، فيبيتان في رسل، وهو لبن منحتهما ورضيفهما، حتى ينعق بها عامر بن فهيرة بغلس، يفعل ذلك في كل ليلة من تلك الليالي الثلاث، واستأجر رسول الله ﷺ وأبو بكر رجلا من بني الديل، وهو من بني عبد بن عدي، هاديا خريتا، والخريت الماهر بالهداية، قد غمس حلفا في آل العاص بن وائل السهمي، وهو على دين كفار قريش، فأمناه فدفعا إليه راحلتيهما، وواعداه غار ثور بعد ثلاث ليال، براحلتيهما صبح ثلاث، وانطلق معهما عامر بن فهيرة، والدليل، فأخذ بهم طريق السواحل.

262. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئېسىمنى بىلسەم، ئاتا-ئانام ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. پەيغەمبەر ﷺ ھەر كۈنى ئەتىگەن-كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ تۇراتتى. مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرى ئەۋجىگە چىققان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، (دادام) ئەبۇبەكرى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى لېكىن بەركىلغىماد دېگەن جايغا كەلگەندە، قارە قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئىبنى دەغىنەگە ئۇچراپ قالدى. ئىبنى دەغىنە ئۇنىڭدىن: «ئى ئەبۇبەكرى! قەيەرگە ماڭدىڭ؟» دەپ سورىدى. ئەبۇبەكرى: «قەۋمىم مېنى يۇرتتىن چىقىرىۋەتتى، مەن دۇنيا كېزىپ، رەببىمگە ئىبادەت قىلىمەن» دېگەنىدى، ئىبنى دەغىنە: «ئى ئەبۇبەكرى! سەندەك (ياخشى كىشى) بۇ يەردىن كەتسەڭ بولمايدۇ، ئۇلارمۇ ھەم سېنى چىقىرىۋېتىپ توغرا قىلماپتۇ. سەن يوقسۇللارغا خەير-ئېھسان قىلىسەن، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا سىلە-رەھىم قىلىسەن، ئاجىزلارنىڭ يۈكىنى كۆتۈرسەن، مېھمانلارغا زىياپەت بېرىسەن ۋە بالا-قازاغا ئۇچرىغانلارغا ياردەم قولۇڭنى سۇنىسەن. مەن ساڭا كېپىل بولاي، يۇرتۇڭغا قايتىپ رەببىڭگە شۇ يەردە ئىبادەت قىلغىن» دەپ، ئەبۇبەكرى بىلەن بىللە مەككىگە قايتىپ كەلدى.

ئىبنى دەغىنە كېچىدە قۇرەيش چوڭلىرىنىڭ قېشىغا بىر-بىرلەپ بېرىپ، ئۇلارغا: «ئەبۇ بەكرىدەك ئادەملەر يۇرتتىن چىقىپ كەتسە، باشقىلار تەرىپىدىن چىقىرىۋېتىلسە بولمايدۇ. سىلەر يوقسۇللارغا خەير-ئېھسان قىلىدىغان، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا سىلە-رەھىم قىلىدىغان، ئاجىزلارنىڭ يۈكىنى كۆتۈرىدىغان، مېھمانلارغا زىياپەت بېرىدىغان ۋە ھادىسىگە ئۇچرىغانلارغا ياردەم

بىرىدىغان مۇشۇنداق ئادەمنى يۇرتتىن چىقىرىۋەتمەكچىمۇ؟!» دېدى. قۇرەيش كاتتىلىرى ئىبنى دەغىنە بەرگەن ئامانلىقنى ئېتىراپ قىلدى ئەمما ئۇنىڭ ئەبۇبەكرىگە: «ئەبۇبەكرى رەببىگە ھويلىسىدا ئىبادەت قىلسۇن، ناماز ۋە قىرائەتلەرنى بىزگە دەخلى قىلمايدىغان دەرىجىدە خالىغانچە ئوقۇسۇن ئەمما ئۇنلۇك ئاۋازدا ئوقۇمىسۇن چۈنكى بىز ئايال-باللىرىمىزنىڭ ئېزىپ كېتىشىدىن قورقىمىز» دېيىشىنى شەرت قىلدى. ئىبنى دەغىنە ئەبۇبەكرىگە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەبۇبەكرى بىر مەزگىل ھويلىسىدا ئىبادەت قىلدى، نامازنى تۆۋەن ئاۋازدا ئوقۇدى، ھويلىسىنىڭ سىرتىدا ئۇنلۇك قىرائەت قىلمىدى.

كۆپ ئۆتمەي، ئۇ بىر مەسجىد سېلىش قارارىغا كەلدى ۋە ھويلىسىنىڭ ئالدىغا مەسجىد سېلىپ، ناماز ۋە قۇرئاننى شۇ مەسجىدكە چىقىپ ئوقۇيدىغان بولدى. مۇشرىكلارنىڭ ئايال-باللىرى ئەبۇبەكرىگە ھەيران بولۇشۇپ قاراپ كېتەتتى. ئەبۇ بەكرى قۇرئان ئوقۇغان چاغدا يىغىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايتتى. بۇ ئىشلاردىن ساراسىمىگە چۈشكەن قۇرەيش چوڭلىرى ئىبنى دەغىنەگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى چاقىرتىپ ئەكەلدى ۋە: «بىز سېنىڭ كېپىللىكىڭگە ئاساسەن ئەبۇبەكرىگە ھويلىسىدا ئىبادەت قىلىشقا ئامانلىق بەرگەن ئىدۇق. ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ ھويلىسىنىڭ ئالدىغا مەسجىد سېلىپ، ناماز ۋە قىرائەتلەرنى ئۇنلۇك ئوقۇۋاتىدۇ. بىز ئايال-باللىرىمىزنىڭ ئېزىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمىز. ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغىن! ئەگەر ئۇ رەببىگە ھويلىسىدا ئىبادەت قىلىشقا قوشۇلسا، خالىغانچە ئىبادەت قىلسۇن. ئەگەر ئۇنىڭغا قوشۇلماي ئوچۇق-ئاشكارا قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭدىن كېپىللىكىڭنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىل. بىز سېنىڭ ئەھدەڭنى بۇزۇۋېتىشنى خالىمايمىز شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇنلۇك ئاۋازدا ئوقۇشىغا ھەم قاراپ تۇرالمايمىز» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئىبنى دەغىنە ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئارىمىزدىكى ئەھدىنامىدىن خەۋىرىڭ بار. يا شۇ ئەھدە بويىچە ئىش قىل، ياكى ئەھدەمنى قايتۇرۇپ بەر (سېنى كېپىللىككە ئالالمايمەن). مەن ئەرەبلەرنىڭ بىر ئادەمگە بەرگەن ئەھدەمگە خىلاپلىق قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ

قىلىشىنى ياقتۇرمايمەن» دېدى. ئەبۇبەكرى: «مەن سېنىڭ كېيىللىكىڭنى قايتۇرۇپ بېرىپ، الله نىڭ ھىمايىسىدە بولۇشقا رازىمەن» دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ شۇ كۈنلەردە مەككىدە بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا: «مەن چۈشۈمدە سىلەر ھىجرەت قىلىدىغان زېمىنىنىڭ ئىككى تاشلىق يەر ئوتتۇرىسىدىكى خورمىزارلىق ئىكەنلىكىنى كۆردۈم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا باشلىدى. ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغانلارمۇ ئاساسەن مەدىنىگە قايتتى. ئەبۇبەكرىمۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: «توختاپ تۇرغىن! مەنمۇ الله نىڭ ئىجازىتىنى كۈتۈۋاتىمەن» دېدى. ئەبۇبەكرى: «ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، سەنمۇ ھىجرەت قىلىش ئىجازىتىنى كۈتۈۋاتامسەن؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ھەئە» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ﷺ گە ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن ھىجرەتتىن ۋاقتىنچە ۋاز كەچتى ۋە ئۆيىدىكى ئىككى تۆگىسىنى تۆت ئايدەك سەمۇر دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن بېقىپ (ھىجرەت كۈنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتتى).

بىر كۈنى چۈش ۋاقتىدا دادام ئەبۇبەكرىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇراتتۇق، بىرى ئەبۇبەكرىگە: «پەيغەمبەر ﷺ بېشىنى ئورۇۋالغان ھالەتتە كېلىۋاتىدۇ، ئۇ ئادەتتە بىزنىڭ قېشىمىزغا بۇنداق ۋاقىتتا كەلمەيتتى» دېدى. ئەبۇبەكرى: «ئاتا ـ ئانام ئۇنىڭغا پىدا بولسۇن. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ چوقۇم مۇھىم بىر ئىش بىلەن كەلدى» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ كېلىپ، كىرىشكە ئىجازەت سورىدى. ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ ئەبۇبەكرىگە: «يېنىڭدىكىلەرنى چىقىرىۋەتكىن!» دېدى. ئەبۇبەكرى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، بۇلار سېنىڭ ئائىلەڭ ھېسابلىنىدۇ (ئارىمىزدا يات ئادەم يوق)» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ماڭا ھىجرەت قىلىپ چىقىشقا ئىجازەت بېرىلدى» دېدى. ئەبۇبەكرى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، مەن ھەمراھ بولسام بولامدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «بولىدۇ» دېدى. ئەبۇبەكرى: «ئۇنداقتا، بۇ ئىككى تۆگىنىڭ بىرىنى تاللىۋالغىن» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنىڭ پۇلىنى بېرىپ ئالىمەن» دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۇلارغا سەپەردە لازىم بولىدىغان نەرسىلەرنى تېزلىك بىلەن تەييارلاپ، تۇلۇمغا ئوزۇقلۇق قاچىلاپ بەردۇق. (ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى) ئەسما بەلۋېغىنى يىرتىپ تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى باغلىدى. شۇ سەۋەبلىك ئەسما «قوش بەلۋاغلىق قىز» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئەبۇبەكرى سەۋر تېغىدىكى غارغا بېرىپ، ئۇ يەردە ئۈچ كۈن مۆكۈنۈپ تۇردى. (ئەبۇبەكرىنىڭ ئوغلى) ئابدۇللاھ كېچىسى ئۇلار بىلەن قوناتتى. ئۇ ياش، زېرەك ۋە ئىنكاسى تېز بالا ئىدى. سەھەر ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ يېنىدىن قايتىپ، خۇددى كېچىنى مەككىدە ئۆتكۈزگەندەك تۇيغۇ بىرىپ، قۇرەيشلەر بىلەن بىللە تاڭ ئاتقۇزاتتى. ھەمدە پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئەبۇبەكرى ھەققىدە بولۇنۇۋاتقان گەپ-سۆزلەرنى تولۇق ئىگىلەپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇلارغا يەتكۈزەتتى. ئەبۇبەكرىنىڭ ئازادگەردىسى ئامىر ئىبنى فۇھەيرە بولسا قويلارنى شۇ ئەتراپتا ئوتلىتاتتى ۋە كەچ كىرىپ، خۇپتەن ۋاقتىدىن ئاشقاندا ئۇلار تەرەپكە ھەيدىۋېتەتتى. ئۇلار شۇ قويلارنى سېغىپ ئىچەتتى. ئەتىسى سەھەردە ئامىر ئىبنى فۇھەيرە قويلارنى ئېلىپ كېتەتتى. بۇ ئىش ئۈچ كېچە داۋاملاشتى.

پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئەبۇبەكرى بەنى دىل ئايمىقىنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەدىي جەمەتىدىن بولغان بىر ماھىر يولباشلىغۇچىنى ياللىۋالدى. ئۇ ئادەم ئاس ئىبنى ۋائىل جەمەتىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدىن بولۇپ، قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ دىنىدا ئىدى. ئىككىيلەن ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىپ، ئىككى تۆگىنى ئۇنىڭغا بىرىپ، ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئىككى تۆگىنى سەۋر غارىغا ئېلىپ بېرىشقا ۋەدىلەشتى. ئۇ يولباشلىغۇچى ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە تۆگىلەرنى ئېلىپ سەۋر غارىغا كەلدى. ئىككىيلەن ئامىر ئىبنى فۇھەيرەنى ئېلىپ يول باشلىغۇچى بىلەن بىللە ماڭدى. يول باشلىغۇچى ئۇلارنى ساھىل يولى بىلەن ئېلىپ ماڭدى.[1]

**263. عن سراقة بن جعشم رضي الله عنه قال: جاءنا رسل كفار قريش، يجعلون في رسول الله ﷺ وأبي بكر، دية كل واحد منهما، من قتله أو أسره، فبينما أنا جالس في مجلس من مجالس قومي بني مدلج، أقبل رجل منهم، حتى قام علينا ونحن جلوس، فقال يا سراقة:**

[1] بۇخارى توپلىغان.

إني قد رأيت آنفا أسودة بالساحل، أراها محمدا وأصحابه، قال سراقة: فعرفت أنهم هم، فقلت له: إنهم ليسوا بهم، ولكنك رأيت فلانا وفلانا، انطلقوا بأعيننا، ثم لبثت في المجلس ساعة، ثم قمت فدخلت فأمرت جاريتي أن تخرج بفرسي، وهي من وراء أكمة، فتحبسها علي، وأخذت رمحي، فخرجت به من ظهر البيت، فحططت بزجه الأرض، وخفضت عاليه، حتى أتيت فرسي فركبتها، فرفعتها تقرب بي، حتى دنوت منهم، فعثرت بي فرسي، فخررت عنها، فقمت فأهويت يدي إلى كنانتي، فاستخرجت منها الأزلام فاستقسمت بها: أضرهم أم لا، فخرج الذي أكره، فركبت فرسي، وعصيت الأزلام، تقرب بي حتى إذا سمعت قراءة رسول الله ﷺ، وهو لا يلتفت، وأبو بكر يكثر الالتفات، ساخت يدا فرسي في الأرض، حتى بلغتا الركبتين، فخررت عنها، ثم زجرتها فنهضت، فلم تكد تخرج يديها، فلما استوت قائمة، إذا لأثر يديها عثان ساطع في السماء مثل الدخان، فاستقسمت بالأزلام، فخرج الذي أكره، فناديتهم بالأمان فوقفوا، فركبت فرسي حتى جئتهم، ووقع في نفسي حين لقيت ما لقيت من الحبس عنهم، أن سيظهر أمر رسول الله ﷺ. فقلت له: إن قومك قد جعلوا فيك الدية، وأخبرتهم أخبار ما يريد الناس بهم، وعرضت عليهم الزاد والمتاع، فلم يرزآني ولم يسألاني، إلا أن قال: «أخف عنا». فسألته أن يكتب لي كتاب أمن، فأمر عامر بن فهيرة فكتب في رقعة من أديم، ثم مضى رسول الله ﷺ.

قال ابن شهاب، فأخبرني عروة بن الزبير، أن رسول الله ﷺ لقي الزبير في ركب من المسلمين، كانوا تجارا قافلين من الشأم، فكسا الزبير رسول الله ﷺ وأبا بكر ثياب بياض، وسمع المسلمون بالمدينة مخرج رسول الله ﷺ من مكة، فكانوا يغدون كل غداة إلى الحرة، فينتظرونه حتى يردهم حر الظهيرة، فانقلبوا يوما بعد ما أطالوا انتظارهم، فلما أووا إلى بيوتهم، أوفى رجل من يهود على أطم من آطامهم، لأمر ينظر إليه، فبصر برسول الله ﷺ وأصحابه مبيضين يزول بهم السراب، فلم يملك اليهودي أن قال بأعلى صوته: يا معاشر العرب، هذا جدكم الذي تنتظرون، فثار المسلمون إلى السلاح، فتلقوا رسول الله ﷺ بظهر الحرة، فعدل بهم ذات اليمين، حتى نزل بهم في بني عمرو بن عوف، وذلك يوم الاثنين من شهر ربيع الأول، فقام أبو بكر للناس، وجلس رسول الله ﷺ صامتا، فطفق من جاء من الأنصار - ممن لم ير رسول الله ﷺ - يحيي أبا بكر، حتى أصابت الشمس رسول الله ﷺ، فأقبل أبو بكر حتى ظلل عليه بردائه، فعرف الناس رسول الله ﷺ عند ذلك، فلبث رسول الله ﷺ في بني عمرو بن عوف بضع عشرة ليلة، وأسس المسجد الذي أسس على التقوى، وصلى فيه رسول الله ﷺ، ثم ركب راحلته، فسار يمشي معه الناس حتى بركت عند مسجد الرسول ﷺ بالمدينة، وهو يصلي فيه يومئذ رجال من المسلمين، وكان مربدا للتمر، لسهيل وسهل

غلامين يتيمين في حجر أسعد بن زرارة، فقال رسول الله ﷺ حين بركت به راحلته: «هذا إن شاء الله المنزل». ثم دعا رسول الله ﷺ الغلامين فساومهما بالمربد، ليتخذه مسجدا، فقالا: لا، بل نهبه لك يا رسول الله، فأبى رسول الله أن يقبله منهما هبة حتى ابتاعه منهما، ثم بناه مسجدا، وطفق رسول الله ﷺ ينقل معهم اللبن في بنيانه ويقول، وهو ينقل اللبن: «هذا الحمال لا حمال خيبر، هذا أبر ربنا وأطهر، ويقول: اللهم إن الأجر أجر الآخره، فارحم الأنصار، والمهاجره» فتمثل بشعر رجل من المسلمين لم يسم لي قال ابن شهاب ولم يبلغنا في الأحاديث أن رسول الله ﷺ تمثل ببيت شعر تام غير هذا البيت.

263. سۇراقە ئىبنى جۇئشەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ ئەلچىلىرى قېشىمىزغا كېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئەبۇبەكرىنىڭ قايسىبىرىنى ئۆلتۈرگەن ياكى تۇتۇپ كەلگەنلەرگە 100 تۆگە ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن قەۋمىم بەنى مۇدلىجدىن بىر توپ كىشىلەر بىلەن بىللە ئولتۇراتتىم، بىر كىشى كېلىپ: «ھەي سۇراقە، مەن دېڭىز بويىدا بىر قانچە كىشىنىڭ قارىسىنى كۆردۈم. ئۇلار مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇشى مۇمكىن» دېدى. مەن ئۇلارنىڭ دېڭىز بويىدا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىپ، ئىنئامنى يالغۇز ئېلىش مەقسىتىدە گەپنى بۇراپ، ئۇنىڭغا: «ئۇلار سەن دېگەنلەر ئەمەس. پالانى ـ پۇكۇنلار يۈتۈپ كەتكەن ماللىرىنى ئىزدەپ كەتكەن ئىدى. سەن بەلكىم شۇلارنى كۆرگەن بولۇشۇڭ مۇمكىن» دەپ قويدۇم ۋە بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ، دېدىكىمگە ئېتىمنى ئېلىپ چىقىپ، دۆڭلۈكنىڭ كەينىگە ئاپىرىپ ماڭا توختىتىپ قويۇشقا بۇيرۇدۇم. ئاندىن نەيزەمنى ئېلىپ، ئۆينىڭ ئارقا تەرىپىدىن چىقىپ كەتتىم ۋە باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن نەيزىنى پەس تۇتۇپ ماڭغىنىمچە كېلىپ ئاتقا مىندىم، ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نى قوغلاپ ماڭدىم. ئېتىمنى ئىنتايىن تېز چاپتۇردۇم، ئۇ ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. ئۇلارغا يېقىن قالغاندا ئېتىم تېيىلىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشتۈم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئوقداندىن پال ئوقلىرىنى ئالدىم ـ دە: «ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلايمۇ، قىلمايمۇ» دەپ پال سالغىنىدىم، ئەپسۇس پال ئوقى مەن ئارزۇ قىلغاندەك چىقمىدى (يەنى «زىيان سالما» دەپ چىقتى). ئەمما پال ئوقىغا پىسەنت قىلماي، ئېتىمنى چاپتۇرۇپ ئۇلارنى قوغلاپ مېڭىۋەردىم، ھەتتا پەيغەمبەر ﷺ

نىڭ قىرائەتىنى ئاڭلىيالىغۇدەك دەرىجىدە يېقىنلاشتىم. پەيغەمبەر ﷺ كەينىگە قاراپمۇ قويماي خاتىرجەم ماڭاتتى ئەمما ئەبۇبەكرى پات-پات بۇرۇلۇپ قاراپ قوياتتى. شۇ ئەسنادا، ئېتىمنىڭ ئالدى پۇتلىرى تىزىغىچە يەرگە پېتىپ قالدى. مەن يەنە ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتۈم. دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئاتقا قاتتىق ۋارقىرىغانىدىم، ئات ئاران تەستە پۇتىنى تارتىپ چىقاردى. ئات راۋرۇس تۇرغان ۋاقىتتا، پۇتلىرىدىن چىققان چاڭ-توزان بولسا ئىس-تۈتەككە ئوخشاش نۇرلۇق ھالەتتە ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. پال ئوقلىرىنى چىقىرىپ قايتا پال سالدىم، يەنە ئىلگىرىكىدەك مەن ياقتۇرمايدىغان ئوق چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ماڭا ئامانلىق بېرىشىنى سوراپ توۋلىغانىدىم، ئۇلار توختاپ تۇردى. مەن ئاتنى مىنىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا يېتىپ باردىم. مەن شۇ ۋەقەگە ئۇچرىغان چېغىمدىلا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پات ئارىدا غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىدىم. مەن پەيغەمبەر ﷺ گە: «قەۋمىڭ سېنى ئۆلتۈرگەن ياكى تۇتۇپ كەلگەنلەرگە 100 تۆگە ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى» دېدىم ۋە قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ ئۇلارنى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم. ئاندىن ئۇلارغا ئوزۇق-تۈلۈك ۋە نەرسە-كېرەك تەڭلىگەنىدىم، ئۇلار ھېچنېمە ئالغىلى ئۇنىمىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ: «بىزنى ئاشكارىلاپ قويمىغىن!» دېدى. مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئامانلىق خېتى يېزىپ بېرىشىنى سورىۋېدىم، پەيغەمبەر ﷺ ئامىر ئىبنى فۇھەيرەنى بۇيرۇدى. ئۇ بىر پارچە تېرىگە ئامانلىق خېتى يېزىپ بەردى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ يولىغا راۋان بولدى.

ئىبنى شىھاب ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ يولدا زۇبەيرنى شامدىن قايتقان مۇسۇلمان تىجارەتچىلەر كارۋىنىدا ئۇچرىتىپ قالدى. زۇبەير پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئەبۇبەكرىگە ئاق رەڭلىك كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ قويدى. مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەككىدىن مەدىنىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ھەررە[1] دېگەن سايلىققا چىقىپ كۈتۈپ تۇراتتى ۋە كۈن قىزىغىچە تۇرۇپ قايتىپ كېتىشەتتى. بىر كۈنى، ئۇزاق كۈتكەندىن كېيىن قايتىپ ئۆيلىرىگە بېرىپ تۇرۇشىغا، ئۆزىنىڭ بىر ئىشى ئۈچۈن قورغان ئۈستىگە چىققان بىر

[1] ھەررە — قارا تاشلىق ساي بولۇپ، مەدىنە مۇشۇنداق بىرقانچە سايلىقلار بىلەن ئورالغان.

يەھۇدىي ئاق كىيىم ئىچىدە بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي كېلىۋاتقان پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «ھوي ئەرەب خەلقى! سىلەر كۈتۈۋاتقان ئادەم كەلدى!» دەپ توۋلىدى. ئەنسارىلار دەرھال قورال-ياراقلىرىنى ئېلىپ، قارا سايىلىققا چىقىپ، پەيغەمبەر ﷺ نى قارشى ئالدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلار بىلەن ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ مېڭىپ، بەنى ئەمر ئىبنى ئەۋف جەمەتىنىڭكىگە چۈشتى. ئۇ كۈنى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ بىر دۈشەنبە كۈنى ئىدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇردى، پەيغەمبەر ﷺ گەپ قىلماي ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ﷺ نى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان ئەنسارىلار ئەبۇ بەكرىنى پەيغەمبەر ﷺ ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قېلىپ، ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ ئۇنىڭغا سالام بەرگىلى تۇردى. شۇ ئارىدا، پەيغەمبەر ﷺ گە ئاپتاپ چۈشۈپ قالغانىدى، ئەبۇبەكرى تونىنى سېلىپ ئۇنىڭغا سايىۋەن قىلىپ بەرگەندىن كېيىنلا، ئەنسارىلار پەيغەمبەر ﷺ نى تونۇدى.

پەيغەمبەر ﷺ بەنى ئەمر ئىبنى ئەۋف جەمەتىدە ئون نەچچە كۈن تۇردى، بۇ جەرياندا تەقۋادارلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان (قۇبا) مەسجىدى سېلىنىپ، ئۇ مەسجىدتە ناماز ئوقۇدى، ئاندىن تۆگىسىگە مىنىپ ماڭدى. كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ بىلەن تەڭ پىيادە ماڭاتتى. تۆگە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەدىنىدىكى مەسجىدىنىڭ ئورنىغا كەلگەندە چۆكتى. ئۇ مەسجىدنىڭ ئورنى ئەسلىدە ئەسئەد ئىبنى زۇرارەنىڭ تەربىيىسىدىكى سۇھەيل ۋە سەھل ئىسىملىك ئىككى يېتىمنىڭ خورما قۇرۇتىدىغان يېرى بولۇپ، بەزى مۇسۇلمانلار شۇ يەردە ناماز ئوقۇيتتى. تۆگە شۇ يەردە چۆككەن چاغدا پەيغەمبەر ﷺ: «اللہ خالىسا، مۇشۇ يەر تۇرالغۇمىز بولىدۇ» دېدى. ئاندىن ھېلىقى ئىككى يېتىمنى چاقىرىپ، بۇ جاينى مەسجىد سېلىش ئۈچۈن سېتىپ بېرىشنى سورىغانىدى، ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ يەرنى ساتماي، ساڭا ئاتىۋېتەيلى» دەپ تۇرۇۋالدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى ۋە ئاخىرى ئۇ جاينى سېتىۋالدى، ئاندىن ئۇ يەرگە مەسجىد سالدى. مەسجىد سېلىش جەريانىدا، پەيغەمبەر ﷺ مۇ ساھابىلەر بىلەن تەڭ مەسجىد قۇرۇلۇشىدا ئىشلىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن:

كۆتۈرگەن يۈك خەيبەر يۈكى ئەمەستۇر،

بۇ سەۋەب گۇناھلىرىمىز پاكلىنۇر.

كۆزلەيمىز رەببىمىزدىن ئاخىرەتنىڭ ساۋابىن،
مۇھاجىر ۋە ئەنسارغا رەببىم شەپقەت ئەيلىگىن.

دەپ بېيىت ئوقۇيتتى. بۇ بېيىتنى ئەسلىدە مۇسۇلمانلاردىن بىرى توقۇغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ماڭا (يەنى راۋىيغا) ئېيتىپ بېرىلمىگەن.

ئىبنى شىھاب زۇھرى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇشۇنىڭدىن باشقا بىرەر بېيىتنى تولۇق ئوقۇپ باققانلىقى بايان قىلىنمىغان.[1]

**264. عن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: أقبل نبي الله ﷺ إلى المدينة وهو مردف أبا بكر، وأبو بكر شيخ يعرف، ونبي الله ﷺ شاب لا يعرف، قال: فيلقى الرجل أبا بكر فيقول يا أبا بكر من هذا الرجل الذي بين يديك؟ فيقول: هذا الرجل يهديني السبيل، قال: فيحسب الحاسب أنه إنما يعني الطريق، وإنما يعني سبيل الخير، فالتفت أبو بكر فإذا هو بفارس قد لحقهم، فقال: يا رسول الله، هذا فارس قد لحق بنا، فالتفت نبي الله ﷺ، فقال: «اللهم اصرعه». فصرعه الفرس، ثم قامت تحمحم، فقال: يا نبي الله، مرني بما شئت، قال: «فقف مكانك، لا تتركن أحدا يلحق بنا». قال: فكان أول النهار جاهدا على نبي الله ﷺ، وكان آخر النهار مسلحة له. فنزل رسول الله ﷺ جانب الحرة، ثم بعث إلى الأنصار فجاءوا إلى نبي الله ﷺ وأبي بكر فسلموا عليهما، وقالوا: اركبا آمنين مطاعين. فركب نبي الله ﷺ وأبو بكر، وحفوا دونهما بالسلاح، فقيل في المدينة: جاء نبي الله، جاء نبي الله ﷺ، فأشرفوا ينظرون ويقولون: جاء نبي الله، جاء نبي الله، فأقبل يسير حتى نزل جانب دار أبي أيوب.**

264. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇبەكرىنى ئۇلىغىنىڭ كەينىگە مىندۇرۇپ، مەدىنىگە قاراپ يول ئالدى. ئەبۇبەكرى (تىجارەت بىلەن كۆپ سەپەر قىلغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرگە) تونۇشلۇق، ئاق چاچلىق كىشى ئىدى ئەمما پەيغەمبەر ﷺ نى كۆپىنچە كىشىلەر تونۇپ كەتمەيتتى ھەمدە چېچىمۇ ئۇنچىلىك ئاقىرىپ كەتمىگەن ئىدى. ئەگەر يولدا بىرەرسى ئۇچراپ قېلىپ ئەبۇبەكرىدىن: «ئى ئەبۇبەكرى! قېشىڭدىكى بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟» دەپ سوراپ قالسا، ئەبۇ بەكرى: «مېنىڭ يولباشچىم» دەيتتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغانلار «ئەبۇبەكرى ماڭىدىغان (ماددىي)

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

يولنى دەۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ قالاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئەبۇبەكرى ھىدايەت (مەنىۋي) يولنى كۆزدە تۇتقانىدى. ئەبۇبەكرى كەينىگە قاراپ ئاتلىق بىرنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىنلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتلىق بىرى بىزگە يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ: «ئى الله ! ئۇنى يىقىتقىن» دېگەنىدى، ئۇ ئادەم ئات بىلەن بىراقلا يىقىلىپ چۈشتى، ئاندىن ئات ئورنىدىن تۇرۇپ كىشنىگىلى تۇردى. ئۇ ئادەم: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا خالىغىنىڭنى بۇيرۇغىن» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنداقتا، مۇشۇ جايىڭدا تۇرۇپ ھېچكىمنى بىزنىڭ ئارقىمىزدىن كەلگىلى قويما!» دېدى. دېمەك، ئۇ ئادەم چۈشتىن بۇرۇن پەيغەمبەر ﷺگە قارشى كۈرەش قىلىپ، چۈشتىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ياخشى قورالىغا ئايلانغانىدى. (ئۇ سۇراقە ئىبنى جۇئشەم بولۇپ، ئۇ ئاتتىن يىقىلغان شۇ جايدا تۇرۇپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قوغلاپ كەلگەنلەرنى باشقا ياققا بۇرۇۋەتتى — تەرجىماندىن.)

شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىنىڭ ھەررە دېگەن سايلىقىغا كېلىپ، ئەنسارىلارغا ئادەم ئەۋەتتى. ئەنسارىلار پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئەبۇبەكرىنىڭ يېنىغا كېلىپ سالام قىلىپ: «ئەمدى ئۇلاغلىرىڭلارغا خاتىرجەم مىنىڭلار، بىز ھەرقانداق بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىمىز» دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئەبۇبەكرى ئۇلاغقا مىندى. ئەنسارىلار قورال ـ ياراغلىرى بىلەن ئۇلارنى قوغداپ ماڭدى. مەدىنىدە: «الله نىڭ پەيغەمبىرى كەپتۇ، الله نىڭ پەيغەمبىرى كەپتۇ» دېگەن گەپلەر تارقىلىشقا باشلىدى. كىشىلەر بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، ئۇ كېلىدىغان تەرەپكە قاراپ: «الله نىڭ پەيغەمبىرى كەپتۇ، الله نىڭ پەيغەمبىرى كەپتۇ!» دەپ (خۇشاللىققا چۆمدى). پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇ ئەييۇبنىڭ قورۇسىغا يېقىن كېلىپ چۈشتى.[1]

265. عن البراء بن عازب رضي الله عنه قال: جاء أبو بكر رضي الله عنه، إلى أبي في منزله، فاشترى منه رحلا، فقال لعازب: ابعث ابنك يحمله معي، قال: فحملته معه، وخرج أبي ينتقد ثمنه، فقال له أبي: يا أبا بكر، حدثني كيف صنعتما حين سريت مع رسول الله ﷺ، قال: نعم، أسرينا ليلتنا ومن الغد، حتى قام قائم الظهيرة وخلا الطريق لا يمر فيه أحد، فرفعت لنا صخرة طويلة لها ظل، لم تأت عليه الشمس، فنزلنا عنده، وسويت للنبي ﷺ مكانا

[1] بۇخارى توپلىغان.

بيدي ينام عليه، وبسطت فيه فروة، وقلت: نم يا رسول الله وأنا أنفض لك ما حولك، فنام وخرجت أنفض ما حوله، فإذا أنا براع مقبل بغنمه إلى الصخرة، يريد منها مثل الذي أردنا، فقلت له: لمن أنت يا غلام، فقال: لرجل من أهل المدينة، أو مكة، قلت: أفي غنمك لبن؟ قال: نعم، قلت: أفتحلب، قال: نعم، فأخذ شاة، فقلت: انفض الضرع من التراب والشعر والقذى، قال: فرأيت البراء يضرب إحدى يديه على الأخرى ينفض، فحلب في قعب كثبة من لبن، ومعي إداوة حملتها للنبي ﷺ يرتوي منها، يشرب ويتوضأ، فأتيت النبي ﷺ فكرهت أن أوقظه، فوافقته حين استيقظ، فصببت من الماء على اللبن حتى برد أسفله، فقلت: اشرب يا رسول الله، قال: فشرب حتى رضيت، ثم قال: «ألم يأن للرحيل» قلت: بلى، قال: فارتحلنا بعدما مالت الشمس، واتبعنا سراقة بن مالك، فقلت: أتينا يا رسول الله، فقال: «لا تحزن إن الله معنا» فدعا عليه النبي ﷺ فارتطمت به فرسه إلى بطنها - أرى - في جلد من الأرض، - شك زهير - فقال: إني أراكما قد دعوتما علي، فادعوا لي، فالله لكما أن أرد عنكما الطلب، فدعا له النبي ﷺ فنجا، فجعل لا يلقى أحدا إلا قال: قد كفيتكم ما هنا، فلا يلقى أحدا إلا رده، قال: ووفى لنا.

265. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ دادامدىن تۆگە ئىگىرى سېتىۋالدى ۋە: «ئوغلۇڭنى ئەۋەتسەڭ، ماڭا ئىگەرنى كۆتۈرۈشۈپ بەرسۇن» دېدى. مەن ئۇنىڭغا ئىگەرنى كۆتۈرۈشۈپ بەردىم. دادام ئىگەرنىڭ پۇلىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا بارغاندا ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇبەكرى! پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ھىجرەتكە چىققان ۋاقتىڭلاردا قانداق قىلغانلىقىڭلارنى سۆزلەپ بەرسەڭ» دېگەنىدى، ئەبۇبەكرى: «بولىدۇ. بىز (غاردىن) كېچىدە يولغا چىقىپ، ئەتىسى چۈشكىچە ماڭدۇق. چۈش ۋاقتى بولغاندا يولدا ھېچكىم قالمىغانىدى. ئالدىمىزغا يوغان قورام تاشتىن بىرسى ئۇچرىدى. بىز تاشنىڭ سايىسىغا كېلىپ چۈشتۇق. مەن ئۆز قولۇم بىلەن پەيغەمبەر ﷺ گە ئۇخلايدىغان جاي راسلاپ، بىر پارچە تېرە سېلىپ بەردىم ۋە: <ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئۇخلىۋالغىن، مەن ئەتراپنى كۆزىتىپ تۇراي> دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ ئۇخلىدى. مەن ئەتراپنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. بىر چاغدا قويلىرىنى بىز تەرەپكە ھەيدەپ كېلىۋاتقان بىر پادىچى بالىنى كۆرۈپ قالدىم، ئەسلىدە ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش بۇ تاش تۈۋىدە سايىداش ئۈچۈن كېلىۋاتقانىكەن. مەن ئۇنىڭدىن: <ھەي يىگىت، كىمنىڭ خىزمەتكارىسەن؟> دەپ سورىغانىدىم،

ئۇ مەدىنىلىك ياكى مەككىلىك بىر كىشىنى ئاتىدى. مەن: <ساغلىقىڭ بارمۇ؟> دېسەم، ئۇ: <ھەئە، بار> دېدى. مەن: <سېغىپ بېرەمسەن؟> دەپ سورىسام، ئۇ: <ماقۇل> دەپ بىر قوينى تۇتتى. مەن ئۇنىڭغا: <قوينىڭ يېلىنىدىكى توپا، قىل ۋە ئەخلەتلەرنى تازىلىۋەت> دېدىم *(بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇ ھەدىسنى نەقىل قىلغۇچى ئەبۇ ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: مەن بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەقەنى ھېكايە قىلىۋېتىپ، بىر قولىنى يەنە بىر قولىغا ئۇرۇپ، توپىسىنى قاققانلىقىنى كۆردۇم)*. پادىچى ياغاچ ئاياققا بىر سېغىم سۈت ساغدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىچىشى ۋە تاھارەت ئېلىشى ئۈچۈن ئاغزىدا لاتا بار بىر تۇلۇمغا سۇ ئېلىۋالغان ئىدىم. مەن پەيغەمبەر ﷺ نى ئويغىتىشنى خالىمايتتىم لېكىن سۈتنى ئېلىپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلسەم، دەل ئۇنىڭ ئويغانغان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قاپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن، سۈتكە ئازراق سۇ قۇيۇپ ئاستى تەرىپىنى سوۋۇتتۇم. مەن سۈتنى پەيغەمبەر ﷺ گە ئۇزىتىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! سۈت ئىچكىن> دېدىم. ئۇ سۈتنى ئىچكەنىدى، مېنىڭ كۆڭلۈم يايراپ كەتتى. ئاندىن ئۇ: <ماڭىدىغان ۋاقىت بولمىدىمۇ؟> دەپ سورىدى، مەن: <ھەئە، بولدى> دېدىم. كۈن قايرىلغاندىن كېيىن يولىمىزغا راۋان بولدۇق.

سۇراقە ئىبنى مالىك كەينىمىزدىن قوغلاپ كەلدى. مەن: <ئى رەسۇلۇللاھ! (سۇراقە) يېتىشىۋالىدىغان بولدى> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <غەم قىلما، الله بىز بىلەن بىللە> دەپ سۇراقەگە بەددۇئا قىلغانىدى، سۇراقەنىڭ ئېتى قورسىقىغىچە يەرگە *(زۇھەير: <قاتتىق يەرغۇ دەيمەن> دېگەن)* پېتىپ قالدى. سۇراقە: <سىلەر ماڭا بەددۇئا قىلدىڭلار. ئۇنداق قىلماي ياخشى دۇئا قىلىپ قويساڭلار، الله نىڭ نامى بىلەن سىلەرگە ۋەدە قىلىمەنكى، سىلەرنى ئىزدەپ كەلگەنلەرنى كەينىگە قايتۇرۇۋېتىمەن> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ دۇئا قىلغانىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇتۇلدى ۋە ئارقىغا يېنىپ كىملا ئۇچرىسا: <مەن پالانى يەرگىچە بېرىپ كەلدىم، ئۇلار يوق> دەپ قوغلاپ كەلگۈچىلەرنى قايتۇرۇۋەتتى. ئۇ بىزگە بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى» دېدى.[1]

**266. عن أنس بن مالك رضي الله عنه، أن أبا بكر الصديق رضي الله عنه حدثه قال: نظرت إلى أقدام المشركين على رءوسنا ونحن في الغار، فقلت: يا رسول الله لو أن أحدهم**

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**نظر إلى قدميه أبصرنا تحت قدميه، فقال: «يا أبا بكر ما ظنك باثنين الله ثالثهما».**

266. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئىككىمىز غاردىكى چاغدا، (بىزنى ئىزدەپ كەلگەن) مۇشرىكلارنىڭ پۇتلىرىنىڭ باش ئۇستىمىزدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرى پۇتىنىڭ ئۇچىغا قارىسىلا، تۆۋەندە بىزنىڭ تۇرغانلىقىمىزنى كۆرۈپ قالىدۇ» دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: «ئى ئەبۇبەكرى! ئىككىمىزدىن باشقا ئۈچىنچى زات بولغان الله بىز بىلەن بىللە تۇرسا، يەنە نېمىدىن ئەنسىرەيسەن؟!» دېدى.[1]

**267. عن البراء بن عازب رضي الله عنهما قال: أول من قدم علينا مصعب بن عمير، وابن أم مكتوم وكانا يقرئان الناس، فقدم بلال وسعد وعمار بن ياسر، ثم قدم عمر بن الخطاب في عشرين من أصحاب النبي ﷺ، ثم قدم النبي ﷺ، فما رأيت أهل المدينة فرحوا بشيء فرحهم برسول الله ﷺ، حتى جعل الإماء يقلن: قدم رسول الله ﷺ، فما قدم حتى قرأت: ﴿سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى﴾ في سور من المفصل.**

267. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: قېشىمىزغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇھاجىرلارنىڭ تۇنجىسى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم بولۇپ، ئۇ ئىككىسى كىشىلەرگە قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىتەتتى. ئاندىن كېيىن بىلال، سەئىد ۋە ئەممار ئىبنى ياسىرلار كەلدى؛ ئۇلاردىن كېيىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ 20 ساھابىلىرى بىلەن بىللە كەلدى؛ ئۇلاردىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ كەلدى. مەدىنە خەلقىنىڭ ھېچبىر ئىشقا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كەلگىنىگە خۇشال بولغاندەك خۇشال بولغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ھەتتا دېدەكلەردىن تارتىپ ھەممەيلەننىڭ: «پەيغەمبەر ﷺ كەلدى» دەپ تۇۋلىغىنىنى كۆردۈم. پەيغەمبەر ﷺ يېتىپ كەلگەندە مەن مەدىنىلىكلەرگە «سۇرە ئەئلا» قاتارلىق بىر قانچە قىسقا سۈرىنى ئوقۇپ بەرگەنىدىم.[2]

## 44 ـ باب

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

# الله يولىدىكى رىباتنىڭ[1] پەزىلىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا انسَلَخَ الأَشْهُرُ الْحُرُمُ فَاقْتُلُواْ الْمُشْرِكِينَ حَيْثُ وَجَدتُّمُوهُمْ وَخُذُوهُمْ وَاحْصُرُوهُمْ وَاقْعُدُواْ لَهُمْ كُلَّ مَرْصَدٍ﴾ «(ئۇرۇش قىلىش) ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اصْبِرُواْ وَصَابِرُواْ وَرَابِطُواْ وَاتَّقُواْ اللّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (تائەت ـ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا) سەۋر قىلىڭلار، (دۈشمەنلەرگە) زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) رىباتتا تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن الله تىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)»[3].

**268. عن سهل بن سعد رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «رباط يوم في سبيل الله خير من الدنيا وما عليها، وموضع سوط أحدكم من الجنة خير من الدنيا وما عليها، والروحة يروحها العبد في سبيل الله أو الغدوة، خير من الدنيا وما عليها».**

268. سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «الله يولىدا بىر كۈن رىباتتا تۇرۇش دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر، بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى بىر تال قامچا مىقدارىچىلىك ئورنى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر، بىرىڭلارنىڭ ئەتىگىنى ياكى كەچلىكى بىر قېتىم الله يولىدىكى جىھادقا مېڭىشى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر»[4].

**269. عن سلمان رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «رباط يوم وليلة خير من صيام شهر وقيامه، وإن مات جرى عليه عمله الذي كان يعمله، وأجري عليه رزقه، وأمن الفتان».**

---

[1] رىبات — جەڭنى كۈتۈپ تەييار تۇرۇش.

[2] سۈرە تەۋبە 5ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە ئال ئىمران 200ـ ئايەت.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

269. سەلمان فارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كېچە-كۈندۈز رىباتتا تۇرۇش بىر ئاي (كۈندۈزى) روزا تۇتۇش ۋە (كېچىسى) قىيامدا تۇرۇشتىن ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇ رىباتتا ۋاپات تاپسا، ئۇنىڭغا قىلىپ كېلىۋاتقان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى داۋاملىق يېزىلىپ تۇرىدۇ، (جەننەتتىن) رىزقى يېتىپ تۇرىدۇ ھەمدە قەبرە پىتنىسىدىن[1] خاتىرجەم بولىدۇ».[2]

**270. عن أبي الدرداء رضي الله عنه، عن رسول الله ﷺ قال: «رباط شهر خير من صيام دهر، ومن مات مرابطا في سبيل الله أمن من الفزع الأكبر، وغدي عليه برزقه وريح من الجنة، ويجري عليه أجر المرابط حتى يبعثه الله عز وجل».**

270. ئەبۇ دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر ئاي رىباتتا تۇرۇش بىر ئۆمۈر روزا تۇتۇشتىن ياخشىدۇر. كىمكى الله يولىدا رىباتتا تۇرۇپ ۋاپات تاپسا، قىيامەت كۈنىدىكى چوڭ قورقۇنچتىن خاتىرجەم بولىدۇ؛ ئۇنىڭغا جەننەتتىن رىزقى يېتىپ تۇرىدۇ؛ تاكى الله تائالا ئۇنى قايتا تىرىلدۈرگەنگە قەدەر، رىباتتا تۇرغۇچىنىڭ ئەجرى ئۇنىڭغا داۋاملىق يېزىلىپ تۇرىدۇ».[3]

**271. عن فضالة بن عبيد رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «كل ميت يختم على عمله إلا المرابط في سبيل الله، فإنه ينمى له عمله إلى يوم القيامة، ويؤمن فتنة القبر».**

271. فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق كىشى ئۆلگەندە ئۇنىڭغا بىرىلىدىغان ئەجىر توختىتىپ قويۇلىدۇ ئەمما الله يولىدا رىباتتا تۇرغۇچى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئۇنىڭ ئەمىلىنىڭ ساۋابى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئۆسۈپ بارىدۇ ھەمدە ئۇ قەبرە پىتنىسىدىن خاتىرجەم بولىدۇ».[4]

**272. عن أبي أمامة الباهلي رضي الله عنه، عن رسول الله ﷺ أنه قال: «أربعة تجري**

---

[1] قەبرە پىتنىسى دېگىنىمىز — مۇنكىر-نەكىرنىڭ قەبرىدىكى بەندىدىن رەببى، دىنى ۋە پەيغەمبىرى ھەققىدە سورىشىدۇر — تەرجىماندىن.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] تەبرانى توپلىغان ، ھەيسەمى «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[4] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم توپلىغان، ئىبنى ھەجەر، نەۋەۋى ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**عليهم أجورهم بعد الموت: مرابط في سبيل الله، ومن عمل عملا أجري له مثل ما عمل، ورجل تصدق بصدقة فأجرها له ما جرت، ورجل ترك ولدا صالحا فهو يدعو له».**

272. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئەجىرلىرى ئۇلارغا داۋاملىق يېتىپ تۇرىدىغان تۆت تۈرلۈك كىشى بار، ئۇلار: الله يولىدا رىباتتا تۇرغۇچى، ۋاپاتىدىن كېيىن ھەم مۇسۇلمانلار داۋاملىق مەنپەئەتلىنىپ تۇرىدىغان ئەمەلنى قىلغان كىشى، ساۋابى ئۈزۈلمەي يېتىپ تۇرىدىغان سەدىقىنى قىلغان كىشى ۋە ئۆزىگە دۇئا قىلىدىغان سالىھ پەرزەنتنى تەربىيىلەپ قويغان كىشى». [1]

**273. عن أبي هريرة رضي الله عنه، عن رسول الله ﷺ قال: «من مات مرابطا في سبيل الله أجرى عليه أجر عمله الصالح الذي كان يعمل وأجري عليه رزقه وأمن من الفتان وبعثه الله يوم القيامة آمنا من الفزع».**

273. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا رىباتتا تۇرۇپ ۋاپات تاپسا، ھايات ۋاقتىدا قىلىپ كېلىۋاتقان سالىھ ئەمەلىنىڭ ئەجرى داۋاملىشىپ تۇرىدۇ، (جەننەتتىكى) رىزقى يېتىپ تۇرىدۇ ۋە (قەبرە) پىتنىسىدىن خاتىرجەم بولىدۇ شۇنداقلا الله تائالا ئۇنى قىيامەت كۈنىدىكى (چوڭ) قورقۇنچتىن خاتىرجەم ھالەتتە تىرىلدۈرىدۇ». [2]

**274. وعن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: سئل رسول الله ﷺ عن أجر الرباط، فقال: «من رابط ليلة حارسا من وراء المسلمين كان له أجر من خلفه ممن صام وصلى».**

274. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن رىباتنىڭ ساۋابى ھەققىدە سورالغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مۇسۇلمانلارنى قوغداپ بىر كېچە رىباتتا تۇرغان كىشىگە ئۇنىڭ كەينىدىكى ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتقان ئادەملەرنىڭ ساۋابى ھەم يېزىلىدۇ». [3]

**275. عن عثمان بن عفان رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «من رابط**

[1] ئەھمەد ۋە تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئىبنى ھەجەر ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] تەبرانى توپلىغان، تىرمىزى «تەبرانى ياخشى ئىسناد بىلەن نەقىل قىلغان» دېگەن، ھەيسەمى «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن.

ليلة في سبيل الله سبحانه كانت كألف ليلة صيامها وقيامها».

275. ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «الله يولىدا بىر كېچە رىباتتا تۇرۇش ــ مىڭ كېچە قىيامدا تۇرغانغا ۋە روزا تۇتقانغا باراۋەردۇر».①

276. وعن عثمان بن عفان رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «رباط يوم في سبيل الله خير من ألف يوم فيما سواه من المنازل».

276. ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «الله يولىدا بىر كۈن رىباتتا تۇرۇش — ئۇنىڭدىن باشقا ئورۇنلاردىكى مىڭ كۈندىن ئەۋزەلدۇر».②

277. عن أبي هريرة رضي الله عنه، عن رسول الله ﷺ أنه قال: «من خير معاش الناس لهم رجل ممسك عنان فرسه في سبيل الله، يطير على متنه كلما سمع هيعة أو فزعة، طار عليه يبتغي القتل، أو الموت مظانه».

277. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى ھايات شۇكى ــ بىر كىشى ئۆز ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى الله يولىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ، قاچانىكى ئۇرۇش شەپىسى ياكى ئەنسىزلىكنى ئاڭلىسا دۈشمەننى ئۆلتۈرۈش ياكى الله يولىدا شەھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ ئات چاپتۇرىدۇ».③

278. عن ابن عباس رضي الله عنه قال: إن رسول الله ﷺ جاء - أو خرج عليهم - وهم جلوس، فقال: «ألا أحدثكم بخير الناس منزلا؟» قال: قلنا: بلى يا رسول الله. قال: «رجل ممسك برأس فرس في سبيل الله حتى يموت أو يقتل».

278. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ساھابىلەر ئۆزئارا ئولتۇرۇشقانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ (ياكى ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىپ): «كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى مەرتىۋە جەھەتتىن ئەڭ ياخشى كىشىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېدى. ساھابىلەر: «بولىدۇ ئى رەسۇلۇللاھ» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئۆلتۈرۈلگەنگە

① ئىبنى ماجە توپلىغان، سۇيۇتى «سەھىھ» دېگەن، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

② تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

③ مۇسلىم توپلىغان.

قەدەر اللە يولىدا ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ (جەڭگە تەييار) تۇرغان كىشىدۇر» دېدى.①

## 45 ـ باب

## اللە يولىدا ھارىستا تۇرۇشنىڭ② پەزىلىتى

**279. عن أبي هريرة رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «تعس عبد الدينار وعبد الدرهم وعبد الخميصة، إن أعطي رضي، وإن لم يعط سخط، تعس وانتكس، وإذا شيك فلا انتقش، طوبى لعبد آخذ بعنان فرسه في سبيل الله، أشعث رأسه مغبرة قدماه، إن كان في الحراسة كان في الحراسة، وإن كان في الساقة كان في الساقة، إذا استأذن لم يؤذن له، وإن شفع لم يشفع».**

279. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «دىنار، دەرھەم ۋە كەشتىلەنگەن رەڭلىك كىيىمنىڭ قۇللىرى ھالاك بولسۇن! ئەگەر ئۇلارغا بېرىلسە رازى بولىدۇ، بېرىلمىسە ئاچچىقلايدۇ. ھالاك بولسۇن، كېسەل ۋە خارلىقتىن قۇتۇلالمىسۇن! ئۇنىڭغا تىكەن كىرسە چىقىرىلمىسۇن! چېچى چۇۋۇق، ئىككى قەدىمى توپىغا مىلەنگەن ھالەتتە اللە يولىدا ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان كىشىگە خۇش مۇبارەك بولسۇنكى، ئەگەر ئۇنى ھارىستا تۇرۇشقا قويسا، ھارىستا تۇرىدۇ؛ ئارقا سەپتە قويسا، ئارقا سەپتە بولىدۇ؛ رۇخسەت سورىسا، رۇخسەت بېرىلمەيدۇ؛ شاپائەت قىلماقچى بولسا، شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ».③

**280. عن عقبة بن عامر رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «رحم الله حارس الحرس».**

280. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇجاھىدلارنى قوغدىغۇچىغا اللە رەھمەت قىلسۇن».④

---

① ئەھمەد، نەسائى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

② ھارىستا تۇرۇش — ئىسلام زېمىنىنى قوغداپ پوستتا تۇرۇش. قاراۋۇللۇقتا تۇرۇش.

③ بۇخارى توپلىغان.

④ ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم توپلىغان، ھاكىم ۋە زەھەبى «سەھىھ» دېگەن.

**281. عن ابن عباس رضي الله عنهما قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «عينان لا تمسهما النار: عين بكت من خشية الله، وعين باتت تحرس في سبيل الله».**

281. ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببراس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئىككى كۆزگە دوزاخ ئوتى تەگمەيدۇ: بىرى، الله تىن قورقۇپ يىغلىغان كۆز؛ يەنە بىرى، الله يولىدا ھارىستا تۇرغان كۆز».①

**282. عن أبي هريرة رضي الله عنه: أنه كان في الرباط ففزعوا إلى الساحل ثم قيل: لا بأس فانصرف الناس و أبو هريرة واقف فمر به إنسان فقال: ما يوقفك يا أبا هريرة؟ فقال: سمعت رسول الله ﷺ يقول : «موقف ساعة في سبيل الله خير من قيام ليلة القدر عند الحجر الأسود».**

282. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رىباتتا تۇرۇۋاتاتتۇق. تۇيۇقسىز ئەنسىزلىك يۈز بېرىپ، قوشۇندىكىلەر ساھىل تەرەپكە باردى ۋە مەسىلە يوق ئىكەنلىكىنى بايقاپ جايىغا قايتتى. مەن شۇ يەردە ھارىستا تۇردۇم. شۇ ئارىدا بىرى يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «ئى ئەبۇ ھۇرەيرە، نېمىشقا بۇ يەردە تۇرۇۋالدىڭ؟» دېگەنىدى، ئۇنىڭغا: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <الله يولىدا بىر سائەت ھارىستا تۇرۇش — قەدر كېچىسى ھەجەر ئەسۋەدنىڭ يېنىدا ئىبادەت قىلىشتىن ياخشىدۇر> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم» دېدىم.②

**283. عن عبد الله بن عمر رضي الله عنهما، عن النبي ﷺ قال: «ألا أنبئكم بليلة أفضل من ليلة القدر حارس حرس في أرض خوف لعله لا يرجع إلى أهله».**

283. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قەدر كېچىسىدىنمۇ ئەۋزەل بىر كېچىنى سىلەرگە خەۋەر قىلايمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ئۆز ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان بىر كىشىنىڭ خەتەرلىك بىرەر زېمىندا مۇجاھىدلارنى قوغداپ ھارىستا تۇرغان كېچىسىدۇر».③

① تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② ئىبنى ھىببان ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

③ نەسائى، ھاكىم ۋە بەيھەقى توپلىغان؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**284. عن سهل بن الحنظلية رضي الله عنه، أنهم ساروا مع رسول الله ﷺ يوم حنين، فأطنبوا السير حتى كانت عشية، فحضرت الصلاة مع رسول الله ﷺ، فجاء رجل فارس فقال: يا رسول الله، إني انطلقت بين أيديكم حتى طلعت جبل كذا وكذا، فإذا أنا بهُوازن على بكرة أبيهم بظعنهم ونعمهم وشائهم اجتمعوا إلى حنين، فتبسم النبي ﷺ وقال: «تلك غنيمة المسلمين غدا إن شاء الله». ثم قال: «من يحرسنا الليلة؟» قال أنس بن أبي مرثد: أنا يا رسول الله. فقال: «فاركب» فركب فرسا له، فجاء إلى رسول الله ﷺ، فقال له رسول الله ﷺ: «استقبل هذا الشعب حتى تكون في أعلاه ولا نغرن من قبلك الليلة» فلما أصبحنا خرج رسول الله ﷺ إلى مصلاه فركع ركعتين ثم قال: «هل أحسستم فارسكم؟» قال رجل: يا رسول الله، ما أحسسناه، فثوب بالصلاة، فجعل النبي ﷺ، وهو يصلي يلتفت إلى الشعب، حتى إذا قضى صلاته قال: «أبشروا فقد جاءكم فارسكم» فجعلنا ننظر إلى خلال الشجر في الشعب، فإذا هو قد جاء، حتى وقف على رسول الله ﷺ فقال: إني انطلقت حتى كنت في أعلى هذا الشعب حيث رسول الله ﷺ، فلما أصبحت طلعت الشعبين كليهما، فنظرت فلم أر أحدا، فقال له رسول الله ﷺ: «هل نزلت الليلة؟» قال: لا إلا مصليا أو قاضيا حاجة، فقال له: «أوجبت، فلا عليك أن لا تعمل بعدها».**

284. سەھل ئىبنى ھەنزەلىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ھۇنەين كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە چىقتى. كەچ كىرىپ ھەتتا خۇپتەن ۋاقتى بولدى. ناماز ۋاقتىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بىر ئاتلىق كىشى كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا پالانى تاغقا چىقتىم. مەن ئۇشتۇمتۇت ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى، ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى ۋە چارۋا-قويلىرنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇلار ھۇنەينگە يىغىلىپتۇ» دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ تەبەسسۇم قىلىپ: «الله خالىسا بۇلار ئەتە مۇسۇلمانلارنىڭ غەنىيمىتى بولىدۇ» دېدى. ئاندىن: «بۇ كېچە بىزگە كىم ھارىستا تۇرىدۇ؟» دېگەندى، ئەنەس ئىبنى ئەبۇ مەرسەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ھارىستا تۇراي» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنداقتا ئېتىڭغا مىنگىن!» دېدى. ئۇ ئېتىغا مىنىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «بۇ ۋادىغا قاراپ مېڭىپ ئۇنىڭ ئەڭ ئۈستىگە چىققىن، بۇ كېچە بىز سەن تۇرغان تەرەپتىن خاتىرجەم بولايلى» دېدى.

تاڭ ئاتقاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ ناماز ئوقۇيدىغان جايغا چىقىپ ئىككى رەكئەت

ناماز ئوقۇدى ۋە: «سىلەرنىڭ چەۋەندازىڭلاردىن خەۋەر بارمۇ؟» دېگەنىدى، ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! ھېچبىر خەۋەر يوق» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. نامازنى ئوقۇپ سالام بەرگىچە ۋادى تەرەپكە قارايتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نامىزنى تاماملاپ سالام بەرگەندىن كېيىن: «خۇشخەۋەر! چەۋەندازىڭلار قايتىپ كەلدى» دېدى. بىز ۋادىدىكى دەرەخلەر ئارىسىدىن ئۇنىڭغا قارىساق ئۇ راستىنلا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىغا كېلىپ: «مەن بۇ ۋادىنىڭ ئۈستىدىكى رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇيرۇغان ئورۇنغىچە ماڭدىم. تاڭ ئاتقاندا ئىككى ۋادىنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە چىقىپ قاراپ بىرەر كىشىنىمۇ كۆرمىدىم» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭدىن: «كېچىدە چۈشتۈڭمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ: «ياق، پەقەت ناماز ئوقۇش ياكى ھاجىتىمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن چۈشتۇم» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سەن بۇ كېچىدە ھارىستا تۇرغانلىق سەۋەبلىك ئۆزۈڭگە جەننەتنى ۋاجىب قىلدىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچبىر ئەمەل قىلمىساڭمۇ ساڭا زەرەر يوق» دېدى.[1]

**285. عن أبي ريحانة رضي الله عنه قال: كنا مع رسول الله ﷺ في غزوة، فأتينا ذات ليلة إلى شرف، فبتنا عليه، فأصابنا برد شديد حتى رأيت من يحفر في الأرض حفرة يدخل فيها، ويلقي عليه الحجفة - يعني الترس - فلما رأى ذلك رسول الله ﷺ من الناس نادى: «من يحرسنا في هذه الليلة، وأدعو له بدعاء يكون فيه فضل؟» فقال رجل من الأنصار: أنا يا رسول الله، فقال: «ادنه»، فدنا، فقال: «من أنت؟» فتسمى له الأنصاري، ففتح رسول الله ﷺ بالدعاء، فأكثر منه. قال أبو ريحانة: فلما سمعت ما دعا به رسول الله ﷺ، فقلت: أنا رجل آخر، فقال: «ادنه» فدنوت، فقال: «من أنت؟» قال: فقلت: أنا أبو ريحانة، فدعا بدعاء هو دون ما دعا للأنصاري، ثم قال: «حرمت النار على عين دمعت أو بكت من خشية الله، وحرمت النار على عين سهرت في سبيل الله».**

285. ئەبۇ رەيھانە ئەزدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىر غازاتتا ئىدۇق. بىر كۈنى بىز بىر ئېگىزلىككە كېلىپ ئۇ يەردە كەچلىدۇق. ئۇ كېچە قاتتىق سوغۇق بولدى ھەتتا بەزى كىشىلەرنىڭ يەرنى كولاپ كىرىۋېلىپ، ئۈستىنى قالقان بىلەن يېپىۋالغانلىقىنى كۆردۈم.

[1] ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان: ئىبنى ھەجەر ۋە ئابدۇقادىر ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ كىشىلەرنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن: «بۇ كېچە بىزگە كىم ھارىستا تۇرىدۇ؟ مەن ئۇنىڭغا پەزىلەتلىك دۇئا قىلىمەن» دېدى. ئەنسارىلاردىن بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن تۇراي» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «يېقىن كەل» دېدى، ئۇ يېقىن كەلدى. ئۇنىڭدىن: «سەن كىم؟» دەپ سورىۋېدى، ئۇ ئەنسارى ئىسمىنى دەپ بەردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا كۆپ دۇئا قىلدى. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇنىڭغا قىلغان دۇئاسىنى ئاڭلاپ: «مەنمۇ بىللە تۇراي» دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «يېقىن كەل» دېدى، مەن يېقىن باردىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ مەندىن: «سەن كىم؟» دەپ سورىغانىدى، مەن: «ئەبۇ رەيھانە» دېدىم. ئۇ ماڭا ئەنسارىغا قىلغان دۇئاغا قارىغاندا ئازراق دۇئا قىلدى، ئاندىن: «الله تىن قورقۇپ يىغلىغان ياكى ياش تۆككەن كۆزگە ۋە الله يولىدا بىدار بولغان كۆزگە دوزاخ ئوتى ھارام قىلىندى» دېدى.[1]

**286. عن جابر بن عبد الله رضي الله عنه قال: نزل النبي ﷺ منزلا، فقال: «من رجل يكلؤنا ليلتنا هذه؟» فانتدب رجل من المهاجرين، ورجل من الأنصار، فقالا: نحن يا رسول الله، قال: «فكونوا بفم الشعب»، قال: وكانوا نزلوا إلى شعب من الوادي، فلما خرج الرجلان إلى فم الشعب، قال الأنصاري للمهاجري: أي الليل أحب إليك أن أكفيكه؟ أوله أو آخره؟ قال: اكفني أوله، فاضطجع المهاجري فنام، وقام الأنصاري يصلي، وأتى الرجل، فلما رأى شخص الرجل عرف أنه ربيئة القوم، فرماه بسهم، فوضعه فيه، فنزعه فوضعه، وثبت قائما، ثم رماه بسهم آخر، فوضعه فيه، فنزعه فوضعه، وثبت قائما، ثم عاد له بثالث، فوضعه فيه، فنزعه فوضعه، ثم ركع وسجد، ثم أهب صاحبه، فقال: اجلس فقد أوتيت، فوثب، فلما رآهما الرجل عرف أن قد نذروا به فهرب، فلما رأى المهاجري ما بالأنصاري من الدماء، قال: سبحان الله، ألا أهببتني قال: كنت في سورة أقرؤها، فلم أحب أن أقطعها حتى أنفذها، فلما تابع الرمي ركعت فأريتك، وايم الله، لولا أن أضيع ثغرا أمرني رسول الله ﷺ بحفظه، لقطع نفسي قبل أن أقطعها، أو أنفذها.**

286. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر مەنزىلگە چۈشتى، ئاندىن: «بۇ كېچىدە بىزگە كىم ھارىستا تۇرىدۇ؟» دېدى. مۇھاجىرلاردىن بىر كىشى ۋە ئەنسارىلاردىن بىر كىشى چىقىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز تۇرايلى» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سىلەر ۋادىنىڭ ئېغىزىدا

[1] ئەھمەد، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان: ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

تۇرۇڭلار» دېدى. ئۇلار ۋادىدىن جىلغىغا چۈشۈپ، جىلغىنىڭ ئېغىزىغا بارغاندا ئەنسارى مۇھاجىرغا: «سەن مېنىڭ كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە تۇرۇشۇمنى خالامسەن ياكى ئاخىرىدىمۇ؟» دېدى. مۇھاجىر: «ئەۋۋىلىدە تۇرغىن» دېدى. ئاندىن مۇھاجىر يانچە يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئەنسارى تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. مۇشرىكلاردىن بىر كىشى كېلىپ ئۇنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار ئەۋەتكەن مۇھاپىزەتچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ئوقيانى بەتلەپ ئاتتى، ئوق تەگدى. ئەنسارى ئوقنى يۇلۇپ ئېلىۋېتىپ نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئاندىن ئۇ مۇشرىك ئىككىنچى ئوقنى ئېتىپ تەگكۈزدى، ئەنسارى ئۇنىمۇ ئېلىۋېتىپ نامىزىنى داۋاملاشتۇردى. ئۈچىنچى ئوق تەگكەندە ئۇنىمۇ ئېلىۋېتىپ، رۇكۇ ـ سەجدە قىلىپ ئاندىن بىرىپ قېرىنداشىنى ئويغاتتى ۋە ئۇنىڭغا: «تۇرغىن، مەن كەلدىم» دېدى. مۇشرىك ئۇ ئىككىسىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى. مۇھاجىر ئەنسارىدىن چىققان قاننى كۆرۈپ: «سۇبھانەللاھ! (ساڭا بىرىنچى پاي ئوق تەگكەندىلا) نېمىشقا مېنى ئويغاتمىدىڭ؟» دېگەنىدى، ئەنسارى: «مەن بىر سۈرىنى ئوقۇۋاتاتتىم، ئۇنى تۈگەتمەي تۇرۇپ ئۈزۈپ قويۇشنى ياخشى كۆرمىدىم، ئوق ئارقا ـ ئارقىدىن ئېتىلغاندىن كېيىن رۇكۇ قىلىپ ئاندىن سېنى چاقىردىم. الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ چېگرانى ساقلاش بۇيرۇقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقتىن قورقمىغان بولسام، ئۇ سۈرىنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ئىلگىرى جېنىم چىققان ياكى ئۇنى تۈگەتكەن بولاتتىم» دېدى.[1]

## 46 ـ باب

## الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شەھىدلەرنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَقُولُوا لِمَنْ يُقْتَلُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتٌ بَلْ أَحْيَاءٌ وَلَكِنْ لَا تَشْعُرُونَ﴾ «الله نىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى (يەنى شەھىدلەرنى) ئۆلۈك

[1] ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

دېمەڭلار، بەلكى ئۇلار تىرىكتۇر لېكىن سىلەر بۇنى سەزمەيسىلەر».[1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاءٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ ۞ فَرِحِينَ بِمَا آتَاهُمُ اللَّهُ مِنْ فَضْلِهِ وَيَسْتَبْشِرُونَ بِالَّذِينَ لَمْ يَلْحَقُوا بِهِمْ مِنْ خَلْفِهِمْ أَلَّا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ۞ يَسْتَبْشِرُونَ بِنِعْمَةٍ مِنَ اللَّهِ وَفَضْلٍ وَأَنَّ اللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ الْمُؤْمِنِينَ ۞﴾ «الله نىڭ يولىدا شەھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ) [169]. ئۇلار الله نىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شەھىد بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ [170]. ئۇلار الله تەرىپىدىن بېرىلگەن نېئمەت ۋە پەزلنى، مۇئمىنلەرنىڭ ئەجرىنى الله نىڭ بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ [171]».[2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَلَنْ يُضِلَّ أَعْمَالَهُمْ ۞ سَيَهْدِيهِمْ وَيُصْلِحُ بَالَهُمْ ۞ وَيُدْخِلُهُمُ الْجَنَّةَ عَرَّفَهَا لَهُمْ ۞﴾ «الله نىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ (يەنى شەھىدلەرنىڭ) ئەمەللىرىنى الله بىكار قىلىۋەتمەيدۇ [4]. الله ئۇلارنى ھىدايەت قىلىدۇ ۋە ھالىنى ياخشىلايدۇ [5]. الله ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، الله ئۇنى ئۇلارغا تونۇتتى (يەنى جەننەتكە كىرگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ يەردىكى جايىنى ئىلگىرى كۆرگەندەكلا بىلىدۇ) [6]».[3]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ اشْتَرَى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنْفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ﴾ «شۈبھىسىزكى، الله مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى، ئۇلار الله نىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شەھىد بولىدۇ)».[4]

---

[1] سۈرە بەقەرە 154 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران 169 ـ ئايەتتىن 171 ـ ئايەتكىچە.

[3] سۈرە مۇھەممەد 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 5 ـ ، 6 ـ ئايەتلەر.

[4] سۈرە تەۋبە 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله  تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاسْتَجَابَ لَهُمْ رَبُّهُمْ أَنِّي لَا أُضِيعُ عَمَلَ عَامِلٍ مِنْكُمْ مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى بَعْضُكُمْ مِنْ بَعْضٍ فَالَّذِينَ هَاجَرُوا وَأُخْرِجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ وَأُوذُوا فِي سَبِيلِي وَقَاتَلُوا وَقُتِلُوا لَأُكَفِّرَنَّ عَنْهُمْ سَيِّئَاتِهِمْ وَلَأُدْخِلَنَّهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ ثَوَابًا مِنْ عِنْدِ اللَّهِ وَاللَّهُ عِنْدَهُ حُسْنُ الثَّوَابِ﴾ «ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى: <مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمىلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر-بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن. ھىجرەت قىلغانلار، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلار، مېنىڭ يولۇمدا (يەنى الله نىڭ دىنى ئۈچۈن) ئەزىيەت تارتقانلار، ئۇرۇشقا قاتناشقانلار (يەنى مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇشقانلار) ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى (مەغپىرىتىم ۋە رەھمىتىم بىلەن) ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىمەن، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن>. بۇ (ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) الله تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر. الله نىڭ دەرگاھىدا ياخشى مۇكاپات (يەنى جەننەت) بار».[1]

**287. عن ابن عباس رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «الشهداء على بارق -نهر بباب الجنة- في قبة خضراء يخرج عليهم رزقهم من الجنة بكرة وعشيا».**

287. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىدلەر جەننەتلەرنىڭ دەرۋازىلىرى يېنىدىكى ئۆستەڭلەرنىڭ بويىغا جايلاشقان يېشىل گۈمبەزلەردە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ رىزىقلىرى ئەتىگەن ۋە كەچلەردە جەننەتتىن كېلىپ تۇرىدۇ[2]».[3]

**288. عن جابر بن عبد الله رضي الله عنهما قال: قال رجل للنبي ﷺ يوم أحد: أرأيت**

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 195 ـ ئايەت.

[2] ئىبنى كەسىر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دەيدۇ: «شەھىدلەر بىر قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: ئۇلارنىڭ ئىچىدە روھلىرى جەننەتتە يايرايدىغانلىرى بار، جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى ئۆستەڭلەردە بولىدىغانلىرى بار. بەزىدە ئۇلارنىڭ سەپىرىنىڭ ئاخىرى مۇشۇ ئۆستەڭگىچە بولۇپ، شۇ يەردە جۇغلىشىپ، ئەتىگەن ۋە كەچتە رىزىقلىنىشى مۇمكىن. الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر!» (**«تفسير ابن كثير»** 2 ـ توم 164 ـ بەت). ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئۇلارنىڭ جەننەتتە بولىدىغانلىقىغا قارشى كەلمەيدۇ. ئۇ ئۆستەڭ جەننەتتىن ئېقىپ چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ رىزقى ھەم جەننەتتىن كېلىدۇ. دېمەك، گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جەننەتتىن بولغان ئورۇنلىرىغا يەتمىگەن بولسىمۇ لېكىن يەنىلا جەننەتتە بولىدۇ».

[3] ئەھمەد، تەبەرى، تەبرانى، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

**إن قتلت فأين أنا؟ قال: «في الجنة»، فألقى تمرات في يده ثم قاتل حتى قتل.**

288. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۇھۇد غازىتى كۈنى بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «ئەگەر مەن ئۆلتۈرۈلسەم قەيەردە بولىمەن؟» دەپ سورىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «جەننەتتە» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم قولىدىكى بىر قانچە تال خورمىلارنى تاشلىۋەتتى ۋە (جەڭگە كىرىپ) تاكى ئۆلتۈرۈلگۈچە ئۇرۇشتى.①

**289. عن سمرة رضي الله عنه، قال رسول الله ﷺ: «رأيت الليلة رجلين أتياني، فصعدا بي الشجرة فأدخلاني دارا هي أحسن وأفضل، لم أر قط أحسن منها، قالا: أما هذه الدار فدار الشهداء».**

289. سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن كېچىدە ئىككى ئادەمنى كۆردۈم، ئۇ ئىككىيلەن مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ مېنى دەرەخكە ئۆرلەتتى، ئاندىن تولىمۇ گۈزەل ۋە ھەشەمەتلىك بىر ھويلىغا ئېلىپ كىردى، مەن ئۇنىڭدەك گۈزەل ۋە ھەشەمەتلىك ھويلىنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. ئۇ ئىككىيلەن ماڭا: <بۇ شەھىدلەرنىڭ ھويلىسى> دېدى».②

**290. عن جابر بن عبد الله رضي الله عنه قال: لقيني رسول الله ﷺ، فقال لي: «يا جابر ما لي أراك منكسرا»؟ قلت: يا رسول الله استشهد أبي، وترك عيالا ودينا، قال: «أفلا أبشرك بما لقي الله به أباك»؟ قال: بلى يا رسول الله. قال: «ما كلم الله أحدا قط إلا من وراء حجاب، وأحيا أباك فكلمه كفاحا. فقال: يا عبدي تمن علي أعطك. قال: يا رب تحييني فأقتل فيك ثانية. قال الرب عز وجل: إنه قد سبق مني أنهم إليها لا يرجعون» قال: وأنزلت هذه الآية: ﴿وَلَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاءٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ﴾ [آل عمران: 169].**

290. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مېنى كۆرۈپ:

— ئى جابىر، غەمكىن كۆرۈنىسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! دادام شەھىد بولۇپ، ماڭا (ئۇنىڭدىن) بىر قانچە بالا ۋە قەرز قېلىپ قالدى، — دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ:

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② بۇخارى توپلىغان.

— ساڭا داداڭنىڭ ﷲ ھۇزۇرىدىكى دەرىجىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ — دېدى. مەن:

— ھەئە، — دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى:

— ﷲ ھېچكىشىگە ئارىدا پەردە بولماي تۇرۇپ گەپ قىلىپ باقمىغانىدى ئەمما داداڭنى تىرىلدۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا يۈز تۇرانە تۇرۇپ: «ئى بەندەم! مەندىن نېمە تىلىسەڭ شۇنى بېرىمەن» دېدى. داداڭ: «ئى رەببىم! مېنى قايتا تىرىلدۈرسەڭ، سېنىڭ يولۇڭدا قايتا شەھىد بولسام» دېگەنىدى، ﷲ: «مېنىڭ (ئىنسانلارنى) قايتا تىرىلدۈرمەسلىك (ھەققىدىكى) ھۆكۈمۈم بېكىتىلىپ بولدى» دېدى. ئاندىن: ﴿وَلَا تَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ قُتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أَمۡوَٰتَۢاۚ بَلۡ أَحۡيَآءٌ عِندَ رَبِّهِمۡ يُرۡزَقُونَ﴾ «ﷲ يولىدا شەھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ﷲ نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇلۇپ تۇرىلىدۇ)»[①] دېگەن ئايەت نازىل بولدى.[②]

**291. عن مسروق قال: سألنا عبد الله عن هذه الآية: ﴿وَلَا تَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ قُتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أَمۡوَٰتَۢاۚ بَلۡ أَحۡيَآءٌ عِندَ رَبِّهِمۡ يُرۡزَقُونَ﴾ [آل عمران: 169] قال: أما إنا قد سألنا عن ذلك، فقال: «أرواحهم في جوف طير خضر، لها قناديل معلقة بالعرش، تسرح من الجنة حيث شاءت، ثم تأوي إلى تلك القناديل، فاطلع إليهم ربهم اطلاعة، فقال: هل تشتهون شيئا؟ قالوا: أي شيء نشتهي ونحن نسرح من الجنة حيث شئنا، ففعل ذلك بهم ثلاث مرات، فلما رأوا أنهم لن يتركوا من أن يسألوا، قالوا: يا رب، نريد أن ترد أرواحنا في أجسادنا حتى نقتل في سبيلك مرة أخرى، فلما رأى أن ليس لهم حاجة تركوا.**

291. مەسرۇق مۇنداق دەيدۇ: بىز ئابدۇللاھ (ئىبنى مەسئۇد) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: ﴿وَلَا تَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ قُتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أَمۡوَٰتَۢاۚ بَلۡ أَحۡيَآءٌ عِندَ رَبِّهِمۡ يُرۡزَقُونَ﴾ «ﷲ نىڭ يولىدا شەھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ﷲ نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ)»[③]

---

① سۈرە ئال ئىمران 169 ـ ئايەت.

② تىرمىزى، ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

③ سۈرە ئال ئىمران 169 ـ ئايەت.

دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورىغانىدۇق، ئۇ مۇنداق دېدى: بىزمۇ بۇ ئايەت ھەققىدە (رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن) سورىغانىدۇق، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۇلارنىڭ جانلىرى يېشىل قۇشلارنىڭ پوكانلىرىدا بولىدۇ، ئۇ قۇشلارنىڭ قونداقلىرى ئەرشكە ئېسىلغاندۇر. ئۇ جەننەتتە خالىغان يەرلەرگە ئۇچۇپ بېرىپ، يەنە شۇ قونداقلارغا قايتىپ كېلىدۇ. ئاندىن شەھىدلەرنىڭ رەببى ئۇلارغا قاراپ: <بىرەر نەرسىنى ئارزۇ قىلامسىلەر؟> دەيدۇ. شەھىدلەر: <بىز جەننەتتىن خالىغان جايغا بارالايدىغان تۇرساق، يەنە نېمىنى ئارزۇ قىلاتتۇق!؟> دەيدۇ. الله تائالا بۇ سوئالنى ئۈچ قېتىم سورايدۇ. ئۇلار: <چوقۇم (بىرەر نەرسە) سورىمىساق بولمايدىكەن> دەپ چۈشىنىپ: <ئى رەببىمىز! جانلىرىمىزنى تەنلىرىمىزگە قايتۇرساڭ، سېنىڭ يولۇڭدا يەنە بىر قېتىم ئۆلتۈرۈلسەك> دەيدۇ. الله تائالا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىدۇ».[1]

**292. عن ابن عباس رضي الله عنهما قال: قال رسول الله ﷺ: «لما أصيب إخوانكم بأحد جعل الله أرواحهم في جوف طير خضر ترد أنهار الجنة تأكل من ثمارها، وتأوي إلى قناديل من ذهب معلقة في ظل العرش، فلما وجدوا طيب مأكلهم ومشربهم ومقيلهم قالوا: من يبلغ إخواننا عنا أنا أحياء في الجنة نرزق؛ لئلا يزهدوا في الجهاد، ولا ينكلوا عند الحرب، فقال الله سبحانه أنا أبلغهم عنكم قال فأنزل الله: ﴿وَلَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاءٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ﴾ إلى آخر الآية».**

292. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۇھۇد غازىتىدا شەھىد بولغان قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ جانلىرىنى الله تائالا يېشىل قۇشلارنىڭ پوكانلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ قۇشلار جەننەت ئۆستەڭلىرىنىڭ بويىغا بېرىپ جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن يەيدۇ ۋە ئەرشنىڭ سايىسىگە ئېسىلغان ئالتۇن قونداقلاردىن جاي تۇتىدۇ. ئۇ شەھىدلەر ئەڭ مېزىلىك يېمەكلىكلەرنى يەپ، ئەڭ تاتلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچىپ، ئەڭ گۈزەل جايلاردا دەم ئالغاندىن كېيىن: <بىزنىڭ جەننەتتە تىرىك ئىكەنلىكىمىزنى، رىزىقلاندۇرۇلۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى بىزدىن كېيىنكى قېرىنداشلىرىمىزغا كىم يەتكۈزىدۇ؟ (كاشكى ئۇلار بۇنى بىلسە ئىدى)

[1] مۇسلىم توپلىغان.

جىھادتىن قاچماس ۋە ئۇرۇشتىن چېكىنمەس ئىدى> دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: <بۇنى سىلەرگە ۋاكالىتەن مەن يەتكۈزەي> دېدى ۋە: ﴿وَلَا تَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ قُتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أَمۡوَٰتَۢاۚ بَلۡ أَحۡيَآءٌ عِندَ رَبِّهِمۡ يُرۡزَقُونَ﴾ <الله نىڭ يولىدا شەھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ)>[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى».[2]

**293. عن كعب بن مالك رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «إن أرواح الشهداء في طير خضر تعلق من ثمرة الجنة أو شجر الجنة».**

293. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «شەھىدلەرنىڭ جانلىرى يېشىل قۇشنىڭ (پوكانلىرىدا) جەننەت مېۋىلىرىدىن (ياكى جەننەت دەرەخلىرىنىڭ مېۋىلىرىدىن) يەيدۇ».[3]

**294. وعن كعب بن مالك رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «إنما نسمة المؤمن طائر يعلق في شجر الجنة حتى يرجعه الله تبارك وتعالى إلى جسده يوم يبعثه».**

294. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىنىنىڭ جېنى تاكى الله تەبارەك ۋە تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنى جەسىتىگە قايتۇرغۇچە جەننەتنىڭ دەرىخىگە قونۇپ يۈرىدىغان قۇشتۇر».[4]

**295. وعن أنس بن مالك رضيّ الله عنه، أن أم الربيع بنت البراء وهي أم حارثة بن سراقة، أتت النبي ﷺ، فقالت: يا نبي الله، ألا تحدثني عن حارثة، وكان قتل يوم بدر أصابه سهم غرب، فإن كان في الجنة صبرت، وإن كان غير ذلك، اجتهدت عليه في البكاء، قال: «يا أم حارثة، إنها جنان في الجنة، وإن ابنك أصاب الفردوس الأعلى».**

295. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھارىسە ئىبنى

---

① سۈرە ئال ئىمران 169ـ ئايەت.

② ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

③ تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

④ ئەھمەد، نەسائى توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

سۇراقىنىڭ ئانىسى (ئۇممۇ رەبىئ بىنتى بەرائ) پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئوغلۇم ھارىسەنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەرگەن بولساڭ، ئۇ بەدر كۈنى غايىبتىن تەگكەن ئوق سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. ئەگەر ئۇ جەننەتتە بولسا سەۋر قىلىمەن، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا قاتتىق يىغلايمەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئى ئۇممۇ ھارىسە! ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ ھەرخىل دەرىجىلىرى بار. شۈبھىسىزكى، ئوغلىڭىز جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىيسى بولغان فىردەۋس جەننىتىگە ئېرىشتى» دېدى.[1]

**296. وعن عتبة بن عبد السلمي رضي الله عنه وكان من أصحاب النبي ﷺ قال: قال رسول الله ﷺ: «القتلى ثلاثة: رجل مؤمن جاهد بنفسه وماله في سبيل الله حتى إذا لقي العدو وقاتلهم حتى يقتل، فذلك الشهيد الممتحن في جنة الله تحت عرشه لا يفضله النبيون إلا بدرجة النبوة، ورجل مؤمن قرف على نفسه من الذنوب والخطايا، جاهد بنفسه وماله في سبيل الله حتى إذا لقي العدو وقاتل حتى يقتل فتلك مصمصة محت ذنوبه وخطاياه إن السيف محاء الخطايا، وأدخل من أي أبواب الجنة شاء، فإن لها ثمانية أبواب، ولجهنم سبعة أبواب، وبعضها أفضل من بعض، ورجل منافق جاهد بنفسه وماله حتى إذا لقي العدو قاتل في سبيل الله حتى يقتل، فإن ذلك في النار إن السيف لا يمحو النفاق».**

296. ئۇتبە ئىبنى ئابدۇسۇلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «(الله يولىدا) ئۆلتۈرۈلۈش ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، جېنى ۋە مېلى بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلغان مۇئمىن بولۇپ، دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا تاكى ئۆلتۈرۈلگۈچە ئۇرۇش قىلىدۇ. ئەنە شۇ ــ سىناقتىن ئۆتكەن ۋە الله نىڭ ئەرشى ئاستىدىكى جەننەتتە بولىدىغان شەھىدتۇر، پەيغەمبەرلەرمۇ ئۇنىڭدىن پەقەت پەيغەمبەرلىك دەرىجىسى بىلەن ئارتۇق بولالايدۇ.

يەنە بىرى، (ياخشى ـ يامان ئەمەللەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلىدىغان ئەمما) گۇناھ ـ خاتالىقلىرىدىن قورققان، جېنى ۋە مېلى بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلغان (مۇئمىن) كىشى بولۇپ، دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا تاكى ئۆلتۈرۈلگۈچە ئۇرۇش قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ گۇناھ ۋە خاتالىقلىرى يوقىتا چىقىرىلىدۇ چۈنكى قىلىچ خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ كىشى جەننەتنىڭ قايسى

[1] بۇخارى توپلىغان.

ئىشكىلىرىدىن خالىسا شۇ ئىشكىدىن كىرىدۇ. شۈبھىسىزكى، جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكى ۋە جەھەننەمنىڭ يەتتە ئىشىكى باردۇر.

يەنە بىرى، ئۆزىنىڭ جېنى ۋە مېلى بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلغان مۇناپىق بولۇپ، دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا تاكى ئۆلتۈرۈلگۈچە ئۇرۇش قىلىدۇ. بىراق ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ چۈنكى قىلىچ مۇناپىقلىقنى ئۆچۈرەلمەيدۇ». [1]

**297. عن عبد الله بن عمرو بن العاص رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «إن أول ثلة تدخل الجنة الفقراء المهاجرون، الذين تتقى بهم المكاره، إذا أمروا سمعوا وأطاعوا، وإن كانت لرجل منهم حاجة إلى السلطان، لم تقض له حتى يموت وهي في صدره، وإن الله تعالى يدعو يوم القيامة الجنة، فتأتي بزخرفها وريها، فيقول: أين عبادي الذين قاتلوا في سبيل الله، وقتلوا في سبيلي، وأوذوا في سبيلي، وجاهدوا في سبيلي، ادخلوا الجنة، فيدخلونها بغير حساب ولا عذاب فتأتي الملائكة، فيقولون: ربنا نحن نسبح لك الليل والنهار، ونقدس لك من هؤلاء الذين آثرتهم علينا؟ فيقول الرب تبارك وتعالى: هؤلاء الذين قاتلوا في سبيلي، وأوذوا في سبيلي، فتدخل عليهم الملائكة من كل باب سلام عليكم بما صبرتم، فنعم عقبى الدار».**

297. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «تۇنجى بولۇپ جەننەتكە كىرىدىغانلار پېقىر مۇھاجىرلاردۇر. ئۇلار ئارقىلىق جاپا-مۇشەققەتلەرنى يەڭگىلى بولىدۇ. ئۇلار ھەققە بۇيرۇلسا ئاڭلايدۇ ۋە ئىتائەت قىلىدۇ. گەرچە ئۇلاردىن بىرىنىڭ پادىشاھقا ھاجىتى بولسىمۇ لېكىن ھاجىتى ئورۇنلانماي كۆڭلىدە ساقلىنىپ قالغان ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئاندىن الله تائالا قىيامەت كۈنى جەننەتنى چاقىرىدۇ، جەننەت ئۆزىنىڭ ئېسىل زىننەتلىرى ۋە خۇشپۇراقلىرى بىلەن يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا الله تائالا شۇنداق خىتاب قىلىپ: ‹مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇش قىلغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن، مېنىڭ يولۇمدا ئەزىيەت چەككەن ۋە جىھاد قىلغان بەندىلىرىم قەيەردە؟ جەننەتكە كىرىڭلار!› دەيدۇ. ئاندىن ئۇلار جەننەتكە ھېسابسىز ۋە ئازابسىز كىرىپ كېتىدۇ. پەرىشتىلەر كېلىپ: ‹ئى رەببىمىز! بىز ساڭا كېچە-كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىمىز

---

[1] ئەھمەد ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن، تەبرانى ۋە ئىبنى ھىببان باشقىچە لەۋزە بىلەن خاتىرىلەپ «سەھىھ» دېگەن.

ۋە سېنى بارچە ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. سەن بىزدىن ئارتۇق كۆرۈپ ھۆرمەتلىگەن ئاۋۇ كىشىلەر كىم؟> دەپ سورايدۇ. الله تائالا جاۋابەن: <ئۇلار بولسا مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئەزىيەت چەككەن كىشىلەردۇر> دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەربىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ ۋە ئۇلارغا: <ئۇ دۇنيادا سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!>[1] دەيدۇ».[2]

**298. عن جابر بن عبد الله رضي الله عنهما قال: جيء بأبي إلى النبي ﷺ، وقد مثل به، ووضع بين يديه، فذهبت أكشف عن وجهه، فنهاني قومي فسمع صوت صائحة، فقيل: ابنة عمرو - أو أخت عمرو - فقال: «لم تبكي - أو لا تبكي - ما زالت الملائكة تظله بأجنحتها».**

298. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: (ئۇھۇد غازىتى كۈنى) دادام پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى، ئۇ مۇسلى[3] قىلىۋېتىلگەن ئىدى. مەن ئۇنىڭ يۈزىنى ئېچىش ئۈچۈن ماڭسام كىشىلەر مېنى توسۇۋالدى. شۇ ۋاقىتتا بىرىنىڭ ئاھ ئۇرۇپ (يىغلىغان) ئاۋازى ئاڭلاندى، كىشىلەر ئۇنى «ئەمرىنىڭ قىزى ياكى سىڭلىسى» دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «نېمىگە يىغلايسىز؟ (ياكى <يىغلىماڭ!> دېدى) پەرىشتىلەر تېخىچە ئۇنىڭغا قاناتلىرى بىلەن سايە تاشلاپ تۇرۇۋاتىدۇ» دېدى.[4]

**299. عن أنس بن مالك رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «ما أحد يدخل الجنة يحب أن يرجع إلى الدنيا، وله ما على الأرض من شيء إلا الشهيد، يتمنى أن يرجع إلى الدنيا، فيقتل عشر مرات لما يرى من الكرامة».**

**وفي رواية: «لما يرى من فضل الشهادة».**

299. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىدتىن باشقا، جەننەتكە كىرگەن ھەرقانداق كىشى دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان

---

[1] سۈرە رەئد 24 ـ ئايەت.

[2] ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] مۇسلى قىلىش — بۇرۇن، قۇلاق ۋە بېشىنى كېسىش قاتارلىق ئىشلار ئارقىلىق جەسەتلىرىنى ئەسلىدىكى ھالىتىدىن ئۆزگەرتىۋېتىشتۇر.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

تەقدىردىمۇ بۇ دۇنياغا قايتىشنى خالىمايدۇ. پەقەت شەھىدلا ئۆزگە قىلىنغان مەرھەمەتنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن دۇنياغا قايتىپ يەنە ئون قېتىم ئۆلتۈرۈلۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ». [1]

يەنە بىر نەقىلدە: «شەھىدلىكنىڭ پەزىلىتىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن» دېيىلگەن.

**300. عن أنس رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «يؤتى بالرجل من أهل الجنة يوم القيامة، فيقول الله: يا ابن آدم، كيف وجدت منزلك؟ فيقول: يا رب، خير منزل. فيقول: سل وتمنه. فيقول: ما أسأل وأتمنى، إلا أن تردني إلى الدنيا، فأقتل في سبيلك عشر مرات، لما يرى من فضل الشهادة».**

300. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، الله ئۇنىڭغا: ‹ئى ئادەم بالىسى! ئورنۇڭ قانداقراق ئىكەن؟› دەيدۇ، ئۇ: ‹ئى رەببىم! ئورنۇم بەك ياخشى ئىكەن› دەيدۇ. الله : ‹مەندىن سورىغىن ۋە ئارزۇ قىلغىن!› دەيدۇ، ئۇ كىشى: ‹مېنى دۇنياغا قايتۇرۇشۇڭ ۋە سېنىڭ يولۇڭدا ئون قېتىملاپ ئۆلتۈرۈلۈشۈمدىن باشقىنى سورىمايمەن ۋە ئارزۇ قىلمايمەن!› دەيدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ شاھادەتنىڭ پەزىلىتىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈندۇر». [2]

**301. عن ابن أبي عميرة رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «ما من الناس من نفس مسلمة يقبضها ربها تحب أن ترجع إليكم، وأن لها الدنيا وما فيها غير الشهيد».**

301. ئىبنى ئەبۇ ئۇمەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلار ئىچىدە شەھىدتىن باشقا، رەببى قەبزى روھ قىلغاندىن كېيىن دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەر بېرىلسىمۇ لېكىن سىلەر تەرەپكە قايتىپ كېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ھېچقانداق بىر مۇسۇلمان يوق». [3]

**302. وعن ابن أبي عميرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «ولأن أقتل في سبيل**

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[3] نەسائى توپلىغان، ئابدۇقادىر ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**الله، أحب إلي من أن يكون لي أهل الوبر والمدر».**

302. ئىبنى ئەبۇ ئۇمەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشۇم مەن ئۇچۇن پۈتكۈل چۆل ـ جەزىرە ۋە شەھەر ـ يېزا ئەھلىنىڭ مېنىڭ بولۇشىدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر».①

**303. وعن أبي هريرة رضي الله عنه أن رسول الله ﷺ قال: «يضحك الله لرجلين يقتل أحدهما الآخر كلاهما يدخل الجنة»، قالوا: كيف يا رسول الله؟ قال: «يقتل هذا فيلج الجنة، ثم يتوب الله على الآخر، فيهديه إلى الإسلام، ثم يجاهد في سبيل الله، فيستشهد».**

303. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، ھەر ئىككىلىسى جەننەتكە كىرگەن ئىككى ئادەمگە الله كۈلىدۇ» دېدى. ساھابىلەر: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! قانداقسىگە شۇنداق بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇلاردىن ئۆلتۈرۈلگىنى جەننەتكە كىرىدۇ، ئاندىن الله قاتىلغا تەۋبە ئاتا قىلىپ، ئۇنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلىدۇ ـ دە، ئۇمۇ الله يولىدا جىھاد قىلىپ شەھىد بولىدۇ» دېدى.②

**304. عن حسناء بنت معاوية قالت حدثنا عمي قال: قلت للنبي ﷺ من في الجنة؟ قال النبي ﷺ: «النبي في الجنة، والشهيد في الجنة، والمولود في الجنة، والوئيد في الجنة».**

304. مۇئاۋىيەنىڭ قىزى ھەسنائ مۇنداق دەيدۇ: تاغام ماڭا ھەدىس سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى: «مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن: <كىم جەننەتتە بولىدۇ؟> دەپ سورىغانىدىم، ئۇ: <پەيغەمبەرلەر، شەھىدلەر، (تۇغۇلۇپ بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپ) ۋاپات تاپقان بالىلار، تىرىك كۆمۈلگەن كىشىلەر جەننەتتە بولىدۇ> دېدى».③

**305. عن أبي هريرة رضي الله عنه، عن رسول الله ﷺ أنه سأل جبريل عليه السلام عن هذه الآية ﴿وَنُفِخَ فِي الصُّورِ فَصَعِقَ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَمَنْ فِي الْأَرْضِ إِلَّا مَنْ شَاءَ اللَّهُ﴾ [الزمر: 68] من الذين لم يشإ الله أن يصعقهم؟ قال: هم شهداء الله عز وجل.**

305. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ

---

① نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② مۇسلىم توپلىغان.

③ ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئىبنى ھەجەر «ھەسەن» دېگەن، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن: ﴿وَنُفِخَ فِي الصُّورِ فَصَعِقَ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَمَنْ فِي الْأَرْضِ إِلَّا مَنْ شَاءَ اللَّهُ﴾ «سۇر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى الله خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ»[1] دېگەن ئايەت ھەققىدە سوراپ: «الله ئۆلۈشىنى خالىمىغان كىشىلەر كىملەر؟» دېگەنىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار الله نىڭ شەھىد بەندىلىرى» دېدى.[2]

**306. عن عبادة بن الصامت رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «إن للشهيد عند الله عز وجل سبع خصال: أن يغفر له في أول دفعة من دمه، ويرى مقعده من الجنة، ويحلى حلة الإيمان، ويجار من عذاب القبر، ويأمن من الفزع الأكبر، ويوضع على رأسه تاج الوقار الياقوتة منه خير من الدنيا وما فيها، ويزوج اثنتين وسبعين زوجة من الحور العين، ويشفع في سبعين إنسانا من أقاربه».**

306. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىدلەر ئۈچۈن الله نىڭ ھۇزۇرىدا يەتتە خىسلەت بار: تۇنجى قېنى تۆكۈلۈشى بىلەن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ؛ جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرىدۇ؛ ئىمان تونى كىيدۈرۈلىدۇ؛ قەبرە ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ؛ قىيامەت كۈنىدىكى ئەڭ چوڭ قورقۇنچتىن ئەمىن بولىدۇ؛ بېشىغا بۈيۈكلۈك تاجى كىيدۈرۈلىدۇ، ئۇ تاجنىڭ بىر تال ياقۇتى دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىدىن ياخشىدۇر؛ شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەردىن 72سى جۈپ قىلىپ بېرىلىدۇ؛ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن 70 ئادەمگە شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلىدۇ».[3]

**307. عن سهل بن حنيف رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «أول ما يهراق من دم الشهيد يغفر له ذنبه كله إلا الدين».**

307. سەھل ئىبنى ھەنىيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىدنىڭ تۇنجى تامچە قېنى تۆكۈلۈشى بىلەن ئۇنىڭ قەرزىدىن باشقا بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».[4]

---

[1] سۈرە زۇمەر 68ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ھاكىم توپلىغان، ئىبنى ھەجەر ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەھمەد ۋە تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[4] تەبرانى ۋە ھاكىم توپلىغان، ھەيسەمى ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**308. عن أبي الدرداء رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «يشفع الشهيد فى سبعين من أهل بيته».**

308. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىد (قىيامەت كۈنى) ئۆز ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن 70 كىشىگە شاپائەت قىلىدۇ».[1]

**309. عن أنس رضي الله عنه، أن رجلا أسود أتى النبي ﷺ فقال: يا رسول الله، إني رجل أسود، منتن الريح، قبيح الوجه، لا مال لي، فإن أنا قاتلت هؤلاء حتى أقتل، فأين أنا؟ قال: «في الجنة»، فقاتل حتى قتل، فأتاه النبي ﷺ فقال: «قد بيض الله وجهك، وطيب ريحك، وأكثر مالك»، وقال لهذا أو لغيره: «لقد رأيت زوجته من الحور العين، نازعته جبة له من صوف، تدخل بينه وبين جبته».**

309. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن بولسام قارا تەنلىك، تېنىم بەدبۇي، كۆرۈمسىز بىر كىشى، مېنىڭ مال-دۇنيالىرىم ھەم يوق. ئەگەر مەن ئاۋۇلارغا (يەنى كاپىرلارغا) قارشى ھەتتا ئۆلتۈرۈلگىچە ئۇرۇش قىلسام قەيەردە بولىمەن؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «جەننەتتە» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن كېيىن ئۇ كىشى ئۇرۇش قىلىپ شەھىد بولدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىنىڭ قېشىغا كېلىپ: «مانا، الله سېنى خۇشپۇراق قىلىپ يۈزۈڭنى ئاق قىلدى، ماللىرىڭنى كۆپەيتىپ بەردى» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلارغا مۇنداق دېدى: «شۈبھىسىزكى، مەن ھۆر ئەيىندىن بولغان جۈپتىنىڭ ئۇنىڭغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ يۇڭدىن توقۇلغان جۇۋىسىنى تارتىپ تۇرۇپ جۇۋا بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرگەنلىكىنى كۆردۈم».[2]

**310. عن أبي هريرة رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «ما يجد الشهيد من مس القتل إلا كما يجد أحدكم مس القرصة».**

310. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىد ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا بىرىڭلارنى چۈمۈلە

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] بەيھەقى ۋە ھاكىم توپلىغان؛ زەھەبى، ئەلبانى ۋە ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

چاققانچىلىكلا ئاغرىق ھېس قىلىدۇ».[1]

**311. عن راشد بن سعد عن رجل من أصحاب النبي ﷺ أن رجلا قال: يا رسول الله! ما بال المؤمنين يفتنون في قبورهم إلا الشهيد؟ قال: «كفى ببارقة السيوف على رأسه فتنة».**

311. راشىد ئىبنى سەئىدتىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! مۇئمىنلەر قەبرە پىتنىسىگە ئۇچرايدىكەن، شەھىد نېمىشقا ئۇچرىمايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنىڭ بېشىدا قىلىچلارنىڭ چاقنىشى ئۇ پىتنىگە كۇپايىدۇر» دېدى.[2]

**312. عن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: جاء ناس إلى النبي ﷺ فقالوا: أن ابعث معنا رجالا يعلمونا القرآن والسنة، فبعث إليهم سبعين رجلا من الأنصار، يقال لهم: القراء، فيهم خالي حرام، يقرءون القرآن، ويتدارسون بالليل يتعلمون، وكانوا بالنهار يجيئون بالماء فيضعونه في المسجد، ويحتطبون فيبيعونه، ويشترون به الطعام لأهل الصفة وللفقراء، فبعثهم النبي ﷺ إليهم، فعرضوا لهم، فقتلوهم قبل أن يبلغوا المكان، فقالوا: اللهم، بلغ عنا نبينا أنا قد لقيناك فرضينا عنك، ورضيت عنا، قال: وأتى رجل حراما، خال أنس من خلفه، فطعنه برمح حتى أنفذه، فقال حرام: فزت ورب الكعبة، فقال رسول الله ﷺ لأصحابه: «إن إخوانكم قد قتلوا، وإنهم قالوا: اللهم بلغ عنا نبينا أنا قد لقيناك فرضينا عنك، ورضيت عنا».**

312. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «بىزگە قۇرئان ـ سۈننەت ئۆگىتىدىغان كىشىلەرنى بىز بىلەن بىرگە قوشۇپ قويساڭ!» دېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ «قارىلار» دەپ ئاتىلىدىغان ئەنسارىلاردىن 70 كىشىنى ئۇلار بىلەن بىرگە ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تاغام ھەرام ئىبنى مەلھانمۇ بار ئىدى. ئۇلار كېچىسى قۇرئان ئوقۇيتتى، ئۇنىڭدىن دەرس ئالاتتى ۋە ئۆگىنەتتى. كۈندۈزى مەسجىدكە سۇ توشۇيتتى، ئوتۇن كېسىپ كېلىپ سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا ئەھلى سۇففە ۋە پېقىرلارغا تاماق سېتىۋالاتتى. پەيغەمبەر ﷺ مانا شۇلارنى ئۇلار بىلەن بىرگە يولغا سالدى. مەنزىلگە يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ كىشىلەر قارىلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى (يەنە بىر نەقىلدە، 70 قارىنى

[1] تىرمىزى ۋە نەسائى توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئۆلتۈرۈۋەتكەنلەر بولسا باشقا مۇشرىكلار دەپ كەلگەن). ئۇلار: «ئى الله ! پەيغەمبىرىمىزگە بىزنىڭ ساڭا ئۇچراشقانلىقىمىزنى، بىزنىڭ سەندىن رازى بولغانلىقىمىزنى، سەنمۇ بىزدىن رازى بولغانلىقىڭنى يەتكۈزۈپ قويساڭ» دېدى. ئۇلاردىن بىرى تاغام ھەرامنىڭ كەينىدىن كېلىپ نەيزە تىقىپ، ئالدىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ. ھەرام: «كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، غەلىبە قازاندىم» دەپتۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېدى: «قېرىنداشلىرىڭلار ئۆلتۈرۈلدى (شەھىد بولدى) ھەمدە: <ئى الله ! پەيغەمبىرىمىزگە بىزنىڭ ساڭا ئۇچراشقانلىقىمىزنى، بىزنىڭ سەندىن رازى بولغانلىقىمىزنى، سەنمۇ بىزدىن رازى بولغانلىقىڭنى يەتكۈزۈپ قويساڭ>[1] دېدى».[2]

**313. عن البراء بن عازب رضي الله عنه قال: أتى النبي ﷺ رجل مقنع بالحديد فقال: يا رسول الله أقاتل أو أسلم؟ قال: أسلم ثم قاتل فأسلم ثم قاتل فقتل فقال رسول الله ﷺ: «عمل قليلا وأجر كثيرا».**

313. بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا ساۋۇت كىيگەن بىر كىشى كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاۋۋال ئۇرۇش قىلايمۇ ياكى مۇسۇلمان بولايمۇ؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئاۋۋال مۇسۇلمان بول، ئاندىن ئۇرۇش قىل» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشى مۇسۇلمان بولدى ۋە ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «بۇ كىشى ئاز ئەمەل قىلىپ كۆپ ئەجىرگە ئېرىشتى» دېدى[3].[4]

## 47 ـ باب

## ئەڭ ئەۋزەل شەھىدلەر

[1] بۇ ھەدىس ـــ الله تائالانىڭ شەھىدلەرگە بۇندىن كېيىن غەزەبلەنمەيدىغان دەرىجىدە رازى بولىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئەبۇ يەھيا لىبىي (رەھىمەھۇللاھ) ئۆزىنىڭ «**الأربعون في فضل الشهادة**» ناملىق كىتابىدا: «بۇ ھەدىس ـــ ئىماندىن كېيىن الله يولىدىكى جىھاد ۋە شاھادەتنىڭ مۇكاپاتىنىڭ ئەڭ كاتتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ» دېگەن.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**314. عن جابر رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «سيد الشهداء حمزة بن عبد المطلب، ورجل قام إلى إمام جائر فأمره ونهاه فقتله».**

314. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىدلەرنىڭ سەردارى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ۋە زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقان، شۇ سەۋەبلىك (زالىم پادىشاھ) ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىدۇر».[1]

**315. عن نعيم بن همار أن رجلا جاء إلى النبي ﷺ فقال: أي الشهداء أفضل؟ قال: «الذين يلقون القوم في الصف فلا يلفتون وجوههم. حتى يقتلوا، أولئك يتلبطون في الغرف العلا من الجنة، يضحك إليهم ربك، وإذا ضحك ربك إلى عبد في موطن، فلا حساب عليه».**

315. نۇئەيم ئىبنى ھەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «شەھىدلەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەۋزەل؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇلار دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا تاكى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر (قېچىش ئۈچۈن) يۈزلىرىنى ئارقىغا بۇراپمۇ قويمايدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار جەننەتنىڭ ئالىي سارايلىرىدا سەيلە قىلىدۇ، رەببى ئۇلارغا كۈلىدۇ. رەببى دۇنيادىكى بىرەر بەندىگە كۈلسە ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) ھېچبىر ھېساب يوق» دېدى.[2]

**316. عن أبي أمامة رضي الله عنه قال: قلت: يا نبي الله، أي الشهداء أفضل؟ قال: «من سفك دمه، وعقر جواده».**

316. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن (پەيغەمبەر ﷺ) دىن: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! شەھىدلەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەۋزەل؟» دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «قېنى تۆكۈلۈپ، ئېتى ئۆلتۈرۈلگەن كىشى» دېدى.[3]

**317. عن عبد الله بن حبشي الخثعمي رضي الله عنه، أن النبي ﷺ سئل: أي القتل أشرف؟ قال : «من أهريق دمه وعقر جواده».**

317. ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇبشىي خەسئەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق

---

[1] ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەھمەد ۋە تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئۇرۇشنىڭ قايسىسى ئەڭ شەرەپلىك؟» دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئېتى چېپىلىپ، ئۆزىنىڭ قانلىرى تۆكۈلگەن كىشى» دېدى.[1]

## 48- باب

## شاھادەتنى ئارزۇ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھېرىس بولۇش ھەققىدە

**318. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «والذي نفسي بيده لوددت أني أقتل في سبيل الله، ثم أحيا ثم أقتل، ثم أحيا ثم أقتل، ثم أحيا ثم أقتل».**

318. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن الله يولىدا (ئۇرۇشقا چىقىپ) ئۆلتۈرۈلسەم، ئاندىن يەنە تىرىلدۈرۈلۈپ (ئۇرۇشقا چىقسام) ۋە ئۆلتۈرۈلسەم، ئاندىن يەنە تىرىلدۈرۈلۈپ (ئۇرۇشقا چىقسام) ۋە ئۆلتۈرۈلسەم دەپ ئارزۇ قىلىمەن[2]».[3]

**319. وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «والذي نفس محمد بيده، لوددت أني أغزو في سبيل الله فأقتل، ثم أغزو فأقتل، ثم أغزو فأقتل».**

319. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇھەممەدنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن الله يولىدا ئۇرۇشقا چىقسام ۋە ئۆلتۈرۈلسەم، ئاندىن يەنە (تىرىلدۈرۈلۈپ) ئۇرۇشقا چىقسام ۋە ئۆلتۈرۈلسەم، ئاندىن يەنە (تىرىلدۈرۈلۈپ) ئۇرۇشقا چىقسام ۋە ئۆلتۈرۈلسەم دەپ ئارزۇ قىلىمەن».[4]

**320. عن جابر بن عبد الله رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول إذا ذكر**

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، نەسائى توپلىغان: ئىبنى ھەجەر ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئىبنى بەتتال مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس شاھادەتنىڭ باشقا ياخشى ئەمەللەردىن پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ باشقا ئەمەللەرنى ئەمەس بەلكى شاھادەتنى ئارزۇ قىلغان. سەۋەبى، شاھادەتنىڭ دەرىجىسى يۈكسەك ۋە شاھادەت ئەھلىنىڭ ھۆرمەتلىك بولغانلىقىدىندۇر».

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**أصحاب أحد: «أما والله لوددت أني غودرت مع أصحابي نحص الجبل يعني سفح الجبل».**

320. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىدا ئۇھۇد شەھىدلىرى تىلغا ئېلىنغان چاغدا مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «الله بىلەن قەسەمكى! مەن ئۇھۇد شەھىدلىرى بىلەن تاغ باغرىدا قېلىپ قېلىشنى (يەنى شەھىد بولۇپ كېتىشنى) ئارزۇ قىلىپ قالدىم». [1]

**321. عن أبي هريرة رضي الله عنه، عن رسول الله ﷺ أنه قال: «من خير معاش الناس لهم رجل ممسك عنان فرسه في سبيل الله، يطير على متنه كلما سمع هيعة أو فزعة، طار عليه يبتغي القتل، أو الموت مظانه».**

321. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى ھايات شۇكى — بىر كىشى ئۆز ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى الله يولىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ، قاچانىكى ئۇرۇش شەپىسى ياكى ئەنسىزلىكنى ئاڭلىسا دۈشمەننى ئۆلتۈرۈش ياكى الله يولىدا شەھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ ئات چاپتۇرىدۇ». [2]

**322. عن أبي موسى رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «اللهم اجعل فناء أمتي قتلا في سبيلك بالطعن والطاعون».**

322. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى الله ! ئۈممىتىمنى سېنىڭ يولۇڭدا تىغ ۋە ۋابا كېسىلى سەۋەبلىك ئۆلتۈرۈلۈپ (شەھىد بولۇپ) تۈگىشىنى نېسىپ قىلغىن». [3]

**323. عن سهل بن حنيف رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «من سأل الله تعالى الشهادة بصدق بلغه الله منازل الشهداء، وإن مات على فراشه».**

323. سەھل ئىبنى ھۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله تائالادىن شەھىدلىكنى راستچىللىق بىلەن سورىسا، گەرچە ئۇ كىشى كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلۈپ

---

[1] ئەھمەد، ھاكىم، زەھەبى ۋە بەيھەقى توپلىغان؛ شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئەھمەد ۋە تەبرانى توپلىغان؛ ئىبنى ھەجەر، زەھەبى ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

كەتسىمۇ، الله تائالا ئۇنى شەھىدلەرنىڭ مەرتىۋىلىرىگە يەتكۈزىدۇ». ①

**324. عن أنس رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «من طلب الشهادة صادقا أعطيها ولو لم تصبه».**

324. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى راستچىللىق بىلەن شەھىدلىكنى تىلىسە، گەرچە ئۇ شەھىد قىلىنمىسىمۇ شەھىدلىكنىڭ دەرىجىسى بېرىلىدۇ». ②

**325. عن معاذ بن جبل رضي الله عنه، أنه سمع رسول الله ﷺ يقول: «من قاتل في سبيل الله من رجل مسلم فواق ناقة، وجبت له الجنة، ومن سأل الله القتل من عند نفسه صادقا ثم مات أو قتل فله أجر شهيد».**

325. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى تۆگە سۈتى ېيلىنىغا يىغىلغانچىلىك (قىسقا ۋاقىت) بولسىمۇ الله يولىدا ئۇرۇش قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ؛ كىمكى چىن كۆڭلىدىن الله يولىدا ئۆلۈشنى تىلىسە ئەمما ئۆز ئۆلۈمىدە ئۆلسە ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ شەھىدنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ». ③

## 49 - باب

## جىھاد قىلىش نىيىتىدە ئۇرۇشسىز ئۆلگەن كىشىنىڭمۇ شەھىد بولىدىغانلىقى ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَئِن قُتِلْتُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَوْ مُتُّمْ لَمَغْفِرَةٌ مِّنَ اللَّهِ وَرَحْمَةٌ خَيْرٌ مِّمَّا يَجْمَعُونَ ۝ وَلَئِن مُّتُّمْ أَوْ قُتِلْتُمْ لَإِلَى اللَّهِ تُحْشَرُونَ ۝﴾ «شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر الله يولىدا (يەنى غازاتتا) ئۆلتۈرۈلسەڭلار ياكى (غازاتقا كېتىپ بېرىپ ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلار، سىلەرگە الله تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە رەھمەت ـــ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ توپلايدىغان دۇنياسىدىن ئارتۇقتۇر [157]. ئەگەر

① مۇسلىم توپلىغان.

② مۇسلىم توپلىغان.

③ ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان؛ ئىبنى ھەجەر، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

سىلەر (ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلار ياكى (جەڭ مەيدانىدا) ئۆلتۈرۈلسەڭلار، (ئاخىرەتتە) چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر (الله سىلەرنى ئەمىلىڭلارغا قاراپ مۇكاپاتلايدۇ) [158]».①

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يُهَاجِرْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يَجِدْ فِي الْأَرْضِ مُرَاغَمًا كَثِيرًا وَسَعَةً وَمَن يَخْرُجْ مِن بَيْتِهِ مُهَاجِرًا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ يُدْرِكْهُ الْمَوْتُ فَقَدْ وَقَعَ أَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا﴾ «كىمكى الله يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ، زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ؛ كىمكى ئۆيىدىن الله نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم الله بېرىدۇ. الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر».②

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ هَاجَرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ ثُمَّ قُتِلُوا أَوْ مَاتُوا لَيَرْزُقَنَّهُمُ اللَّهُ رِزْقًا حَسَنًا وَإِنَّ اللَّهَ لَهُوَ خَيْرُ الرَّازِقِينَ ۞ لَيُدْخِلَنَّهُم مُّدْخَلًا يَرْضَوْنَهُ وَإِنَّ اللَّهَ لَعَلِيمٌ حَلِيمٌ ۞﴾ «الله نىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا، ئاندىن (جىھاد قىلىپ) ئۆلتۈرۈلگەنلەرگە ياكى (كېسەل بىلەن) ئۆلگەنلەرگە الله چوقۇم ياخشى رىزىق (يەنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېئمەتلىرىنى) ئاتا قىلىدۇ. رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھەقىقەتەن يالغۇز الله تۇر [58]. الله ئۇلارنى ئەلۋەتتە ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان جايغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىدۇ، الله ھەقىقەتەن (ئۇلارنى مەمنۇن قىلىدىغان نەرسىلەرنى) بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ) [59]».③

**326. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «ما تعدون الشهداء فيكم؟» قالوا: يا رسول الله، من قتل في سبيل الله فهو شهيد. قال: «إن شهداء أمتي إذا لقليل» قالوا: فمن هم يا رسول الله؟ قال: «من قتل في سبيل الله فهو شهيد، ومن مات في سبيل الله فهو شهيد، ومن مات في الطاعون فهو شهيد، ومن مات في البطن فهو شهيد، والغريق شهيد».**

326. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئىچىڭلاردىن قانداق كىشىلەرنى شەھىد دەپ ھېسابلايسىلەر؟» دەپ سورىغانىدى، ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! كىمكى الله يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شۇ

① سۈرە ئال ئىمران 157 ـ، 158 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە نىسا 100 ـ ئايەت.
③ سۈرە ھەج 58 ـ، 59 ـ ئايەتلەر.

شەھىدتۇر» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنداقتا ئۈممىتىمنىڭ شەھىدلىرى ئاز بولۇپ قالامدۇ؟!» دېدى. ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنداقتا ئۇلار كىملەر؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى الله يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شەھىدتۇر، الله يولىدا ئۆلسە شەھىدتۇر، ۋابا كېسىلى بىلەن ئۆلسە شەھىدتۇر، قورساق ئاغرىقىدا ئۆلسە شەھىدتۇر، سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلسە شەھىدتۇر» دېدى.[1]

**327. عن عقبة بن عامر رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «خمس من قبض في شيء منهن فهو شهيد: المقتول في سبيل الله شهيد، والغرق في سبيل الله شهيد، والمبطون في سبيل الله شهيد، والمطعون في سبيل الله شهيد، والنفساء في سبيل الله شهيد».**

327. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بەش ئىش بار، كىمكى ئۇلاردىن بىرسى بىلەن ۋاپات تاپسا شەھىدتۇر: الله يولىدا ئۆلتۈرۈلسە، الله يولىدا سۇغا غەرق بولسا، الله يولىدا ۋابا كېسىلى بىلەن ئۆلسە، الله يولىدا قورساق ئاغرىقى بىلەن ئۆلسە ۋە الله يولىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولسا».[2]

**328. عن ابن عمر رضي الله عنه، عن النبي ﷺ فيما يحكي عن ربه تبارك وتعالى قال: «أيما عبد من عبادي خرج مجاهدا في سبيلي، ابتغاء مرضاتي، ضمنت له أن أرجعه بما أصاب من أجر وغنيمة، وإن قبضته أن أغفر له وأرحمه، وأدخله الجنة».**

328. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ الله تەبارەك ۋە تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ: «قايسى بەندەم مېنىڭ رازىلىقىمنى تىلىگەن ھالدا مېنىڭ يولۇمدا جىھادقا چىقسا، ئەگەر ئۇنى ئۆيىگە قايتۇرسام ئەجىر ۋە غەنىيمەت بىلەن قايتۇرۇشقا؛ ئەگەر ئۇنى قەبزى روھ قىلسام، ئۇنى مەغپىرەت قىلىشقا، رەھمىتىمگە ئېلىشقا ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈشكە كېپىلمەن».[3]

**329. عن حميد بن عبد الرحمن الحميري: أن رجلا من أصحاب النبي ﷺ يقال له حممة، جاء إلى أصبهان في خلافة عمر رضي الله عنه فقال: اللهم إن حممة يزعم أنه يحب لقاءك، فإن كان حممة صادقا فيما يقول، فاعزم له على صدقة وإن كان كاذبا فاعزم له عليه**

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] نەسائى توپلىغان، ئىبنى ھەجەر «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

وإن كره، اللهم لا ترد حممة من سفره هذه. فأخذه بطنه فمات بأصبهان فقام. أبو موسى الأشعري فقال: يا أيها الناس، إنا والله ما سمعنا فيما سمعنا من نبيكم ﷺ ولا فيما بلغ علمنا، إلا أن حممة مات شهيدا.

329. ھۇمەيد ئىبنى ئابدۇراھمان ھۇمەيرى مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن ھەممە دېگەن بىر كىشى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە جىھاد ئۈچۈن ئەسبەھانغا بېرىپ: «ئى الله ! ھەممە ساۋا ئۈچرىشىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇ دېگەن سۆزىدە سادىق بولسا، ئۇنى شۇ دەۋاسىدا سابىت قىلغىن؛ ئەگەر ئۇ يالغانچى بولسا، گەرچە (ساۋا ئۈچرىشىشنى) يامان كۆرسىمۇ ئۇنىڭ دەۋاسىنى روياپقا چىقىرىپ بەرگىن. ئى الله ! ھەممەنى بۇ سەپىرىدىن قايتۇرمىغىن» دەپ دۇئا قىلدى. كېيىن ئۇ قورسىقى ئاغرىپ ئەسبەھاندا ۋاپات بولغاندا، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى خالايىق! الله بىلەن قەسەمكى، بىز پەيغەمبىرىڭلاردىن ئاڭلىغان ۋە بىزگە يەتكۈزگەن ئىلىمگە (ئاساسەن شۇنداق ئېيتىمىزكى)، ھەممە ھەقىقەتەن شەھىدلىك ھالىتىدە جان ئۈزدى» دېدى.[①]

330. عن أبي مالك الأشعري رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «من فصل في سبيل الله فمات أو قتل فهو شهيد، أو وقصه فرسه أو بعيره، أو لدغته هامة، أو مات على فراشه بأي حتف شاء الله مات فإنه شهيد وإن له الجنة».

330. ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى الله يولىدا ئۆيىدىن ئايرىلىپ ئۆلسە ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ چوقۇم شەھىد بولىدۇ. ناۋادا ئۇنى ئېتى ياكى تۆگىسى ئېتىۋېتىپ بوينىنى سۇندۇرۇۋەتكەن، ياكى زەھەرلىك ھايۋانلار چېقىۋالغان، ياكى ئۇ كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلۈپ قالغان ۋە ياكى الله خالىغان بىرەر سەۋەب بىلەن ئۆلۈپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇ چوقۇم شەھىد ھېسابلىنىدۇ ۋە جەننەتكە كىرىدۇ».[②]

331. عن عقبة بن عامر رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «من صرع عن دابته في

[①] ئەھمەد، ھەيسەمى ۋە بەيھەقى توپلىغان؛ شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[②] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «**صحيح الجامع**» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەدىسنى «ھەسەن» دېگەن، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

سبيل الله فمات فهو شهيد».

331. ئوقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا ئۇلىغىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ شەھىدتۇر».[1]

## 50 ـ باب

## شەھىدلىكنىڭ ئىنسانلار ھەقلىرىنى ئۆچۈرەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە

**332. عن أبي قتادة رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قام فيهم فذكر أن الجهاد في سبيل الله، والإيمان بالله أفضل الأعمال، فقام رجل فقال: يا رسول الله، أرأيت إن قتلت في سبيل الله أتكفر عني خطاياي؟ فقال له رسول الله ﷺ: «نعم، إن قتلت في سبيل الله وأنت صابر محتسب، مقبل غير مدبر»، ثم قال رسول الله ﷺ: «كيف قلت؟» قال: أرأيت إن قتلت في سبيل الله أتكفر عني خطاياي؟ فقال رسول الله ﷺ: «نعم، وأنت صابر محتسب، مقبل غير مدبر، إلا الدين فإن جبريل عليه السلام قال لي ذلك».**

332. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ (ساھابىلەرگە) خۇتبە ئوقۇپ، الله يولىدىكى جىھاد ۋە الله قا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەلى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندى، بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن الله يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم بارلىق گۇناھلىرىم مەغپىرەت قىلىنامدۇ؟ بۇ ھەقتە ماڭا ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ كىشىگە: «ھەئە، سەۋر قىلىپ ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىپ كەينىڭگە قاچماي ئالدىڭنى قىلغان ھالدا الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسەڭ» دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «قانداق دېدىڭ؟» دېدى. ھېلىقى كىشى (سۆزىنى تەكرارلاپ): «مەن الله يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم گۇناھلىرىم مەغپىرەت قىلىنامدۇ؟ بۇ ھەقتە ماڭا ئېيتىپ بەرگىن» دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېدى: «ھەئە، سەۋر قىلىپ ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىپ كەينىڭگە قاچماي ئالدىڭنى قىلغان ھالدا الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسەڭ

[1] تەبرانى ۋە ئەبۇ يەئلا توپلىغان، ھافىز ئىبنى ھەجەر «ھەسەن» دېگەن، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قەرزىگىدىن[1] باشقا گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىدۇ. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھازىر ماڭا شۇنداق دېدى».[2]

**333. عن عبد الله بن عمرو بن العاص رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «يغفر للشهيد كل ذنب إلا الدين». وفي لفظ له: «القتل في سبيل الله يكفر كل شيء إلا الدين».**

333. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىدنىڭ قەرزىدىن باشقا بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ[3]».[4]

مۇسلىم توپلىغان يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «الله يولىدىكى ئۆلۈم قەرزدىن باشقا بارلىق گۇناھلارنى يوققا چىقىرىدۇ».

## 51 ـ باب

## غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىشنىڭ گۇناھى ۋە ئۇنىڭ ھەتتا الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىمۇ ھالاك قىلىدىغانلىقى

---

[1] بۇ يەردە ئېيتىلغان «قەرز» بولسا ئوغرىلاش، كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ناھەق ئېلىۋېلىش، ئۆلتۈرۈش، جاراھەتلەندۈرۈش، غەيۋەت قىلىش، گەپ توشۇش ۋە مەسخىرە قىلىش... قاتارلىق ئىنسانلار ئارىسىدىكى بارلىق ھەقلەرنى كۆرسىتىدۇ. شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: «قەرزگە قان ياكى ئابرۇيدىن ئىبارەت ئادەملەرنىڭ ھەقلىرىمۇ قوشۇلۇپ كېتىدۇ» («**نيل الأوطار**» 8 ـ توم 26 ـ بەت).

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] قۇرتۇبى ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «قەرز قەرزدارنى جەننەتتىن توسۇپ قويىدۇ، الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. يەنى ئۇ شەھىد بولۇشتىن ئىلگىرى پۇلى بار تۇرۇپ ئىگىسىگە بېرىشنى ۋەسىيەت قىلمىغان ياكى قايتۇرۇشقا قادىر تۇرۇقلۇق بەرمەي كەينىگە سوزغان ۋە ياكى گۇناھ ـ مەئسىيەت ۋە ئىسراپخورلۇق يوللىرىغا سەرپ قىلىپ، تەلەپ قىلىپ ئالغان قەرزنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا ۋاپا قىلمىغان قەرزلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، كەمبەغەللىك ۋە قىيىنچىلىقتا ئوخشاش ھەقىقىي زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن قەرز ئېلىپ، ئاندىن قولى قىسقا بولغانلىقتىن ئۇنى قايتۇرۇشقا كۈچى يەتمىسە شۇنداقلا ئۇنى قايتۇرۇشتىن ئاجىز كەلگەن ھالدا شەھىد بولسا، شۈبھىسىزكى، ئۇ شەھىدلىك ھالىتىدە جان ئۈزگەن بولىدۇ، الله ئۇنى جەننەتتىن توسۇپ قويمايدۇ» («**تفسير القرطبي**» 4 ـ توم 274 ـ بەت).

سىندى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «<قەرزدىن باشقا> دېگەننىڭ مەنىسى ـــ قەرزنى ئادا قىلىشنى تەرك ئېتىش دېگەنلىكتۇر چۈنكى قەرزنىڭ ئۆزى گۇناھ ئەمەس بەلكى قەرزنى ئادا قىلىشقا قادىر تۇرۇپ ئادا قىلىشنى تەرك قىلىشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكى ئېنىق» («**حاشية السندى على النسائي**» 6 ـ توم 34 ـ بەت).

[4] مۇسلىم توپلىغان.

## ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَنْ يَغُلَّ وَمَنْ يَغْلُلْ يَأْتِ بِمَا غَلَّ يَوْمَ الْقِيَامَةِ ثُمَّ تُوَفَّى كُلُّ نَفْسٍ مَا كَسَبَتْ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ﴾ «ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر غەنىيمەتكە خىيانەت قىلمايدۇ (يەنى بۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ). كىمكى غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن (يەنى خىيانەت قىلغان نەرسىسى گەجگىسىگە ئارتىلغان ھالدا) كېلىدۇ. ھەر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىگە تولۇق مۇكاپات (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارغا (ياخشىلارنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىپ، ئاسىيلارنىڭ جازاسىنى ئاشۇرۇۋېتىپ) زۇلۇم قىلىنمايدۇ».[①]

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْخَائِنِينَ﴾ «الله ھەقىقەتەن خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ».[②]

**334. عن ابن عباس رضي الله عنهما قال: حدثني عمر بن الخطاب، قال: لما كان يوم خيبر، أقبل نفر من صحابة النبي ﷺ، فقالوا: فلان شهيد، فلان شهيد، حتى مروا على رجل، فقالوا: فلان شهيد، فقال رسول الله ﷺ: «كلا، إني رأيته في النار في بردة غلها أو عباءة» ثم قال رسول الله ﷺ: «يا ابن الخطاب، اذهب فناد في الناس، أنه لا يدخل الجنة إلا المؤمنون»، قال: فخرجت فناديت: ألا إنه لا يدخل الجنة إلا المؤمنون».**

334. ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: [خەيبەر غازىتى بولغان كۈنى بىر تۈركۈم ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «پالانى ـ پوكۇنى شەھىد بولدى» دېيىشىپ، ھەتتا يەنە بىر كىشىنىمۇ تىلغا ئېلىپ: «پالانىمۇ شەھىد بولدى» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنداق ئەمەس، مەن ئۇنىڭ غەنىيمەتتىن بىر تون ياكى بىر كىيىمگە خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن دوزاختا تۇرغانلىقىنى كۆردۇم»[③] دېدى. ئاندىن: «ئى خەتتابنىڭ ئوغلى! بېرىپ

---

① سۈرە ئال ئىمران 161 ـ ئايەت.

② سۈرە ئەنفال 58 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ ئىبنى ھەجەر ھەيتەمى مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى بەيتۇلمال ۋە زاكاتقا ئوخشاش ئورتاق ماللارغا خىيانەت قىلىش غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىشقا ئوخشاش».

كىشىلەرگە: <جەننەتكە مۇئمىنلەردىن باشقىلار كىرمەيدۇ> دەپ ئېلان قىلغىن» دېگەنىدى، مەن چىقىپ: <جەننەتكە مۇئمىنلەردىن باشقىلار كىرمەيدۇ> دەپ ئېلان قىلدىم].[1]

**335. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: خرجنا مع النبي ﷺ إلى خيبر، ففتح الله علينا فلم نغنم ذهبا ولا ورقا، غنمنا المتاع والطعام والثياب، ثم انطلقنا إلى الوادي، ومع رسول الله ﷺ عبد له، وهبه له رجل من جذام يدعى رفاعة بن زيد من بني الضبيب، فلما نزلنا الوادي، قام عبد رسول الله ﷺ يحل رحله، فرمي بسهم، فكان فيه حتفه، فقلنا: هنيئا له الشهادة يا رسول الله، قال رسول الله ﷺ: «كلا والذي نفس محمد بيده، إن الشملة لتلتهب عليه نارا أخذها من الغنائم يوم خيبر لم تصبها المقاسم»، قال: ففزع الناس، فجاء رجل بشراك أو شراكين فقال: يا رسول الله، أصبت يوم خيبر، فقال رسول الله ﷺ: «شراك من نار أو شراكان من نار».**

335. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن خەيبەرگە چىقتۇق، الله بىزگە غەلىبە ئاتا قىلدى ئەمما ئالتۇن-كۈمۈش غەنىيمەت ئالماي پەقەتلا يۈك-تاق، ئوزۇق-تۈلۈك، كىيىم-كېچەكلەرنى غەنىيمەت ئالدۇق. ئاندىن بىز ۋادىلقۇرا دېگەن جايغا قاراپ ماڭدۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە رىفائە ئىبنى زەيد دەپ چاقىرىلىدىغان جۈزام قەبىلىسىدىن بىر كىشى بەرگەن بەنى زەبىبلىك بىر قۇل ھەم بار ئىدى. بىز ۋادىغا چۈشكەندە ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يۈك-تاقلىرىنى چۈشۈرۈۋاتاتتى، توساتتىن ئۇنىڭغا بىر ئوق تېگىپ ئۆلۈپ قالدى. بىز: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ شەھىدلىكىگە مۇبارەك بولسۇن» دېسەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ياق، مۇھەممەدنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئۇ خەيبەر غازىتىنىڭ غەنىيمەتلىرى تەقسىم قىلىنىشتىن بۇرۇن تىقىۋالغان بىر تون ئۇنى لاۋۇلداپ كۆيدۈرۈۋاتىدۇ»[2] دېدى. كىشىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىشتى. شۇنىڭ

مولا ئەلى قارى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس ـــ ۋەقفە مال ياكى بەيتۇلمالغا ئوخشاش مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقلىرىگە ئالاقىدار بولغان مالدىن يەۋالغان كىشىنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان» («**مرقاة المفاتيح**» 12-توم 194-بەت).

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئىمام نەۋەۋى شەھىدلەرنىڭ ئۈچ قىسىم بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىرىنچى، الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى بولۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شەھىدتۇر؛ ئىككىنچى، قورساق ئاغرىقى، ۋابا

بىلەن، بىر كىشى بىر تال (ياكى ئىككى تال) بوغقۇچنى ئەكىلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بۇنى خەيبەر غازىتى كۈنى ئېلىۋالغان ئىدىم» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «بىر تال (ياكى ئىككى تال) بوغقۇچمۇ جەھەننەم ئوتىدىندۇر» دېدى.①

**336. عن ثوبان مولى رسول الله ﷺ عن رسول الله ﷺ أنه قال: «من فارق الروح الجسد وهو بريء من ثلاث دخل الجنة الكبر والغلول والدين».**

336. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئازاد قىلغان قۇلى سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق ئادەم تەكەببۇرلۇق، خىيانەت ۋە قەرزدىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىدىن پاك ھالەتتە روھى تېنىدىن جۇدا بولىدىكەن جەننەتكە كىرىدۇ».②

**337. عن عبد الله بن عمرو رضي الله عنهما قال: كان على ثقل النبي ﷺ رجل يقال له كركرة، فمات، فقال رسول الله ﷺ: «هو في النار». فذهبوا ينظرون إليه، فوجدوا عباءة قد غلها.**

337. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يۈك ـ تاقىلىرىغا قارايدىغان كەركەرە ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ كىشى ۋاپات تاپقاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇ دوزاختا» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ساھابىلەر ئۇ كىشىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ غەنىيمەتتىن بىر تونغا خىيانەت قىلغانلىقىنى كۆردى.③

**338. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قام فينا رسول الله ﷺ ذات يوم، فذكر الغلول، فعظمه وعظم أمره، ثم قال: «لا ألفين أحدكم يجيء يوم القيامة على رقبته بعير له رغاء، يقول: يا رسول الله، أغثني، فأقول: لا أملك لك شيئا، قد أبلغتك. لا ألفين أحدكم يجيء يوم**

---

كېسىلى، سۇغا غەرق بولۇش.... قاتارلىقلار بىلەن ۋاپات تاپقانلار بولۇپ، دۇنيادا شەھىدلىك ھۆكۈمى بېرىلمەيدۇ لېكىن ئاخىرەتتە شەھىدتۇر؛ ئۈچىنچى، غەنىيمەتكە خىيانەت قىلغان ياكى جەڭدە ئارقىسىنى قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشى بولۇپ، دۇنيادا <شەھىد> دەپ ئاتالغان بولسىمۇ ئەمما ئاخىرەتتە شەھىدلىك مەرتىۋىسى بېرىلمەيدۇ» (نەۋەۋىنىڭ «**شرح صحيح مسلم**» ناملىق كىتابى 13 ـ توم 63 ـ بەت).

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② ئەھمەد، تىرمىزى ، نەسائى، ھاكىم ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

③ بۇخارى توپلىغان.

القيامة على رقبته فرس له حمحمة، فيقول: يا رسول الله، أغثني، فأقول: لا أملك لك شيئا، قد أبلغتك. لا ألفين أحدكم يجيء يوم القيامة على رقبته شاة لها ثغاء، يقول: يا رسول الله، أغثني، فأقول: لا أملك لك شيئا، قد أبلغتك. لا ألفين أحدكم يجيء يوم القيامة على رقبته نفس لها صياح، فيقول: يا رسول الله، أغثني، فأقول: لا أملك لك شيئا، قد أبلغتك. لا ألفين أحدكم يجيء يوم القيامة على رقبته رقاع تخفق، فيقول: يا رسول الله، أغثني، فأقول: لا أملك لك شيئا، قد أبلغتك، لا ألفين أحدكم يجيء يوم القيامة على رقبته صامت، فيقول: يا رسول الله، أغثني، فأقول: لا أملك لك شيئا، قد أبلغتك».

338. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى ۋە ئاقىۋىتىنىڭ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: «مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى قىيامەت كۈنىدە گەدىنىگە بوقۇراپ تۇرغان تۆگە ئارتىلغان ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالماي. ئۇ ماڭا: <ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ياردەم قىلغىن> دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا: <بۈگۈن ساڭا ھېچقانداق ياردەم قىلالمايمەن، ساڭا ئاللىبۇرۇن يەتكۈزگەن ئىدىم> دەيمەن.

مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى قىيامەت كۈنىدە گەدىنىگە كىشنەپ تۇرغان ئات ئارتىلغان ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالماي. ئۇ ماڭا: <ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ياردەم قىلغىن> دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا: <بۈگۈن ساڭا ھېچقانداق ياردەم قىلالمايمەن، ساڭا ئاللىبۇرۇن يەتكۈزگەن ئىدىم> دەيمەن.

مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى قىيامەت كۈنىدە گەدىنىگە مەرەپ تۇرغان قوي ئارتىلغان ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالماي. ئۇ ماڭا: <ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ياردەم قىلغىن> دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا: <بۈگۈن ساڭا ھېچقانداق ياردەم قىلالمايمەن، ساڭا ئاللىبۇرۇن يەتكۈزگەن ئىدىم> دەيمەن.

مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى قىيامەت كۈنىدە گەدىنىگە تووۋلاۋاتقان بىر جان ئارتىلغان ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالماي. ئۇ ماڭا: <ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ياردەم قىلغىن> دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا: <بۈگۈن ساڭا ھېچقانداق ياردەم قىلالمايمەن، ساڭا ئاللىبۇرۇن يەتكۈزگەن ئىدىم> دەيمەن.

مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى قىيامەت كۈنىدە گەدىنىگە لەپىلدەپ تۇرغان ھەق ـ ھوقۇقلار يېزىلغان قەغەزلەر ئارتىلغان ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالماي. ئۇ

ماڭا: <ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ياردەم قىلغىن> دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا: <بۇگۈن ساڭا ھېچقانداق ياردەم قىلالمايمەن، ساڭا ئاللىبۇرۇن يەتكۈزگەن ئىدىم> دەيمەن.

مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى قىيامەت كۈنىدە گەدىنىگە ئالتۇن-كۈمۈش ئارتىلغان ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالماي. ئۇ ماڭا: <ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ياردەم قىلغىن> دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا: <بۇگۈن ساڭا ھېچقانداق ياردەم قىلالمايمەن، ساڭا ئاللىبۇرۇن يەتكۈزگەن ئىدىم> دەيمەن».①

**339. عن زيد بن خالد رضي الله عنه، أن رجلا من أصحاب النبي ﷺ توفي يوم خيبر فذكروا ذلك لرسول الله ﷺ فقال: «صلوا على صاحبكم». فتغيرت وجوه الناس لذلك فقال: «إن صاحبكم غل في سبيل الله»، ففتشنا متاعه فوجدنا خرزا من خرز يهود لايساوي درهمين.**

339. زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى خەيبەر غازىتىدا ۋاپات بولغان ئىدى، ساھابىلەر بۇنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يەتكۈزدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھەمراھىڭلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈڭلار!» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ چىرايلىرى ئۆزگىرىپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ (ئۇلارنىڭ چىرايىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ): «ھەمراھىڭلار الله يولىدا چۈشكەن غەنىيمەتكە خىيانەت قىلدى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئۇنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى ئاختۇرغان ئىدۇق، يەھۇدىيلارنىڭ ئىككى دەرھەمگىمۇ يارىمايدىغان بىر تال مارجىنى چىقتى.②

**340. عن أم حبيبة بنت العرباض عن أبيها: أن رسول الله ﷺ كان يأخذ الوبرة من فيء الله عز وجل فيقول: «ما لي من هذا إلا مثل ما لأحدكم إلا الخمس، وهو مردود فيكم، فأدوا الخيط والمخيط فما فوقهما، وإياكم والغلول ، فإنه عار وشنار على صاحبه يوم القيامة».**

340. ئۇممۇ ھەبىبە بىنتى ئىرباز دادىسىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ الله يولىدىكى غەنىيمەتتىن بىر تال تۆگە يۇڭىنى ئېلىپ مۇنداق دېدى: «ماڭا غەنىيمەتتىن سىلەرگە ئوخشاش نېسىۋە كەلگەندىن سىرت مۇشۇنچىلىك نەرسىمۇ ئارتۇق تەگمەيدۇ لېكىن

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان؛ شۇئەيب ئەرنەئۇت ۋە ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

(غەنىيمەتنىڭ) بەشتىن بىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئۇ ھەم سىلەرگە قايتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، يىپ ـ يىڭنە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك نەرسىلەرنىمۇ تاپشۇرۇڭلار، غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىشتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى، خىيانەت قىلىنغان غەنىيمەت ئۇ كىشى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ئار ـ نومۇس ۋە رەسۋاچىلىق بولىدۇ». [1]

**341. عن عمرو بن شعيب، عن أبيه، عن جده في هذه القصة قال: قال رسول الله ﷺ: «ردوا عليهم نساءهم وأبناءهم، فمن مسك بشيء من هذا الفيء، فإن له به علينا ست فرائض من أول شيء يفيئه الله علينا»، ثم دنا - يعني النبي ﷺ - من بعير، فأخذ وبرة من سنامه، ثم قال: «يا أيها الناس، إنه ليس لي من هذا الفيء شيء، ولا هذا - ورفع أصبعيه - إلا الخمس، والخمس مردود عليكم، فأدوا الخياط والمخيط». فقام رجل في يده كبة من شعر فقال: أخذت هذه لأصلح بها برذعة لي. فقال رسول الله ﷺ: «أما ما كان لي ولبني عبد المطلب فهو لك». فقال: أما إذ بلغت ما أرى فلا أرب لي فيها ونبذها.**

341. ئەمىر ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن، دادىسى بوۋىسىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ھەۋازىن ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ قىسسىسىدە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇلارغا ئايال ـ بالىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار. كىمكى بۇ ئولجىدىن بىرەرىنى بىرىشكە كۆزى قىيمىسا، الله بىزگە ئولجا قىلىپ بەرگەن نەرسىدىن ئالتە ھەسسىنى ئۇ كىشىگە بىرىشكە كېپىللىك قىلىمىز» دەپ، بىر تۆگىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ لوكىسىدىن يۇڭ ئالدى ـ دە: «ئى خالايىق! بۇ غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرىدىن باشقا ھېچنەرسە مېنىڭ ئەمەس» دېدى، ئاندىن ئىككى بارمىقىنى كۆتۈرۈپ: «بەشتىن بىرى سىلەرگە قايتۇرۇلىدۇ شۇڭا ھەتتا يىپ ـ يىڭنىنىمۇ يوشۇرۇپ قالماڭلار» دېدى. بىر كىشى قولىدا بىر چاڭگال يۇڭ كۆتۈرۈپ كېلىپ: «مەن بۇنى توقۇمىمنى ئوڭشىۋېلىش ئۈچۈن ئالغان ئىدىم» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ماڭا ۋە ئابدۇلمۇتتەلىپ جەمەتىگە تەۋە نەرسە سېنىڭ بولسۇن!» دېدى. ھېلىقى كىشى: «سۆزۈڭنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەمدى مېنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتىم يوق» دېدى ۋە ئۇنى تاشلىۋەتتى. [2]

---

[1] ئەھمەد، تەبرانى ۋە بەززار توپلىغان: ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان: ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

342. عن عبد الله بن شقيق، عن رجل من بلقين قال: أتيت النبي ﷺ وهو بوادي القرى وهو يعرض فرسا، فقلت: يا رسول الله، ما تقول في الغنيمة؟ قال: «للّٰه خمسها، وأربعة أخماس للجيش». قلت: فما أحد أولى به من أحد؟ قال: «لا، ولا السهم تستخرجه من جنبك ليس أنت أحق به من أخيك المسلم».

342. ئابدۇللاھ ئىبنى شەقىق بەلقىين قەبىلىسىدىن بولغان بىر كىشىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كەلسەم ئۇ مەككە جىلغىلىرىدىن بىرىدە ئات چاپتۇرۇۋاتقان ئىكەن. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! غەنىيمەت ھەققىدە نېمە دەيسەن؟» دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرى الله ئۈچۈن، بەشتىن تۆتى قوشۇن ئۈچۈندۇر» دېدى. مەن: «غەنىيمەت بىر كىشىگە بىر كىشىدىن ئارتۇقراق بىرىلەمدۇ؟» دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ياق، غەنىيمەت دېگەن سەن يېنىڭدىن چىقىرىدىغان مال ئەمەس، سېنىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىڭدىن ئارتۇق غەنىيمەت ئېلىشقا ھېچقانداق ھەققىڭ يوق» دېدى.[①]

343. عن عبد الله بن عمرو رضي الله عنه قال: كان رسول الله ﷺ إذا أصاب غنيمة أمر بلالا فنادى في الناس فيجيئون بغنائمهم فيخمسه ويقسمه، فجاء رجل بعد ذلك بزمام من شعر فقال: يا رسول الله هذا فيما كنا أصبناه من الغنيمة. فقال: «أسمعت بلالا ينادي ثلاثا؟» قال: نعم. قال: «فما منعك أن تجيء به؟» فاعتذر إليه، فقال: «كن أنت تجيء به يوم القيامة فلن أقبله عنك».

343. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ غەنىيمەت ئالغاندا مۇجاھىدلارنى چاقىرىش ئۈچۈن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بۇيرۇيتتى. مۇجاھىدلار غەنىيمەتلىرىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بەشتىن بىرىنى ئايرىپ، قالغىنىنى تەقسىم قىلىپ بىرەتتى. بىر قېتىم، بىر كىشى بىر تال قىل ئارغامچىنى تەقسىماتتىن كېيىن كۆتۈرۈپ ئەكىلىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بۇمۇ بىز غەنىيمەت ئالغان نەرسە ئىدى، — دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— بىلالنىڭ ئۈچ قېتىم توۋلىغىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى، ئۇ

---

① بەيھەقى توپلىغان، ئىبنى كەسىر ئۆزىنىڭ «تفسير ابن كثير» ناملىق تەپسىرىنىڭ 2ـ توم 311ـ بېتىدە بۇ ھەدىسنى «سەھىھ» دېگەن.

كىشى:

— ھەئە، ئاڭلىغانىدىم، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇنداقتا، نېمىشقا ئۇنى ۋاقتىدا ئېلىپ كەلمىدىڭ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئۆزرە ئېيتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا:

— سەن ئۇنى قىيامەت كۈنى كۆتۈرۈپ كېلىدىغان كىشى بولغىن، ئۇنى سەندىن ھەرگىز قوبۇل قىلمايمەن، — دېدى.①

**344. عن أبي رافع رضي الله عنه قال: كان رسول الله ﷺ إذا صلى العصر ذهب إلى بني عبد الأشهل فيتحدث عندهم حتى ينحدر للمغرب قال أبو رافع: فبينما النبي ﷺ يسرع إلى المغرب مررنا بالبقيع فقال: «أف لك. أف لك». قال: فكبر ذلك في ذرعي، فاستأخرت وظننت أنه يريدني فقال: «ما لك امش». فقلت: أحدثت حديثا؟ قال: «ما ذاك؟» قلت: أففت بي؟ قال: «لا. ولكن هذا فلان بعثته ساعيا على بني فلان فغل نمرة فدرع الآن مثلها من نار».**

344. ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئابدۇلئەشھەل جەمەتىگە بېرىپ، ئۇلارغا سۆز قىلىپ بېرىپ شام نامىزىغىچە قايتىپ كېلەتتى. بىر كۈنى، شام نامىزىغا ئۇلگۇرۇش ئۈچۈن بەقىيئ مازارلىقىدىن ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر ﷺ: «ۋاي ساڭا، ۋاي ساڭا!» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ سۆزى مېنى بەكلا چۆچۈتىۋەتتى، مەن: «رەسۇلۇللاھ بۇ سۆزنى ماڭا دەۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ توختاپ قالغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «ساڭا نېمە بولدى، ماڭمامسەن؟» دېدى. مەن: «ماڭا گەپ قىلدىڭمۇ؟» دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «نېمە دېدىم؟» دېدى. مەن: «<ۋاي ساڭا!> دېدىڭ» دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: «ياق، مەن ئۇ گەپنى پالانىغا قارىتىپ قىلغان ئىدىم. مەن ئۇنى پالانى جەمەتكە زاكات يىغىشقا ئەۋەتسەم، ئۇ يوللۇق توندىن بىرنى قارا ساناپ ئېلىۋالغان ئىكەن. ھازىر ئۇنىڭغا شۇ چاغدا ئېلىۋالغانچىلىك ئوتتىن ساۋۇت كىيدۈرۈلدى» دېدى.②

**345. عن أبي المليح، عن أبيه قال: قال رسول الله ﷺ: «لا يقبل الله صلاة بغير طهور، ولا صدقة من غلول».**

---

① ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان؛ ئىبنى ھىببان «سەھىھ» دېگەن، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

② ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

345. ئەبۇ مەلىھ دادىسىدىن نەقىل قىلىپ ئېيتىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «تاھارەتسىز ئوقۇلغان نامازنى ۋە خىيانەت قىلىپ ئېلىۋالغان مالدىن قىلىنغان سەدىقىنى الله قوبۇل قىلمايدۇ». ①

**346. عن رجل من الأنصار قال: خرجنا مع رسول الله ﷺ في سفر فأصاب الناس حاجة شديدة وجهد، وأصابوا غنما فانتهبوها، فإن قدورنا لتغلي إذ جاء رسول الله ﷺ يمشي على قوسه، فأكفأ قدورنا بقوسه، ثم جعل يرمل اللحم بالتراب، ثم قال: «إن النهبة ليست بأحل من الميتة» أو «إن الميتة ليست بأحل من النهبة» الشك من هناد.**

346. ئەنسارىلاردىن بىر كىشى مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىر سەپەرگە چىققان ئىدۇق، قوشۇندىكىلەر ئاچ قېلىپ، بەكلا قىينىلىپ كەتتى. بىزدە غەنىيمەت ئېلىنغان قويلار بار ئىدى، بىز ئۇ قويلارنى بۆلاك ـ تالاڭ قىلىپ تېزلا سويۇپ، قازانلىرىمىزدا پىشۇرغىلى تۇردۇق. شۇ ئارىدا، پەيغەمبەر ﷺ ياچىقىغا تايانغان ھالدا يېتىپ كەلدى ۋە ياچىقى بىلەن قازانلىرىمىزنى دۈم كۆمتۈرۈپ، گۆشلەرنى قۇمغا مىلىۋەتكەندىن كېيىن: «غەنىيمەتتىن تالان ـ تاراج قىلىنغان گۆش بىلەن ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان گۆشى ئوخشاشلا ھارامدۇر» ياكى «ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان گۆشى بىلەن غەنىيمەتتىن تالان ـ تاراج قىلىنغان گۆش ئوخشاشلا ھارامدۇر» دېدى.

ھەدىسنى نەقىل قىلغۇچى بۇ ئىككى سۆزدىن قايسىنى دېگەنلىكىدە ئىككىلىنىپ قالغان. ②

## 52 ـ باب

## الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شەھىدلەردىن سىرت يەنە شەھىدلىكنىڭ پەزىلىتىگە ئېرىشەلەيدىغان كىشىلەر ھەققىدە

**347. عن سعيد بن زيد رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «من قتل دون ماله فهو**

① نەسائى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھىببان ۋە تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

② ئەبۇ داۋۇد ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

**شهيد، ومن قتل دون أهله فهو شهيد، ومن قتل دون دينه فهو شهيد، ومن قتل دون دمه فهو شهيد».**

347. سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى مال-مۈلكىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شەھىدتۇر، كىمكى خوتۇن-بالىلىرىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شەھىدتۇر، كىمكى دىنىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شەھىدتۇر، كىمكى جېنىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شەھىدتۇر»[1].

**348. عن ابن عباس رضي الله عنهما، عن النبي ﷺ: «من قتل دون مظلمته فهو شهيد».**

348. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزىگە كەلگەن زۇلۇمنى چېكىندۈرۈش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شەھىدتۇر».[2]

**349. عن أبي هريرة رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «الشهداء خمسة: المطعون، والمبطون، والغرق، وصاحب الهدم، والشهيد في سبيل الله».**

349. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىدلەر بەش تۈرلۈكتۇر: ۋابا كېسىلى (بىلەن ۋاپات بولغان)، قورساق ئاغرىقىدا (ۋاپات بولغان)، سۇدا غەرق بولغان، تام بېسىۋېلىپ (ۋاپات بولغان) ۋە الله يولىدا (جىھاد قىلىپ) ئۆلتۈرۈلگەن كىشىدۇر».[3]

**350. وعن جابر بن عتيك رضي الله عنه، عن النبي ﷺ أنه قال: «الشهادة سبع سوى القتل في سبيل الله: المطعون شهيد، والغرق شهيد، وصاحب ذات الجنب شهيد، والمبطون شهيد، وصاحب الحريق شهيد، والذي يموت تحت الهدم شهيد، والمرأة تموت بجمع شهيد».**

350. جابىر ئىبنى ئەتىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا ئۇرۇشۇپ شەھىد بولغانلاردىن باشقا يەنە مۇنداق يەتتە تۈرلۈك شەھىد بار: ۋابا كېسىلى (بىلەن ۋاپات بولغان) كىشى شەھىدتۇر، سۇغا غەرق بولغان كىشى شەھىدتۇر، كۆكرەك ياللۇغى

[1] ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى ۋە ئابدۇقادىر ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بىلەن (ۋاپات بولغان) كىشىمۇ شەھىدتۇر، قورساق ئاغرىقىدا (ۋاپات بولغان) كىشى شەھىدتۇر، ئوتتا كۆيۈپ (ۋاپات بولغان) كىشى شەھىدتۇر، تام بېسىۋېلىپ (ۋاپات بولغان) كىشى شەھىدتۇر، تۇغۇتىدا بالىسى بىلەن ۋاپات بولغان ئايال شەھىدتۇر».[1]

**351. عن أنس بن مالك رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «الطاعون شهادة لكل مسلم».**

351. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ۋابا كېسىلى ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن شەھىدلىكتۇر».[2]

**352. عن عائشة رضي الله عنها، أنها سألت رسول الله ﷺ عن الطاعون، فأخبرها نبي الله ﷺ: «أنه كان عذابا يبعثه الله على من يشاء، فجعله الله رحمة للمؤمنين، فليس من عبد يقع الطاعون، فيمكث في بلده صابرا، يعلم أنه لن يصيبه إلا ما كتب الله له، إلا كان له مثل أجر الشهيد».**

352. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ دىن ۋابا كېسىلى توغرۇلۇق سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: «ۋابا كېسىلى بۇرۇن الله تائالانىڭ خالىغان بەندىلىرىگە ئەۋەتىدىغان ئازابى ئىدى، كېيىن ئۇنى الله تائالا مۇئمىنلەرگە رەھمەت قىلدى. ۋابا كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەم <ماڭا پەقەت الله پۈتۈۋەتكىنىدىن باشقا نەرسە يەتمەيدۇ> دەپ سەۋر قىلىپ شۇ شەھەردە تۇرسا، ئۇنىڭغا شەھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ» دېگەن.[3]

**353. عن صفوان بن أمية رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «الطاعون شهادة، والغرق شهادة، والبطن شهادة، والنفساء شهادة».**

353. سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ۋابا كېسىلىدە (ۋاپات تېپىش) شەھىدلىكتۇر، سۇدا غەرق بولۇش شەھىدلىكتۇر، قورساق ئاغرىقىدا (ۋاپات تېپىش) شەھىدلىكتۇر ۋە تۇغۇتتا (ۋاپات تېپىش) شەھىدلىكتۇر».[4]

**354. عن سلمان رضي الله عنه قال: أتيت رسول الله ﷺ بالزكاة ثلاث مرار، فقال: «ما**

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى توپلىغان.

[4] ئەھمەد ۋە تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

**تعدون الشهيد فيكم؟» قالوا: الذي يقتل في سبيل الله، قال: «إن شهداء أمتي إذن لقليل، القتل في سبيل الله شهادة، والطاعون شهادة، والنفساء شهادة، والحرق شهادة، والغرق شهادة، والسل شهادة، والبطن شهادة».**

354. سالمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن زاكات مىلىمنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا ئۇچ قېتىم ئېلىپ كەلدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ (ساھابىلەردىن):

— ئىچىڭلاردىن قانداق كىشىلەرنى شەھىد دەپ ھېسابلايسىلەر؟ — دەپ سورىغانىدى، ساھابىلەر:

— الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى شەھىدتۇر، — دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— ئۇنداقتا ئۈممىتىمنىڭ شەھىدلىرى ئاز بولۇپ قالامدۇ؟! الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى شەھىدتۇر، ۋابا كېسىلى (بىلەن ۋاپات بولغان) كىشى شەھىدتۇر، تۇغۇتىدا (ۋاپات بولغان ئايال) شەھىدتۇر، ئوتتا كۆيۈپ (ۋاپات بولغان) كىشى شەھىدتۇر، سۇدا غەرق بولغان كىشى شەھىدتۇر، ئۆپكە كېسىلى (بىلەن ۋاپات بولغان) كىشى شەھىدتۇر، قورساق ئاغرىقىدا (ۋاپات بولغان) كىشى شەھىدتۇر، — دېدى.[①]

**355. عن ربيع الأنصاري رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «أو ما الشهادة إلا في القتل في سبيل الله؟ إن شهداء أمتي إذن لقليل، إن الطعن والطاعون شهادة، والبطن شهادة، والنفساء بجمع شهادة، والحرق شهادة، والغرق شهادة، والهدم شهادة، وذات الجنب شهادة».**

355. رەبىئ ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشلا شەھىدلىك ھېسابلىنامدۇ؟ ئۇنداقتا ئۈممىتىمنىڭ شەھىدلىرى ئاز بولۇپ قالامدۇ؟! تىغ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ۋابا كېسىلى (بىلەن ۋاپات بولغان) كىشى شەھىدتۇر، قورساق ئاغرىقىدا (ۋاپات بولغان) كىشى شەھىدتۇر، بالىسى قورسىقىدا بار ھالەتتە (ۋاپات بولغان ئايال) شەھىدتۇر، ئوتتا كۆيۈپ (ۋاپات بولغان) كىشى شەھىدتۇر، سۇدا غەرق بولغان كىشى شەھىدتۇر، تام بېسىۋېلىپ (ۋاپات بولغان) كىشى

① تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

شەھىدتۇر، كۆكرەك ياللۇغى بىلەن (ۋاپات بولغان) كىشىمۇ شەھىدتۇر».[1]

## 53 ـ باب

# مۇسۇلمانلار جامائىتىنى لازىم تۇتۇشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى ۋە ئۇلاردىن ئايرىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللَّهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا﴾ «ھەممىڭلار الله نىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار)».[2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ اتَّخَذُوا مَسْجِدًا ضِرَارًا وَكُفْرًا وَتَفْرِيقًا بَيْنَ الْمُؤْمِنِينَ وَإِرْصَادًا لِمَنْ حَارَبَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ مِنْ قَبْلُ وَلَيَحْلِفُنَّ إِنْ أَرَدْنَا إِلَّا الْحُسْنَى وَاللَّهُ يَشْهَدُ إِنَّهُمْ لَكَاذِبُونَ﴾ «بەزى كىشىلەر مۇئمىنلەرگە زىيان يەتكۈزۈش، كۇفرىنى كۈچەيتىش، مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىنى پارچىلاش، الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى تۇرغان ئادەم (يەنى ئەبۇ ئامىر راھىب)نىڭ كېلىشىنى كۈتۈش مەقسىتىدە مەسجىد بىنا قىلدى. ئۇلار: <بىز پەقەت ياخشىلىقنىلا ئىرادە قىلدۇق> دەپ چوقۇم قەسەم قىلىدۇ، الله گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئۇلار شەك ـ شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر».[3]

**356. عن عبد الله بن عمر رضي الله عنهما قال: قال رسول الله ﷺ: «عليكم بالجماعة وإياكم والفرقة فإن الشيطان مع الواحد وهو من الاثنين أبعد، من أراد بحبوحة الجنة فليلزم الجماعة».**

356. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جامائەتنى لازىم تۇتۇڭلار، بۆلۈنۈشتىن ساقلىنىڭلار. شۈبھىسىزكى شەيتان بىر كىشى بىلەن بىللە، ئىككى

---

[1] تەبرانى توپلىغان، ھەيسەمى ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] سۈرە ئال ئىمران 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە تەۋبە 107 ـ ئايەت.

كىشىدىن يىراقراق. كىمكى جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئىرادە قىلسا جامائەتنى لازىم تۇتسۇن». [1]

357. عن ابن عمر رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «يد الله على الجماعة».

357. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ قولى جامائەت ئۈستىدىدۇر». [2]

358. عن الحارث الأشعرى رضي الله عنه، عن النبى ﷺ قال: «وأنا آمركم بخمس الله أمرني بهن: السمع والطاعة والجهاد والهجرة والجماعة. فإنه من فارق الجماعة قيد شبر فقد خلع ربقة الإسلام من عنقه إلا أن يرجع».

358. ھارىس ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرنى الله مېنى بۇيرۇغان بەش ئىشقا بۇيرۇيمەن: ئاڭلاش، ئىتائەت قىلىش، جىھاد، ھىجرەت ۋە جامائەت بولۇش. كىمكى (ئىسلامىي سۇلتانلىق) جامائىتىدىن بىر غېرىچ ئايرىلسا، تاكى يەنە قايتىپ قوشۇلمىغۇچە ئىسلامنىڭ ئارغامچىسىنى (ھالقىسىنى) بوينىدىن چىقىرىۋەتكەن بولىدۇ». [3]

359. عن النعمان بن بشير رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «الجماعة رحمة والفرقة عذاب».

359. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جامائەت ـــ رەھمەت، بۆلۈنۈش ـــ ئازابتۇر». [4]

360. عن حذيفة رضي الله عنه قال: كان الناس يسألون رسول الله ﷺ عن الخير، وكنت أسأله عن الشر، مخافة أن يدركني، فقلت: يا رسول الله، إنا كنا في جاهلية وشر، فجاءنا الله بهذا الخير، فهل بعد هذا الخير من شر؟ قال: «نعم» قلت: وهل بعد ذلك الشر من خير؟ قال: «نعم، وفيه دخن» قلت: وما دخنه؟ قال: «قوم يهدون بغير هديي، تعرف منهم وتنكر» قلت: فهل بعد ذلك الخير من شر؟ قال: «نعم، دعاة على أبواب جهنم، من أجابهم إليها قذفوه فيها» قلت: يا رسول الله صفهم لنا، قال: «هم من جلدتنا، ويتكلمون بألسنتنا» قلت: فما

[1] تىرمىزى، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان: ئەلبانى ۋە ئابدۇقادىر ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.
[2] تىرمىزى ۋە تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[4] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

**تأمرني إن أدركني ذلك؟ قال: «تلزم جماعة المسلمين وإمامهم» قلت: فإن لم يكن لهم جماعة ولا إمام؟ قال: «فاعتزل تلك الفرق كلها، ولو أن تعض بأصل شجرة، حتى يدركك الموت وأنت على ذلك».**

360. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ دىن ياخشىلىق توغرىسىدا سورىشاتتى. مەن بولسام يامانلىققا يولۇقۇپ قېلىشتىن قورقۇپ يامانلىق توغرىسىدا سورايتتىم. مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ھەقىقەتەن جاھىلىيەت ۋە يامانلىق ئىچىدە ئۆتكەنىدۇق، الله تائالا بىزگە بۇ ياخشىلىقنى كەلتۈرۈپ بەردى، بۇ ياخشىلىقتىن كېيىن يەنە يامانلىق بولامدۇ؟ — دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ:

— ھەئە، — دېدى. مەن:

— ئۇ يامانلىقتىن كېيىن يەنە ياخشىلىق بولامدۇ؟ — دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ:

— ھەئە، لېكىن ئۇ ساپ بولمايدۇ، — دېدى. مەن:

— ئۇ قانداق ساپ بولمايدۇ؟ — دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئەمىرلەر توغرا يولدىن چەتنىگەن كىشىلەردىن بولىدۇ، ئۇلاردا ياخشىلىقنىمۇ كۆرىسەن، يامانلىقنىمۇ كۆرىسەن، — دېدى. مەن:

— بۇ ياخشىلىقتىن كېيىن يەنە يامانلىق بولامدۇ؟ — دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ:

— ھەئە، دوزاخ ئىشىكلىرىگە چاقىرغۇچىلار كېلىدۇ، كىمكى ئۇلارنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشىدىكەن ئۇنى دوزاخقا تاشلايدۇ، — دېدى. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بىزگە ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرىنى دەپ بەرگىن، — دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇلار بىزنىڭ تېرىمىزدىن (مىللىتىمىزدىن) ھەمدە بىزنىڭ تىللىرىمىز بىلەن سۆزلەيدۇ، — دېدى. مەن:

— ئەگەر ئۇلارغا يولۇقۇپ قالسام نېمىگە بۇيرۇيسەن؟ — دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ:

— مۇسۇلمانلار جامائىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ خەلىپىسىنى لازىم تۇتقىن! —

دېدى. مەن:

ــ ئەگەر مۇسۇلمانلار جامائىتى ۋە خەلىپىسى بولمىسىچۇ؟ ــ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ دەرەخنىڭ يىلتىزىنى يېيىشكە توغرا كەلسىمۇ ئاشۇ گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۆزۈڭنى چەتكە ئال![1] ئۆلۈم سېنى شۇ ھالەتتە تاپسۇن، ــ دېدى.[2]

**361. عن معاوية بن أبي سفيان رضي الله عنه قال: إن رسول الله ﷺ قال: «إن هذه الأمة ستفترق على ثلاث وسبعين فرقة فى الأهواء كلها فى النار إلا واحدة وهى الجماعة».**

361. مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئۇممەت نەپسى ـ خاھىشلار بويىچە 73 پىرقىگە بۆلۈنىدۇ، ئۇلارنىڭ پەقەت بىرسىدىن باشقا ھەممىسى دوزاختا بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ (سۈننەت ئۈستىگە قۇرۇلغان) جامائەتتۇر».[3]

**362. عن أبي هريرة رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «من خرج من الطاعة، وفارق الجماعة فمات، مات ميتة جاهلية».**

362. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى (مۇسۇلمانلار خەلىپىسىنىڭ) ئىتائىتىدىن چىقىپ، مۇسۇلمانلار جامائىتىدىن ئايرىلسا ۋە شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە،

---

[1] «ئاشۇ گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسىدىن» دېگەن سۆزنى ھەرگىزمۇ تۇرداش ئىسىم قاتارىدا مۇتلەقلەشتۈرۈۋېلىشقا بولمايدۇ چۈنكى ئۇنداق بولغاندا «پىرقەتۇنناجىيە»مۇ مەزكۇر گۇرۇھلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالىدۇ. بۇ ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بىردەك قارارى بىلەن تۈپتىن باتىل.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «ئاشۇ گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسىدىن» دېگەن سۆز گەرچە ئومۇملاشتۇرۇش شەكلىدە كەلگەن بولسىمۇ لېكىن بۇنىڭدا خاسلاشتۇرۇلغان مەنە نەزەردە تۇتۇلغان. يۇقىرىقى ھەدىستىكى ئومۇمىيلىقنى خاسلاشتۇرىدىغان دەلىل بولسا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «**إِنَّ هَذِهِ الأُمَّةَ سَتَفْتَرِقُ عَلَى ثَلاَثٍ وَسَبْعِينَ فِرْقَةً فِي الأَهْوَاءِ كُلُّهَا فِي النَّارِ إِلاَّ وَاحِدَةً وَهِيَ الْجَمَاعَةُ**» «بۇ ئۇممەت نەپسى ـ خاھىشلىرى بويىچە 73 پىرقىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ پەقەت بىرسىدىن باشقا ھەممىسى دوزاختا بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ (سۈننەت ئۈستىگە قۇرۇلغان) جامائەتتۇر» (ئەھمەد ۋە ئىبنى ئەبۇ ئاسىم توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن). دېمەك، مەزكۇر ھەدىستە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا بۇيرۇلۇپ ئىشارە قىلىنغان گۇرۇھلار پەقەتلا ئازغۇن گۇرۇھلاردۇر («**العمدة في اعداد العدة**» ناملىق كىتاب 84 ـ، 85 ـ بەتلەر).

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە[1] ئۆلگەن بولىدۇ».[2]

**363. عن ابن عباس رضي الله عنهما، عن النبي ﷺ قال: «من رأى من أميره شيئا يكرهه فليصبر عليه فإنه من فارق الجماعة شبرا فمات، إلا مات ميتة جاهلية».**

363. ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەمىرلىرىدىن ياقتۇرمايدىغان بىرەر ئىشنى كۆرسە سەۋر قىلسۇن چۈنكى (مۇسۇلمانلار) جامائىتىدىن بىر غېرىچ چاغلىق مۇساپە ئايرىلىپ، ئاندىن شۇ ھالەتتە ئۆلسە، جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ».[3]

**364. عن معاذ بن جبل رضي الله عنه، عن رسول الله ﷺ: «إن الشيطان ذئب الإنسان كذئب الغنم يأخذ الشاة القاصية والناحية، وإياكم والشعاب وعليكم بالجماعة والعامة».**

364. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەيتان ئىنساننىڭ بۆرىسى بولۇپ، توپتىن ئايرىلغان ياكى چەتتە قالغان ئادەمنى خۇددى قوينىڭ بۆرىسىدەك يۇتۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۆلگۈنچىلىكتىن قەتئىي ساقلىنىپ، جامائەت ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى لازىم تۇتۇڭلار».[4]

## 54 - باب

## پاسىقلىقى پەقەت ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولغان، مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان پاسىق ئەمىر ئاستىدا جىھاد قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى[5] ھەققىدە

[1] ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دەيدۇ: «(بۇ ھەدىستە ئېيتىلغان) جاھىلىيەت ئۆلۈمى كاپىر ھالەتتىكى ئۆلۈش ئەمەس، بەلكى ئاسىي ھالەتتىكى ئۆلۈشنى كۆرسىتىدۇ» (**«فتح الباري»** 13- توم 7- بەت).

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[4] ئەھمەد توپلىغان، سۇيۇتى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[5] ئىمام تەھاۋى (رەھىمەھۇللاھ) ئۆزىنىڭ **«العقيدة الطحاوية»** ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلاردىن بولغان تەقۋادار ۋە فاجىر (گۇناھكار) ئەمىرلەر بىلەن بىرلىكتە ھەج ۋە جىھاد قىلىش قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ. ھېچبىر نەرسە ئۇ ئىككىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرالمايدۇ ۋە بۇزالمايدۇ».

**365. عن عوف بن مالك رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «خيار أئمتكم الذين تحبونهم ويحبونكم، وتصلون عليهم ويصلون عليكم، وشرار أئمتكم الذين تبغضونهم ويبغضونكم، وتلعنونهم ويلعنونكم»، قالوا: قلنا: يا رسول الله، أفلا ننابذهم عند ذلك؟ قال: «لا، ما أقاموا فيكم الصلاة، لا، ما أقاموا فيكم الصلاة، ألا من ولي عليه وال، فرآه يأتي شيئا من معصية الله، فليكره ما يأتي من معصية الله، ولا ينزعن يدا من طاعة».**

365. ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئەمىرلىرىڭلارنىڭ ياخشىلىرى ــ سىلەر ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرنى ياخشى كۆرىدىغان، سىلەر ئۇلارغا دۇئا قىلىدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرگە دۇئا قىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئەمىرلىرىڭلارنىڭ ئەڭ يامانلىرى ــ سىلەر ئۇلارنى يامان كۆرىدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرنى يامان كۆرىدىغان، سىلەر ئۇلارغا لەنەت ئوقۇيدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرگە لەنەت ئوقۇيدىغان كىشىلەردۇر». شۇ ۋاقىتتا ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! شۇ چاغدا بىز ئۇلارنى تاشلىۋەتمەيمىزمۇ؟» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «ياق، ئۇلار ئاراڭلاردا ناماز ئوقۇسىلا (ئۇلارنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ). ئاگاھ بولۇڭلار! كىمنىڭ ئۈستىگە بىر كىشى ۋالىي بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ۋالىينىڭ الله نىڭ ئالدىدا گۇناھ بولىدىغان ئىشلاردىن بىرنى سادىر قىلغانلىقىنى كۆرسە، ئۇ ئىشنى يامان كۆرسۇن ئەمما قولىنى ئۇنىڭ ئىتائىتىدىن تارتىۋالمىسۇن».[1]

**366. عن وائل الحضرمي رضي الله عنه قال: سأل سلمة بن يزيد الجعفي رسول الله ﷺ فقال: يا نبي الله، أرأيت إن قامت علينا أمراء يسألونا حقهم ويمنعونا حقنا، فما تأمرنا؟ فأعرض عنه، ثم سأله، فأعرض عنه، ثم سأله في الثانية أو في الثالثة، فجذبه الأشعث بن قيس، وقال: «اسمعوا وأطيعوا، فإنما عليهم ما حملوا، وعليكم ما حملتم».**

366. ۋائىل ھەزرەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: سەلەمە ئىبنى يەزىد جۇئفى پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىزنىڭ

---

ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دەيدۇ: «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەدىكى بارلىق تائىپىلەر ئەمەل قىلىشقا بىرلىككە كەلگەن دەلىللەر (شۇنىڭدىن ئىبارەتكى)، جىھاد ــ سالىھ ئەمىرلەر ۋە پاسىق ئەمىرلەر بىلەن بىرگە ئېلىپ بېرىلىدۇ» («مجموع الفتاوى» 28 ـ توم 507 ـ بەت).

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ئۇستىمىزگە ئۆزلىرىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى سوراپ بىزنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىمىزنى بەرمەيدىغان كىشىلەر ئەمىر بولسا، بىزنى نېمە قىلىشقا بۇيرۇيسەن؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. سەلەمە يەنە قايتىلاپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ يەنە يۈز ئۆرىدى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم ياكى ئۈچىنچى قېتىم قايتىلاپ سورىغانىدى، ئەشئەس ئىبنى قەيس ئۇنى ئۆزىگە تارتتى. كېيىن پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى: «سۆزىنى ئاڭلاڭلار ۋە بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىڭلار. چۈنكى، ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن، سىلەرمۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىڭلاردىن جاۋابكارلىققا تارتىلىسىلەر».[①]

**367. وعن عروة البارقي رضي الله عنه، أن النبي ﷺ قال: «الخيل معقود في نواصيها الخير إلى يوم القيامة: الأجر، والمغنم».**

367. ئۇرۋە بارىقىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ كۆكۈلىسىغا قىيامەت كۈنىگىچە ئەجىر ۋە غەنىيمەتتىن ئىبارەت ياخشىلىق پۈتۈلگەندۇر[②]».[③]

**368. قال حذيفة بن اليمان: قلت: يا رسول الله، إنا كنا بشر، فجاء الله بخير، فنحن فيه، فهل من وراء هذا الخير شر؟ قال: «نعم»، قلت: هل وراء ذلك الشر خير؟ قال: «نعم»، قلت: فهل وراء ذلك الخير شر؟ قال: «نعم»، قلت: كيف؟ قال: «يكون بعدي أئمة لا يهتدون بهداي، ولا يستنون بسنتي، وسيقوم فيهم رجال قلوبهم قلوب الشياطين في جثمان إنس»، قال: قلت: كيف أصنع يا رسول الله، إن أدركت ذلك؟ قال: «تسمع وتطيع للأمير، وإن ضرب ظهرك، وأخذ مالك، فاسمع وأطع».**

368. ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن

---

[①] مۇسلىم توپلىغان.

[②] ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىسنى ئۆزىنىڭ «سەھىھ بۇخارى» ھەدىس توپلىمىنىڭ «جىھاد سالىھ ۋە پاسىق كىشى بىلەن داۋاملىشىپ بارىدۇ» دېگەن بابىغا كىرگۈزگەن بولۇپ، ئىبنى ھەجەر ئۆزىنىڭ «**فتح الباري**» ناملىق كىتابىنىڭ 6- توم 56- بېتىدە بۇ ھەدىسنى شەرھىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئاتنىڭ كۆكۈلىسىغا قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق پۈتۈلگەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئاندىن ئۇنى ئەجىر ۋە غەنىيمەت بىلەن تەپسىر قىلغان. ئەجىرگە ياندىشىپ كېلىدىغان غەنىيمەت ــ ئات بىلەن جىھاد قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇنىڭغا پادىشاھنىڭ ئادىل بولۇشىنى شەرت قىلماسلىقى شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، غازات گەرچە پاسىق پادىشاھ ياكى زالىم پادىشاھ بىلەن ئېلىپ بېرىلسىمۇ بۇ پەزىلەتكە ئېرىشكىلى بولىۋېرىدۇ» ـــ تۈزگۈچىدىن.

[③] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ دىن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بىز جاھىلىيەت دەۋرىدە يامان ئىشلارنى قىلاتتۇق. كېيىن اللە بىزگە بۇ ياخشى دىننى ئاتا قىلدى. مانا ھازىر بىز بۇ ياخشىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز. بۇ ياخشىلىقتىن كېيىن يامانلىق كېلەمدۇ؟ — دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ:

— ھەئە، كېلىدۇ، — دېدى. مەن:

— ئۇ يامانلىقتىن كېيىن يەنە ياخشىلىق كېلەمدۇ؟ — دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ:

— ھەئە، كېلىدۇ، — دېدى. مەن:

— ئۇ ياخشىلىقتىن كېيىن يەنە يامانلىق كېلەمدۇ؟ — دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ:

— ھەئە، — دېدى. مەن:

— قانداق بولىدۇ، — دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ:

— كەلگۈسىدە مېنىڭ يولۇمدا ماڭمايدىغان، سۈننىتىمگە ئەگەشمەيدىغان بىر قىسىم باشلىقلار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن شەكلى ئىنسان ئەمما قەلبلىرى شەيتان قەلبى بولغان بىر تۈركۈم ئىنسانلار چىقىدۇ، — دېدى. ئاندىن مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ناۋادا مەن ئۇ زامانغىچە ياشاپ قالسام قانداق قىلىمەن؟ — دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئەمىرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلغىن! دۈمبەڭگە ئۇرۇپ مېلىڭنى ئېلىۋالسىمۇ يەنىلا قۇلاق سېلىپ ئىتائەت قىلغىن! — دېدى.[①]

## 55 ـ باب

## ئەمىرنىڭ قوشۇن ئەزالىرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى

① مۇسلىم توپلىغان.

**(1) قول ئاستىدىكىلەر ئۈستىدىكى باش مەسئۇللۇق (يەنى قول ئاستىدىكىلەرگە ئادىل بولۇش؛ ئۇلارنى توغرىغا يېتەكلەش، ھىمايە قىلىش ۋە مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرۇش)**

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالْإِحْسَانِ﴾ «الله ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ». ①

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ أَمَرَ رَبِّي بِالْقِسْطِ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: <پەرۋەردىگارىم مېنى ئادىل بولۇشقا بۇيرۇدى>»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَقْسِطُوا إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ﴾ «(ھەممە ئىشتا) ئادىل بولۇڭلار، الله ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ»③.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَحْسَبَنَّ اللَّهَ غَافِلًا عَمَّا يَعْمَلُ الظَّالِمُونَ إِنَّمَا يُؤَخِّرُهُمْ لِيَوْمٍ تَشْخَصُ فِيهِ الْأَبْصَارُ ۞ مُهْطِعِينَ مُقْنِعِي رُءُوسِهِمْ لَا يَرْتَدُّ إِلَيْهِمْ طَرْفُهُمْ وَأَفْئِدَتُهُمْ هَوَاءٌ ۞ وَأَنْذِرِ النَّاسَ يَوْمَ يَأْتِيهِمُ الْعَذَابُ فَيَقُولُ الَّذِينَ ظَلَمُوا رَبَّنَا أَخِّرْنَا إِلَى أَجَلٍ قَرِيبٍ نُجِبْ دَعْوَتَكَ وَنَتَّبِعِ الرُّسُلَ أَوَلَمْ تَكُونُوا أَقْسَمْتُمْ مِنْ قَبْلُ مَا لَكُمْ مِنْ زَوَالٍ ۞ وَسَكَنْتُمْ فِي مَسَاكِنِ الَّذِينَ ظَلَمُوا أَنْفُسَهُمْ وَتَبَيَّنَ لَكُمْ كَيْفَ فَعَلْنَا بِهِمْ وَضَرَبْنَا لَكُمُ الْأَمْثَالَ ۞﴾ «زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن الله نى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن، الله ئۇلارنى جازالاشنى (شۇ كۈنىنىڭ دەھشىتىدىن) كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) كېچىكتۈرىدۇ [42]. (بۇ كۈندە) ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئالغا قاراپ چاپىدۇ، كۆزلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ، (تېڭىرقىغانلىقتىن) دىللىرى (ئەقىل ـ ئىدراكتىن) خالىي بولۇپ قالىدۇ [43]. (ئى مۇھەممەد!) كىشىلەرنى (يەنى كۇففارلارنى) ئازاب كېلىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن ئاگاھلاندۇرغىن، (بۇ كۈندە) زالىملار: <پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە قىسقىغىنا ۋاقىت مۆھلەت بەرگىن (يەنى دۇنياغا قايتۇرغىن)، دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلايلى، پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشەيلى> دەيدۇ. (ئۇلارغا:) <سىلەر ئىلگىرى بىز ھەرگىز يوقالمايمىز دەپ قەسەم ئىچمىگەنمىدىڭلار؟!> (دېيىلىدۇ) [44]. ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارنى (ھالاك

---

① سۈرە نەھل 90 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە ئەئراف 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ سۈرە ھۇجۇرات 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلغىنىمىزدىن كېيىن) سىلەر ئۇلارنىڭ جايلىرىدا تۇردۇڭلار (ئۇلارنىڭ جايلىرىدىن ئىبرەت ئالساڭلارچۇ)، ئۇلارنى قانداق جازالىغانلىقىمىز سىلەرگە ئېنىق مەلۇم بولدى. سىلەرگە نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈردۇق (يەنى پەيغەمبەرلەرگە چىنپۇتمىگەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدۇق) [45]»[1].

**369. عن ابن عمر رضي الله عنهما قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «كلكم راع، وكلكم مسؤول عن رعيته: الإمام راع ومسؤول عن رعيته، والرجل راع في أهله ومسؤول عن رعيته، والمرأة راعية في بيت زوجها ومسؤولة عن رعيتها، والخادم راع في مال سيده ومسؤول عن رعيته، وكلكم راع ومسؤول عن رعيته».**

369. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار ئۆز پاداڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر. خەلىپە پادىچى، ئۇ ئۆز پادىسىدىن (يەنى قول ئاستىدىكى پۇقرالىرىدىن) سورىلىدۇ. ئەر ئائىلىسىدە پادىچى، ئۇمۇ ئۆز پادىسىدىن (يەنى ئۆيدىكىلىرىدىن) سورىلىدۇ. ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىدە پادىچى، ئۇمۇ ئۆز پادىسىدىن (ئېرىنىڭ ئۆيدىكىلىرىدىن) سورىلىدۇ. خىزمەتچى خوجايىنىنىڭ مېلىدا پادىچى، ئۇمۇ ئۆز پادىسىدىن (خوجايىنىنىڭ ماللىرىدىن) سورىلىدۇ. دېمەك، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى ۋە ئۆز پاداڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر».[2]

**370. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «ما من أمير عشرة إلا يؤتى به يوم القيامة مغلولا، حتى يفكه العدل، أو يوبقه الجور».**

370. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئون كىشىگە ئەمىر بولغان ئادەملا بولىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ قولى بويىنىغا باغلانغان ھالەتتە ئېلىپ كېلىنىدۇ، ئۇنىڭ قىلغان ئادىللىقى ئۇنى يېشىۋېتىدۇ ياكى قىلغان زۇلۇمى ئۇنى ھالاك قىلىدۇ».[3]

**371. وعن ابن عباس رضي الله عنه يرفعه قال: قال رسول الله ﷺ: «ما من رجل ولي عشرة إلا أتي به يوم القيامة مغلولة يده إلى عنقه حتى يقضى بينه وبينهم».**

---

[1] سۈرە ئىبراھىم 42- ئايەتتىن 45- ئايەتكىچە.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئەھمەد، بەززار، تەبرانى ۋە بەيھەقى توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «ئىسنادى كۈچلۈك» دېگەن، ھەيسەمى ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

371. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئون كىشىگە مەسئۇل بولغان ئادەملا بولىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ قولى بويىنىغا باغلانغان ھالەتتە ئېلىپ كېلىنىدۇ، تاكى ئۇنىڭ بىلەن قول ئاستىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلغانغا قەدەر شۇ ھالەتتە تۇرىدۇ». ①

**372. عن عبد الله بن عمرو بن العاص رضي الله عنهما قال: قال رسول الله ﷺ: «إن المقسطين عند الله على منابر من نور، عن يمين الرحمن عز وجل، وكلتا يديه يمين، الذين يعدلون في حكمهم وأهليهم وما ولوا».**

372. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئادىللىق قىلغۇچىلار الله نىڭ دەرگاھىدا، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى نۇردىن بولغان مۇنبەرلەر ئۈستىدە بولىدۇ. رەھمان تائالانىڭ ئىككىلا قولى ئوڭدۇر. ئۇلار ئىنسانلارغا قىلغان ھۆكۈملىرىدە ھەمدە ئائىلىسىدىكى ۋە باشقۇرۇش ئىلكىدىكى ئىشلاردا ئادىللىق قىلغۇچىلاردۇر». ②

**373. عن أبي هريرة رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «سبعة يظلهم الله يوم القيامة في ظله، يوم لا ظل إلا ظله: إمام عادل...».**

373. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە يوق كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە)، الله يەتتە تۈرلۈك كىشىنى ئۆزىنىڭ سايىسىدا سايىدىتىدۇ، ئۇلار: ئادىل ئىمام (يەنى ئادىل يېتەكچى)...». ③

**374. عن عياض بن حمار رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال ذات يوم في خطبته: «وأهل الجنة ثلاثة ذو سلطان مقسط متصدق موفق، ورجل رحيم رقيق القلب لكل ذي قربى ومسلم، وعفيف متعفف ذو عيال».**

374. ئىياز ئىبنى ھىمار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر كۈنى خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەن: «جەننەت ئەھلى ئۈچ

① تەبرانى توپلىغان، ھەيسەمى «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② مۇسلىم توپلىغان.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

تۇرلۇك بولۇپ، ئۇلار: 1. الله تەرىپىدىن ئادىللىق ئاتا قىلىنغان سېخىي پادىشاھ؛ 2. بارلىق قېرىنداشلىرى ۋە مۇسۇلمانلارغا رەھىمدىل ۋە مۇلايىم بولغان كىشى؛ 3. بالا ـ چاقىلىرى كۆپ ۋە مۇھتاج تۇرۇپمۇ ئىپپەتلىك بولغان (يەنى باشقىلاردىن نەرسە تىلىمەيدىغان) ۋە ئىپپەتلىك بولۇشنى الله تىن تىلەپ تۇرىدىغان كىشى». [1]

**375. عن أبي سعيد رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «إن أحب الناس إلى الله يوم القيامة وأدناهم منه مجلسا إمام عادل، وأبغض الناس إلى الله وأبعدهم منه مجلسا إمام جائر».**

375. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى الله ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە الله قا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان كىشى ــ ئادىل ئىمامدۇر (يەنى ئادىل يېتەكچىدۇر). الله ئەڭ يامان كۆرىدىغان ۋە الله تىن ئەڭ يىراق تۇرىدىغان كىشى بولسا زالىم ئىمامدۇر». [2]

**376. عن عبادة بن الصامت قال: قال رسول الله ﷺ: «أقيموا حدود الله في القريب والبعيد، ولا تأخذكم في الله لومة لائم».**

376. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ ھەد ـ جازالىرىنى يىراق ـ يېقىن ھەممە كىشىگە ئورتاق يۈرگۈزۈڭلار، سىلەر الله يولىدا مالامەتچىنىڭ مالامىتىدىن قورقۇپ قالماڭلار». [3]

**377. عن سليمان بن بريدة عن أبيه رضي الله عنه قال: كان رسول الله ﷺ إذا أمر أميرا على جيش أو سرية أوصاه في خاصته بتقوى الله ومن معه من المسلمين خيرا.**

377. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىرەر قوشۇنغا ياكى بىرەر جامائەتكە ئەمىر بېكىتسە، ئۇ كىشىگە الله تائالاغا تەقۋادار بولۇشقا ۋە قوماندانلىقى ئاستىدىكى مۇسۇلمانلارغا ياخشى

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، تىرمىزى ۋە سۇيۇتى «ھەسەن» دېگەن.

[3] ھاكىم، ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان؛ زەھەبى «سەھىھ» دېگەن، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

مۇئامىلە قىلىشقا تەۋسىيە قىلاتتى.①

**378. عن معاوية رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «يا معاوية، إن وليت أمرا فاتق الله عز وجل واعدل»، قال: فمازلت أظن أني مبتلى بعمل لقول النبي ﷺ حتى ابتليت.**

378. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا: «ئى مۇئاۋىيە! ئەگەر سەن بىرەر ئىشقا مەسئۇل قىلىنساڭ، الله تائالادىن قورققىن ۋە ئادالەت بىلەن ئىش قىلغىن» دېگەنىدى. مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ شۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىرەر ئەمەلدارلىققا مۇپتىلا بولىدىغان ئوخشايمەن دەپ ئويلايتتىم، ئاخىرى بۇ ئىشقا مۇپتىلا بولدۇم.②

**379. عن معاوية رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «لا تقدس أمة لا يقضى فيها بالحق ويأخذ الضعيف حقه من القوي غير متعتع».**

379. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىنمايدىغان، ئاجىزلىرى كۈچلۈكلىرىدىن ھەققىنى ھېچبىر زىيان-زەخمەتكە يولۇقماستىن ئالالمايدىغان مىللەتنى الله ھېچقاچان ئىززەت-ئابرۇيغا ئىگە قىلمايدۇ».③

**380. عن أبي هريرة رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «إنما الإمام جنة، يقاتل من ورائه، ويتقى به فإن أمر بتقوى الله عز وجل وعدل، كان له بذلك أجر، وإن يأمر بغيره كان عليه منه».**

380. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەمىر بىر قالقاندۇر، ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن قوغدىنىلىدۇ. ئەگەر ئۇ الله ئەززە ۋە جەللەگە تەقۋادارلىق قىلىشقا بۇيرۇسا ۋە ئادالەت بىلەن ئىش قىلسا، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئەجىرگە ئېرىشىدۇ؛ ئەگەر ئۇنىڭدىن باشقا ئىشقا بۇيرۇسا، گۇناھى ئۆزىگە بولىدۇ».④

**381. عن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: كان رسول الله ﷺ أحسن الناس، وكان أجود الناس، وكان أشجع الناس. ولقد فزع أهل المدينة ذات ليلة، فانطلق ناس قبل الصوت،**

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا توپلىغان، ھەيسەمى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

③ تەبرانى ۋە بەيھەقى توپلىغان، ھەيسەمى ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

④ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**فتلقاهم رسول الله ﷺ راجعا، وقد سبقهم إلى الصوت، وهو على فرس لأبي طلحة عري، في عنقه السيف وهو يقول: «لم تراعوا، لم تراعوا» قال: «وجدناه بحرا، أو إنه لبحر» قال: وكان فرسا يبطأ.**

381. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ كېلىشكەن، ئەڭ سېخىي ۋە ئەڭ شىجائەتلىك كىشى ئىدى. بىر كۈنى كېچىسى مەدىنە خەلقى قورقۇنچلۇق بىر ئاۋازدىن ساراسىمگە چۈشۈپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ئاتلانغانىدى، يولدا رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ھالبۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلاردىن بۇرۇن ئاۋاز چىققان تەرەپكە بېرىپ بولغان بولۇپ، ئەبۇ تەلھەنىڭ ئېتىغا ئېگەر- توقۇمسىزلا مىنگەن ۋە قىلىچىنى ئاسقان ھالەتتە: ‹ئەنسىرىمەڭلار، ئەنسىرىمەڭلار! بۇ بەكلا ئۇچقۇر ئات ئىكەن› دەپ كېلىۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئات ئىنتايىن قاشاڭ ئىدى»[①].

**382. عن علي رضي الله عنه قال: كنا إذا حمي البأس و لقي القوم القوم اتقينا برسول الله ﷺ فلا يكون أحد منا أدنى إلى القوم منه.**

382. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئۆزئارا ئۇچرىشىپ جەڭ كۈچىيىپ كەتكەندە بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ ئارقىلىق قوغدىناتتۇق. ئارىمىزدىن دۈشمەنگە ئەڭ يېقىن تۇرۇپ جەڭ قىلىدىغان كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ بولۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭدەك جەڭ قىلالمايتتى»[②].

**383. عن علي رضي الله عنه قال: لقد رأيتنا يوم بدر ونحن نلوذ برسول الله ﷺ، وهو أقربنا إلى العدو، وكان من أشد الناس يومئذ بأسا.**

383. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەدر غازىتى كۈنى ئۆزىمىزنىڭ پەيغەمبەر ﷺ ئارقىلىق قوغدىنىۋاتقانلىقىمىزنى كۆردۇم. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كۈنى دۈشمەنگە ئەڭ يېقىن جايدا تۇرۇپ ناھايىتى قەھرىمانلىق كۆرسەتتى»[③].

**384. قال رجل للبراء بن عازب رضي الله عنهما: يا أبا عمارة أفررتم عن رسول الله ﷺ**

---

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[②] ئەھمەد، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان، زەھەبى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[③] ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

**يوم حنين؟ فقال: لكن رسول الله ﷺ لم يفر، إن هوزان كانوا قوما رماة، فلما لقيناهم وحملنا عليهم انهزموا، فأقبل الناس على الغنائم، فاستقبلونا بالسهام، فانهزم الناس، فلقد رأيت رسول الله ﷺ وأبو سفيان بن الحارث أخذ بلجام بغلته البيضاء، وهو يقول: «أنا النبي لا كذب، أنا ابن عبد المطلب».**

384. بىر كىشى بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «ئى ئەبۇ ئەمارە (بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۇنىيىتى)! ھۇنەيىن غازىتىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تاشلاپ قاچقانمىدىڭلار؟» دەپ سورىغانىدى، بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ قاچمىغان. ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى ئىنتايىن مەرگەن ئىدى. بىز ئۇلار بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتۇق، ئۇلار ئارقىلىرىغا قاراپ قاچتى. ئاندىن كىشىلەر غەنىيمەت يىغىشقا بىرىلىپ كەتكەنىدى، دۈشمەنلەر بىز بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىزنى ئوققا تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن، بىز كەينىمىزگە قاراپ قاچتۇق ئەمما مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سابىت تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ئۇنىڭ ئاق قېچىرىنىڭ يۈگىنىدىن تۇتۇۋالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

مەن الله نىڭ رەسۇلى،

پەقەت راستنى سۆزلەيمەن.

ھەمدە پاكتۇر نەسەبىم،

ئابدۇلمۇتتەلىب پۇشتىمەن.

دېدى».[1]

**385. قال عباس رضي الله عنه: شهدت مع رسول الله ﷺ يوم حنين، فلزمت أنا وأبو سفيان بن الحارث بن عبد المطلب رسول الله ﷺ فلم نفارقه، ورسول الله ﷺ على بغلة له بيضاء أهداها له فروة بن نفاثة الجذامي، فلما التقى المسلمون والكفار ولى المسلمون مدبرين، فطفق رسول الله ﷺ يركض بغلته قبل الكفار، قال عباس: وأنا آخذ بلجام بغلة رسول الله ﷺ أكفها إرادة أن لا تسرع، وأبو سفيان آخذ بركاب رسول الله ﷺ، فقال رسول الله ﷺ: «أي عباس، ناد أصحاب السمرة».**

385. ئاббاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىللە ھۇنەيىن ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىدىم. ئەبۇ سۇفيان ئىككىمىز رەسۇلۇللاھ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ﷺ دىن قەتئىي ئايرىلمىدۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ فەرۋە ئىبنى نەفاسە ھەدىيە قىلغان ئاق قېچىرنىڭ ئۈستىدە ئىدى. مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئۆزئارا تۇتۇشقاندا مۇسۇلمانلار ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قېچىشقا باشلىدى لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ قېچىرنى كاپىرلار تەرەپكە دېۋىتتى. مەن ئۇ قېچىرنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئېلىپ قېچىشىدىن ئەنسىرەپ يۈگىنىنى تۇتىۋالدىم، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس بولسا ئۈزەڭگىسىنى تۇتىۋالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا: ‹ئى ئاببا‌س! سەمۇرە دەرىخىنىڭ ئاستىدا بەيئەت قىلغانلارنى (يەنى رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلارنى) چاقىرغىن› دېدى». ①

**386. عن الحسن قال: عاد عبيد الله بن زياد معقل بن يسار المزني في مرضه الذي مات فيه، قال معقل: إني محدثك حديثا سمعته من رسول الله ﷺ، لو علمت أن لي حياة ما حدثتك، إني سمعت رسول الله ﷺ يقول: «ما من عبد يسترعيه الله رعية، يموت يوم يموت وهو غاش لرعيته، إلا حرم الله عليه الجنة».**

386. ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: مەئقىل ئىبنى يەسار مۇزنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، شۇ كېسەللى بىلەن ۋاپات تاپتى. ئۇ سەكراتتىكى ۋاقتىدا ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى زىياد ئۇنى يوقلاپ كىرگەن ئىدى، مەئقىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «مەن ساڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىغان بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بېرەي، ئەگەر مەن بۇندىن كېيىن ھايات قالىدىغانلىقىمنى بىلسەم ئىدىم، ئۇنى ساڭا سۆزلەپ بەرمەيتتىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: ‹بىرەر قەۋمگە مەسئۇل بولۇشنى الله نېسىپ قىلغان كىشى ئەگەر قول ئاستىدىكىلەرنى ئالدىغان ھالدا ۋاپات بولسا، الله ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ (يەنى ئۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ)›». ②

**387. قال عمرو بن مرة لمعاوية: إني سمعت رسول الله ﷺ يقول: «ما من إمام يغلق بابه دون ذوي الحاجة، والخلة، والمسكنة إلا أغلق الله أبواب السماء دون خلته، وحاجته، ومسكنته». فجعل معاوية رجلا على حوائج الناس.**

387. ئەمىر ئىبنى مۇررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② مۇسلىم توپلىغان.

«مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: <ھاجەتمەن، يوقسۇل ۋە بىچارىلەرگە دەرۋازىسىنى تاقىۋالغان ئەمىرگە الله مۇ ئاسمانىنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئۇ ناھايىتى يوقسۇل، ھاجەتمەن ۋە بىچارە چاغدا تاقىۋالىدۇ> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم» دېگەنىدى، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرنىڭ ھاجىتىگە قۇلاق سالىدىغان مەخسۇس ئادەم بەلگىلىدى.①

**388. عن أبا مريم الأزدي رضي الله عنه قال: دخلت على معاوية فقال: ما أنعمنا بك أبا فلان - وهي كلمة تقولها العرب - فقلت: حديثا سمعته أخبرك به، سمعت رسول الله ﷺ يقول: «من ولاه الله عز وجل شيئا من أمر المسلمين فاحتجب دون حاجتهم، وخلتهم وفقرهم، احتجب الله عنه دون حاجته وخلته، وفقره» قال: فجعل رجلا على حوائج الناس.**

388. ئەبۇ مەريەم ئەزدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىرسەم، ئۇ: «ئى ئەبۇ پالانى! سېنى بۇ يەرگە قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى» دېگەنىدى، مەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن بىر ھەدىس ئاڭلىغانىدىم، ئۇنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي، ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: <الله ئەززە ۋە جەللە بىر كىشىنى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەر ئىشىغا مەسئۇل قىلسا، ئاندىن ئۇ ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرى، بىچارىلىكى ۋە پېقىرلىقىدىن ئىبارەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بەرمىسە، الله مۇ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ھاجىتى، بىچارىلىكى ۋە پېقىرلىقىغا قۇلاق سالمايدۇ>» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرنىڭ ھاجىتىگە قۇلاق سالىدىغان مەخسۇس ئادەم بەلگىلىدى.②

**389. عن أنس رضي الله عنه أنه قال: «أقيمت صلاة العشاء فقال رجل: لي حاجة فقام النبي ﷺ يناجيه حتى نام القوم - أو بعض القوم - ثم صلوا».**

389. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «خۇپتەن نامىزىغا تەكبىر ئوقۇلۇپ بولغاندا بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ گە: <مېنىڭ بىر ھاجىتىم بار ئىدى> دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشى بىلەن گېپىنى تۈگىتىپ بولغۇچە جامائەت (ياكى بەزىلەر) ئۇخلاپ قالدى (يەنى ئۇلار شۇ قەدەر ئۇزۇن پاراڭلاشتى)، ئاندىن

---

① تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

② تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

نامـاز ئوقـۇدى». [1]

**(2) ئەمـر شەرئـي ھۆكـۈمـنى ئېنـق بـلەلمـگەن ياكى شەرئـەتتە ئوچۇق بەلگـلـمە كەلمـگەن ئـشلاردا سەمـمـي ئەھلى ئـلـم ۋە تەجربـلـك كـشـلەرگە مەسلـھەت سېلـشى ھەققـدە**[2]

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَشَاوِرْهُمْ فِي الْأَمْرِ﴾ «ئـشـتا ئۇلار بـلـەن كېڭەشكـن». [3]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَمْرُهُمْ شُورَىٰ بَيْنَهُمْ﴾ «ئـشلـرنى مەسلـھەت بـلـەن قارار قـلـدىغانلارغا». [4]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاسْأَلُوا أَهْلَ الذِّكْرِ إِنْ كُنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾ «ئەگـەر بـلـمـسەڭلار، ئەھلى ئـلـمدىن سوراڭلار». [5]

**390. عن عائشة رضي الله عنها، حين قال لها أهل الإفك ما قالوا، قالت: ودعا رسول الله ﷺ علي بن أبي طالب، وأسامة بن زيد رضي الله عنهم، حين استلبث الوحي، يسألهما وهو يستشيرهما في فراق أهله، فأما أسامة: فأشار بالذي يعلم من براءة أهله، وأما علي فقال: لم يضيق الله عليك، والنساء سواها كثير، وسل الجارية تصدقك. فقال: «هل رأيت من شيء يريبك؟»، قالت: ما رأيت أمرا أكثر من أنها جارية حديثة السن، تنام عن عجين أهلها، فتأتي الداجن فتأكله، فقام على المنبر فقال: «يا معشر المسلمين، من يعذرني من رجل بلغني أذاه في أهلي، والله ما علمت على أهلي إلا خيرا» فذكر براءة عائشة.**

390. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مۇناپىقلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بۆھتان چاپلاپ بەزى سۆزلەرنى قىلغان ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە (ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پاك ئىكەنلىكى ھەققىدە) ۋەھيى كېچىككەنلىكتىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ مەندىن ئايرىلىپ كېتىش-كەتمەسلىك

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كېيىنكى خەلىپىلەر مۇباھ ئىشلارنىڭ ئاسانراقىنى تۇتۇش مەقسىتىدە ئىشەنچلىك ئەھلى ئىلىملەرگە مەسلىھەت سالاتتى. قاچانكى ئۇ ئىش قۇرئان ياكى ھەدىستە ئوچۇق بايان قىلىنغان بولسا، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگىشىش نۇقتىسىدىن بۇنىڭ سىرتىغا چىقمايتتى» («سەھىھ بۇخارى» ھەدىسلەر توپلىمى 28- باب).

[3] سۈرە ئال ئىمران 159- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] سۈرە شۇرا 38- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[5] سۈرە ئەنبىيا 7- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ بىلەن ئۇسامە ئىبنى زەيدلەرنى چاقىرتىپتۇ. ئۇسامە ئىبنى زەيد رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاياللىرىنى پەقەت پاك دەپ بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەمما ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ: «الله سېنى خوتۇندىن قىسىپ قويغىنى يوق، ئائىشەدىن باشقا ئاياللارمۇ ناھايىتى كۆپ، ئەگەر سەن (بۇ ئىشنى) چۆرىدىن سورىساڭ، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئېيتىپ بېرىدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ (بەرىرە ئىسىملىك چۆرىنى چاقىرتىپ): «سىز (ئائىشەدىن) بىرەر گۇمانلىق ئىش سەزدىڭىزمۇ؟» دېگەنىدى، بەرىرە: «مەن ئائىشەدىن ھېچبىر گۇمانلىق ئىش كۆرمىدىم، ئۇ خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ ئۇخلاپ قالىدىغان، قاشاڭ قويلار كېلىپ خېمىرنى يەۋالسىمۇ تۇيمايدىغان كىچىك قىز» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنبەرگە چىقىپ: «ئى مۇسۇلمانلار! مېنىڭ ئايالىم توغرىسىدا مېنى رەنجىتكەن ئادەمدىن ئىنتىقام ئالسام كىم مېنى ئۆزرىلىك ھېسابلايدۇ؟ الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئايالىمدىن پەقەت ياخشىلىقتىن باشقىنى كۆرمىدىم» دېدى ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پاك ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالدى.[1]

**391. عن أنس رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ شاور حين بلغه إقبال أبي سفيان، قال: فتكلم أبو بكر، فأعرض عنه، ثم تكلم عمر، فأعرض عنه، فقام سعد بن عبادة، فقال: إيانا تريد يا رسول الله؟ والذي نفسي بيده، لو أمرتنا أن نخيضها البحر لأخضناها، ولو أمرتنا أن نضرب أكبادها إلى برك الغماد لفعلنا، قال: فندب رسول الله ﷺ الناس، فانطلقوا حتى نزلوا بدرا.**

391. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇ سۇفيانىنىڭ (شامدىن) كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ساھابىلىرىدىن مەسلىھەت سورىدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆز قىلغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ سۆزىگە ئانچە قۇلاق سالمىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ سۆز قىلغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ سۆزىگىمۇ ئانچە قۇلاق سالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، سەئىد ئىبنى ئۇبادە ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! قارىغاندا، بىز (ئەنسارىلار)نىڭ مەسلىھەت بېرىشىمىزنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلىسەن. جېنىم قولىدا بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ناۋادا ئاتلىرىمىزنى دېڭىزغا

[1] بۇخارى توپلىغان.

چاپتۇرۇشقا بۇيرۇساڭ، قىلچە ئىككىلەنمىگەن ھالدا چاپتۇرىمىز. ناۋادا تۈگىلىرىمىزنىڭ بىقىنىغا دېۋىتكەن پىتى بەركىلغىمادقىچە بېرىشقا بۇيرۇساڭ، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنى غازاتقا چىقىشقا چاقىردى. ئۇلار ئاتلىنىپ بەدرگە بېرىپ چۈشتى.①

392. قال ابن عباس رضي الله عنه: فلما أسروا الأسارى، قال رسول الله ﷺ لأبي بكر، وعمر: «ما ترون في هؤلاء الأسارى؟» فقال أبو بكر: يا نبي الله، هم بنو العم والعشيرة، أرى أن تأخذ منهم فدية فتكون لنا قوة على الكفار، فعسى الله أن يهديهم للإسلام، فقال رسول الله ﷺ: «ما ترى يا ابن الخطاب؟» قلت: لا والله يا رسول الله، ما أرى الذي رأى أبو بكر، ولكني أرى أن تمكنا فنضرب أعناقهم، فتمكن عليا من عقيل فيضرب عنقه، وتمكني من فلان نسيبا لعمر، فأضرب عنقه، فإن هؤلاء أئمة الكفر وصناديدها، فهوي رسول الله ﷺ ما قال أبو بكر، ولم يهو ما قلت، فلما كان من الغد جئت، فإذا رسول الله ﷺ وأبو بكر قاعدين يبكيان، قلت: يا رسول الله، أخبرني من أي شيء تبكي أنت وصاحبك؟ فإن وجدت بكاء بكيت، وإن لم أجد بكاء تباكيت لبكائكما، فقال رسول الله ﷺ: «أبكي للذي عرض علي أصحابك من أخذهم الفداء، لقد عرض علي عذابهم أدنى من هذه الشجرة - شجرة قريبة من نبي الله ﷺ - وأنزل الله عز وجل: ﴿مَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَنْ يَكُونَ لَهُ أَسْرَى حَتَّى يُثْخِنَ فِي الْأَرْضِ﴾ [الأنفال: 67] إلى قوله ﴿فَكُلُوا مِمَّا غَنِمْتُمْ حَلَالًا طَيِّبًا﴾ [الأنفال: 69] فأحل الله الغنيمة لهم.

392. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: (ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن:) «مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارنى ئەسىر ئالغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇبەكرى ئىككىمىزدىن:

— ئەسىرلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلساق بولار؟ — دەپ مەسلىھەت سورىدى. ئەبۇبەكرى:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار بىزنىڭ بىر نەۋرە تۇغقانلىرىمىز ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقان جەمەتلىرىمىز. مېنىڭچە ئۇلاردىن تۆلەم ئېلىپ قويۇپ بېرەيلى. تۆلەم بىلەن كاپىرلارغا قارشى كۈچلىنىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن الله ئۇلارنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ:

① مۇسلىم توپلىغان.

ـــ ئى ئىبنى خەتتاب! سەن قانداق قارايسەن؟ ـــ دەپ سورىغانىدى، مەن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئەبۇبەكرنىڭ پىكرىگە قوشۇلمايمەن. مېنىڭچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇساڭ، بىز ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالساق دەيمەن. ئەلىنى ئەقىيلنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇغىن، مېنى پالانىنىڭ (ئۆمەرنىڭ بىر تۇغقىنى) كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇغىن، مەن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالاي چۈنكى ئۇلار كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرى، چوڭلىرى، ـــ دەپ مەسلىھەت بەردىم. پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇبەكرىنىڭ مەسلىھەتىنى ياقتۇرۇپ، مېنىڭكىگە قوشۇلمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە بېرىپ قارىسام پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئەبۇبەكرى ئىككىسى يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ، مەن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە سەۋەبتىن يىغلاۋاتىسىلەر؟ سەۋەبىنى ماڭا ئېيتىپ بىرىڭلار. ئەگەر سەۋەبىنى بىلسەم يىغلاي، يىغا كەلمىسىمۇ سىلەر بىلەن تەڭ يىغلاشقا ئۇرۇناي، ـــ دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ ھەمراھلىرىڭنىڭ ماڭا تۆلەم ئېلىش توغرىسىدا بەرگەن مەسلىھەتى ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن. ماڭا مەسلىھەت بەرگەنلەرنىڭ ئازابى مۇشۇ دەرەختىنمۇ يېقىن قىلىپ كۆرسىتىلدى، ـــ دېدى ۋە يېقىن يەردىكى بىر تۈپ دەرەخنى كۆرسەتتى. الله تائالا: <پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۇئمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئىتىنى كۆزلەيسىلەر، الله سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) ئىرادە قىلىدۇ. الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [67]. الله نىڭ (ئولجۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلىسى بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار [68]. (ئى جىھاد قىلغۇچىلار جامائەسى!) غەنىيمەت ئالغان نەرسەڭلارنى ھالال ۋە پاك بىلىپ يەڭلار، الله (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش) تىن قورقۇڭلار. الله ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر،

(بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر [69]>[1] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلىپ، بىزگە غەنىيمەتنى ھالال قىلىپ بەردى».[2]

393. عن عبد الله بن عباس رضي الله عنه: أن عمر بن الخطاب رضي الله عنه خرج إلى الشأم حتى إذا كان بسرغ لقيه أمراء الأجناد، أبوعبيدة بن الجراح وأصحابه، فأخبروه أن الوباء قد وقع بأرض الشأم. قال ابن عباس: فقال عمر: ادع لي المهاجرين الأولين، فدعاهم فاستشارهم، وأخبرهم أن الوباء قد وقع بالشأم، فاختلفوا، فقال بعضهم: قد خرجت لأمر، ولا نرى أن ترجع عنه، وقال بعضهم: معك بقية الناس وأصحاب رسول الله ﷺ، ولا نرى أن تقدمهم على هذا الوباء، فقال: ارتفعوا عني، ثم قال: ادعوا لي الأنصار، فدعوتهم فاستشارهم، فسلكوا سبيل المهاجرين، واختلفوا كاختلافهم، فقال: ارتفعوا عني، ثم قال: ادع لي من كان ها هنا من مشيخة قريش من مهاجرة الفتح، فدعوتهم، فلم يختلف منهم عليه رجلان، فقالوا: نرى أن ترجع بالناس ولا تقدمهم على هذا الوباء، فنادى عمر في الناس: إني مصبح على ظهر فأصبحوا عليه. قال أبو عبيدة بن الجراح: أفرارا من قدر الله؟ فقال عمر: لو غيرك قالها يا أبا عبيدة؟ نعم نفر من قدر الله إلى قدر الله، أرأيت لو كان لك إبل هبطت واديا له عدوتان، إحداهما خصبة، والأخرى جدبة، أليس إن رعيت الخصبة رعيتها بقدر الله، وإن رعيت الجدبة رعيتها بقدر الله؟ قال: فجاء عبد الرحمن بن عوف - وكان متغيبا في بعض حاجته - فقال: إن عندي في هذا علما، سمعت رسول الله ﷺ يقول: «إذا سمعتم به بأرض فلا تقدموا عليه، وإذا وقع بأرض وأنتم بها فلا تخرجوا فرارا منه» قال: فحمد الله عمر ثم انصرف.

393. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامغا قاراپ يولغا چىقىپ سەرغ دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئالدىغا ئەسكىري قوماندانلاردىن ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى چىقىپ، شامدا ۋابا كېسىلى تارقالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر مېنى ئاۋۋال ھىجرەت قىلغانلارنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى، مەن ئۇلارنى چاقىردىم. ئۆمەر ئۇلارغا شامدا ۋابا كېسىلى تارقالغانلىقىنى ئېيتىپ (ئۇ يەرگە كىرىش-كىرمەسلىك توغرۇلۇق) ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىغانىدى، ئۇلار ھەرخىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزىلىرى:

[1] سۈرە ئەنفال 67- ئايەتتىن 69- ئايەتكىچە.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

— سەن چوڭ بىر ئىش ئۈچۈن چىقتىڭ، بىز سېنىڭ قايتىپ كېتىشىڭنى توغرا كۆرمەيمىز، — دېدى. يەنە بەزىلىرى:

— سەن بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرى بار، بىز سېنىڭ ۋابا كېسىلى بار جايغا ئۇلارنى ئېلىپ كىرىشىڭنى راۋا كۆرمەيمىز، — دېيىشتى. ئۆمەر ئۇلارغا:

— قايتىپ تۇرۇڭلار، — دەپ، مېنى ئەنسارىلارنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. مەن ئۇلارنى چاقىرىپ كەلدىم، ئۆمەر ئۇلارغىمۇ مەسلىھەت سالدى. ئۇلارمۇ مۇھاجىرلارغا ئوخشاش ھەرخىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆمەر ئۇلارغىمۇ:

— قايتىپ تۇرۇڭلار! — دېدى. ئاندىن ماڭا:

— مەككە فەتھە بولغان يىلى ھىجرەت قىلغان مۇشۇ يەردىكى قۇرەيش پېشقەدەملىرىنى چاقىرىپ كەل! — دېدى. ئۇلارنى چاقىردىم. ئۇلاردىن ھېچكىم ئىختىلاپ قىلىشماي ھەممىسى بىردەك:

— بىز سېنىڭ بۇ ۋابا كېسىلى بار يەرگە بارماي كىشىلەرنى ئارقىغا ياندۇرۇپ قايتىپ كېتىشىڭنى ياخشى دەپ قارايمىز، — دېيىشتى. ئۆمەر كىشىلەرگە نىدا قىلىپ:

— مەن تاڭ ئېتىشى بىلەن (مەدىنىگە) قايتىماقچى، سىلەرمۇ سەپەرگە تەييارلىنىڭلار! — دېدى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ:

— الله نىڭ تەقدىرىدىن قېچىپ قايتىماقچىمۇسەن؟ — دېگەنىدى، ئۆمەر:

— ئى ئەبۇ ئۇبەيدە، بۇ گەپنى سەندىن باشقىسى دېگەن بولسىچۇ! ھەئە، الله نىڭ تەقدىرىدىن الله نىڭ يەنە بىر تەقدىرىگە قاچماقچىمىز. قېنى سەن دەپ باقە! ئەگەر سېنىڭ بىر تۆگەڭ بولۇپ بىر ۋادىغا چۈشسەڭ، ۋادىنىڭ بىر تەرىپى ئوت-چۆپلۈك، يەنە بىر تەرىپى قاقاسلىق بولسا، تۆگەڭنى ئوت-چۆپلۈك يېرىدە باقساڭمۇ الله تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن باققان ۋە ئوت-چۆپلىرى يوق قاقاسلىق يېرىدە باقساڭمۇ الله تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن باققان بولمامسەن؟! — دېدى.

بۇ ۋاقىتتا ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ئۆزىنىڭ بەزى ئىشلىرى بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ يەردە يوق ئىدى. كېيىن ئۇ كېلىپ:

ــــ بۇ ھەقتە مېنىڭ ئىلمىم بار، مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «ئەگەر بىر يەردە ۋابا كېسىلى بار دەپ ئاڭلىساڭلار، ئۇ يەرگە كىرمەڭلار! ئەگەر ۋابا كېسىلى سىلەر تۇرۇۋاتقان يەردە بولسا، ئۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ كەتمەڭلار!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ــــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر الله تائالاغا ھەمدە ئېيتتى ۋە قايتىپ كەتتى.[1]

394. عن ميمون بن مهران قال: كان أبو بكر رضي الله عنه إذا ورد عليه خصم نظر في كتاب الله فإن وجد فيه ما يقضي به قضى به بينهم، فإن لم يجد في الكتاب، نظر: هل كانت من النبي ﷺ فيه سنة، فإن علمها قضى بها، وإن لم يعلم خرج فسأل المسلمين فقال: أتاني كذا وكذا، فنظرت في كتاب الله، وفي سنة رسول الله ﷺ، فلم أجد في ذلك شيئا، فهل تعلمون أن نبي الله ﷺ قضى في ذلك بقضاء؟ فربما قام إليه الرهط فقالوا: نعم، قضى فيه بكذا وكذا، فيأخذ بقضاء رسول الله ﷺ. قال جعفر وحدثني غير ميمون أن أبا بكر رضي الله عنه كان يقول عند ذلك: الحمد لله الذي جعل فينا من يحفظ عن نبينا ﷺ، وإن أعياه ذلك دعا رءوس المسلمين وعلماءهم، فاستشارهم، فإذا اجتمع رأيهم على الأمر قضى به، قال جعفر: وحدثني ميمون أن عمر بن الخطاب رضي الله عنه كان يفعل ذلك، فإن أعيا أن يجد في القرآن والسنة، نظر: هل كان لأبي بكر رضي الله عنه فيه قضاء، فإن وجد أبا بكر رضي الله عنه قد قضى فيه بقضاء قضى به، وإلا دعا رءوس المسلمين وعلماءهم، فاستشارهم، فإذا اجتمعوا على الأمر قضى بينهم.

394. مەيمۇن ئىبنى مىھران مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا بىرەر دەۋا كېلىپ قالسا الله نىڭ كىتابىغا قارايتتى. الله نىڭ كىتابىدىن ھۆكمىنى تاپسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلاتتى؛ ئەگەر الله نىڭ كىتابىدىن تاپالمىسا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قانداق ھەل قىلغانلىقىغا قارايتتى. ئەگەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتىدىن ھۆكمىنى بىلسە، شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلاتتى؛ بىلەلمىسە، چىقىپ مۇسۇلمانلارغا: <مېنىڭ ئالدىمغا مۇنداق ـ مۇنداق مەسىلىلەر كەلدى، مەن الله نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتىگە قاراپ ئۇلاردىن جاۋاب تاپالمىدىم. سىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇنداق ئىشلارنى قانداق ھەل قىلغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟> دەيتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا بىر بۆلەك كىشىلەر

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

تۇرۇپ: <ھەئە، بىلىمىز. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق-مۇنداق ھەل قىلاتتى> دەيتتى-دە، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ بويىچە ھەل قىلاتتى».

جەئفەر مۇنداق دەيدۇ: [مەيمۇن ئىبنى مىھراندىن باشقىلار ماڭا مۇنداق دېگەن: «شۇنداق ۋاقىتلاردا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <ئارىمىزدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۆكۈملىرىنى ساقلاپ بىرىدىغانلارنى قالدۇرۇپ قويغان اللە قا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن> دەيتتى». يەنىلا بىلەلمىسە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقساقاللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالىملىرىنى چاقىرىپ ئۇلاردىن مەسلىھەت سورايتتى. ئۇلارنىڭ پىكرى بىرەر ئىشقا بىرلىككە كەلسە، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ بويىچە ھەل قىلاتتى].

جەئفەر يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەيمۇن ئىبنى مىھران ماڭا مۇنداق دېگەن: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق قىلاتتى. ئەگەر ئۇ قۇرئان-سۈننەتتىن جاۋابىنى تاپالمىسا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئىشنى قانداق ھەل قىلغانلىقىغا قارايتتى. ئەگەر ئەبۇبەكرىنىڭ قانداق ھەل قىلغانلىقىنى بىلەلىسە، شۇ بويىچە ھەل قىلاتتى؛ بىلەلمىسە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقساقاللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالىملىرىنى چاقىرىپ ئۇلاردىن مەسلىھەت سورايتتى. ئۇلار بىرەر ئىشقا بىرلىككە كەلسە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ بويىچە ھەل قىلاتتى». [1]

**395. عن عائشة قالت: قال رسول الله ﷺ: «إذا أراد الله بالأمير خيرا جعل له وزير صدق، إن نسي ذكره، وإن ذكر أعانه، وإذا أراد الله به غير ذلك جعل له وزير سوء، إن نسي لم يذكره، وإن ذكر لم يعنه».**

395. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر اللە بىرەر ئەمىرگە ياخشىلىقنى خالىغان بولسا، راستچىل كىشىنى ئۇنىڭ ياردەمچىسى قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەمىر بىرەر ئىشنى ئۇنتۇپ قالسا، ياردەمچىسى ئۇنىڭغا ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىشنى ئەمىر ئەسلىگەن بولسا، ياردەمچىسى ئۇنىڭ ئۇ ئىشنى بىجىرىشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر اللە بىرەر ئەمىرگە يامانلىقنى خالىغان بولسا، ناچار كىشىنى ئۇنىڭ ياردەمچىسى قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر ئەمىر بىرەر ئىشنى ئۇنتۇپ قالسا،

[1] بەيھەقى توپلىغان، ئىبنى ھەجەر «سەھىھ» دېگەن.

يارەمچىسى ئۇنىڭغا ئەسلەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئىش ئەمىرنىڭ ئېسىدە بولسا، يارەمچىسى ئۇنىڭ ئۇ ئىشنى بىجىرىشىگە ياردەم بەرمەيدۇ».[1]

## (3) ئەمىرنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن بەيئەت ئېلىشى

**396. عن عبادة بن الصامت رضي الله عنه قال: بايعنا رسول الله ﷺ على السمع والطاعة في العسر واليسر، والمنشط والمكره، وعلى أثرة علينا، وعلى أن لا ننازع الأمر أهله، وعلى أن نقول بالحق أينما كنا، لا نخاف في الله لومة لائم.**

396. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز قىيىنچىلىق ۋە ئاسانچىلىقتا بولسۇن، خۇش ياققان ۋە خۇش ياقمىغان ھالەتلىرىمىزدە بولسۇن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىشقا؛ ئىش ئۇستىدىكىلىرىمىز بىزگە ھەققىمىزنى بەرمەستىن شەخسىيەتچىلىك قىلغان ھالەتتىمۇ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىشقا، ئەمىرلىكنى ئۇنىڭ ئەھلىدىن تالاشماسلىققا ھەمدە قەيەردە بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقماي، الله يولىدا ھەقنى سۆزلەشكە بەيئەت قىلدۇق».[2]

**397. عن عبد الله بن عمر رضي الله عنهما قال: كنا إذا بايعنا رسول الله ﷺ على السمع والطاعة، يقول لنا: «فيما استطعتم».**

397. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ﷺ گە ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىشقا بەيئەت قىلساق، پەيغەمبەر ﷺ بىزگە: <كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئىتائەت قىلىڭلار> دەيتتى».[3]

**398. عن جرير بن عبد الله رضي الله عنه قال: بايعت النبي ﷺ على السمع والطاعة، فلقنني: «فيما استطعت والنصح لكل مسلم».**

398. جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ گە سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىشقا بەيئەت قىلغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: «قولۇڭدىن كېلىشىچە ئىتائەت قىلىشقا ۋە ھەربىر مۇسۇلمانغا نەسىھەت قىلىشقا بەيئەت قىلغىن» دېيىشىمنى قوشۇپ

[1] ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] بۇخارى توپلىغان.

قويدى.[1]

**399. عن سفيان قال: حدثني عبد الله بن دينار قال: لما بايع الناس عبد الملك كتب إليه عبد الله بن عمر: إلى عبد الله عبد الملك أمير المؤمنين، إني أقر بالسمع والطاعة لعبد الله عبد الملك أمير المؤمنين على سنة الله وسنة رسوله، فيما استطعت، وإن بني قد أقروا بذلك.**

399. سۇفيان مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى دىنار ماڭا مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر ئابدۇلمەلىككە بەيئەت قىلغاندا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ خەت يازغان ئىدى: اللە نىڭ بەندىسى ئەمىرۇلمۇئمىنىين ئابدۇلمەلىككە:

مەن اللە نىڭ بەندىسى ئەمىرۇلمۇئمىنىين ئابدۇلمەلىككە، اللە نىڭ كىتابى ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ سۈننىتى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىش شەرتى ئاستىدا، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىشقا ۋەدە بېرىمەن. مېنىڭ ئوغۇللىرىممۇ ۋەدە بېرىدۇ».[2]

**400. عن يزيد بن أبي عبيد قال: قلت لسلمة بن الأكوع: على أي شيء بايعتم رسول الله ﷺ يوم الحديبية؟ قال: على الموت.**

400. يەزىد ئىبنى ئەبۇ ئۇبەيد مۇنداق دەيدۇ: مەن سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئتىن: «ھۇدەيبىيە كۈنى سىلەر پەيغەمبەر ﷺ گە نېمىگە بەيئەت قىلغان ئىدىڭلار؟» دەپ سورىغانىدىم، ئۇ: «(اللە يولىدا) ئۆلۈشكە» دېدى.[3]

## (4) يارامىلىق گۇرۇپپا ئەمىرلىرى ۋە خىزمەت مەسئۇللىرىنى تەيىنلەش

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُكُمْ أَنْ تُؤَدُّوا الْأَمَانَاتِ إِلَى أَهْلِهَا﴾

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

«شۇبھىسىزكى، اللە سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ[1]».[2]

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالَتْ إِحْدَاهُمَا يَا أَبَتِ اسْتَأْجِرْهُ إِنَّ خَيْرَ مَنِ اسْتَأْجَرْتَ الْقَوِيُّ الْأَمِينُ﴾ «ئۇلارنىڭ (يەنى ئاياللارنىڭ) بىرى ئېيتتى: <ئى ئاتا، ئۇنى سەن ئىشلەتكىن. بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچلىكتۇر>[3]».[4]

**401. عن أبي ذر رضي الله عنه قال: قلت: يا رسول الله، ألا تستعملني؟ قال: فضرب بيده على منكبي، ثم قال: «يا أبا ذر، إنك ضعيف، وإنها أمانة، وإنها يوم القيامة خزي وندامة، إلا من أخذها بحقها، وأدى الذي عليه فيها».**

401. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى مەسئۇل قىلمامسىلا؟ — دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ مۈرەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— ئى ئەبۇ زەر، سەن ئاجىز، مەسئۇللۇق ئامانەتتۇر. ئۇنى ئۆز ھەققى بىلەن ئېلىپ، ئۆز يولىدا ئادا قىلغان كىشىدىن باشقا كىشىگە ئۇ قىيامەت كۈنى خارلىق ۋە ھەسرەت-نادامەت ئېلىپ كېلىدۇ، — دېدى.[5]

**402. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: بينما النبي ﷺ في مجلس يحدث القوم، جاءه أعرابي فقال: متى الساعة؟ قال: «فإذا ضيعت الأمانة فانتظر الساعة»، قال: كيف إضاعتها؟ قال: «إذا وسد الأمر إلى غير أهله فانتظر الساعة».**

402. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىر سورۇندا كىشىلەرگە سۆزلەۋاتاتتى، بىر ئەئرابى كېلىپ:

— قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ جاۋاب بېرىپ:

[1] ئىبنى تەيمىيە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئامانەتنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇش ئىككى خىل بولۇپ، بىرىنچىسى، ھوقۇق-مەنسەپلەرنى ئۆز ئورنىغا قويۇش. ئۇشبۇ ئايەت مۇشۇ سەۋەبتىن نازىل بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىش ئۈستىدىكىلەر ھەرقانداق بىر مۇسۇلمانلار خىزمىتىگە شۇ خىزمەتكە نىسبەتەن ئەڭ يارامىلىق كىشىنى تەيىنلىشى پەرزدۇر» («**مجموع الفتاوى**» 28- توم 245- بەت).

[2] سۈرە نىسا 58- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھوقۇق-مەنسەپتە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئىككى مۇھىم ئاساس بار: بىرىنچىسى، ئىقتىدار؛ ئىككىنچىسى، ئىشەنچ. بۇنى يۇقىرىقى ئايەت ئىسپاتلايدۇ» («**مجموع الفتاوى**» 28- توم 253- بەت).

[4] سۈرە قەسەس 26- ئايەت.

[5] مۇسلىم توپلىغان.

ــ ئامانەت زايە بولغاندا قىيامەتنى كۈتكىن، ــ دېدى. ئەئرابى:
ــ ئامانەت قانداق زايە بولىدۇ؟ ــ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ:
ــ (خەلىپىلىك، ئەمىرلىك، قازىلىق، مۇپتىلىق ۋە بۇنىڭدىن باشقا دىنغا ئائىت) ئىشلار ئۆز ئەھلىنىڭ غەيرىگە تاپشۇرۇلغاندا قىيامەتنى كۈتكىن، ــ دېدى.[1]

## (5) قول ئاستىدىكى كىشىلەرگە مېھرىبان بولۇش ۋە بارلىق ئىشلاردا تەمكىن بولۇش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَبِمَا رَحْمَةٍ مِنَ اللَّهِ لِنْتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنْتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لَانْفَضُّوا مِنْ حَوْلِكَ فَاعْفُ عَنْهُمْ وَاسْتَغْفِرْ لَهُمْ﴾ «الله نىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار ئەتراپىڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن».[2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاخْفِضْ جَنَاحَكَ لِمَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ﴾ «ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە مۇلايىم بولغىن».[3]

**403. عن عبد الرحمن بن شماسة قال: أتيت عائشة أسألها عن شيء، فقالت: ممن أنت؟ فقلت: رجل من أهل مصر، فقالت: كيف كان صاحبكم لكم في غزاتكم هذه؟ فقال: ما نقمنا منه شيئا، إن كان ليموت للرجل منا البعير فيعطيه البعير، والعبد فيعطيه العبد، ويحتاج إلى النفقة، فيعطيه النفقة، فقالت: أما إنه لا يمنعني الذي فعل في محمد بن أبي بكر أخي أن أخبرك ما سمعت من رسول الله ﷺ يقول في بيتي هذا: «اللهم، من ولي من أمر أمتي شيئا فشق عليهم، فاشقق عليه، ومن ولي من أمر أمتي شيئا فرفق بهم، فارفق به».**

403. ئابدۇراھمان ئىبنى شىماسە مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر مەسىلىنى سوراش ئۈچۈن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا بارغانىدىم، ئۇ:
ــ كىم بولىسەن؟ ــ دېدى. مەن:
ــ مىسىرلىق ئادەممەن، ــ دېدىم. ئۇ:
ــ سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار (ئەمر ئىبنى ئاس) بۇ قېتىمقى غازىتىڭلاردا سىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلدى؟ ــ دەپ سورىدى. مەن:

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] سۈرە ئال ئىمران 159 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە شۇئەرا 215 ـ ئايەت.

ــ بىز ئۇنىڭدىن ھېچقانداق يامانلىق كۆرمىدۇق. ئەگەر ئىچىمىزدىن بىرەر ئادەمنىڭ تۆگىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭغا تۆگە بەردى. قۇلى ئۆلۈپ كەتسە، قۇل بەردى. خىراجەتكە ئېھتىياجى بولۇپ قالسا، خىراجەت بەردى، ــ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ ئۇنىڭ قېرىندىشىم مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇبەكرىگە قىلغانلىرى پەيغەمبەر ﷺ دىن ئاڭلىغانلىرىمنى ساڭا ئېيتىپ بېرىشىمگە توسالغۇ بولمايدۇ. مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇشۇ ئۆيۈمدە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «ئى الله ! كىمكى ئۈممىتىمنىڭ بىرەر ئىشىغا ئىگە بولۇپ، ئاندىن ئۇلارغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرغىن؛ كىمكى ئۈممىتىمنىڭ بىرەر ئىشىغا ئىگە بولۇپ، ئاندىن ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا مېھرىبان بولغايسەن[①]»[②].

**404. عن أبي أمامة رضي الله عنه، عن رسول الله ﷺ: «صنفان من أمتي لا تنالهما شفاعتي: إمام ظلوم غشوم وكل غال مارق».**

404. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈممىتىم ئىچىدىن مۇنداق ئىككى تۈرلۈك كىشى شاپائىتىمگە ئېرىشەلمەيدۇ: بىرى، زالىم، تاش يۈرەك ئەمىر؛ يەنە بىرى، دىندا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، دىندىن چىقىپ كەتكەن كىشى (يەنى خاۋارىجلار)»[③].

**405. عن عائشة رضي الله عنها، أنها قالت: ما خير رسول الله ﷺ بين أمرين قط إلا**

---

[①] ئىبنى ئۇسەيمىن بۇ ھەدىسنى شەرھىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بەزىلەر: <مېھرىبانلىقنىڭ مەنىسى — كىشىلەرگە ئارزۇ قىلغان ۋە خالىغان نەرسىسىنى كەلتۈرۈپ بېرىشىڭ> دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. مېھرىبانلىق دېگەن — الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشىڭدۇر. كىشىلەر بىلەن مېھرىبانلىق ۋە يېقىنلاشتۇرۇش يولىدا ماڭغىن؛ كىشىلەرگە الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ بۇيرۇقى بولمىغان نەرسىلەردە قىيىنچىلىق سالمىغىن؛ ئەگەر سەن كىشىلەرگە الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ بۇيرۇقى بولمىغان نەرسىلەردە قىيىنچىلىق سالساڭ، سەن ھەدىستىكى ئىككىنچى تەرەپكە كىرىپ قالىسەن. ئۇ ئىككىنچى تەرەپ بولسا الله تائالانىڭ ساڭا قىيىنچىلىق سېلىشقا قىلىنغان بەددۇئادۇر (رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دۇئاسى شەكسىز ئىجاۋەتتۇر)، الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. ئەگەر بىر كىشى الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ بۇيرۇقى بولمىغان نەرسىلەردە كىشىلەرگە قىيىنچىلىق سالسا، الله ئۇ كىشىنىڭ بەدىنىگە، ياكى قەلبىگە، ياكى ئەھلىگە ۋە ياكى ئۇندىن باشقا نەرسىلەردە قىيىنچىلىق سالىدۇ» («**رياض الصالحين**»نىڭ شەرھىسىدىن ئېلىندى).

[②] مۇسلىم توپلىغان.

[③] تەبرانى توپلىغان، ئىبنى ھەجەر ۋە ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

**أخذ أيسرهما، ما لم يكن إثما، فإن كان إثما كان أبعد الناس منه، وما انتقم رسول الله ﷺ لنفسه في شيء قط، إلا أن تنتهك حرمة الله، فينتقم بها لله.**

405. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ گە (دۇنيالىق مۇباھ ئىشلاردىن بولغان)[1] ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلسە، ئەگەر گۇناھ بولمىسىلا ئاسانراقىنى تاللايتتى. ئەگەر گۇناھ بولىدىغان بولسا، پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە گۇناھتىن ئەڭ يىراق تۇرىدىغىنى ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ھەرگىزمۇ بىرەر ئىشتا ئۆزى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالمايتتى، پەقەت الله نىڭ ھۆرمىتى ھاقارەتلەنگەندە الله ئۈچۈن ئىنتىقام ئالاتتى».[2]

**406. عن الحسن البصري، أن عائذ بن عمرو ــ وكان من أصحاب رسول الله ﷺ ــ دخل على عبيد الله بن زياد فقال: أي بني، إني سمعت رسول الله ﷺ يقول: «إن شر الرعاء الحطمة، فإياك أن تكون منهم».**

406. ھەسەن بەسرى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن بولغان ئائىز ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى زىيادنىڭ قېشىغا كىرىپ: «ئى ئوغلۇم، مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: <مەسئۇللارنىڭ ئەڭ ئەسكىسى تاش يۈرەك زالىملاردۇر، سەن شۇنداقلاردىن بولۇپ قېلىشتىن ساقلانغىن>».[3]

**407. عن جرير بن عبد الله رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «من لا يرحم الناس لا يرحمه الله».**

407. جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى كىشىلەرگە رەھىم قىلمايدىكەن، الله مۇ ئۇنىڭغا رەھىم قىلمايدۇ».[4]

**408. عن أنس بن مالك رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «يسروا ولا تعسروا، وبشروا ولا تنفروا».**

---

[1] تىرناق ئىچىدىكى ئىزاھات «**فتح الباري**»دىن ئېلىندى.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

408. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار. خۇش بېشارەت بىرىڭلار، ئۈركىتىۋەتمەڭلار». ①

**409. وعن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: قال النبي ﷺ: «يسروا ولا تعسروا، وسكنوا ولا تنفروا».**

409. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار. خاتىرجەم قىلىڭلار، ئۈركىتىۋەتمەڭلار». ②

## (6) جامائەتنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَكِن كَرِهَ اللَّهُ انبِعَاثَهُمْ فَثَبَّطَهُمْ وَقِيلَ اقْعُدُوا مَعَ الْقَاعِدِينَ ۞ لَوْ خَرَجُوا فِيكُم مَّا زَادُوكُمْ إِلَّا خَبَالًا وَلَأَوْضَعُوا خِلَالَكُمْ يَبْغُونَكُمُ الْفِتْنَةَ﴾ «لېكىن الله ئۇلارنىڭ چىقىشىنى ياقتۇرمىدى، (ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ھۇرۇنلۇقنى سېلىپ) ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇردى. (ئۇلارغا:) <ئۆيلىرىدە قېلىپ قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كىچىك بالىلار ۋە ئاجىزلار) بىلەن قېلىڭلار> دېيىلدى [46]. ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىرلىكتە چىققان بولسا ئاراڭلاردا پەقەت پىتنە-پاساتنى كۆپەيتەتتى، ئاراڭلارغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن چوقۇم سۇخەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى». ③

**410. عن عائشة رضي الله عنها: أن النبي ﷺ قال لها: «يا عائشة، لولا أن قومك حديث عهد بجاهلية لأمرت بالبيت، فهدم، فأدخلت فيه ما أخرج منه، وألزقته بالأرض، وجعلت له بابين، بابا شرقيا، وبابا غربيا، فبلغت به أساس إبراهيم».**

410. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «ئى ئائىشە! ئەگەر قەۋمىڭ جاھىلىيەتتىن يېڭىلا قول ئۈزمىگەن بولسا ئىدى، مەن بەيتۇللاھنى چېقىشقا بۇيرۇپ، ئۇنىڭدىن چىقىرىۋېتىلگەن يەرلەرنى قوشۇپ، ئىشىكىنى يەر بىلەن تەڭ قىلىپ سالدۇراتتىم، ئاندىن ئۇنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىگە بىردىن ئىككى ئىشىك

① بۇخارى توپلىغان.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ سۇرە تەۋبە 46- ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 47- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قويغۇزاتتىم ھەمدە بەيتۇللاھنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلىغا يەتكۈزەتتىم[1]». [2]

**411. عن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده، أن بعض الصحابة تماروا في آية من القرآن حتى ارتفعت أصواتهم، فخرج رسول الله ﷺ مغضبا وقال: «مهلا يا قوم، بهذا أهلكت الأمم من قبلكم باختلافهم على أنبيائهم وضربهم الكتب بعضها ببعض».**

411. ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن، ئۇ چوڭ بوۋىسىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بەزى ساھابىلەر قۇرئان كەرىمنىڭ بىر ئايىتىدە مۇنازىرىلىشىپ قىلىپ ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ﷺ غەزەپلەنگەن ھالەتتە چىقىپ مۇنداق دېدى: «توختاڭلار! ئى خالايىق، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر مۇشۇ سەۋەبتىن، يەنى پەيغەمبەرلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ۋە كىتابلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە سوقۇشتۇرغانلىقى سەۋەبىدىن ھالاك قىلىنغان». [3]

**412. عن عبد الله بن زيد بن عاصم رضي الله عنه قال: لما أفاء الله على رسوله ﷺ يوم حنين، قسم في الناس في المؤلفة قلوبهم، ولم يعط الأنصار شيئا، فكأنهم وجدوا إذ لم يصبهم ما أصاب الناس، فخطبهم فقال: «يا معشر الأنصار، ألم أجدكم ضلالا فهداكم الله بي؟! وكنتم متفرقين فألفكم الله بي؟! وعالة فأغناكم الله بي؟!» كلما قال شيئا قالوا: الله ورسوله أمن.**

412. ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد ئىبنى ئاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھۇنەين غازىتى كۈنى الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ گە غەنىيمەت ئاتا قىلغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ غەنىيمەتلەرنى قەلبلىرى ئىسلامغا مايىل قىلىنغان كىشىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئەنسارىلارغا ھېچنېمە بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە نارازىلىق پەيدا بولدى چۈنكى ئۇلار باشقىلار ئېرىشكەن غەنىيمەتكە ئېرىشەلمىگەن ئىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نۇتۇق سۆزلەپ: «ئى ئەنسارىلار! مەن كېلىشتىن بۇرۇن سىلەر ئازغۇنلۇقتا ئىدىڭلار، الله سىلەرنى مەن ئارقىلىق ھىدايەتكە باشلىمىدىمۇ؟! چېچىلاڭغۇ ئىدىڭلار،

---

[1] پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كەئبىنى قايتا قۇرۇپ چىقىشتىن كۆرە، ئۇنى ئۆز پېتىچە قالدۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرگەنلىكىنىڭ سەۋەبى بولسا يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئىسلامغا يېڭى كىرگەنلەرنىڭ ئىختىلاپتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى ـــ تۈزگۈچىدىن.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

الله سىلەرنى مەن ئارقىلىق بىرلەشتۈرمىدىمۇ؟! كەمبەغەل ئىدىڭلار، الله سىلەرنى مەن ئارقىلىق باي قىلمىدىمۇ؟!» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ھەربىر قېتىم سورىغاندا ئۇلار: «الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن ۋە قەدىرلىك» دېدى.[1]

**413. عن ابن عمر رضي الله عنه قال: صلى رسول الله ﷺ بمنى ركعتين، وأبو بكر بعده، وعمر بعد أبي بكر، وعثمان صدرا من خلافته، ثم إن عثمان صلى بعد أربعا.**

**فكان ابن عمر إذا صلى مع الإمام صلى أربعا، وإذا صلاها وحده صلى ركعتين.**

413. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ مىنادا نامازنى (قەسىر قىلىپ) ئىككى رەكئەت ئوقۇدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇبەكرىمۇ ئىككى رەكئەت ئوقۇدى، ئەبۇ بەكرىدىن كېيىن ئۆمەرمۇ ئىككى رەكئەت ئوقۇدى. ئوسمان خەلىپە بولۇپ دەسلەپكى مەزگىللەردە ئىككى رەكئەت ئوقۇدى، كېيىن تۆت رەكئەت ئوقۇدى».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (جامائەتنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن) ئىمام بىلەن ئوقۇسا تۆت رەكئەت، يالغۇز ئوقۇسا ئىككى رەكئەت ئوقۇيتتى.[2]

**414. أن عبد الله صلى أربعا، فقيل له: عبت على عثمان ثم صليت أربعا؟ قال: الخلاف شر.**

414. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (مىنادا) نامازنى تۆت رەكئەت ئوقۇغانىدى، بىرى ئۇنىڭدىن: «ئوسماننى ئەيىبلەپ ئۆزۈڭ تۆت رەكئەت ئوقۇمسەن؟» دەپ سورىدى. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئىختىلاپ ياماندۇر» دېدى.[3]

## (7) جامائەت ئەزالىرىنىڭ ئىمانىي تەييارلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ مَنَّ اللَّهُ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ إِذْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولًا مِنْ أَنْفُسِهِمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِهِ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَإِنْ كَانُوا مِنْ قَبْلُ لَفِي ضَلَالٍ مُبِينٍ﴾ «الله مۇئمىنلەرگە الله نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتنى)

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئىبنى ھەجەر ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئىھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ادْعُ إِلَى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ﴾ «رەببىڭنىڭ يولىغا ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلْتَكُنْ مِنْكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»③.

**415. عن الحسن، أن عبيد الله بن زياد، عاد معقل بن يسار في مرضه الذي مات فيه، فقال له معقل إني محدثك حديثا سمعته من رسول الله ﷺ، سمعت النبي ﷺ يقول: «ما من عبد استرعاه الله رعية، فلم يحطها بنصيحة، إلا لم يجد رائحة الجنة».**

415. ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: مەئقىل ئىبنى يەسار مۇزنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، شۇ كېسىلى بىلەن ۋاپات تاپتى. ئۇ سەكراتتىكى ۋاقتىدا ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى زىياد ئۇنى يوقلاپ كىرگەن ئىدى، مەئقىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «مەن ساڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىغان بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بېرەي. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: ‹بىرەر قەۋمگە مەسئۇل بولۇشنى الله نېسىپ قىلغان كىشى سەممىمي كۆيۈنۈشلىرى بىلەن ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلمىسە، جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ›»④.

**416. عن أبي وائل رضي الله عنه قال: كان عبد الله يذكر الناس في كل خميس فقال له رجل: يا أبا عبد الرحمن لوددت أنك ذكرتنا كل يوم؟ قال: أما إنه يمنعني من ذلك أني أكره أن أملكم، وإني أتخولكم بالموعظة، كما كان النبي ﷺ يتخولنا بها، مخافة السآمة علينا.**

416. ئەبۇ ۋائىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد

---

① سۇرە ئال ئىمران 164 ـ ئايەت.

② سۇرە نەھل 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ سۇرە ئال ئىمران 104 ـ ئايەت.

④ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر پەيشەنبە كۈنى كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى. بىرەيلەن ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇ ئابدۇراھمان! مەن سىنىڭ بىزگە ھەر كۈنى ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشىڭنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن» دېگەنىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن سىلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتىمەن. پەيغەمبەر ﷺ بىزنىڭ زېرىكىپ قىلىشىمىزدىن ئەنسىرەپ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى، خۇددى شۇنىڭدەك، مەنمۇ سىلەرگە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلىمەن» دېدى.①

**417. عن العرباض بن سارية رضي الله عنه قال: وعظنا رسول الله ﷺ موعظة ذرفت منها العيون، ووجلت منها القلوب.**

417. ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە بىر ۋەز ـ نەسىھەت قىلدىكى، كۆزلەردىن ياشلار تۆكۈلۈپ، قەلبلەر تىترەپ كەتتى».②

## (8) قول ئاستىدىكى كىشىلەردىن يامان گۇمان قىلماسلىق

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اجْتَنِبُوا كَثِيرًا مِنَ الظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ وَلَا تَجَسَّسُوا﴾ «ئى مۇئمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، (مۇئمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار».③

**418. عن أبى أمامة رضي الله عنه، عن النبى ﷺ قال: «إن الأمير إذا ابتغى الريبة فى الناس أفسدهم».**

418. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر باشلىق قول ئاستىدىكىلەرگە گۇمان بىلەن مۇئامىلە قىلسا، ئۇلارنى بۇزۇپ قويىدۇ».④

**419. عن أبي هريرة رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «إياكم والظن، فإن الظن أكذب**

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

③ سۈرە ھۇجۇرات 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

④ ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن، شۇئەيب ئەرنەئۇت ۋە سۈيۈتى «ھەسەن» دېگەن.

الحديث، ولا تحسسوا، ولا تجسسوا».

419. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «گۇمان قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار چۈنكى گۇمان قىلىش سۆزلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يالغىنىدۇر. بىر-بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى كولىماڭلار، جاسۇسلۇق قىلىشماڭلار».①

420. عن أبي برزة الأسلمي رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «يا معشر من آمن بلسانه، ولم يدخل الإيمان قلبه، لا تغتابوا المسلمين، ولا تتبعوا عوراتهم، فإنه من اتبع عوراتهم يتبع الله عورته، ومن يتبع الله عورته يفضحه في بيته».

420. ئەبۇ بەرزە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى تىلىدا مۇسۇلمان بولغان بىراق دىلىغا ئىمان كىرمىگەنلەر! مۇسۇلمانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، ئەيىب-نۇقسانلىرىنى كوچىلىماڭلار. قانداق بىر كىشى قېرىندىشىنىڭ ئەيىبىنى كوچىلىسا، الله ئۇنىڭ ئەيىبىنى كوچىلايدۇ؛ الله بىر كىشىنىڭ ئەيىبىنى كوچىلىسا، ئۇنى ئۆيىنىڭ ئىچىدە بولسىمۇ رەسۋا قىلىۋېتىدۇ».②

## 56- باب

## قوشۇن ئەزالىرىنىڭ ئەمىر ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى

### (1) گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا ئەمىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! الله قا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

ئۇستىدىكىلەرگە[1] ئىتائەت قىلىڭلار». [2]

**421. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «من أطاعني فقد أطاع الله، ومن عصاني فقد عصى الله، ومن يطع الأمير فقد أطاعني، ومن يعص الأمير فقد عصاني».**

421. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ماڭا ئىتائەت قىلسا، اللە قا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ؛ كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلسا، اللە قا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. كىمكى ئەمىرگە ئىتائەت قىلسا، ماڭا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ؛ كىمكى ئەمىرگە ئاسىيلىق قىلسا، ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ». [3]

**422. عن أبي هريرة رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «تعس عبد الدينار وعبد الدرهم وعبد الخميصة، إن أعطي رضي، وإن لم يعط سخط، تعس وانتكس، وإذا شيك فلا انتقش، طوبى لعبد آخذ بعنان فرسه في سبيل الله، أشعث رأسه مغبرة قدماه، إن كان في الحراسة كان في الحراسة، وإن كان في الساقة كان في الساقة، إذا استأذن لم يؤذن له، وإن شفع لم يشفع».**

422. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «دىنار، دەرھەم ۋە كەشتىلەنگەن رەڭلىك كىيىمنىڭ قۇللىرى ھالاك بولسۇن! ئەگەر ئۇلارغا بېرىلسە رازى بولىدۇ، بېرىلمىسە ئاچچىقلايدۇ. ھالاك بولسۇن، كېسەل ۋە خارلىقتىن قۇتۇلالمىسۇن! ئۇنىڭغا تىكەن كىرسە چىقىرىلمىسۇن! چېچى چۇۋۇق، ئىككى قەدىمى توپىغا مىلەنگەن ھالەتتە اللە يولىدا ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان كىشىگە خۇش مۇبارەك بولسۇنكى، ئەگەر ئۇنى ھارىستا تۇرۇشقا[4] قويسا، ھارىستا تۇرىدۇ؛ ئارقا سەپتە قويسا، ئارقا سەپتە بولىدۇ؛ رۇخسەت سورىسا، رۇخسەت بېرىلمەيدۇ؛ شاپائەت قىلماقچى بولسا، شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ». [5]

---

[1] ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دەيدۇ: «ئىش ئۇستىدىكىلەرنىڭ ئاستىغا (مۇسۇلمانلاردىن بولغان) ھەرقانداق ئەگىشىلىدىغان ئادەملەر كىرىپ كېتىدۇ چۈنكى ئۇلار ئىش ئۇستىدىكىلەرنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ» («**مجموع الفتاوى**» 28 ـ توم 170 ـ بەت).

[2] سۈرە نىسا 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[4] ھارىستا تۇرۇش — ئىسلام زېمىنىنى قوغداپ پوستتا تۇرۇش. قاراۋۇللۇقتا تۇرۇش.

[5] بۇخارى توپلىغان.

**423. عن عبد الله بن عمر رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «السمع والطاعة على المرء المسلم فيما أحب وكره، ما لم يؤمر بمعصية، فإذا أمر بمعصية فلا سمع ولا طاعة».**

423. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ، (ئەمىر) ئۇنى گۇناھقا بۇيرۇمىسىلا مەيلى ئۇ ياقتۇرسۇن ياكى ياقتۇرمىسۇن ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىشى ۋاجىبتۇر. ئەگەر گۇناھقا بۇيرۇلسا ئاڭلاشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ».[1]

**424. عن علي رضي الله عنه قال: بعث النبي ﷺ سرية، وأمر عليهم رجلا من الأنصار، وأمرهم أن يطيعوه، فغضب عليهم، وقال: أليس قد أمر النبي ﷺ أن تطيعوني؟ قالوا: بلى، قال: قد عزمت عليكم لما جمعتم حطبا، وأوقدتم نارا، ثم دخلتم فيها فجمعوا حطبا، فأوقدوا نارا، فلما هموا بالدخول، فقام ينظر بعضهم إلى بعض، قال بعضهم: إنما تبعنا النبي ﷺ فرارا من النار أفندخلها؟ فبينما هم كذلك، إذ خمدت النار، وسكن غضبه، فذكر للنبي ﷺ فقال: «لو دخلوها ما خرجوا منها أبدا، إنما الطاعة في المعروف».**

424. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىر قوشۇن تەشكىللەپ، ئۇنىڭغا ئەنسارىلاردىن بىرىنى قوماندان قىلدى ۋە قوشۇندىكىلەرنىڭ ئۇ قوماندانغا ئىتائەت قىلىشىنى قاتتىق تاپىلىغاندىن كېيىن مەلۇم بىر جايغا ئەۋەتتى. قوشۇن قوماندانى (بىر ئىش توغرىسىدا) غەزەپلىنىپ:

— پەيغەمبەر ﷺ سىلەرنى ماڭا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمەسمۇ؟ — دېگەنىدى، ئۇلار:

— شۇنداق، — دېدى. قوماندان:

— ئۇنداقتا، ئوتۇن يىغىپ كېلىپ ئوت ياققاندىن كېيىن ئۇ ئوتقا كىرىشىڭلارنى بۇيرۇيمەن! — دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئوتۇن يىغىپ ئوت ياقتى. ئاندىن ئوتقا كىرىشكە تەمشەلگەندە، بەزىلەر بىر-بىرىگە قارىشىپ:

— بىز دوزاخ ئوتىدىن قېچىپ پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگەشكەن تۇرساق، يەنە ئوتقا كىرەمدۇق؟! — دېيىشتى. ئۇلار تالاش-تارتىش قىلىپ بىر قارارغا كېلىپ بولغۇچە ئوت ئۆچۈپ قالدى، قوماندانىنىڭمۇ ئاچچىقى ياندى. كېيىن،

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بۇ ئىش پەيغەمبەر ﷺ گە ئېيتىلغان ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

ــــ ئەگەر ئۇلار ئوتقا كىرگەن بولسا، ئوتتىن مەڭگۈ چىقالمايتتى. ئىتائەت قىلىش دېگەن پەقەت توغرا ئىشلاردا بولىدۇ، ــــ دېدى.[1]

**425. عن جنادة بن أبي أمية قال: دخلنا على عبادة بن الصامت وهو مريض، فقلنا: حدثنا أصلحك الله، بحديث ينفع الله به سمعته من رسول الله ﷺ فقال: دعانا رسول الله ﷺ فبايعناه، فكان فيما أخذ علينا: «أن بايعنا على السمع والطاعة في منشطنا ومكرهنا، وعسرنا ويسرنا، وأثرة علينا، وأن لا ننازع الأمر أهله»، قال: «إلا أن تروا كفرا بواحا عندكم من الله فيه برهان».**

425. جۇنادە ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە مۇنداق دەيدۇ: ئۇبادە ئىبنى سامىت ئاغرىپ قالغاندا بىز ئۇنى يوقلاپ باردۇق ۋە: «الله كېسىلىڭگە شىپالىق بەرسۇن! بىزگە پەيغەمبەر ﷺ دىن ئاڭلىغان بىرەر ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگىن، الله ئۇ ھەدىسنى بىز ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس» دېگەنىدۇق، ئۇ مۇنداق دېدى: «(ئەقەبە كېچىسى) پەيغەمبەر ﷺ بىزنى چاقىردى، بىز ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدۇق. ئۇ بىزدىن خۇش ياققان ۋە خۇش ياقمىغان ھالەتلىرىمىزدە بولسۇن، قىيىنچىلىق ۋە ئاسانچىلىقتا بولسۇن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىشقا؛ ئىش ئۈستىدىكىلىرىمىز بىزگە ھەققىمىزنى بەرمەستىن شەخسىيەتچىلىك قىلغان ھالەتتىمۇ، ئەمىرلىكنى ئۇنىڭ ئەھلىدىن تالاشماسلىققا بەيئەت ئالدى. ئاندىن: <لېكىن سىلەر ئوچۇق كۇفرىنى كۆرسەڭلار، سىلەرنىڭ ئۇنىڭ كاپىر بولغانلىقىغا الله تەرىپىدىن پاكىتىڭلار بولسا، تالاشساڭلار بولىدۇ> دېدى».[2]

**426. عن عبد الرحمن بن عبد رب الكعبة قال: دخلت المسجد فإذا عبد الله بن عمرو بن العاص جالس في ظل الكعبة، والناس مجتمعون عليه، فأتيتهم فجلست إليه، فقال: كنا مع رسول الله ﷺ في سفر، فنزلنا منزلا فمنا من يصلح خباءه، ومنا من ينتضل، ومنا من هو في جشره، إذ نادى منادي رسول الله ﷺ: الصلاة جامعة، فاجتمعنا إلى رسول الله ﷺ فقال: " إنه لم يكن نبي قبلي إلا كان حقا عليه أن يدل أمته على خير ما يعلمه لهم، وينذرهم شر ما يعلمه لهم، وإن أمتكم هذه جعل عافيتها في أولها، وسيصيب آخرها بلاء، وأمور تنكرونها،**

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

وتجيء فتنة فيرقق بعضها بعضا، وتجيء الفتنة فيقول المؤمن: هذه مهلكتي، ثم تنكشف وتجيء الفتنة، فيقول المؤمن: هذه هذه، فمن أحب أن يزحزح عن النار، ويدخل الجنة، فلتأته منيته وهو يؤمن بالله واليوم الآخر، وليأت إلى الناس الذي يحب أن يؤتى إليه، ومن بايع إماما فأعطاه صفقة يده، وثمرة قلبه، فليطعه إن استطاع، فإن جاء آخر ينازعه فاضربوا عنق الآخر "، فدنوت منه، فقلت له: أنشدك الله آنت سمعت هذا من رسول الله ﷺ؟ فأهوى إلى أذنيه، وقلبه بيديه، وقال: «سمعته أذناي، ووعاه قلبي»، فقلت له: هذا ابن عمك معاوية، يأمرنا أن نأكل أموالنا بيننا بالباطل، ونقتل أنفسنا، والله يقول: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَأْكُلُوا أَمْوَالَكُمْ بَيْنَكُمْ بِالْبَاطِلِ إِلَّا أَنْ تَكُونَ تِجَارَةً عَنْ تَرَاضٍ مِنْكُمْ وَلَا تَقْتُلُوا أَنْفُسَكُمْ إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا﴾ [النساء: 29] قال: فسكت ساعة، ثم قال: «أطعه في طاعة الله، واعصه في معصية الله».

426. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبدى رەببۇلكەئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەسجىدكە كىرىپ قارىسام ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەئبىنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىۋالغانىكەن. مەنمۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇم. ئۇ مۇنداق دېدى: [بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە سەپەرگە چىقىپ بىر جايغا بېرىپ چۈشتۇق. بەزىلىرىمىز چېدىرلىرىمىزنى تۈزەۋاتاتتۇق، بەزىلىرىمىز ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسى قىلىۋاتاتتۇق، يەنە بەزىلىرىمىز يايلاقتا ئۇلاغلىرىمىزنى ئوتلىتىۋاتاتتۇق. ئۇشتۇمتۇت پەيغەمبەر ﷺ نىڭ جاكارچىسى: «جامائەت نامىزىغا كېلىڭلار» دەپ چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن، بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەتراپىغا يىغىلغاندۇق، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى: «مەندىن بۇرۇن ئۆتكەن ھەرقانداق پەيغەمبەرنىڭ زىممىسىگە ئۆز ئۈممىتى ئۈچۈن ياخشى دەپ بىلگەن نەرسىگە ئۇلارنى يېتەكلەش ۋە ئۇلارغا يامان دەپ بىلگەن نەرسىدىن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەجبۇرىيىتى يۈكلەنگەن ئىدى. بۇ ئۈممەتكە كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئاۋۋالقىلىرى پىتنىدىن ئامان قالىدۇ ئەمما كېيىنكىلىرىگە تۈرلۈك بالايىئاپەت ۋە سىلەر بىلمەيدىغان يامان ئىشلار يۈز بېرىدۇ. شۇنداق بىر پىتنىلەر كېلىدۇكى، باشتا كەلگەن پىتنىلەر كېيىن كەلگەن پىتنىلەرگە سېلىشتۇرغاندا ھېچنەرسىگە ئەرزىمەي قالىدۇ. يەنە شۇنداق پىتنىلەر كېلىدۇكى، مۇئمىن كىشى: <بۇ مېنى ھالاك قىلىدىغان بولدى> دەپ تۇرغاندا ئۇ پىتنە كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. كېيىن يەنە بىر پىتنە

كىلىپ، مۇئمىن كىشى: <بۇ (پىتنە مىنى ھالاك قىلىدىغان بولدى)، بۇ (پىتنە مىنى ھالاك قىلىدىغان بولدى)> دەپ قالىدۇ. قانداق بىر كىشى جەھەننەمدىن قۇتۇلاي ۋە جەننەتكە كىرەي دىسە، ئۇ ۋاپات تاپقان ۋاقىتتا الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ھالەتتە بولسۇن. باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى ئارزۇ قىلسا، ئۆزىمۇ باشقىلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلسۇن. كىمكى بىر خەلىپىگە قول بىرىپ ساداقىتىنى بىلدۈرگەن بولسا، تاقىتىنىڭ يىتىشىچە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلسۇن. باشقا بىرى كىلىپ خەلىپىدىن خەلىپىلىكنى تالاشسا، (ئەگەر مەسىلىنى ئۇنىڭ بوينىنى ئۈزمەي ھەل قىلغىلى بولمىسا) ئۇنىڭ بوينىنى ئۈزۈپ تاشلاڭلار»].

شۇنىڭ بىلەن، مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرنىڭ يىنىغا كىلىپ ئۇنىڭدىن: «سەندىن الله نىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ﷺ دىن ئۆزۈڭ ئاڭلىغانمىدىڭ؟» دەپ سورىغانىدىم، ئۇ قۇلىقى ۋە قەلبىگە قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان ۋە قەلبىمدە ساقلىۋالغان» دىدى. مەن: «ئەمما تاغاڭنىڭ ئوغلى مۇئاۋىيە بىر-بىرىمىزنىڭ مىلىنى ناھەق يول بىلەن يەۋېلىشقا ۋە ئۆزىمىزنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇۋاتىدۇ. ھالبۇكى، الله تائالا: <ئى مۇئمىنلەر! بىر-بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا-سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەر ئۆزۈڭلارنى (يەنى بىر-بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، الله ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر>① دىگەن تۇرسا» دىگەنىدىم، ئۇ بىردەم جىمىپ قالغاندىن كىيىن: «الله قا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇسا ئىتائەت قىل، الله قا ئاسىيلىق قىلىشقا بۇيرۇسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىل» دىدى.②

**427. عن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «اسمعوا وأطيعوا، وإن استعمل عليكم عبد حبشي، كأن رأسه زبيبة».**

427. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى،

① سۈرە نىسا 29- ئايەت.

② مۇسلىم توپلىغان.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «گەرچە سىلەرگە بېشى قۇرۇق ئۈزۈمدەك (كۆرۈمسىز) قارا قۇل مەسئۇل قىلىنسىمۇ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاڭلار ۋە ئىتائەت قىلىڭلار».[1]

**428. عن أم الحصين رضي الله عنها قالت: سمعت النبي ﷺ يخطب في حجة الوداع وهو يقول: «ولو استعمل عليكم عبد يقودكم بكتاب الله، فاسمعوا له وأطيعوا».**

428. ئۇممۇ ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ۋىدالىشىش ھەججىدە مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «گەرچە سىلەرگە الله نىڭ كىتابى بىلەن باشلاپ ماڭىدىغان بىر قۇل مەسئۇل قىلىنسىمۇ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاڭلار ۋە ئىتائەت قىلىڭلار».[2]

**429. عن يحيى بن الحصين، عن أمه قالت: سمعت رسول الله ﷺ يخطب في حجة الوداع يقول: «يا أيها الناس، اتقوا الله واسمعوا وأطيعوا، وإن أمر عليكم عبد حبشي مجدع ما أقام فيكم كتاب الله عز وجل».**

429. يەھيا ئىبنى ھۇسەين ئانىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ۋىدالىشىش ھەججىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئى خالايىق! الله قا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، ئەگەر سىلەرگە قۇلىقى كېسىلگەن قارا قۇل ئەمىر بولۇپ، الله تائالانىڭ كىتابى بويىچە ھۆكۈم قىلسىلا، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار».[3]

**430. عن وائل الحضرمي رضي الله عنه قال: سأل سلمة بن يزيد الجعفي رسول الله ﷺ فقال: يا نبي الله، أرأيت إن قامت علينا أمراء يسألونا حقهم ويمنعونا حقنا، فما تأمرنا؟ فأعرض عنه، ثم سأله، فأعرض عنه، ثم سأله في الثانية أو في الثالثة، فجذبه الأشعث بن قيس، وقال: «اسمعوا وأطيعوا، فإنما عليهم ما حملوا، وعليكم ما حملتم».**

430. ۋائىل ھەزرەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: سەلەمە ئىبنى يەزىد جۇئفى پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ئۆزلىرىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى سوراپ بىزنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىمىزنى بەرمەيدىغان كىشىلەر ئەمىر بولسا، بىزنى نېمە قىلىشقا

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئەھمەد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

بۇيرۇيسەن؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. سەلەمە يەنە قايتىلاپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ يەنە يۈز ئۆرىدى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم ياكى ئۈچىنچى قېتىم قايتىلاپ سورىغانىدى، ئەشئەس ئىبنى قەيس ئۇنى ئۆزىگە تارتتى. كېيىن پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى: «سۆزىنى ئاڭلاڭلار ۋە بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىڭلار چۈنكى ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن، سىلەرمۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىڭلاردىن جاۋابكارلىققا تارتىلىسىلەر».[1]

**431. قال حذيفة بن اليمان: قلت: يا رسول الله، إنا كنا بشر، فجاء الله بخير، فنحن فيه، فهل من وراء هذا الخير شر؟ قال: «نعم»، قلت: هل وراء ذلك الشر خير؟ قال: «نعم»، قلت: فهل وراء ذلك الخير شر؟ قال: «نعم»، قلت: كيف؟ قال: «يكون بعدي أئمة لا يهتدون بهداي، ولا يستنون بسنتي، وسيقوم فيهم رجال قلوبهم قلوب الشياطين في جثمان إنس»، قال: قلت: كيف أصنع يا رسول الله، إن أدركت ذلك؟ قال: «تسمع وتطيع للأمير، وإن ضرب ظهرك، وأخذ مالك، فاسمع وأطع».**

431. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز جاھىلىيەت دەۋرىدە يامان ئىشلارنى قىلاتتۇق. كېيىن الله بىزگە بۇ ياخشى دىننى ئاتا قىلدى. مانا ھازىر بىز بۇ ياخشىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز. بۇ ياخشىلىقتىن كېيىن يامانلىق كېلەمدۇ؟ ـــ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ ھەئە، كېلىدۇ، ـــ دېدى. مەن:

ـــ ئۇ يامانلىقتىن كېيىن يەنە ياخشىلىق كېلەمدۇ؟ ـــ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ ھەئە، كېلىدۇ، ـــ دېدى. مەن:

ـــ ئۇ ياخشىلىقتىن كېيىن يەنە يامانلىق كېلەمدۇ؟ ـــ دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ ھەئە، ـــ دېدى. مەن:

ـــ يامانلىق قانداق بولىدۇ؟ ـــ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ كەلگۈسىدە مېنىڭ يولۇمدا ماڭمايدىغان، سۈننىتىمگە ئەگەشمەيدىغان بىر قىسىم باشلىقلار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن تۇرقى ئىنسان ئەمما

[1] مۇسلىم توپلىغان.

قەلبلىرى شەيتان قەلبى بولغان بىر تۈركۈم ئىنسان چىقىدۇ، — دېدى. ئاندىن مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ناۋادا مەن ئۇ زامانغىچە ياشاپ قالسام قانداق قىلىمەن؟ — دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئەمىرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلغىن ۋە (يوللۇق رەۋىشتە) دۈمبەڭگە ئۇرۇپ مېلىڭنى ئېلىۋالسىمۇ يەنىلا قۇلاق سېلىپ ئىتائەت قىلغىن! — دېدى.①

**432. عن الحارث الأشعرى رضي الله عنه، عن النبى ﷺ قال: «وأنا آمركم بخمس الله أمرني بهن: بالجماعة، والسمع، والطاعة، والهجرة، والجهاد في سبيل الله».**

432. ھارىس ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرنى الله مېنى بۇيرۇغان بەش ئىشقا بۇيرۇيمەن: جامائەت بولۇش، (ئەمىرنىڭ) سۆزىنى ئاڭلاش، (ئەمىرگە) ئىتائەت قىلىش، ھىجرەت ۋە الله يولىدا جىھاد قىلىش».②

**433. عن أبي هريرة رضي الله عنه، عن رسول الله ﷺ أنه قال: «آمركم بثلاث، وأنهاكم عن ثلاث آمركم: أن تعبدوا الله، ولا تشركوا به شيئا، وتعتصموا بحبل الله جميعا ولا تتفرقوا، وتطيعوا لمن ولاه الله أمركم، وأنهاكم عن: قيل وقال، وكثرة السؤال، وإضاعة المال».**

433. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرنى ئۈچ نەرسىگە بۇيرۇپ، ئۈچ نەرسىدىن توسىمەن: الله قا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن ئىبادەت قىلىشقا، الله نىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىپ بۆلۈنمەسلىككە ھەمدە الله سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارغا ئىگە قىلغان ئەمىرلەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيمەن؛ (پالانى-پوكۇنى مۇنداق دەپتىمىش دېگەندەك) ئەپقاچتى سۆزلەردىن، كۆپ سوئال سوراشتىن ۋە مال-دۇنيانى ئىسراپ قىلىشتىن توسىمەن».③

**434. عن عبد الله بن مسعود رضي الله عنه قال: «الزموا هذه الطاعة والجماعة فإنه**

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

③ ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

**حبل الله الذي أمر به، وأن ما تكرهون في الجماعة خير مما تحبون في الفرقة».**

434. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىتائەت ۋە جامائەتنى لازىم تۇتۇڭلار، بۇ ـــ الله نىڭ سىلەرگە (ئېسىلىشىڭلار ئۈچۈن) بۇيرۇغان ئارغامچىسىدۇر. جامائەتتە يامان كۆرگەن ئىشلار تەپرىقچىلىقتا ياخشى كۆرگەن ئىشلاردىن ياخشىدۇر».[①]

**435. عن عبد الله بن عمر رضي الله عنهما قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «من خلع يدا من طاعة، لقي الله يوم القيامة لا حجة له، ومن مات وليس في عنقه بيعة، مات ميتة جاهلية».**

435. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى (خەلىپىگە) ئىتائەت قىلىشتىن قولىنى تارتىدىكەن، ئۇ قىيامەت كۈنى بۇ قىلمىشىغا قارىتا ئۆزىنى ئاقلىيالىغۇدەك ھۆججىتى يوق ھالەتتە الله قا ئۇچرىشىدۇ. كىمكى بوينىدا (ئىسلامىي سۇلتانلىققا) بەيئەت يوق ھالەتتە ئۆلىدىكەن، ئۇ جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ».[②]

## (2) ئەمرگە نەسىھەت قىلىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلْتَكُنْ مِنْكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[③].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ﴾ «(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، الله قا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر»[④].

---

[①] ئىبنى ئەبۇ شەيبە، ھاكىم ۋە ھەيسەمى توپلىغان، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن، زەھەبى «بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ شەرتىگە چۈشىدۇ» دېگەن.

[②] مۇسلىم توپلىغان.

[③] سۈرە ئال ئىمران 104- ئايەت.

[④] سۈرە ئال ئىمران 110- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**436. عن أبي هريرة رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «إن الله يرضى لكم ثلاثا، ويسخط لكم ثلاثا: يرضى لكم أن تعبدوه ولا تشركوا به شيئا، وأن تعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا، وأن تناصحوا من ولاه الله أمركم، ويسخط لكم ثلاثا: قيل وقال، وكثرة السؤال، وإضاعة المال».**

436. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا سىلەرنىڭ ئۈچ ئىشىڭلاردىن رازى بولىدۇ ۋە ئۈچ ئىشىڭلاردىن نارازى بولىدۇ: سىلەرنىڭ الله قا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشىڭلاردىن، ھەممىڭلار الله نىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىپ، بۆلۈنمەسلىكىڭلاردىن ۋە الله سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا ئىگە قىلغان ئەمىرلەرگە نەسىھەت قىلىشىڭلاردىن رازى بولىدۇ: (پالانى - پۈكۈنى مۇنداق دەپتىمىش دېگەندەك) ئەپقاچتى سۆزلەرنى قىلىشىڭلار، كۆپ سوئال سورىشىڭلار ۋە پۇل - مالنى بۇزۇپ چېچىۋېتىشىڭلاردىن نارازى بولىدۇ».[1]

**437. عن أبي سعيد الخدري رضي الله عنه، عن النبي ﷺ قال: «ما بعث الله من نبي، ولا استخلف من خليفة، إلا كانت له بطانتان: بطانة تأمره بالمعروف وتحضه عليه، وبطانة تأمره بالشر وتحضه عليه، فالمعصوم من عصم الله تعالى».**

437. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتسە ياكى بىرەر خەلىپە (ئورۇنباسار) تىكلىسە، ئۇنىڭ سىرداش خاس ئىككى ئادىمى بولىدۇ: بىرى ئۇنى ھەمىشە ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ ۋە ياخشىلىققا رىغبەتلەندۈرىدۇ؛ يەنە بىرى ئۇنى ھەمىشە يامانلىققا بۇيرۇيدۇ ۋە يامانلىققا قىزىقتۇرىدۇ، پەقەت الله ساقلىغان كىشىلا مۇنداق يامانلىقتىن ساقلىنىپ قالىدۇ».[2]

**438. قال عياض بن غنم لهشام بن حكيم: أولم تسمع رسول الله ﷺ يقول: «من أراد أن ينصح لسلطان بأمر، فلا يبد له علانية، ولكن ليأخذ بيده، فيخلو به، فإن قبل منه فذاك، وإلا كان قد أدى الذي عليه له».**

438. ئىياز ئىبنى غەنەم ھىشام ئىبنى ھەكىمگە مۇنداق دېدى: «سەن ئەجەبا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: ‹كىمكى پادىشاھقا نەسىھەت قىلماقچى بولسا،

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

ئاشكارا (ئادەم بار يەردە) نەسىھەت قىلمىسۇن، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ يالغۇز يەردە نەسىھەت قىلسۇن. ئەگەر پادىشاھ ئۇنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلسا ياخشىلىقتۇر، قوبۇل قىلمىسا ئۇ ئادەم ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتنى يەتكۈزگەن بولدى> دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟»[①]

## (3) ئەمىرگە سەمىمىي ـ سادىق بولۇش

**439. عن تميم الداري رضي الله عنه، أن النبي ﷺ قال: «الدين النصيحة» قلنا: لمن؟ قال: «للّٰه ولكتابه ولرسوله ولأئمة المسلمين وعامتهم».**

439. تەمىم دارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ: «دىن دېگەن ـــ سەمىمىي بولۇشتۇر» دېدى. بىز: «كىمگە سەمىمىي بولۇش؟» دەپ سورىغانىدۇق، پەيغەمبەر ﷺ: «اللہ قا، اللہ نىڭ كىتابىغا، اللہ نىڭ رەسۇلىغا، مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىلىرىغا ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا» دېدى.[②]

**440. عن أنس بن مالك رضي الله عنه، عن رسول الله ﷺ قال: «ثلاث لا يغل عليهن صدر مسلم: إخلاص العمل للّٰه، ومناصحة أولي الأمر، ولزوم جماعة المسلمين، فإن دعوتهم تحيط من ورائهم».**

440. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلماننىڭ قەلبىدىن خىيانەتنى يوقىتىدىغان ئۈچ تۈرلۈك خىسلەت بار: 1. ھەربىر ئەمەلنى اللہ ئۈچۈن خالىس قىلىش؛ 2. ئىش ئۈستىدىكىلەرگە سەمىمىي بولۇش؛ 3. مۇسۇلمانلار جامائىتىنى لازىم تۇتۇش، چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ دەۋىتى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغداپ قورشاپ تۇرىدۇ».[③]

**441. عن جرير بن عبد الله رضي الله عنه قال: «بايعت رسول الله ﷺ على إقام الصلاة، وإيتاء الزكاة، والنصح لكل مسلم».**

441. جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكات بېرىشكە ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا

---

[①] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[②] مۇسلىم توپلىغان.

[③] ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان؛ ئىبنى ھەجەر، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

سەممىمي بولۇشقا بەيئەت قىلغانىدىم». [1]

442. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «ثلاث لا يكلمهم الله يوم القيامة، ولا ينظر إليهم، ولا يزكيهم ولهم عذاب أليم: رجل على فضل ماء بالفلاة يمنعه من ابن السبيل، ورجل بايع رجلا بسلعة بعد العصر فحلف له بالله لأخذها بكذا وكذا فصدقه وهو على غير ذلك، ورجل بايع إماما لا يبايعه إلا لدنيا فإن أعطاه منها وفى، وإن لم يعطه منها لم يف».

442. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله قىيامەت كۈنى ئۈچ تۈرلۈك ئادەمگە گەپ قىلمايدۇ، (رەھمەت نەزىرى بىلەن) قارىمايدۇ ۋە ئۇلارنى پاكلىمايدۇ؛ ئۇلار دەرتلىك ئازابقا دۇچار بولىدۇ. بىرىنچىسى، چۆل-باياۋاندا ئارتۇق سۈيى بار تۇرۇپ، ئۇنى يولۇچىلارغا بەرمىگەن ئادەم؛ ئىككىنچىسى، ئەسىر نامىزىدىن كېيىن بىر ئادەمگە ‹مەن بۇ مالنى مۇنچىگە ئالدىم› دەپ، ئۇنداق ئالمىغان تۇرۇپ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىپ، باشقىلارنى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈپ مېلىنى ساتقان ئادەم؛ ئۈچىنچىسى، بىرەر ئەمىرگە پەقەت دۇنيالىق ئۈچۈن بەيئەت قىلغان، ئەمىر ئۇ ئادەمگە مال-دۇنيادىن بەرسە ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىدىغان، بەرمىسە ۋاپا قىلمايدىغان ئادەم». [2]

## (4) ئەمىرنى ھۆرمەت قىلىش

443. عن معاذ بن جبل رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «خمس من فعل واحدة منهن كان ضامنا على الله: من عاد مريضا، أو خرج مع جنازة، أو خرج غازيا، أو دخل على إمامه يريد تعزيزه وتوقيره، أو قعد في بيته فسلم الناس منه وسلم من الناس».

443. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بەش تۈرلۈك ئىش باركى، كىمكى ئۇنىڭدىن بىرنى قىلسا، الله تائالا ئۇ ئادەمگە كېپىل بولىدۇ: كېسەل يوقلاش، جىنازا بىلەن بىرگە چىقىش، غازاتقا چىقىش، ئەمىرنىڭ قېشىغا ئۇنى ئىززەتلەش ۋە ھۆرمەت قىلىش نىيىتى بىلەن كىرىش ھەمدە كىشىلەرگە زىيىنى يەتمەسلىكى ۋە باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا زىيان سالماسلىقى ئۈچۈن ئۆيىدە

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۆلتۈرۈش». [1]

**444. عن زياد بن كسيب العدوي قال: كنت مع أبي بكرة تحت منبر ابن عامر وهو يخطب وعليه ثياب رقاق، فقال أبو بلال: انظروا إلى أميرنا يلبس ثياب الفساق، فقال أبو بكرة: اسكت سمعت رسول الله ﷺ يقول: «من أهان سلطان الله في الأرض أهانه الله».**

444. زىياد ئىبنى كۇسەيب مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ بۇكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئىبنى ئامىرنىڭ مۇنبىرىنىڭ يېنىدا تۇراتتىم، ئۇ ئۇستىگە نېپىز كىيىم كىيگەن ھالەتتە خۇتبە سۆزلەۋاتاتتى. شۇ ۋاقىتتا ئەبۇ بىلال: «ئەمىرىمىزگە قاراڭلار! ئۇ پاسىقلارنىڭ كىيىمىنى كىيىۋاپتۇ» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ بۇكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بولدى قىل، مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: <كىمكى الله تەرىپىدىن يەر يۈزىگە پادىشاھ قىلىپ بېكىتىلگەن كىشىنى خارلىسا، الله مۇ ئۇنى خار قىلىدۇ>» دېدى. [2]

**445. عن أبي بكرة رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «السلطان ظل الله في الأرض فمن أكرمه أكرم الله ومن أهانه أهانه الله».**

445. ئەبۇ بۇكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «پادىشاھ بولسا الله نىڭ يەر يۈزىدىكى سايىسىدۇر. كىمكى ئۇنىڭغا ئېھتىرام قىلسا، الله مۇ ئۇنى ھۆرمەتلىك قىلىدۇ؛ كىمكى ئۇنى خارلىسا، الله مۇ ئۇنى خار قىلىدۇ». [3]

**446. وعن أبي بكرة رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «من أجل سلطان الله، أجله الله يوم القيامة».**

446. ئەبۇ بۇكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى الله زېمىنغا پادىشاھ قىلغان كىشىنى ھۆرمەتلىسە، الله مۇ قىيامەت كۈنى ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ». [4]

**447. عن أبي موسى الأشعري رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «إن من إجلال الله إكرام ذي الشيبة المسلم، وحامل القرآن غير الغالي فيه والجافي عنه، وإكرام ذي السلطان**

---

[1] تەبرانى، ئەھمەد ۋە ئىبنى ئەبۇ ئاسىم توپلىغان، سۇيۇتى ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[3] تەبرانى، بەيھەقى ۋە ئىبنى ئەبۇ ئاسىم توپلىغان، سۇيۇتى «سەھىھ» دېگەن، ئەلبانى «**ظلال الجنة**» ناملىق كىتابتا «ھەسەن» دېگەن.

[4] تەبرانى ۋە ئىبنى ئەبۇ ئاسىم توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

المقسط».

447. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ياشانغان مۇسۇلماننى ھۆرمەتلەش، قۇرئاننى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەي ياكى تاشلاپمۇ قويماي ئۆزلەشتۈرگەن كىشىنى ھۆرمەتلەش ھەمدە ئادىل (مۇسۇلمان) ھۆكۈمراننى ھۆرمەتلەش قاتارلىقلار بولسا الله نى ئۇلۇغلاشنىڭ جۈملىسىدىندۇر».①

## (5) ئەمىردىن يامان گۇمان قىلماسلىق ۋە ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئاچماسلىق

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اجْتَنِبُوا كَثِيرًا مِنَ الظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ وَلَا تَجَسَّسُوا﴾ «ئى مۇئمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، (مۇئمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار».②

**448. عن أبي هريرة رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «إياكم والظن، فإن الظن أكذب الحديث، ولا تحسسوا، ولا تجسسوا».**

448. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «گۇمان قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار چۈنكى گۇمان قىلىش سۆزلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يالغىنىدۇر. بىر-بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى كولىماڭلار، جاسۇسلۇق قىلىشماڭلار».③

**449. عن أبي برزة الأسلمي رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «يا معشر من آمن بلسانه، ولم يدخل الإيمان قلبه، لا تغتابوا المسلمين، ولا تتبعوا عوراتهم، فإنه من اتبع عوراتهم يتبع الله عورته، ومن يتبع الله عورته يفضحه في بيته».**

449. ئەبۇ بەرزە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى تىلىدا مۇسۇلمان بولغان بىراق دىلىغا ئىمان كىرمىگەنلەر! مۇسۇلمانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، ئەيىب-نۇقسانلىرىنى كولىماڭلار. قانداق بىر كىشى قېرىندىشىنىڭ ئەيىبىنى

---

① ئەبۇ داۋۇد توپلىغان: ئىبنى ھەجەر، نەۋەۋى ۋە ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

② سۈرە ھۇجۇرات 12- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

كوچىلىسا، الله ئۇنىڭ ئەيىبىنى كوچىلايدۇ. الله بىر كىشىنىڭ ئەيىبىنى كوچىلىسا، ئۇنى ئۆيىنىڭ ئىچىدە بولسىمۇ رەسۋا قىلىۋېتىدۇ». [1]

## 57 ـ باب

## مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن فىدىيە بېرىش ياكى ئەسىر ئالماشتۇرۇش ۋە ياكى جەڭ قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى[2] ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا لَكُمْ لَا تُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ الرِّجَالِ وَالنِّسَاءِ وَالْوِلْدَانِ الَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا أَخْرِجْنَا مِنْ هَٰذِهِ الْقَرْيَةِ الظَّالِمِ أَهْلُهَا وَاجْعَل لَّنَا مِن لَّدُنكَ وَلِيًّا وَاجْعَل لَّنَا مِن لَّدُنكَ نَصِيرًا﴾ «(ئى مۇئمىنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر ۋە (دۇئا قىلىپ): <ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل> دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھاد قىلمايسىلەر»[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنِ اسْتَنصَرُوكُمْ فِي الدِّينِ فَعَلَيْكُمُ النَّصْرُ إِلَّا عَلَىٰ قَوْمٍ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُم مِّيثَاقٌ﴾ «ئەگەر دىن ئىشىدا ئۇلار سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك»[4].

**450. عن أبي موسى رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «فكوا العاني، يعني: الأسير، وأطعموا الجائع، وعودوا المريض».**

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئىبنى ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «كۆزىمىز مىدىرلاپلا تۇرىدىكەن، دىن يولىدا ئېزىلگەنلەرگە ئىگە بولۇپ ياردەم بېرىشىمىز ۋاجىبتۇر. ئەگەر بىزنىڭ سانىمىز يېتەرلىك بولسا ياكى بارچە مېلىمىزنى سەرپ قىلىپ يېنىمىزدا بىر دىنارمۇ قالمىسا ھەم ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇشىمىز ۋاجىبتۇر» («**تفسير القرطبي**» 8 ـ توم 57 ـ بەت).

[3] سۈرە نىسا 75 ـ ئايەت.

[4] سۈرە ئەنفال 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

450. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەسىرلەرنى قۇتۇلدۇرۇڭلار، ئاچ قالغانلارغا تائام بېرىڭلار، كېسەللەرنى يوقلاڭلار!». ①

451. عن أبي جحيفة رضي الله عنه قال: قلت لعلي رضي الله عنه: هل عندكم شيء من الوحي إلا ما في كتاب الله؟ قال: «لا والذي فلق الحبة، وبرأ النسمة، ما أعلمه إلا فهما يعطيه الله رجلا في القرآن، وما في هذه الصحيفة»، قلت: وما في الصحيفة؟ قال: «العقل، وفكاك الأسير، وأن لا يقتل مسلم بكافر».

451. ئەبۇ جۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

— سىلەردە (يەنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ جەمەتىدە) الله نىڭ كىتابىدىن باشقا ۋەھىي بارمۇ؟ — دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

— (يەر ئاستىدىكى) داننى يارغان (يەنى ئۇنىڭدىن ئۆسۈملۈكنى بىخ ئۇرغۇزۇپ ئۈندۈرگەن) ۋە ئىنسانغا جان ئاتا قىلغان الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىراۋغا قۇرئاننى چۈشىنىشى ئۈچۈن الله بەخش قىلغان ئەقىل ۋە بۇ ۋاراقچىلاردىكى ئەھكاملاردىن باشقا بىرەر نەرسىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن، — دېدى. مەن:

— بۇ ۋاراقچىلاردىكى ئەھكاملار نېمىلەردىن ئىبارەت؟ — دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

— بۇنىڭدا دىيەتكە ئالاقىدار ھۆكۈملەر، ئەسىرلەرنى ئازاد قىلىش ۋە كاپىرنىڭ قىساسى ئۈچۈن مۇئمىنىنىڭ ئۆلتۈرۈلمەيدىغانلىقى قاتارلىق ھۆكۈملەر بار، — دېدى. ②

452. عن سلمة بن الأكوع رضي الله عنه قال: غزونا فزارة وعلينا أبو بكر، أمره رسول الله ﷺ علينا، فلما كان بيننا وبين الماء ساعة، أمرنا أبو بكر فعرسنا، ثم شن الغارة، فورد الماء، فقتل من قتل عليه، وسبى، وأنظر إلى عنق من الناس فيهم الذراري، فخشيت أن يسبقوني إلى الجبل، فرميت بسهم بينهم وبين الجبل، فلما رأوا السهم وقفوا، فجئت بهم أسوقهم وفيهم امرأة من بني فزارة عليها قشع من أدم - قال: القشع: النطع - معها ابنة لها

---

① بۇخارى توپلىغان.

② بۇخارى توپلىغان.

من أحسن العرب، فسقتهم حتى أتيت بهم أبا بكر، فنفلني أبو بكر ابنتها، فقدمنا المدينة وما كشفت لها ثوبا، فلقيني رسول الله ﷺ في السوق، فقال: «يا سلمة، هب لي المرأة»، فقلت: يا رسول الله، والله لقد أعجبتني وما كشفت لها ثوبا، ثم لقيني رسول الله ﷺ من الغد في السوق، فقال لي: «يا سلمة، هب لي المرأة لله أبوك»، فقلت: هي لك يا رسول الله، فوالله ما كشفت لها ثوبا، فبعث بها رسول الله ﷺ إلى أهل مكة، ففدى بها ناسا من المسلمين كانوا أسروا بمكة.

452. سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوماندانلىقىدا فەزارە قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلدۇق. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى بىزگە قوماندان قىلىپ بەلگىلىگەنىدى. سۇ بار يەرگە بىر سائەتلىك يول قالغاندا، ئەبۇبەكرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كېچىنىڭ ئاخىرىدا چۈشكۈن قىلىپ ئارام ئالدۇق. ئاندىن ھۇجۇمغا ئاتلىنىپ، دۈشمەنلەرنى سۇ بار جايغا قىستاپ كەلدۇق ۋە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بەزىلىرىنى ئەسىرگە ئالدۇق. شۇ ئەسنادا، ئايال ـ باللاردىن تەركىب تاپقان بىر توپ كىشىگە كۆزۈم چۈشتى. ئۇلارنىڭ مەندىن بۇرۇن تاغقا چىقىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تاغ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قارىتىپ بىر تال ئوق ئاتتىم. ئۇلار ئوقنى كۆرۈپ توختاپ قېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنى ئالدىمغا سېلىپ، ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا فەزارە قەبىلىسىدىن بولغان ئۈستىگە تېرە كىيىم كىيىۋالغان بىر ئايال بولۇپ، يېنىدا بەكمۇ چىرايلىق بىر قىزى بار ئىدى. مەنچە ئۇ قىز ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىن چىققان ساھىبجامال ئىدى. ئەبۇبەكرى ئۇ ئايالنىڭ قىزىنى غەنىيمەت سۈپىتىدە ماڭا بەردى.

شۇنداق قىلىپ، بىز مەدىنىگە قايتىپ كەلدۇق. مەن تېخى ئۇ قىزغا يېقىنچىلىق قىلماي تۇرۇپ، بازاردا پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. پەيغەمبەر ﷺ ماڭا:

— ئى سەلەمە! ھېلىقى قىزنى ماڭا بەرگىن، — دېدى. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇنى بەكلا ياقتۇرۇپ قالدىم لېكىن ئۇنىڭغا تېخى يېقىنچىلىق قىلمىدىم، — دېدىم. ئەتىسى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بازاردا يەنە ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ:

— ئى سەلەمە! الله داداڭغا رەھمەت قىلسۇن، ھېلىقى قىزنى ماڭا بەرگىن، — دېدى. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ قىز سېنىڭ بولسۇن. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىپ باقمىدىم، — دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ مەككە ئەھلىگە ئەسىر چۈشۈپ قالغان بىر گۇرۇھ مۇسۇلماننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ قىزنى فىديە ئورنىدا مەككە ئەھلىگە يوللىدى.[1]

**453. عن عمران بن حصين رضي الله عنه قال: كانت ثقيف حلفاء لبني عقيل، فأسرت ثقيف رجلين من أصحاب رسول الله ﷺ، وأسر أصحاب رسول الله ﷺ، رجلا من بني عقيل، وأصابوا معه العضباء، فأتى عليه رسول الله ﷺ وهو في الوثاق، قال: يا محمد، فأتاه، فقال: «ما شأنك؟» فقال: بم أخذتني، وبم أخذت سابقة الحاج؟ فقال: «إعظاما لذلك أخذتك بجريرة حلفائك ثقيف»، ثم انصرف عنه، فناداه، فقال: يا محمد، يا محمد، وكان رسول الله ﷺ رحيما رقيقا، فرجع إليه، فقال: «ما شأنك؟» قال: إني مسلم، قال: «لو قلتها وأنت تملك أمرك أفلحت كل الفلاح»، ثم انصرف، فناداه، فقال: يا محمد، يا محمد، فأتاه، فقال: «ما شأنك؟» قال: إني جائع فأطعمني، وظمآن فأسقني، قال: «هذه حاجتك»، ففدي بالرجلين.**

453. ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: سەقىف قەبىلىسى بىلەن بەنى ئۇقەيل قەبىلىسى ئىتتىپاقداش ئىدى. سەقىف قەبىلىسى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن ئىككى ئادەمنى ئەسىر ئېلىۋالدى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىمۇ بەنى ئۇقەيل قەبىلىسىدىن بىر ئادەمنى ئەسىر ئالدى. ئۇلار يەنە ئۇنىڭ بىلەن ئەزبائ ئىسىملىك بىر تۆگىنىمۇ غەنىيمەت ئالغانىدى.

پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئەسىرنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئۇ باغلاقلىق ئىدى. ئۇ:

— ئى مۇھەممەد! — دەپ چاقىردى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— نېمە گېپىڭ بار؟ — دېدى. ئۇ:

— مېنى نېمىشقا تۇتۇۋالدىڭ؟ ھاجىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بۇ تۆگىنى نېمىشقا تۇتۇۋالدىڭ؟ — دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— شۇنىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىن شۇنداق قىلدىم. سېنى سېنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىڭنىڭ جىنايىتى تۈپەيلىدىن تۇتۇۋالدىم، — دېدى، ئاندىن

[1] مۇسلىم توپلىغان.

قايتىپ ماڭدى. ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نى يەنە چاقىرىپ:

ـــ ئى مۇھەممەد! ئى مۇھەممەد! ـــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ناھايىتى رەھىمدىل ۋە كۆيۈمچان ئىدى. ئۇ قايتىپ كېلىپ:

ـــ ھە، يەنە نېمە گېپىڭ بار؟ ـــ دېدى. ئۇ:

ـــ مەن مۇسۇلمان بولدۇم، ـــ دېگەندى، پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ بۇ سۆزۈڭنى سەن ئۆزەڭگە ئىگىدارچىلىق قىلالايدىغان چاغدا ئېيتقان بولساڭ ئىدىڭ، تولۇق نىجاتلىققا ئېرىشكەن بولاتتىڭ، ـــ دېدى. ئاندىن قايتىپ يولىغا ماڭدى. ئۇ يەنە چاقىرىپ:

ـــ ئى مۇھەممەد! ئى مۇھەممەد! ـــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ يەنە كېلىپ:

ـــ ھە، يەنە نېمە گېپىڭ بار؟ ـــ دېدى. ئۇ:

ـــ قورسىقىم ئاچ، ماڭا تاماق بەرگىن. ئۇسساپ كەتتىم، سۇ بەرگىن! ـــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ بۇ تەلىپىڭ ئورۇندىلىدۇ، ـــ دېدى. كېيىن، ئۇ ئادەم ھېلىقى ئىككى مۇسۇلمان بىلەن ئالماشتۇرۇلدى.[1]

## 58 ـ باب

## الله تائالانىڭ بۇ دىننى پاسىق كىشى بىلەنمۇ كۈچلەندۈرىدىغانلىقى ھەققىدە

**454. عن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «ليؤيدن الله هذا الدين بقوم لا خلاق لهم».**

454. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله بۇ دىننى ھەقىقەتەن دىندىن ھېچبىر نېسىۋىسى يوق كىشىلەر بىلەنمۇ كۈچلەندۈرىدۇ».[2]

**455. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: شهدنا مع رسول الله ﷺ فقال لرجل ممن يدعي الإسلام: «هذا من أهل النار»، فلما حضر القتال قاتل الرجل قتالا شديدا فأصابته جراحة،**

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئىبنى ھىببان ۋە تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

**فقيل: يا رسول الله، الذي قلت له إنه من أهل النار، فإنه قد قاتل اليوم قتالا شديدا وقد مات، فقال النبي ﷺ: «إلى النار»، قال: فكاد بعض الناس أن يرتاب، فبينما هم على ذلك، إذ قيل: إنه لم يمت، ولكن به جراحا شديدا، فلما كان من الليل لم يصبر على الجراح فقتل نفسه، فأخبر النبي ﷺ بذلك، فقال: «الله أكبر، أشهد أني عبد الله ورسوله»، ثم أمر بلالا فنادى بالناس: «إنه لا يدخل الجنة إلا نفس مسلمة، وإن الله ليؤيد هذا الدين بالرجل الفاجر».**

455. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىر ئۇرۇشقا قاتناشقانىدۇق، ئۇ ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ يۈرگەن بىر كىشى ھەققىدە: «بۇ ئادەم دوزاخ ئەھلىدىندۇر» دېدى.

ئۇرۇش باشلانغاندا ھېلىقى كىشى باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ يارىلاندى. شۇنىڭ بىلەن، بەزىلەر پەيغەمبەر ﷺ گە: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن دوزاختا كىرىدىغانلىقىنى ئېيتقان كىشى بۈگۈن باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ ئۆلۈپ كەتتى» دېيىشتى. ئەمما پەيغەمبەر ﷺ يەنىلا: «ئۇ ئۇدۇل جەھەننەمگە باردۇ» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان بەزى كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۆزىدىن شەكلىنىپ قالدى. دەل شۇ پەيتتە بىرى كېلىپ: «ئەسلىدە ئۇ ئۆلمەي ئېغىر يارىلانغانىكەن. قاراڭغۇ چۈشكەندە يارىسىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ» دېدى. بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ﷺ گە يەتكۈزۈلگەن ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «الله ئەكبەر! گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مەن ھەقىقەتەن الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇرمەن» دېدى. ئاندىن بىلالنى جامائەتنى چاقىرىشقا بۇيرۇدى. جامائەت توپلانغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ: «جەننەتكە پەقەت مۇسۇلمان كىشىلەر كىرىدۇ. الله بۇ دىننى پاسىق كىشى بىلەنمۇ كۈچلەندۈرىدۇ» دېدى.[1]

**456. عن ابن عباس رضي الله عنهما قال: حدثني عمر بن الخطاب، قال: لما كان يوم خيبر، أقبل نفر من صحابة النبي ﷺ، فقالوا: فلان شهيد، فلان شهيد، حتى مروا على رجل، فقالوا: فلان شهيد، فقال رسول الله ﷺ: «كلا، إني رأيته في النار في بردة غلها أو عباءة» ثم قال رسول الله ﷺ: «يا ابن الخطاب، اذهب فناد في الناس، أنه لا يدخل الجنة إلا المؤمنون»، قال: فخرجت فناديت: ألا إنه لا يدخل الجنة إلا المؤمنون».**

456. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: [خەيبەر غازىتى بولغان

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان

كۆنى بىر تۇركۇم ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «پالانى ـ پوكۇنى شەھىد بولدى» دېيىشىپ، ھەتتا يەنە بىر كىشىنىمۇ تىلغا ئېلىپ: «پالانىمۇ شەھىد بولدى» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنداق ئەمەس، مەن ئۇنىڭ غەنىيمەتتىن بىر تون ياكى بىر كىيىمگە خىيانەت قىلغانلىقى ئۇچۇن دوزاختا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم» دېدى. ئاندىن: «ئى خەتتابنىڭ ئوغلى! بېرىپ كىشىلەرگە: <جەننەتكە مۇئمىنلەردىن باشقىلار كىرمەيدۇ> دەپ ئېلان قىلغىن» دېگەندى، مەن چىقىپ: «ئى خالايىق! جەننەتكە مۇئمىنلەردىن باشقىلار كىرمەيدۇ» دەپ ئېلان قىلدىم].[1]

## 59 ـ باب

## جەڭدە غەنىيمەت ئالغان كىشىنىڭ ساۋابىنىڭ كېمىيىپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە

**457. عن عبد الله بن عمرو رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «ما من غازية، أو سرية، تغزو فتغنم وتسلم، إلا كانوا قد تعجلوا ثلثي أجورهم، وما من غازية، أو سرية، تخفق وتصاب، إلا تم أجورهم».**

457. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر غازاتچى قوشۇن ياكى كىچىك قوشۇن غازات قىلىپ غەنىيمەت ئېلىپ سالامەت قايتسىلا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئېلىپ بولغان بولىدۇ. قانداق بىر غازاتچى قوشۇن غازات قىلىپ غەنىيمەت ئالماستىن مۇسىبەتكە ئۇچرايدىكەن، تولۇق ئەجرگە ئېرىشىدۇ».[2]

**458. عن عبد الله بن عمرو رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال: «ما من غازية تغزو في سبيل الله فيصيبون الغنيمة، إلا تعجلوا ثلثي أجرهم من الآخرة، ويبقى لهم الثلث، وإن لم يصيبوا غنيمة، تم لهم أجرهم».**

458. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ يولىدا غازاتقا چىققان ھەرقانداق بىر قوشۇن بىرەر غەنىيمەتكە ئېرىشسە، ئاخىرەتتىكى ئەجرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى (مۇشۇ دۇنيادىلا) ئېلىپ بولغان بولىدۇ، ئاخىرەتكە ئۈچتىن بىر قىسمى قالىدۇ. ئەگەر غەنىيمەتكە ئېرىشمىسە تولۇق ئەجرگە ئېرىشىدۇ».[①]

## 60ـ باب

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ غازاتلىرىنىڭ سانى

**459. عن أبي إسحاق: أن عبد الله بن يزيد خرج يستسقي بالناس، فصلى ركعتين، ثم استسقى، قال: فلقيت يومئذ زيد بن أرقم، وقال: ليس بيني وبينه غير رجل - أو بيني وبينه رجل - قال: فقلت له: كم غزا رسول الله ﷺ؟ قال: «تسع عشرة»، فقلت: كم غزوت أنت معه؟ قال: «سبع عشرة غزوة»، قال: فقلت: فما أول غزوة غزاها؟ قال: «ذات العسير أو العشير».**

459. ئەبۇ ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد جامائەتنى ئېلىپ سۇ تەلەپ قىلىش ئۈچۈن چىقتى ۋە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن سۇ تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلدى. شۇ كۈنى مەن زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئارامدا پەقەت بىرلا ئادەم بار ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن:

ــ رەسۇلۇللاھ ﷺ قانچە قېتىم غازات قىلغان؟ ــ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ــ 19 قېتىم، ــ دېدى. مەن:

ــ سەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە قانچە قېتىم غازاتقا قاتناشقان؟ ــ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ 17 قېتىم، ــ دېدى. مەن يەنە:

ــ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەڭ دەسلەپكى غازىتى قايسى ئىدى؟ ــ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ زاتۇلئۇسەير (ياكى زاتۇلئۇشەير) غازىتى، ــ دېدى.[②]

---

[①] مۇسلىم توپلىغان.

[②] مۇسلىم توپلىغان.

**460. عن بريدة رضي الله عنه قال: غزا رسول الله ﷺ تسع عشرة غزوة، قاتل في ثمان منهن.**

460. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ 19 قېتىم غازات يۇرۇشى قىلغان بولۇپ، سەككىز قېتىملىقىدا ئۆزى بىۋاستە جەڭ قىلغان». ①

## 61 ـ باب

## بەدر غازىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ نَصَرَكُمُ اللَّهُ بِبَدْرٍ وَأَنْتُمْ أَذِلَّةٌ فَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ۞ إِذْ تَقُولُ لِلْمُؤْمِنِينَ أَلَنْ يَكْفِيَكُمْ أَنْ يُمِدَّكُمْ رَبُّكُمْ بِثَلَاثَةِ آلَافٍ مِنَ الْمَلَائِكَةِ مُنْزَلِينَ ۞ بَلَى إِنْ تَصْبِرُوا وَتَتَّقُوا وَيَأْتُوكُمْ مِنْ فَوْرِهِمْ هَذَا يُمْدِدْكُمْ رَبُّكُمْ بِخَمْسَةِ آلَافٍ مِنَ الْمَلَائِكَةِ مُسَوِّمِينَ ۞ وَمَا جَعَلَهُ اللَّهُ إِلَّا بُشْرَى لَكُمْ وَلِتَطْمَئِنَّ قُلُوبُكُمْ بِهِ وَمَا النَّصْرُ إِلَّا مِنْ عِنْدِ اللَّهِ الْعَزِيزِ الْحَكِيمِ ۞ لِيَقْطَعَ طَرَفًا مِنَ الَّذِينَ كَفَرُوا أَوْ يَكْبِتَهُمْ فَيَنْقَلِبُوا خَائِبِينَ ۞﴾ «الله سىلەرگە بەدردە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (سانىڭلار ۋە قوراللىڭلار ئاز ئىدى). الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نۇسرىتىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن الله تىن قورقۇڭلار[123]. (ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا سەن مۆمىنلەرگە: <پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە ئۈچ مىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈپ ياردەم بەرسە يەنە يەتمەمدۇ؟> دەيتتىڭ [124]. شۇنداق، ئۇ يېتىدۇ. ئەگەر (جەڭدە) سەۋر قىلساڭلار، (الله تىن) قورقۇپ (ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلساڭلار)، دۈشمەن دەرھال ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە بەش مىڭ نىشانلىق پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىدۇ [125]. الله ئۇنى (يەنى پەرىشتىلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىشنى) پەقەت سىلەرگە خۇشخەۋەر بولسۇن ۋە دىلىڭلار شۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم بولسۇن (شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنىنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن قورقمىسۇن) دەپ قىلدى. ياردەم پەقەت غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى الله تەرىپىدىندۇر [126]. (الله نىڭ ياردىمى) كاپىرلارنىڭ بىر تۈركۈمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ياكى ئۇلارنى رەسۋا قىلىپ، ئۇلارنىڭ

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۇمىدسىز هالدا مەغلۇب بولۇشلىرى ئۈچۈندۇر [127]»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَمَا أَخْرَجَكَ رَبُّكَ مِنْ بَيْتِكَ بِالْحَقِّ وَإِنَّ فَرِيقًا مِنَ الْمُؤْمِنِينَ لَكَارِهُونَ ۞ يُجَادِلُونَكَ فِي الْحَقِّ بَعْدَمَا تَبَيَّنَ كَأَنَّمَا يُسَاقُونَ إِلَى الْمَوْتِ وَهُمْ يَنْظُرُونَ ۞ وَإِذْ يَعِدُكُمُ اللَّهُ إِحْدَى الطَّائِفَتَيْنِ أَنَّهَا لَكُمْ وَتَوَدُّونَ أَنَّ غَيْرَ ذَاتِ الشَّوْكَةِ تَكُونُ لَكُمْ وَيُرِيدُ اللَّهُ أَنْ يُحِقَّ الْحَقَّ بِكَلِمَاتِهِ وَيَقْطَعَ دَابِرَ الْكَافِرِينَ ۞ لِيُحِقَّ الْحَقَّ وَيُبْطِلَ الْبَاطِلَ وَلَوْ كَرِهَ الْمُجْرِمُونَ ۞ إِذْ تَسْتَغِيثُونَ رَبَّكُمْ فَاسْتَجَابَ لَكُمْ أَنِّي مُمِدُّكُمْ بِأَلْفٍ مِنَ الْمَلَائِكَةِ مُرْدِفِينَ ۞ وَمَا جَعَلَهُ اللَّهُ إِلَّا بُشْرَى وَلِتَطْمَئِنَّ بِهِ قُلُوبُكُمْ وَمَا النَّصْرُ إِلَّا مِنْ عِنْدِ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ۞ إِذْ يُغَشِّيكُمُ النُّعَاسَ أَمَنَةً مِنْهُ وَيُنَزِّلُ عَلَيْكُمْ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً لِيُطَهِّرَكُمْ بِهِ وَيُذْهِبَ عَنْكُمْ رِجْزَ الشَّيْطَانِ وَلِيَرْبِطَ عَلَى قُلُوبِكُمْ وَيُثَبِّتَ بِهِ الْأَقْدَامَ ۞ إِذْ يُوحِي رَبُّكَ إِلَى الْمَلَائِكَةِ أَنِّي مَعَكُمْ فَثَبِّتُوا الَّذِينَ آمَنُوا سَأُلْقِي فِي قُلُوبِ الَّذِينَ كَفَرُوا الرُّعْبَ فَاضْرِبُوا فَوْقَ الْأَعْنَاقِ وَاضْرِبُوا مِنْهُمْ كُلَّ بَنَانٍ ۞ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ شَاقُّوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَمَنْ يُشَاقِقِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَإِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ ۞ ذَلِكُمْ فَذُوقُوهُ وَأَنَّ لِلْكَافِرِينَ عَذَابَ النَّارِ ۞ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا لَقِيتُمُ الَّذِينَ كَفَرُوا زَحْفًا فَلَا تُوَلُّوهُمُ الْأَدْبَارَ ۞ وَمَنْ يُوَلِّهِمْ يَوْمَئِذٍ دُبُرَهُ إِلَّا مُتَحَرِّفًا لِقِتَالٍ أَوْ مُتَحَيِّزًا إِلَى فِئَةٍ فَقَدْ بَاءَ بِغَضَبٍ مِنَ اللَّهِ وَمَأْوَاهُ جَهَنَّمُ وَبِئْسَ الْمَصِيرُ ۞ فَلَمْ تَقْتُلُوهُمْ وَلَكِنَّ اللَّهَ قَتَلَهُمْ وَمَا رَمَيْتَ إِذْ رَمَيْتَ وَلَكِنَّ اللَّهَ رَمَى وَلِيُبْلِيَ الْمُؤْمِنِينَ مِنْهُ بَلَاءً حَسَنًا إِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ۞ ذَلِكُمْ وَأَنَّ اللَّهَ مُوهِنُ كَيْدِ الْكَافِرِينَ ۞ إِنْ تَسْتَفْتِحُوا فَقَدْ جَاءَكُمُ الْفَتْحُ وَإِنْ تَنْتَهُوا فَهُوَ خَيْرٌ لَكُمْ وَإِنْ تَعُودُوا نَعُدْ وَلَنْ تُغْنِيَ عَنْكُمْ فِئَتُكُمْ شَيْئًا وَلَوْ كَثُرَتْ وَأَنَّ اللَّهَ مَعَ الْمُؤْمِنِينَ ۞﴾ «(غەنىيمەت تەقسىماتى توغرىسىدىكى هۆكۈمنىڭ الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاس قىلىنغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقى) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى ھەقلىق رەۋىشتە ئۆيۈڭدىن (يەنى ئۆيۈڭ جايلاشقان مەدىنىدىن ئۇرۇشقا) چىقارغانلىقىنى (ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقىغا) ئوخشايدۇ. مۇئمىنلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا چىقىشنى) ئەلۋەتتە يامان كۆرىدۇ [5]. ئۇلار گويا (ئالامەتلىرى) كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان ئۆلۈمگە ھەيدىلىۋاتقاندەك، ھەقىقەت ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن ھەقىقەت (يەنى ئۇرۇشقا چىقىش مەسىلىسى) ئۈستىدە سەن بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ [6]. ئۆز ۋاقتىدا الله ئىككى گۇرۇھ (بىرى مۇشرىكلار كارۋىنى، يەنى بىرى مۇشرىكلار قوشۇنى)دىن بىرىنىڭ قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ۋەدە قىلدى، سىلەر قورالسىز گۇرۇھنىڭ (يەنى كارۋاننىڭ) قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ياقتۇردۇڭلار. الله ئۆز سۆزلىرى

[1] سۈرە ئال ئىمران 123 ـ ئايەتتىن 127 ـ ئايەتكىچە.

ئارقىلىق ھەقنى ھەق قىلىشنى (يەنى ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىشنى)، كاپىرلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشنى خالايدۇ [7]. الله گۇناھكار ئادەملەرنىڭ ياقتۇرمىغىنىغا قارىماي ھەقنى ھەق (يەنى ئىسلامنى ئاشكارا) قىلىدۇ، باتىل (يەنى كۇفرى) نى بەربات قىلىدۇ [8]. ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، الله : <سىلەرگە ئارقىمۇئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن> دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى [9]. الله سىلەرگە پەقەت (غەلىبە قىلىدىغانلىقىڭلارغا) بېشارەت بېرىش ۋە كۆڭۈللىرىڭلارنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈنلا ياردەم بەردى. ياردەم پەقەت الله تەرىپىدىنلا كېلىدۇ. الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [10]. ئۆز ۋاقتىدا الله تىنچلاندۇرۇش يۈزىسىدىن سىلەرگە ئۈيقۇ بېغىشلىدى؛ (تاھارەت ئېلىپ، غۇسلى قىلىپ) پاك بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن، (الله نىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ قىلىپ) كۆڭۈللىرىڭلارنىڭ توق تۇرۇشى ئۈچۈن، قەدەملىرىڭلارنىڭ (قۇمغا پېتىپ كەتمەي) مەزمۇت تۇرۇشى ئۈچۈن، الله سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى [11]. ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: <مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۆئمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن> دەپ ۋەھيي قىلدى. (قىلىچ بىلەن كاپىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگە چېپىڭلار (يەنى باشلىرىنى كېسىڭلار)، ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا (ھەممە ئەزاسىغا چېپىڭلار) [12]. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلدى. كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلىدىكەن، الله ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ [13]. (ئى كاپىرلار جامائەسى! بۇ دۇنيادا) مۇشۇنداق جازانى تېتىڭلار. كاپىرلار (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ [14]. ئى مۆئمىنلەر! كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن چېغىڭلاردا، ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار (يەنى قاچماڭلار) [15]. كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش ياكى (ياردەم تىلەش) ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن، بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! [16]. (ئى

مۇسۇلمانلار! بەدرده) ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر (ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن) ئۆلتۈرگىنىڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى (سىلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىش بىلەن) الله ئۆلتۈردى، (ئى مۇھەممەد بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى (مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە) الله ئاتتى. (الله نىڭ مۇنداق قىلىشى) مۇئمىنلەرگە (ساۋاب، غەلىبە، غەنىيمەتلەردىن ئىبارەت) چىرايلىق ئىنئاملارنى ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئىدى. الله ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى، ئەھۋاللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [17]. بۇ (الله نىڭ مۇئمىنلەرگە بەرگەن ئىنئامىدۇر). الله كاپىرلارنىڭ ھىيلىسىنى چوقۇم مەغلۇب قىلغۇچىدۇر [18]. (ئى كۇففارلار جامائەسى!) ئەگەر سىلەر غەلىبىنى تىلىسەڭلار، غەلىبە ئاللىقاچان سىلەرگە كەلدى (يەنى ئۇ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا كەلدى). ئەگەر (پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇرۇشساڭلار، بىز ئۇنىڭغا يەنە ياردەم بېرىمىز؛ قوشۇنۇڭلار كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ سىلەردىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلىپ بېرەلمەيدۇ، الله ھەقىقەتەن مۇئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر [19]»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْلَمُوا أَنَّمَا غَنِمْتُمْ مِنْ شَيْءٍ فَأَنَّ لِلَّهِ خُمُسَهُ وَلِلرَّسُولِ وَلِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السَّبِيلِ إِنْ كُنْتُمْ آمَنْتُمْ بِاللَّهِ وَمَا أَنْزَلْنَا عَلَى عَبْدِنَا يَوْمَ الْفُرْقَانِ يَوْمَ الْتَقَى الْجَمْعَانِ وَاللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ۞ إِذْ أَنْتُمْ بِالْعُدْوَةِ الدُّنْيَا وَهُمْ بِالْعُدْوَةِ الْقُصْوَى وَالرَّكْبُ أَسْفَلَ مِنْكُمْ وَلَوْ تَوَاعَدْتُمْ لَاخْتَلَفْتُمْ فِي الْمِيعَادِ وَلَكِنْ لِيَقْضِيَ اللَّهُ أَمْرًا كَانَ مَفْعُولًا لِيَهْلِكَ مَنْ هَلَكَ عَنْ بَيِّنَةٍ وَيَحْيَى مَنْ حَيَّ عَنْ بَيِّنَةٍ وَإِنَّ اللَّهَ لَسَمِيعٌ عَلِيمٌ ۞ إِذْ يُرِيكَهُمُ اللَّهُ فِي مَنَامِكَ قَلِيلًا وَلَوْ أَرَاكَهُمْ كَثِيرًا لَفَشِلْتُمْ وَلَتَنَازَعْتُمْ فِي الْأَمْرِ وَلَكِنَّ اللَّهَ سَلَّمَ إِنَّهُ عَلِيمٌ بِذَاتِ الصُّدُورِ ۞ وَإِذْ يُرِيكُمُوهُمْ إِذِ الْتَقَيْتُمْ فِي أَعْيُنِكُمْ قَلِيلًا وَيُقَلِّلُكُمْ فِي أَعْيُنِهِمْ لِيَقْضِيَ اللَّهُ أَمْرًا كَانَ مَفْعُولًا وَإِلَى اللَّهِ تُرْجَعُ الْأُمُورُ ۞ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا لَقِيتُمْ فِئَةً فَاثْبُتُوا وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ۞ وَأَطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَا تَنَازَعُوا فَتَفْشَلُوا وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْ وَاصْبِرُوا إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ ۞ وَلَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ خَرَجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ بَطَرًا وَرِئَاءَ النَّاسِ وَيَصُدُّونَ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ وَاللَّهُ بِمَا يَعْمَلُونَ مُحِيطٌ ۞ وَإِذْ زَيَّنَ لَهُمُ الشَّيْطَانُ أَعْمَالَهُمْ وَقَالَ لَا غَالِبَ لَكُمُ الْيَوْمَ مِنَ النَّاسِ

① سۈره ئەنفال 5- ئايەتتىن 19- ئايەتكىچە.

وَإِنِّي جَارٌ لَكُمْ فَلَمَّا تَرَاءَتِ الْفِئَتَانِ نَكَصَ عَلَى عَقِبَيْهِ وَقَالَ إِنِّي بَرِيءٌ مِنْكُمْ إِنِّي أَرَى مَا لَا تَرَوْنَ إِنِّي أَخَافُ اللَّهَ وَاللَّهُ شَدِيدُ الْعِقَابِ ۞ إِذْ يَقُولُ الْمُنَافِقُونَ وَالَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ غَرَّ هَٰؤُلَاءِ دِينُهُمْ وَمَنْ يَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ فَإِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ۞ وَلَوْ تَرَى إِذْ يَتَوَفَّى الَّذِينَ كَفَرُوا الْمَلَائِكَةُ يَضْرِبُونَ وُجُوهَهُمْ وَأَدْبَارَهُمْ وَذُوقُوا عَذَابَ الْحَرِيقِ ۞ ذَٰلِكَ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيكُمْ وَأَنَّ اللَّهَ لَيْسَ بِظَلَّامٍ لِلْعَبِيدِ ۞ كَدَأْبِ آلِ فِرْعَوْنَ وَالَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ كَفَرُوا بِآيَاتِ اللَّهِ فَأَخَذَهُمُ اللَّهُ بِذُنُوبِهِمْ إِنَّ اللَّهَ قَوِيٌّ شَدِيدُ الْعِقَابِ ۞﴾ «(ئى مۆئمىنلەر!) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرى الله قا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش-ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاستۇر. ئەگەر سىلەر الله قا، ئىككى گۇرۇھ (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار) ئۇچرىشىپ ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلغان كۈندە (يەنى بەدر ئۇرۇشى بولغان كۈندە) بەندىمىزگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز نازىل قىلغان نەرسىلەر (يەنى ئايەتلەر ۋە پەرىشتىلەر)گە ئىشەنسەڭلار (الله نىڭ غەنىيمەت توغرىسىدىكى ھۆكمىنىڭ ئەنە شۇ ئىكەنلىكىنى بىلىڭلار). الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر [41]. ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يېقىن تەرىپىدە ئىدىڭلار، ئۇلار ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يىراق تەرىپىدە ئىدى. (قۇرەيشنىڭ) سودا كارۋىنى بولسا سىلەرنىڭ تۆۋىنىڭلاردا ئىدى. (مۇشرىكلار بىلەن ئۇچرىشىشنى) ۋەدىلەشكەن بولساڭلار، سىلەر (ئۆزۈڭلارنىڭ ئازلىقىنى، مۇشرىكلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ) ئەلۋەتتە بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان بولاتتىڭلار لېكىن بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى ئەزىز، مۇشرىكلارنى خار قىلىشنى) الله ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن (سىلەرنى بەدردە مۇشرىكلار بىلەن ۋەدىسىز ئۇچراشتۇردى). الله نىڭ مۇنداق قىلىشى ھالاك بولىدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ھالاك بولۇشى، ياشايدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ياشىشى ئۈچۈن ئىدى. الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئەلۋەتتە ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [42]. (ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا، الله چۈشۈڭدە ساڭا ئۇلارنى (يەنى دۈشمەنلىرىڭنى) ئاز كۆرسەتتى، ئەگەر ساڭا ئۇلارنى كۆپ كۆرسەتكەن بولسا سىلەرگە چوقۇم قورقۇنچ چۈشەتتى ۋە جەڭ ئىشىدا چوقۇم دەتالاش قىلاتتىڭلار لېكىن الله (سىلەرنى مۇنداق قىلىشتىن) ساقلىدى. الله دىللاردىكىنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [43]. الله بولۇشقا تېگىشلىك

ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا (دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلسۇن دەپ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارغا ئاز كۆرسەتتى ۋە سىلەرنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە (سىلەرگە قارشى تەييارلىقتا بولمىسۇن دەپ) ئاز كۆرسەتتى. ھەممە ئىش اللە قا قايتۇرۇلىدۇ (اللە ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدۇ) [44]. ئى مۇئمىنلەر! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن اللە نى كۆپ ياد ئېتىڭلار [45]. (پۈتۈن سۆز ـ ھەرىكەتلىرىڭلاردا) اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ. سەۋر قىلىڭلار، اللە ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر [46]. يۇرتلىرىدىن چوڭچىلىق ۋە رىيا بىلەن چىققان كىشىلەر (يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى) گە ئوخشاش بولماڭلار، ئۇلار (كىشىلەرنى) اللە نىڭ يولىدىن توسىدۇ، اللە ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلگۈچىدۇر [47]. ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئۇلارغا (قەبىھ) ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ: <ھېچقانداق كىشى سىلەرنى يېڭەلمەيدۇ، مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە مەدەتكار> دېگەن ئىدى. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان چاغدا شەيتان ئارقىسىغا چېكىنىدى ۋە: <مەن سىلەردىن ئادا ـ جۇدامەن، سىلەر كۆرمەيۋاتقاننى ھەقىقەتەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، مەن راستلا اللە تىن قورقىمەن، اللە نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر> دېدى [48]. ئۆز ۋاقتىدا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا كېسەلى (يەنى شەك) بارلار: <بۇلارنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى) ئۇلارنىڭ دىنى ئالدىدى (يەنى مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىغا مەغرۇر بولۇپ، ئۆزلىرىنى يېڭىلمەس دەپ گۇمان قىلىپ، ئاز سانلىق تۇرۇقلۇق كۆپ سانلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا چىقتى)> دېدى. كىمكى اللە قا يۆلىنىدىكەن (اللە ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىدۇ). چۈنكى اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [49]. پەرىشتىلەر (بەدر ئۇرۇشىدا) كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرگەن بولاتتىڭ). (پەرىشتىلەر ئۇلارغا:) <دوزاخنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئازابىنى تېتىڭلار!> (دەيتتى) [50]. بۇ (ئازاب) سىلەرنىڭ

قىلمىش جىنايىتىڭلار تۈپەيلىدىندۇر، الله بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر [51]. (بۇ كاپىرلارنىڭ گۇناھ قىلىش ئادىتى) پىرئەۋن جامائەسى ۋە ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارنىڭ ئادىتىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلدى، گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن الله ئۇلارنى ھالاك قىلدى. الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر [52]»[①].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا سَبَقُوا إِنَّهُمْ لَا يُعْجِزُونَ﴾ «(بەدر ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلمەي قالغان) كاپىرلار قۇتۇلدۇق دەپ ئويلىمىسۇن، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ جازاسىدىن) ھەقىقەتەن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ»[②].

**461. عن رفاعة بن رافع رضي الله عنه قال: جاء جبريل إلى النبي ﷺ فقال: ما تعدون أهل بدر فيكم؟ قال: «من أفضل المسلمين» أو كلمة نحوها، قال: وكذلك من شهد بدرا من الملائكة.**

461. رىفائە ئىبنى رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئاراڭلاردىكى بەدر غازىتىغا قاتناشقانلارغا قانداق قارايسىلەر؟» دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر ﷺ: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى دەپ قارايمىز» دېدى ياكى شۇنىڭغا يېقىن بىر سۆزنى قىلدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «بەدر غازىتىغا قاتناشقان پەرىشتىلەرمۇ ھەم شۇنداق» دېدى.[③]

**462. عن علي رضي الله عنه قال: قال النبي ﷺ: «لعل الله اطلع إلى أهل بدر، فقال: اعملوا ما شئتم، فقد وجبت لكم الجنة، أو: فقد غفرت لكم».**

462. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله بەدر غازىتىغا قاتناشقانلارنىڭ دىللىرىدىكىنى بىلىپ ئۇلارغا: <خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، سىلەرگە جەننەت ۋاجىب بولدى> ياكى <مەن سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىۋەتتىم> دەۋەتكەن بولسا ئەجەب ئەمەس».[④]

---

[①] سۈرە ئەنفال 41- ئايەتتىن 52- ئايەتكىچە.

[②] سۈرە ئەنفال 59- ئايەت.

[③] بۇخارى توپلىغان.

[④] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**463. أن عبد الله بن كعب قال: سمعت كعب بن مالك رضي الله عنه يقول: لم أتخلف عن رسول الله ﷺ في غزوة غزاها إلا في غزوة تبوك، غير أني تخلفت عن غزوة بدر، ولم يعاتب أحد تخلف عنها، إنما «خرج رسول الله ﷺ يريد عير قريش، حتى جمع الله بينهم وبين عدوهم على غير ميعاد».**

463. ئابدۇللاھ ئىبنى كەئب مۇنداق دەيدۇ: مەن كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مەن پەيغەمبەر ﷺ چىققان بارلىق غازاتقا چىقتىم، پەقەت تەبۇك غازىتىغا چىقالمىدىم. بەدر غازىتىغا قاتناشمىغانلىقىمغا كەلسەك، بەدر غازىتىغا چىقمىغانلار ئەيىبلەنمىگەن ئىدى چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ ئەسلىدە ئۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قۇرەيش كارۋانلىرىنىڭ ماللىرىنى ئولجا ئېلىش مەقسىتىدە چىققان بولۇپ، كېيىن الله مۇسۇلمانلارنى ئويلىمىغان يەردىن دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قويغان ئىدى».[1]

**464. عن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: بعث رسول الله ﷺ بسيسة عينا ينظر ما صنعت عير أبي سفيان، فجاء وما في البيت أحد غيري، وغير رسول الله ﷺ، قال: لا أدري ما استثنى بعض نسائه، قال: فحدثه الحديث، قال: فخرج رسول الله ﷺ فتكلم، فقال: «إن لنا طلبة، فمن كان ظهره حاضرا فليركب معنا»، فجعل رجال يستأذنونه في ظهرانهم في علو المدينة، فقال: «لا، إلا من كان ظهره حاضرا»، فانطلق رسول الله ﷺ وأصحابه حتى سبقوا المشركين إلى بدر، وجاء المشركون، فقال رسول الله ﷺ: «لا يقدمن أحد منكم إلى شيء حتى أكون أنا دونه»، فدنا المشركون، فقال رسول الله ﷺ: «قوموا إلى جنة عرضها السموات والأرض»، قال: - يقول عمير بن الحمام الأنصاري: - يا رسول الله، جنة عرضها السموات والأرض؟ قال: «نعم»، قال: بخ بخ، فقال رسول الله ﷺ: «ما يحملك على قولك بخ بخ؟» قال: لا والله يا رسول الله، إلا رجاءة أن أكون من أهلها، قال: «فإنك من أهلها»، فأخرج تمرات من قرنه، فجعل يأكل منهن، ثم قال: لئن أنا حييت حتى آكل تمراتي هذه إنها لحياة طويلة، قال: فرمى بما كان معه من التمر، ثم قاتلهم حتى قتل.**

464. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدىكى كارۋاننىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن بۇسەيسەنى ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇ قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى يەتكۈزدى. ئۆيدە

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ ئىككىمىزلا بار ئىدۇق. ئايالىلىرىدىن بىرەرسى (ئىچكىرى) ئۆيدە بولسا بۇنى بىلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ سىرتقا چىقىپ ساھابىلەرگە سۆز قىلدى ۋە:

— دەرھال ئۆلارنىڭ كەينىدىن قوغلايلى، كىمنىڭ ئۇلىغى ھازىر بولسا مىنىپ چىقسۇن! — دېدى. بەزىلەر مەدىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ئوتلاۋاتقان ئۇلاغلىرىنى ئەكىلىۋېلىشقا پەيغەمبەر ﷺ دىن ئىجازەت سورىغان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ياق، پەقەت ئۇلىغى قېشىدا تەييار بولغان كىشىلا چىقسۇن، — دەپ جىكىلىدى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ساھابىلەر يولغا چىقىپ، بەدرگە مۇشرىكلاردىن بۇرۇن يېتىپ كەلدى. كېيىن مۇشرىكلارمۇ كېلىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— مەن بۇيرۇق بەرمىگۈچە ھېچقايسىڭلار قوزغالماڭلار! — دېدى. مۇشرىكلارمۇ يېقىن كېلىپ قالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— كەڭلىكى ئاسمان بىلەن زېمىندەك كېلىدىغان جەننەت ئۈچۈن ئاتلىنىڭلار! — دېدى. ئەنسارىلاردىن بولغان ئۇمەير ئىبنى ھۇمام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! كەڭلىكى ئاسمان بىلەن زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتمۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— ھەئە، — دېدى. ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— پاھ ـ پاھ! — دەپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— پاھ ـ پاھ دەپ كەتتىڭغۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! الله بىلەن قەسەمكى، مەن پەقەت شۇ جەننەت ئەھلىدىن بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ شۇنداق دېدىم، — دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— سەن ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلىدىن، — دېدى. ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوقدىنىدىن بىر قانچە تال خورمىنى چىقىرىپ يېيىشكە باشلىدى. ئاندىن:

— ئەگەر مەن بۇ خورمىلارنى يەپ بولغۇچە ياشىسام بەكلا ئۇزۇن ھايات

بولۇپ كەتكۈدەك، — دېدى ـ دە، خورمىلارنى تاشلىۋېتىپ، مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ شەھىد قىلىندى.[1]

**465. عن أنس رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ شاور حين بلغه إقبال أبي سفيان، قال: فتكلم أبو بكر، فأعرض عنه، ثم تكلم عمر، فأعرض عنه، فقام سعد بن عبادة، فقال: إيانا تريد يا رسول الله؟ والذي نفسي بيده، لو أمرتنا أن نخيضها البحر لأخضناها، ولو أمرتنا أن نضرب أكبادها إلى برك الغماد لفعلنا، قال: فندب رسول الله ﷺ الناس، فانطلقوا حتى نزلوا بدرا، ووردت عليهم روايا قريش، وفيهم غلام أسود لبني الحجاج، فأخذوه، فكان أصحاب رسول ﷺ يسألونه عن أبي سفيان، وأصحابه، فيقول: ما لي علم بأبي سفيان، ولكن هذا أبو جهل، وعتبة، وشيبة، وأمية بن خلف، فإذا قال ذلك ضربوه، فقال: نعم، أنا أخبركم، هذا أبو سفيان، فإذا تركوه فسألوه، فقال ما لي بأبي سفيان علم، ولكن هذا أبو جهل، وعتبة، وشيبة، وأمية بن خلف، في الناس، فإذا قال هذا أيضا ضربوه، ورسول ﷺ قائم يصلي، فلما رأى ذلك انصرف، قال: «والذي نفسي بيده، لتضربوه إذا صدقكم، وتتركوه إذا كذبكم»، قال، فقال رسول ﷺ: «هذا مصرع فلان»، قال: ويضع يده على الأرض «هاهنا، هاهنا»، قال: فما ماط أحدهم عن موضع يد رسول ﷺ.**

465. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇ سۇفيانىنىڭ (شامدىن) كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ساھابىلىرىدىن مەسلىھەت سورىدى. ئەبۇبەكرى سۆز قىلغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ سۆزىگە ئانچە قۇلاق سالمىدى. ئۆمەرمۇ سۆز قىلغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ سۆزىگىمۇ ئانچە قۇلاق سالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، سەئىد ئىبنى ئۇبادە ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! قارىغاندا، بىز (ئەنسارىلار)نىڭ مەسلىھەت بېرىشىمىزنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلىسەن. جېنىم قولىدا بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ناۋادا ئاتلىرىمىزنى دېڭىزغا چاپتۇرۇشقا بۇيرۇساڭ، قىلچە ئىككىلەنمىگەن ھالدا چاپتۇرىمىز. ناۋادا تۆگىلىرىمىزنىڭ بېقىنىغا دېۋتكەن پېتى بەركىلغىمادقىچە بېرىشقا بۇيرۇساڭ، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنى غازاتقا چىقىشقا چاقىردى. ئۇلار ئاتلىنىپ بەدرگە بېرىپ چۈشتى.

قۇرەيشنىڭ بىر نەچچە سۇچىسى شۇ تەرەپكە كېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ئارىسىدا ھەججاج جەمەتىنىڭ بىر قارا مالىيى بار بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۇنى تۇتۇپ كېلىشتى. ساھابىلەر ئۇنىڭدىن ئەبۇ سۇفيان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى توغرىلىق سورىغاندى، ئۇ: «ئەبۇ سۇفيانىنى بىلمەيمەن. بۇ يەردە ئەبۇ جەھل، ئۇتبە، شەيبە ۋە ئۇمەييە ئىبنى خەلەف قاتارلىقلار بار» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلەر ئۇنى (يالغان ئېيتىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ) دۇمبالاشقا باشلىغاندى، ئۇ: «توختاڭلار، ئېيتىپ بېرەي. ئەبۇ سۇفيانمۇ مۇشۇ يەردە» دېدى. ئۇلار ئۇرۇشتىن توختاپ قايتا سورىغاندى، ئۇ يەنە: «ئەبۇ سۇفيانىنى بىلمەيمەن، بۇ يەردە ئەبۇ جەھل، ئۇتبە، شەيبە ۋە ئۇمەييە ئىبنى خەلەف قاتارلىقلار بار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار يەنە ئۇرۇشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ﷺ ناماز ئوقۇۋاتقان بولۇپ، بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ نامىزىنى توگەتتى ۋە: «جېنىم قولىدا بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ سىلەرگە راست سۆزلىسە ئۇردۇڭلار، يالغان سۆزلىسە قويۇپ بەردىڭلار» دېدى، ئاندىن قولى بىلەن يەرنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «بۇ يەردە پالانى، بۇ يەردە پۇستانى ئۆلتۈرۈلىدۇ» دېدى. دەرۋەقە، ئىسمى ئاتالغان ئۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ﷺ قولى بىلەن كۆرسەتكەن يەرلەردە ئۆلتۈرۈلدى.[①]

**466. عن طارق بن شهاب قال: سمعت ابن مسعود رضي الله عنه يقول: شهدت من المقداد بن الأسود مشهدا، لأن أكون صاحبه أحب إلي مما عدل به، أتى النبي ﷺ وهو يدعو على المشركين، فقال: لا نقول كما قال قوم موسى: ﴿فَاذْهَبْ أَنتَ وَرَبُّكَ فَقَاتِلَا إِنَّا هَاهُنَا قَاعِدُونَ﴾ [المائدة: 24]، ولكنا نقاتل عن يمينك، وعن شمالك، وبين يديك وخلفك «فرأيت النبي ﷺ أشرق وجهه وسره» يعني: قوله.**

466. تارىق ئىبنى شىھاب مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: [مەن مىقداد ئىبنى ئەسۋەدنىڭ ئېغىزىدىن شۇنداق بىر سۆزنى ئاڭلىدىمكى، «پۈتۈن دۇنيالىق نەرسىلىرىمنىڭ بەدىلىگە شۇ سۆزنى ئېيتقۇچى بولۇپ قالسامچۇ!؟» دەپ ئارزۇ قىلىپ كەتتىم. ئۇ ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ﷺ مۇشرىكلارغا قارشى بەددۇئا قىلىۋاتاتتى. مىقداد: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ساڭا بەنى ئىسرائىل قەۋمى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: <سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار

[①] مۇسلىم توپلىغان.

ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى>[1] دېگەندەك دېمەيمىز. بەلكى سېنىڭ ئوڭ، سول، ئالدى ۋە ئارقا تەرەپلىرىڭدە تۇرۇپ، قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلىمىز» دېدى. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ سۆزگە خۇرسەن بولۇپ چىرايىنىڭ نۇرلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم].[2]

**467. عن عبد الله بن مسعود رضي الله عنه قال: كنا يوم بدر كل ثلاثة على بعير، كان أبو لبابة، وعلي بن أبي طالب، زميلي رسول الله ﷺ قال: وكانت عقبة رسول الله ﷺ قال: فقالا نحن نمشي عنك، فقال: «ما أنتما بأقوى مني، ولا أنا بأغنى عن الأجر منكما».**

467. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز بەدر ئۇرۇشىغا (ماڭغان ۋاقىتتا) ھەر ئۈچ ئادەم بىر تۆگىگە ئالمىشىپ مىندۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئەبۇ لۇبابە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر تۆگىگە نۆۋەتلىشىپ مىنگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ گە پىيادە مېڭىش نۆۋىتى كەلگەندە ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! سېنىڭ ئورنۇڭدا بىز پىيادە ماڭايلى» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ ئىككىسىگە: «مەن ئىككىڭلاردىن كۈچلۈكرەك، يەنە كېلىپ مەن ئەجىرگە سىلەردىن بەكرەك موھتاجمەن» دېدى.[3]

**468. عن البراء رضي الله عنه قال: كنا أصحاب محمد ﷺ نتحدث: أن عدة أصحاب بدر على عدة أصحاب طالوت الذين جاوزوا معه النهر، ولم يجاوز معه إلا مؤمن بضعة عشر وثلاث مائة.**

468. بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقان ساھابىلىرىنىڭ سانىنىڭ تالۇت بىلەن دەريادىن ئۆتكەنلەرنىڭ سانى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۆزئارا پاراڭلىشاتتۇق. تالۇت بىلەن دەريادىن پەقەت مۇئمىنلەرلا ئۆتكەن بولۇپ، سانى 310 نەچچە كىشى ئىدى».[4]

**469. عن ابن عباس رضي الله عنهما، أن النبي ﷺ قال يوم بدر: «هذا جبريل، آخذ برأس فرسه، عليه أداة الحرب».**

469. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى،

---

[1] سۈرە مائىدە 24ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] ئەھمەد، ھاكىم ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

[4] بۇخارى توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ بەدر غازىتىدا مۇنداق دېگەن: «مانا بۇ جىبرىئىل. ئۇ جەڭ قوراللىرىنى ئاسقان ھالدا ئېتىنىڭ بېشىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ».①

470. عن علي رضي الله عنه قال: لما قدمنا المدينة أصبنا من ثمارها، فاجتويناها وأصابنا بها وعك، وكان النبي ﷺ يتخبر عن بدر، فلما بلغنا أن المشركين قد أقبلوا، سار رسول الله ﷺ إلى بدر، وبدر بئر، فسبقنا المشركين إليها، فوجدنا فيها رجلين منهم، رجلا من قريش، ومولى لعقبة بن أبي معيط، فأما القرشي فانفلت، وأما مولى عقبة فأخذناه، فجعلنا نقول له: كم القوم؟ فيقول: هم والله كثير عددهم، شديد بأسهم. فجعل المسلمون إذ قال ذلك ضربوه، حتى انتهوا به إلى النبي ﷺ فقال له: «كم القوم؟» قال: هم والله كثير عددهم، شديد بأسهم فجهد النبي ﷺ أن يخبره كم هم، فأبى ثم إن النبي ﷺ سأله: «كم ينحرون من الجزر؟» فقال: عشرا كل يوم، فقال رسول الله ﷺ: «القوم ألف، كل جزور لمائة وتبعها» ثم إنه أصابنا من الليل طش من مطر، فانطلقنا تحت الشجر والحجف نستظل تحتها، من المطر، وبات رسول الله ﷺ يدعو ربه عز وجل، ويقول: «اللهم إنك إن تهلك هذه الفئة لا تعبد» قال: فلما طلع الفجر نادى: الصلاة عباد الله، فجاء الناس من تحت الشجر، والحجف، فصلى بنا رسول الله ﷺ، وحرض على القتال، ثم قال: «إن جمع قريش تحت هذه الضلع الحمراء من الجبل». فلما دنا القوم منا وصاففناهم إذا رجل منهم على جمل له أحمر يسير في القوم، فقال رسول الله ﷺ: «يا علي ناد لي حمزة»، وكان أقربهم من المشركين: «من صاحب الجمل الأحمر، وماذا يقول لهم؟» ثم قال رسول الله ﷺ: «إن يكن في القوم أحد يأمر بخير، فعسى أن يكون صاحب الجمل الأحمر»، فجاء حمزة فقال: هو عتبة بن ربيعة، وهو ينهى عن القتال، ويقول لهم: يا قوم، إني أرى قوما مستميتين لا تصلون إليهم وفيكم خير، يا قوم اعصبوها اليوم برأسي، وقولوا: جبن عتبة بن ربيعة، وقد علمتم أني لست بأجبنكم، قال: فسمع ذلك أبو جهل، فقال: أنت تقول هذا؟ والله لو غيرك يقول هذا لأعضضته، قد ملأت رئتك جوفك رعبا، فقال عتبة: إياي تعير يا مصفر استه؟ ستعلم اليوم أينا الجبان، قال: فبرز عتبة وأخوه شيبة وابنه الوليد حمية ، فقالوا: من يبارز؟ فخرج فتية من الأنصار ستة، فقال عتبة: لا نريد هؤلاء، ولكن يبارزنا من بني عمنا، من بني عبد المطلب، فقال رسول الله ﷺ: «قم يا علي، وقم يا حمزة، وقم يا عبيدة بن الحارث بن المطلب» فقتل الله تعالى عتبة، وشيبة، ابني ربيعة، والوليد بن عتبة، وجرح عبيدة، فقتلنا منهم سبعين، وأسرنا سبعين، فجاء رجل من الأنصار قصير بالعباس بن عبد المطلب أسيرا، فقال العباس: يا رسول الله، إن هذا والله

① بۇخارى توپلىغان.

**ما أسرني، لقد أسرني رجل أجلح، من أحسن الناس وجها، على فرس أبلق، ما أراه في القوم، فقال الأنصاري: أنا أسرته يا رسول الله، فقال: «اسكت، فقد أيدك الله تعالى بملك كريم» فقال علي: فأسرنا من بني عبد المطلب: العباس، وعقيلا، ونوفل بن الحارث.**

470. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن چېغىمىزدا مەدىنىنىڭ مېۋىلىرىدىن يېگەنىدۇق، ئاغرىپ قېلىپ، تەپ كېسىلى بولۇپ قالدۇق. شۇ كۈنلەردە، پەيغەمبەر ﷺ بەدر ھەققىدە خەۋەر ئىگىلەۋاتاتتى. مۇشرىكلارنىڭ يولغا چىققانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر بىزگە يېتىپ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ بەدرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. بەدر دېگەن شۇ يەردىكى بىر قۇدۇقنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىز بەدرگە مۇشرىكلاردىن بۇرۇن بېرىپ بولدۇق.

بىز بەدر قۇدۇقى بويىدا ئىككى ئادەمنى ئۇچراتتۇق. ئۇلاردىن بىرى قۇرەيشلىك، يەنە بىرى ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيتنىڭ ئازادگەردىسى ئىدى. قۇرەيشلىك ئادەم قېچىپ كەتتى لېكىن بىز ئۇقبە ئىبنى مۇئەيتنىڭ ئازادگەردىسىنى تۇتۇۋېلىپ، مۇشرىكلارنىڭ سانىنى سورىغانىدۇق، ئۇ ئۇلارنىڭ سانىنىڭ ناھايىتى جىق، قورال كۈچىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تۇرۇۋەردى. ئۇ شۇنداق دېگەنسېرى مۇسۇلمانلار ئۇنى ئۇراتتى. ئاخىرى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا ئېلىپ باردۇق. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن:

— ئۇلارنىڭ سانى قانچە؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

— الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ سانى جىق، قورال كۈچى زور، — دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ئۇلارنىڭ ئېنىق سانىنى ئېيتىپ بېرىشكە قىستىغان بولسىمۇ ئەمما ئۇ ئېيتىپ بېرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ بىر كۈندە قانچە تۆگە سويىدىغانلىقىنى سورىغانىدى، ئۇ:

— ھەر كۈنى 10 تۆگە، — دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇلارنىڭ سانى مىڭ ئىكەن چۈنكى بىر تۆگە 100 كىشىگە يېتىدۇ، — دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ سانى ئېنىقلاندى. شۇ ئاخشىمى سىم-سىم يامغۇر ياغدى. بىز يامغۇردىن پاناھلىنىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنى دەرەخلەر ۋە (تېرە) قالقانلارنىڭ دالدىسىغا ئالدۇق. پەيغەمبەر ﷺ رەببىگە دۇئا قىلىشقا باشلاپ:

«ئى الله ! ئەگەر بۇ جامائەتنى ھالاك قىلساڭ، (زېمىن يۈزىدە) ئىبادەت قىلىنمايسەن (يەنى زېمىن يۈزىدە ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ھېچكىم قالمايدۇ)» دېدى.

تاڭ يورۇغاندا جامائەت نامىزىغا چاقىرىلدى. ساھابىلەر بىر-بىرلەپ دەرەخ ۋە قالقانلارنىڭ ئاستىدىن كېلىپ بولغاندا، پەيغەمبەر ﷺ بىزگە ئىمام بولۇپ بامدات نامىزى ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن مۇجاھىدلارنى جىھادقا رىغبەتلەندۈرۈپ تەبلىغ قىلدى ۋە:

— قۇرەيش لەشكەرلىرى تاغ قاپتىلىدىكى ئاۋۇ قىزىل تۆپىلىكنىڭ ئاستى تەرىپىدە، — دېدى. ئۇلار بىزگە يېقىنلاشقاندا بىزمۇ ئۇلارغا قارشى سەپ تۈزدۇق. شۇ ئارىدا، قىزىل تۆگىگە مىنىۋالغان بىر ئادەم ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ مېڭىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئى ئەلى! ھەمزىنى يېنىمغا چاقىرغىن، ئاۋۇ قىزىل تۆگىگە مىنىۋالغان ئادەم كىم، ئۇ ئۇلارغا نېمە دەۋاتىدۇ. مۇشرىكلار قوشۇنى ئىچىدە ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان بىرەر كىشى بار دېيىشكە توغرا كەلسە، قىزىل تۆگىگە مىنىۋالغان ئاشۇ ئادەم بولۇشى مۇمكىن، — دېدى. ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشرىكلار قوشۇنىغا ئەڭ يېقىن تەرەپتە ئىدى. ئۇ يىتىپ كېلىپ ئۇ ئادەمنىڭ ئۇتبە ئىبنى رەبىئە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مۇشرىكلارنى ئۇرۇش قىلىشتىن توسۇپ: «ئى قەۋمىم! مەن قارشى تەرەپنىڭ ئۆلۈمنى پېشانىسىگە ئېلىپ قويۇپ كەلگەنلىكىنى بايقاۋاتىمەن. شۇڭا سىلەر ئۇلارنى يېڭەلمەيسىلەر، سىلەر ھازىرمۇ ياخشىلىققا ئۈلگۈرەلەيسىلەر. ئى قەۋمىم! بۈگۈن ماڭا <ئۇتبە ئىبنى رەبىئە قورقۇنچاقلىق قىلدى> دېگەن نامنى ئارتساڭلارمۇ مەيلى لېكىن سىلەر مېنىڭ قورقۇنچاق ئەمەسلىكىمنى بىلىسىلەر» دەۋەتقانلىقىنى يەتكۈزدى. ئەبۇ جەھل ئۇتبەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:

— بۇ گەپنى سەن قىلىۋاتامسەن؟ ئەگەر ئۇنى سەندىن باشقا ئادەم قىلغان بولسا راسا تويغۇزۇپ قويغان بولاتتىم. سەن بەك قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئۆپكەڭ ئېغىزىڭغا تىقىلىپ قاپتۇ، — دېگەندى، ئۇتبە:

— ھۇ چۇپرەندە! سەن تېخى مېنى ئەيىبلەۋاتامسەن؟! بۈگۈن قايسىمىزنىڭ قورقۇنچاق ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسەن، — دېدى. شۇنداق

قىلىپ، ئۇتبە، قېرىندىشى شەيبە ۋە ئوغلى ۋەلىد قىزىققانلىق قىلىپ يەكمۇيەك ئېلىشىش ئۈچۈن مەيدانغا چۈشتى ۋە:

— قېنى، مەيدانغا چۈشىدىغان نوچى بارمۇ؟ — دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەنسارىلاردىن ئالتە يىگىت سەپنىڭ ئالدىغا چىققانىدى، ئۇتبە:

— بىز ئۇلار بىلەن ئۇرۇشمايمىز، نوچى بولسا تاغىمىز ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئوغۇللىرىدىن چۈشسۇن! — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ﷺ:

— ئى ئەلى، سەن چىق! ئى ھەمزە، سەن چىق! ئى ئۇبەيدە ئىبنى ھارىس، سەنمۇ چىق! — دېدى. نەتىجىدە، الله تائالا رەبىئەنىڭ ئىككى ئوغلى ئۇتبە بىلەن شەيبەنى ۋە ۋەلىد ئىبنى ئۇتبەنى ئۆلتۈردى. (مۇسۇلمانلار تەرەپتىن) ئۇبەيدە يارىدار بولدى. بىز ئۇرۇشتا ئۇلاردىن 70 نى ئۆلتۈرۈپ، 70 نى ئەسىر ئالدۇق. شۇ كۈنى، ئەنسارىلاردىن پاكار بىر ئادەم ئاbbas ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنى ئەسىر ئېلىپ كەلگەنىدى، ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئادەم مېنى ئەسىر ئالمىدى، مېنى ئەسىر ئالغان كىشى بىر ئالا ئاتقا مىنىۋالغان، پېشانىسىنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ چېچى چۈشۈپ كەتكەن، شۇنداق چىرايلىق ۋە كېلىشكەن بىر ئادەم ئىدى لېكىن مەن ھازىر ئۇنى مۇجاھىدلار ئارىسىدا كۆرەلمەيۋاتىمەن، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەنسارى:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى مەن ئەسىر ئالدىم، — دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— بولدى قىل! الله تائالا ھۆرمەتلىك بىر پەرىشتە بىلەن ساڭا ياردەم قىپتۇ، — دېدى. بىز شۇ كۈنى ئابدۇلمۇتتەلىب جەمەتىدىن ئاbbas، ئەقىل ۋە نەۋفەل ئىبنى ھارىسنى ئەسىر ئالغان ئىدۇق.[1]

**471. عن علي بن أبي طالب رضي الله عنه أنه قال: أنا أول من يجثو بين يدي الرحمن للخصومة يوم القيامة. وقال قيس بن عباد: وفيهم أنزلت: ﴿هَذَانِ خَصْمَانِ اخْتَصَمُوا فِي رَبِّهِمْ﴾ [الحج: 19] قال: هم الذين تبارزوا يوم بدر: حمزة، وعلي، وعبيدة، أو أبو عبيدة بن الحارث، وشيبة بن ربيعة، وعتبة بن ربيعة، والوليد بن عتبة.**

471. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى دەۋا ئۈچۈن الله نىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدىغان تۇنجى كىشى مەن

[1] ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

بولىمەن.

قەيس ئىبنى ئۇبادە مۇنداق دەيدۇ: «(مۇئمىنلەر ۋە كۇففارلاردىن ئىبارەت) بۇ ئىككى (پىرقە) پەرۋەردىگارى توغرىسىدا مۇنازىرىلەشتى»[1] دېگەن ئايەت بەدر غازىتىدا يەككە ئېلىشقانلارغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار: ئەلى، ھەمزە ۋە ئۇبەيدە (ياكى ئەبۇ ئۇبەيدە) بىلەن شەيبە ئىبنى رەبىئە، ئۇتبە ئىبنى رەبىئە ۋە ۋەلىد ئىبنى ئۇتبە قاتارلىقلاردۇر.[2]

**472. عن أبي إسحاق، سأل رجل البراء وأنا أسمع، قال: أشهد علي بدرا؟ قال: «بارز وظاهر».**

472. ئەبۇ ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشىنىڭ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: <ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقانمۇ؟> دەپ سورىغىنىنى ھەمدە بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇنىڭغا: <يەككە مەيدانغا چۈشۈپ غەلىبە قىلغان> دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم».[3]

**473. عن عبد الرحمن بن عوف رضي الله عنه قال: كاتبت أمية بن خلف كتابا، بأن يحفظني في صاغيتي بمكة، وأحفظه في صاغيته بالمدينة، فلما ذكرت الرحمن، قال: لا أعرف الرحمن، كاتبني باسمك الذي كان في الجاهلية، فكاتبته: عبد عمرو.**

**فلما كان في يوم بدر، خرجت إلى جبل لأحرزه حين نام الناس، فأبصره بلال، فخرج حتى وقف على مجلس من الأنصار، فقال: أمية بن خلف، لا نجوت إن نجا أمية، فخرج معه فريق من الأنصار في آثارنا، فلما خشيت أن يلحقونا، خلفت لهم ابنه لأشغلهم فقتلوه، ثم أبوا حتى يتبعونا، وكان رجلا ثقيلا، فلما أدركونا، قلت له: ابرك، فبرك، فألقيت عليه نفسي لأمنعه، فتخللوه بالسيوف من تحتي حتى قتلوه، وأصاب أحدهم رجلي بسيفه. وكان عبد الرحمن بن عوف يرينا ذلك الأثر في ظهر قدمه.**

473. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇمەييە ئىبنى خەلەفكە: «مەن مەككىگە بارغاندا جان ۋە ماللىرىمنى قوغدىغىن. سەن مەدىنىگە كەلگەندە جان ۋە ماللىرىڭنى مەن قوغداي» دەپ مەكتۇپ يوللىدىم ۋە مەكتۇبتا ئىسمىمنى «راھمان» دەپ يازدىم. ئۇ،

[1] سۈرە ھەج 19- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇخارى توپلىغان.
[3] بۇخارى توپلىغان.

مەكتۇبتىكى ئىسمىمنى كۆرۈپ: «مەن <راھمان> دېگەن ئىسمىنى تونۇمايمەن. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىسمىڭ بىلەن مەكتۇب يوللىغىن» دەپ جاۋاب يوللاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىسمىمنى «ئابدۇ ئەمر» دەپ يېزىپ مەكتۇب يوللىدىم.

بەدر غازىتى كۈنى، مەن ئۇمەييەنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن تاغقا چىقتىم، بۇ ۋاقىتتا باشقىلار ئۇخلاۋاتاتتى. بىلال ئۇنى كۆرۈپ قالدى ۋە دەرھال ئەنسارىلار يىغىلىپ ئولتۇرغان جايغا كېلىپ: «مانا بۇ ئۇمەييە ئىبنى خەلەف بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ساق قالسا مەن ياشىمايمەن» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەنسارىلاردىن بىر نەچچىسى بىلال بىللە كەينىمىزدىن قوغلاپ چىقتى. مەن ئۇلارنىڭ بىزگە يېتىشىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ بالىسىنى ئۇلارنى ھايال قىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئارقىمىزغا تاشلاپ قويدۇم. ئۇلار بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ بىزنى داۋاملىق قوغلىدى. ئۇمەييە سېمىز ئادەم ئىدى. ئۇلار بىزگە يېتىشىۋالغاندا مەن ئۇمەييەگە: «يېتىۋال!» دېگەنىدىم، ئۇ يېتىۋالدى. مەن ئۇنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئۇستىگە تاشلىدىم. ئۇلار مېنىڭ (بېقىنلىرىمنىڭ) ئاستىدىن قىلىچلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن سانجىپ، ئاخىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. شۇ ئەسنادا، بىرسىنىڭ قىلىچى مېنىڭ پۇتۇمغا تېگىپ كەتتى.

(ئابدۇراھماننىڭ ئوغلى ئىبراھىم مۇنداق دەيدۇ:) (دادام) ئابدۇراھمان پۇتىدىكى قىلىچ ئىزىنى بەزىدە بىزگە كۆرسىتىپ قوياتتى.[①]

**474. عن عبد الله بن عباس رضي الله عنه قال: حدثني عمر بن الخطاب قال: لما كان يوم بدر نظر رسول الله ﷺ إلى المشركين وهم ألف، وأصحابه ثلاث مائة وتسعة عشر رجلا. فاستقبل نبي الله ﷺ القبلة، ثم مد يديه، فجعل يهتف بربه: «اللهم أنجز لي ما وعدتني، اللهم آت ما وعدتني، اللهم إن تهلك هذه العصابة من أهل الإسلام لا تعبد في الأرض»، فما زال يهتف بربه، مادا يديه مستقبل القبلة، حتى سقط رداؤه عن منكبيه، فأتاه أبو بكر فأخذ رداءه، فألقاه على منكبيه، ثم التزمه من ورائه، وقال: يا نبي الله، كفاك مناشدتك ربك، فإنه سينجز لك ما وعدك، فأنزل الله عز وجل: ﴿إِذْ تَسْتَغِيثُونَ رَبَّكُمْ فَاسْتَجَابَ لَكُمْ أَنِّي مُمِدُّكُم بِأَلْفٍ مِّنَ الْمَلَائِكَةِ مُرْدِفِينَ﴾ [الأنفال: 9] فأمده الله بالملائكة.**

[①] بۇخارى توپلىغان.

قال أبو زميل: فحدثني ابن عباس، قال: بينما رجل من المسلمين يومئذ يشتد في أثر رجل من المشركين أمامه، إذ سمع ضربة بالسوط فوقه وصوت الفارس يقول: أقدم حيزوم، فنظر إلى المشرك أمامه فخر مستلقيا، فنظر إليه فإذا هو قد خطم أنفه، وشق وجهه، كضربة السوط فاخضر ذلك أجمع، فجاء الأنصاري، فحدث بذلك رسول الله ﷺ، فقال: «صدقت، ذلك من مدد السماء الثالثة»، فقتلوا يومئذ سبعين، وأسروا سبعين.

قال أبو زميل، قال ابن عباس: فلما أسروا الأسارى، قال رسول الله ﷺ لأبي بكر، وعمر: «ما ترون في هؤلاء الأسارى؟» فقال أبو بكر: يا نبي الله، هم بنو العم والعشيرة، أرى أن تأخذ منهم فدية فتكون لنا قوة على الكفار، فعسى الله أن يهديهم للإسلام، فقال رسول الله ﷺ: «ما ترى يا ابن الخطاب؟» قلت: لا والله يا رسول الله، ما أرى الذي رأى أبو بكر، ولكني أرى أن تمكنا فنضرب أعناقهم، فتمكن عليا من عقيل فيضرب عنقه، وتمكني من فلان نسيبا لعمر، فأضرب عنقه، فإن هؤلاء أئمة الكفر وصناديدها، فهوي رسول الله ﷺ ما قال أبو بكر، ولم يهو ما قلت، فلما كان من الغد جئت، فإذا رسول الله ﷺ وأبو بكر قاعدين يبكيان، قلت: يا رسول الله، أخبرني من أي شيء تبكي أنت وصاحبك؟ فإن وجدت بكاء بكيت، وإن لم أجد بكاء تباكيت لبكائكما، فقال رسول الله ﷺ: «أبكي للذي عرض علي أصحابك من أخذهم الفداء، لقد عرض علي عذابهم أدنى من هذه الشجرة - شجرة قريبة من نبي الله ﷺ - وأنزل الله عز وجل: ﴿مَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَن يَكُونَ لَهُۥٓ أَسْرَىٰ حَتَّىٰ يُثْخِنَ فِى ٱلْأَرْضِ﴾ [الأنفال: 67] إلى قوله ﴿فَكُلُوا۟ مِمَّا غَنِمْتُمْ حَلَٰلًا طَيِّبًا﴾ [الأنفال: 69] فأحل الله الغنيمة لهم.

474. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: [بەدر غازىتى كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇشرىكلارنىڭ سانىنى ئىگىلىدى، ئۇلار 1000 كىشى بولۇپ، ساھابىلەر ئاران 319 كىشى ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ قىبلىگە قاراپ ئىككى قولىنى كۆتۈردى ۋە: «ئى الله ! ماڭا ۋەدە قىلغان نۇسرىتىڭنى رىئاللىققا ئايلاندۇرۇپ بەرگىن. ئى الله ! ماڭا ۋەدە قىلغان نۇسرىتىڭنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ بەرگىن. ئى الله ! ئەگەر بۇ مۇسۇلمانلار جامائىتىنى ھالاك قىلساڭ، زېمىن يۈزىدە ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ھېچكىم قالمايدۇ» دەپ دۇئا قىلدى. ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە قىبلىگە قاراپ، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ رەببىگە دۇئا قىلغاچقا تونى مۈرىسىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئەبۇبەكرى كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تونىنى ئالدى ۋە ئۇنىڭ ئۈچىسىغا ئارتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «ئى

رەسۇلۇللاھ! رەببىڭگە قىلغان دۇئايىڭ يېتەرلىك بولدى، ئۇ ساڭا ۋەدە قىلغان غەلىبىسىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ» دېدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، اللە تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: «ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، اللە: <سىلەرگە ئارقىمۇ ـ ئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن> دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى»[①]. شۇنىڭ بىلەن، اللە تائالا پەيغەمبەر ﷺ گە مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم قىلدى].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «شۇ كۈنى، مۇسۇلمانلاردىن بىرى ئالدىدىكى بىر مۇشرىكنى قوغلاپ كېتىۋېتىپ، ئۈستى تەرەپتە ئاتلىق بىرىنىڭ قامچىسىنى قارسىلداتقان ھالدا: ‹دىرت چۈ، دىرت چۈ!› دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان. ئۇ ئالدىغا شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ئۇ مۇشرىك ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشكەن بولۇپ، بۇرنى كېسىلگەن، يۈز ـ كۆزى يېرىلىپ، قامچا ئىزىدىن كۆكىرىپ كەتكەن ئىدى. بۇنى كۆرگەن ئەنسارى ۋەقەنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە كېلىپ سۆزلەپ بەرگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹راست ئېيتتىڭ، ئۇ ئۈچىنچى ئاسماننىڭ مەدەتچىلىرىدىن› دېدى. شۇنداق قىلىپ، مۇسۇلمانلار مۇشرىكلاردىن 70 نى ئۆلتۈرۈپ، 70 نى ئەسىر ئالدى».

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: (ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن:) «مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارنى ئەسىر ئالغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇبەكرى ئىككىمىزدىن:

— ئەسىرلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلساق بولار؟ — دەپ مەسلىھەت سورىدى. ئەبۇبەكرى:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار بىزنىڭ بىر نەۋرە تۇغقانلىرىمىز ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقان جەمەتلىرىمىز. مېنىڭچە ئۇلاردىن تۆلەم ئېلىپ قويۇپ بەرەيلى. تۆلەم بىلەن كاپىرلارغا قارشى ئازراق بولسىمۇ كۈچلىنىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن اللە ئۇلارنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ:

— ئى ئىبنى خەتتاب! سەن قانداق قارايسەن؟ — دەپ سورىغانىدى، مەن:

[①] سۈرە ئەنفال 9 ـ ئايەت.

— ئى رەسۇلۇللاھ! اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئەبۇبەكرىنىڭ پىكرىگە قوشۇلمايمەن. مېنىڭچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇساڭ، بىز ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالساق دەيمەن. ئەلىنى ئەقىيلنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇغىن، ئۇ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالسۇن. مېنى پالانىنىڭ (ئۆمەرنىڭ بىر تۇغقىنى) كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇغىن، مەن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالاي چۈنكى ئۇلار كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرى، چوڭلىرى، — دەپ مەسلىھەت بەردىم. پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇبەكرىنىڭ مەسلىھەتىنى ياقتۇرۇپ، مېنىڭكىگە قوشۇلمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە بېرىپ قارىسام پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئەبۇبەكرى ئىككىسى يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ، مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە سەۋەبتىن يىغلاۋاتىسىلەر؟ سەۋەبىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار. ئەگەر سەۋەبىنى بىلسەم يىغلاي، يىغا كەلمىسىمۇ سىلەر بىلەن تەڭ يىغلاشقا ئۇرۇناي، — دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

— ھەمراھلىرىڭنىڭ ماڭا تۆلەم ئېلىش توغرىسىدا بەرگەن مەسلىھەتى ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن. ماڭا مەسلىھەت بەرگەنلەرنىڭ ئازابى مۇشۇ دەرەختىنىمۇ يېقىن قىلىپ كۆرسىتىلدى، — دېدى ۋە يېقىن يەردىكى بىر تۈپ دەرەخنى كۆرسەتتى. اللە تائالا: <پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىديە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۇئمىنلەر! سىلەر فىديە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئىتىنى كۆزلەيسىلەر، اللە سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) ئىرادە قىلىدۇ. اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [67]. اللە نىڭ (ئۇچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلىسى بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىديە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار [68]. (ئى جىھاد قىلغۇچىلار جامائەسى!) غەنىيمەت ئالغان نەرسەڭلارنى ھالال ۋە پاك بىلىپ يەڭلار، اللە (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش) دىن قورقۇڭلار. اللە ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر [69]>[①] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلىپ، بىزگە غەنىيمەتنى ھالال

① سۈرە ئەنفال 67ـ ئايەتتىن 69ـ ئايەتكىچە.

قىلىپ بەردى».[1]

**475. عن أبي أسيد رضي الله عنه قال: قال النبي ﷺ يوم بدر، حين صففنا لقريش وصفوا لنا: «إذا أكثبوكم فعليكم بالنبل».**

475. ئەبۇ ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بەدر غازىتىدا بىز مۇشرىكلارغا قارشى، مۇشرىكلار بىزگە قارشى سەپ تۈزۈشكەندە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەنىدى: «مۇشرىكلار سىلەرگە يېقىنلاشقاندا ئوق ئېتىڭلار».[2]

**476. عن علي رضي الله عنه قال: لقد رأيتنا يوم بدر ونحن نلوذ برسول الله ﷺ، وهو أقربنا إلى العدو، وكان من أشد الناس يومئذ بأسا.**

476. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەدر غازىتى كۈنى ئۆزىمىزنىڭ پەيغەمبەر ﷺ ئارقىلىق قوغدىنىۋاتقانلىقىمىزنى كۆردۇم. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كۈنى دۈشمەنگە ئەڭ يېقىن جايدا تۇرۇپ ناھايىتى قەھرىمانلىق كۆرسەتتى».[3]

**477. قال الزبير: لقيت يوم بدر عبيدة بن سعيد بن العاص، وهو مدجج، لا يرى منه إلا عيناه، وهو يكنى أبو ذات الكرش، فقال: أنا أبو ذات الكرش، فحملت عليه بالعنزة فطعنته في عينه فمات، قال هشام: - فأخبرت: أن الزبير قال: - لقد وضعت رجلي عليه، ثم تمطأت، فكان الجهد أن نزعتها وقد انثنى طرفاها.**

477. زۇبەير (ئىبنى ئەۋۋام) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بەدر غازىتىدا ئۇبەيدە ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاسقا ئۇچراپ قالدىم. ئۇ كىيىۋالغان دۇبۇلغا-ساۋۇت (شۇنچىلىك پۈختا ئىدىكى)، ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدىن باشقا يېرى كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ كۇنيەسى ئەبۇ زاتىلكەرش ئىدى. ئۇ: «مەن ئەبۇ زاتىلكەرش بولىمەن» دېگەنىدى، مەن ئۇنىڭغا ئېتىلىپ بېرىپ، نەيزەمنى كۆزىگە تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتتىم.

ھىشام زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتقان: «ئاندىن مەن ئۇنى پۇتۇم بىلەن دەسسەپ تۇرۇپ، نەيزىنى كۈچەپ تارتقان ئىدىم، ئۇنىڭ ئىككى ئۇچى ئېگىلىپ قالدى».[4]

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[4] بۇخارى توپلىغان.

478. عن عبد الرحمن بن عوف رضي الله عنه قال: بينا أنا واقف في الصف يوم بدر، فنظرت عن يميني وعن شمالي، فإذا أنا بغلامين من الأنصار - حديثة أسنانهما، تمنيت أن أكون بين أضلع منهما - فغمزني أحدهما فقال: يا عم هل تعرف أبا جهل؟ قلت: نعم، ما حاجتك إليه يا ابن أخي؟ قال: أخبرت أنه يسب رسول الله ﷺ، والذي نفسي بيده، لئن رأيته لا يفارق سوادي سواده حتى يموت الأعجل منا، فتعجبت لذلك، فغمزني الآخر، فقال لي مثلها، فلم أنشب أن نظرت إلى أبي جهل يجول في الناس، قلت: ألا إن هذا صاحبكما الذي سألتماني، فابتدراه بسيفيهما، فضرباه حتى قتلاه، ثم انصرفا إلى رسول الله ﷺ، فأخبراه فقال: «أيكما قتله؟»، قال كل واحد منهما: أنا قتلته، فقال: «هل مسحتما سيفيكما؟»، قالا: لا، فنظر في السيفين، فقال: «كلاكما قتله، سلبه لمعاذ بن عمرو بن الجموح»، وكانا معاذ ابن عفراء، ومعاذ بن عمرو بن الجموح.

478. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بەدر غازىتىدا سەپكە تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى يېنىمغا قارىسام يېشى كىچىك ئىككى ئەنسارى يىگىتنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ قاپتىمەن. بۇنى كۆرۈپ: «كاشكى، بۇلاردىن قاۋۇلراق كىشىلەرنىڭ يېنىدا تۇرغان بولسامچۇ؟!» دەپ ئارزۇ قىلىپ قالدىم. دەل شۇ پەيتتە، ئۇلارنىڭ بىرى مېنى نوقۇپ تۇرۇپ:

— ئى تاغا، ئەبۇ جەھلنى تونۇمسىز؟ — دەپ سورىدى. مەن:

— ھەئە، تونۇيمەن. ئۇنىڭدا نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟ — دېدىم. ئۇ يىگىت:

— مەن ئۇنىڭ پەيغەمبەر ﷺ گە نۇرغۇن تىل-ھاقارەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان. الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسام، ئىككىمىزدىن بىرىمىزنىڭ ئەجىلى توشمىغۇچە ئۇنى قويۇۋەتمەيمەن، — دېدى. مەن ئۇنىڭ جاسارىتىگە ھەيران بولۇپ تۇرسام، يەنە بىرىمۇ مېنى نوقۇپ ئوخشاش گەپ قىلدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئەبۇ جەھلنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا:

— سىلەر سورىغان ئادەم ئاشۇ شۇ، — دەپ كۆرسىتىپ قويدۇم. ئۇلار دەرھال قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈردى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەبۇ جەھلنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىشتى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ قايسىڭلار ئۆلتۈردۈڭلار؟ ــ دەپ سورىغانىدى، ئىككىلىسى:

ــ مەن ئۆلتۈردۈم، ــ دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ قىلىچىڭلارنىڭ قىنىنى سۈرتۈۋەتتىڭلارمۇ؟ ــ دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

ــ ياق، ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ قىلىچلىرىغا قاراپ:

ــ ئۇنى ھەر ئىككىڭلار ئۆلتۈرۈپسىلەر. ئەمما ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى مۇئاز ئىبنى ئەمر ئىبنى جەمۇھنىڭ بولسۇن! ــ دېدى. بۇ ئىككى يىگىتنىڭ بىرى مۇئاز ئىبنى ئەفرائ، يەنە بىرى مۇئاز ئىبنى ئەمر ئىبنى جەمۇھ ئىدى.[1]

**479. وفي رواية: فشدا عليه مثل الصقرين حتى ضرباه، وهما ابنا عفراء.**

479. يەنە بىر نەقىلدە مۇنداق دېيىلگەن: ئىككىسى ئەبۇ جەھلگە خۇددى بىر جۈپ قارچىغۇدەك تەڭ ئېتىلىپ بېرىپ قىلىچ ئۇردى. ئۇ ئىككىسى ئەفرائنىڭ ئىككى ئوغلى ئىدى.[2]

**480. عن عبد الله رضي الله عنه: أنه أتى أبا جهل وبه رمق يوم بدر فقال: أبو جهل: هل أعمد من رجل قتلتموه.**

480. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەدر غازىتى كۈنى ئەبۇ جەھل جان تالىشىۋاتقان ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭ قېشىغا بارغانىدىم، ئۇ: ‹مېنىڭدىنمۇ كاتتىراق بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ باقتىڭلارمۇ؟!› دېدى».[3]

**481. عن أنس رضي الله عنه قال: قال النبي ﷺ: «من ينظر ما صنع أبو جهل». فانطلق ابن مسعود فوجده قد ضربه ابنا عفراء حتى برد، قال: أأنت، أبو جهل؟ قال: فأخذ بلحيته، قال: وهل فوق رجل قتلتموه، أو رجل قتله قومه.**

**وفي رواية: قال أبو جهل فلو غير أكار قتلني.**

481. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: (بەدر غازىتى كۈنى) پەيغەمبەر ﷺ: «كىم بېرىپ ئەبۇ جەھلنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىدۇ؟» دېگەنىدى، ئىبنى مەسئۇد ئورنىدىن تۇرۇپ ئەبۇ جەھلنىڭ قېشىغا كەتتى. ئەفرائنىڭ ئىككى ئوغلى ئۇرغان قىلىچ زەربىسى ئۇنى نىمجان قىلىپ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] بۇخارى توپلىغان.

قويغانىدى. ئىبنى مەسئۇد ئۇنىڭ ساقىلىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ: «سەن ئەبۇ جەھلمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ جەھل: «سىلەر ئۆلتۈرگەن بۇ ئادەمدىنمۇ كاتتا ئادەم بارمۇ (ياكى ئۆز قەۋمى ئۆلتۈرگەن بۇ ئادەمدىنمۇ كاتتا بىرى بارمۇ؟!)» دېدى.[①]

يەنە بىر نەقىلدە كېلىشىچە، ئەبۇ جەھل: «كاشكى مېنى دېھقاندىن باشقىسى ئۆلتۈرگەن بولسىچۇ!» دېگەن.

**482. عن سعد بن معاذ أنه قال: كان صديقا لأمية بن خلف، وكان أمية إذا مر بالمدينة نزل على سعد، وكان سعد إذا مر بمكة نزل على أمية، فلما قدم رسول الله ﷺ المدينة انطلق سعد معتمرا، فنزل على أمية بمكة، فقال لأمية: انظر لي ساعة خلوة لعلي أن أطوف بالبيت، فخرج به قريبا من نصف النهار، فلقيهما أبو جهل، فقال: يا أبا صفوان، من هذا معك؟ فقال هذا سعد، فقال له أبو جهل: ألا أراك تطوف بمكة آمنا، وقد أويتم الصباة، وزعمتم أنكم تنصرونهم وتعينونهم، أما والله لولا أنك مع أبي صفوان ما رجعت إلى أهلك سالما، فقال له سعد ورفع صوته عليه: أما والله لئن منعتني هذا لأمنعنك ما هو أشد عليك منه، طريقك على المدينة، فقال له أمية: لا ترفع صوتك يا سعد على أبي الحكم، سيد أهل الوادي، فقال سعد: دعنا عنك يا أمية، فوالله لقد سمعت رسول الله ﷺ يقول: «إنهم قاتلوك»، قال: بمكة؟ قال: لا أدري، ففزع لذلك أمية فزعا شديدا، فلما رجع أمية إلى أهله، قال: يا أم صفوان، ألم تري ما قال لي سعد؟ قالت: وما قال لك؟ قال: زعم أن محمدا أخبرهم أنهم قاتلي، فقلت له: بمكة، قال: لا أدري، فقال أمية: والله لا أخرج من مكة، فلما كان يوم بدر استنفر أبو جهل الناس، قال: أدركوا عيركم؟ فكره أمية أن يخرج، فأتاه أبو جهل فقال: يا أبا صفوان، إنك متى ما يراك الناس قد تخلفت، وأنت سيد أهل الوادي، تخلفوا معك، فلم يزل به أبو جهل حتى قال: أما إذ غلبتني، فوالله لأشترين أجود بعير بمكة، ثم قال أمية: يا أم صفوان جهزيني، فقالت له: يا أبا صفوان، وقد نسيت ما قال لك أخوك اليثربي؟ قال: لا ما أريد أن أجوز معهم إلا قريبا، فلما خرج أمية أخذ لا ينزل منزلا إلا عقل بعيره، فلم يزل بذلك حتى قتله الله عز وجل ببدر.**

482. (ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:) سەئىد ئىبنى مۇئاز مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن ئۇمەييە ئىبنى خەلەفنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ، مەككىگە كەلسە ئۇمەييەنىڭ ئۆيىگە چۈشەتتى. ئۇمەييەمۇ مەدىنىدىن ئۆتۈپ قالسا سەئىدنىڭ ئۆيىگە چۈشەتتى. پەيغەمبەر ﷺ

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن سەئىد ئىبنى مۇئاز ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كېلىپ ئۇمەييەتىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى ۋە ئۇنىڭغا:

— كەئبە خالىي ۋاقىتتا مېنى ئېلىپ بارساڭ، تاۋاپ قىلىۋالغان بولسام، — دېدى. ئۇمەييە ئۇنى چۈشكە يېقىن كەئبىگە ئېلىپ باردى. ئۇلارغا ئەبۇ جەھل ئۇچراپ قېلىپ:

— ھەي ئۇمەييە! بۇ ھەمراھىڭ كىم؟ — دەپ سورىدى. ئۇمەييە:

— ئۇ سەئىد بولىدۇ، — دېگەنىدى، ئەبۇ جەھل سەئىدكە:

— سىلەر ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ دىنىدىن تانغان مۇھاجىرلارغا ئورۇن بەردىڭلار، ئۇلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقىڭلارنى ۋە ئۇلارنى قوللايدىغانلىقىڭلارنى ئېيتىپ داۋراڭ سېلىۋاتىسىلەر-يۇ، سەن كەئبىنى خاتىرجەم ھالدا تاۋاپ قىلىۋاتىسىنا؟! ئۇقۇپ قوي، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇمەييە بىلەن بىللە بولمىغان بولساڭ، ئۆيۈڭگە ساق-سالامەت قايتالمايتتىڭ، — دېدى. سەئىد ئەبۇ جەھلگە بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ:

— سەنمۇ ئۇقۇپ قوي، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن مېنى بۇنىڭدىن توسساڭ، مەنمۇ سېنىڭ مەدىنىدىن ئۆتىدىغان يولۇڭنى تېخىمۇ چىڭ قامال قىلىمەن، — دېدى. ئۇمەييە ئارىغا كىرىپ سەئىدكە:

— ھەي سەئىد! ئەبۇ ھەكەمگە ۋارقىرىما، ئۇ دېگەن مەككە خەلقىنىڭ خوجايىنى، — دېدى. سەئىد:

— سەن بىزگە ئارىلاشما! ئى ئۇمەييە، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ﷺ دىن مۇسۇلمانلارنىڭ سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم، — دېدى. ئۇمەييە دەرھال:

— مەككىدە ئۆلتۈرەمدىكەن؟ — دەپ سورىغانىدى، سەئىد:

— ئۇقمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇمەييە قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىپ:

— ئى ئۇممۇ سەفۋان! سەئىدنىڭ ماڭا نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ — دېدى. ئۇممۇ سەفۋان:

— نېمە دېدى؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇمەييە:

— مۇھەممەد ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ

بىرىپتۇ. ئۇنىڭدىن: «مېنى مەككىدە ئۆلتۈرەمدىكەن؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «بىلمەيمەن» دېدى، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن مەككىدىن سىرتقا چىقمايمەن، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، بەدر ئۇرۇشىغا چىقىشىنىڭ تەييارلىقى بولۇۋېدى، ئەبۇ جەھل كىشىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشقا چىقىشقا ھەيدەپ:

— كارۋانلىرىڭلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئاتلىنىڭلار! — دېدى. ئۇمەييەنىڭ چىققۇسى كەلمىگەنىدى، ئەبۇ جەھل ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي ئەبۇ سەفۋان! سەن مەككە خەلقىنىڭ خوجايىنىسەن. سېنىڭ چىقمىغانلىقىڭنى كۆرسە باشقىلارمۇ چىقمايدۇ، — دېدى ۋە بۇ سۆزدە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئاخىرى ئۇمەييە:

— قارىغاندا، ساڭا تەڭ كەلگىلى بولمىغۇدەك. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، (بىرەر پېشكەللىككە يولۇققاندا دەرھال قېچىش ئۈچۈن) مەككىدىكى تۆگىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى سېتىۋالىمەن، — دېدى. ئاندىن ئايالىغا:

— ھەي ئۇممۇ سەفۋان! سەپەر تەييارلىقىنى باشلىغىن! — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۇممۇ سەفۋان:

— ئەي ئەبۇ سەفۋان! مەدىنىلىك دوستۇڭ سەئىدنىڭ سۆزىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ — دېگەنىدى، ئۇ:

— ئۇنتۇپ قالمىدىم. مەن ئۇلار بىلەن ئازغىنە يەرگىچە بىللە مېڭىپ قايتىپ كېلىمەن، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇمەييە يولغا چىقتى. قوشۇن بىرەر قونالغۇغا چۈشسىلا، ئۇ تۆگىسىنى چىڭ چۈشەپ يېنىدا تۇرغۇزۇپ قوياتتى. ئاخىرى، الله ئەززە ۋەجەللە ئۇنى (بەدر غازىتىغا سۆرەپ كىرىپ) ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى.[1]

**483. عن عبد الله بن مسعود رضي الله عنه قال: استقبل النبي ﷺ الكعبة، فدعا على نفر من قريش: على شيبة بن ربيعة، وعتبة بن ربيعة، والوليد بن عتبة، وأبي جهل بن هشام، فأشهد بالله، لقد رأيتهم صرعى، قد غيرتهم الشمس، وكان يوما حارا.**

483. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

[1] بۇخارى توپلىغان.

«(پەيغەمبەر ﷺ مەككىدىكى ۋاقتىدا كەئبىنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلىۋاتقاندا، مۇشرىكلاردىن بىرى تۆگىنىڭ ئىچ-قارنىنى ئۇنىڭ ئۈشنىسىگە ئارتىپ قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن،) پەيغەمبەر ﷺ قىبلىگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ قۇرەيش (چوڭلىرىدىن) بىر نەچچىسىگە بەددۇئا قىلدى. ئۇلار: شەيبە ئىبنى رەبىئە، ئۇتبە ئىبنى رەبىئە، ۋەلىد ئىبنى ئۇتبە، ئەبۇ جەھل ئىبنى ھىشام قاتارلىقلار ئىدى. الله نىڭ نامى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، (بەدر غازىتى كۈنى) مەن ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆردۈم. ئۇ كۈنى ھاۋا قاتتىق ئىسسىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى (قارىداپ ۋە كۆپۈپ) ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى»[1].

**484. عن أبي طلحة رضي الله عنه، أن نبي الله ﷺ أمر يوم بدر بأربعة وعشرين رجلا من صناديد قريش، فقذفوا في طوي من أطواء بدر خبيث مخبث، وكان إذا ظهر على قوم أقام بالعرصة ثلاث ليال، فلما كان ببدر اليوم الثالث أمر براحلته فشد عليها رحلها، ثم مشى واتبعه أصحابه، وقالوا: ما نرى ينطلق إلا لبعض حاجته، حتى قام على شفة الركي، فجعل يناديهم بأسمائهم وأسماء آبائهم: «يا فلان بن فلان، ويا فلان بن فلان، أيسركم أنكم أطعتم الله ورسوله، فإنا قد وجدنا ما وعدنا ربنا حقا، فهل وجدتم ما وعد ربكم حقا؟» قال: فقال عمر: يا رسول الله، ما تكلم من أجساد لا أرواح لها؟ فقال رسول الله ﷺ: «والذي نفس محمد بيده، ما أنتم بأسمع لما أقول منهم»، قال قتادة: أحياهم الله حتى أسمعهم، قوله توبيخا وتصغيرا ونقيمة وحسرة وندما.**

484. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بەدر غازىتى كۈنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇيرۇقى بىلەن قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ چوڭلىرىدىن 24ى چۆرىسىگە تاش بىلەن گىرۋەك قوپۇرۇلغان، ئىچىپ كەتكەن قۇدۇققا تاشلاندى. پەيغەمبەر ﷺ بىرەر قەۋمنى مەغلۇب قىلسا جەڭ مەيدانىدا ئۈچ كۈن تۇراتتى. بەدر ئۇرۇشى غەلىبىلىك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئادىتى بويىچە بەدردە تۇرۇپ ئۈچىنچى كۈنى تۆگىسىنى توقۇشقا بۇيرۇدى. تۆگە توقۇلغاندىن كېيىن بىر تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى، ساھابىلەرمۇ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. كېيىن ساھابىلەر: «بىز تېخى پەيغەمبەر ﷺ نى بىرەر ھاجىتى ئۈچۈن كېتىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپتۇق» دېيىشكەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ قۇدۇقنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ ئۆلۈكلەرنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسملىرى بىلەن قوشۇپ

---
[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

تۇۋلاپ:

— ھەي پالاننىڭ ئوغلى پالانى! ھەي پالاننىڭ ئوغلى پالانى! الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا بويسۇنغان بولساڭلار سىلەرنى خۇشال قىلامدىكەنتۇق؟ بىز رەببىمىزنىڭ بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسىسىگە (نۇسرىتىگە) ئېرىشتۇق. سىلەرمۇ رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە ۋەدە قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشتىڭلارمۇ؟ — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەجەبلىنىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! جەسەتلەرگە خىتاب قىلىۋاتامسەن؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— مۇھەممەدنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار سۆزلىرىمنى سىلەردىنمۇ ياخشىراق ئاڭلايدۇ، — دېدى. قەتادە (راۋى) مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىگەن، مەسخىرە قىلغان، خارلىغان، ھەسرەت چەكتۈرگەن ۋە پۇشايمان قىلدۇرغان سۆزىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن ئۇلارنى تىرىلدۈرگەن».[1]

**485. عن أنس بن مالك رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ، ترك قتلى بدر ثلاثا، ثم أتاهم فقام عليهم فناداهم، فقال: «يا أبا جهل بن هشام يا أمية بن خلف يا عتبة بن ربيعة يا شيبة بن ربيعة أليس قد وجدتم ما وعد ربكم حقا؟ فإني قد وجدت ما وعدني ربي حقا» فسمع عمر قول النبي ﷺ، فقال: يا رسول الله كيف يسمعوا وأنى يجيبوا وقد جيفوا؟ قال: «والذي نفسي بيده ما أنتم بأسمع لما أقول منهم، ولكنهم لا يقدرون أن يجيبوا» ثم أمر بهم فسحبوا، فألقوا في قليب بدر.**

485. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بەدر ئۆلۈكلىرىنى ئۈچ كۈن تاشلاپ قويدى. ئاندىن جەسەتلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇلارنى چاقىرىپ: «ئى ئەبۇ جەھل ئىبنى ھىشام! ئى ئۇمەييە ئىبنى خەلەف! ئى ئۇتبە ئىبنى رەبىئە! ئى شەيبە ئىبنى رەبىئە! رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە ۋەدە قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشتىڭلارمۇ؟ مەنمۇ رەببىم ماڭا ۋەدە قىلغان نەرسىگە (نۇسرەتكە) ئېرىشتىم» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار تاپقا ئايلىنىپ كەتكەن تۇرسا، قانداقمۇ ئاڭلاپ جاۋاب قايتۇرسۇن؟» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

[1] بۇخارى توپلىغان.

«جىنىم قولىدا بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار سۆزۈمنى سىلەردىنمۇ ياخشىراق ئاڭلايدۇ بىراق جاۋاب قايتۇرالمايدۇ» دېدى. ئاندىن بۇيرۇق قىلىنىۋېدى، ئۇلار سۆرەلگەن پېتى بەدر قۇدۇقىغا تاشلىنىۋېتىلدى.①

**486. عن علي رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ يوم بدر: «من استطعتم أن تأسروا من بني عبد المطلب، فإنهم خرجوا كرها».**

486. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ بەدر غازىتىدا مۇنداق دېگەن: «بەنى ئابدۇلمۇتتەلىب جەمەتىدىكىلەرنى ئامال بار ئەسىرگە ئېلىڭلار (يەنى ئۆلتۈرمەڭلار) چۈنكى ئۇلار ئۇرۇشقا مەجبۇرى چىققان».②

**487. عن ابن عباس رضي الله عنهما قال: كان الذي أسر العباس بن عبد المطلب أبو اليسر بن عمرو، وهو كعب بن عمرو، أحد بني سلمة، فقال له رسول الله ﷺ: «كيف أسرته يا أبا اليسر؟» قال: لقد أعانني عليه رجل ما رأيته بعد، ولا قبل، هيئته كذا، هيئته كذا، قال: فقال رسول الله ﷺ: «لقد أعانك عليه ملك كريم»، وقال للعباس: «يا عباس، افد نفسك، وابن أخيك عقيل بن أبي طالب، ونوفل بن الحارث، وحليفك عتبة بن جحدم» أحد بني الحارث بن فهر، قال: فأبى ، وقال: إني كنت مسلما قبل ذلك، وإنما استكرهوني، قال: «الله أعلم بشأنك، إن يك ما تدعي حقا، فالله يجزيك بذلك، وأما ظاهر أمرك، فقد كان علينا، فافد نفسك»، وكان رسول الله ﷺ قد أخذ منه عشرين أوقية ذهب، فقال: يا رسول الله، احسبها لي من فداي، قال: «لا، ذاك شيء أعطاناه الله منك»، قال: فإنه ليس لي مال، قال: «فأين المال الذي وضعته بمكة، حيث خرجت، عند أم الفضل، وليس معكما أحد غيركما، فقلت: إن أصبت في سفري هذا، فللفضل، كذا ولقثم كذا، ولعبد الله كذا؟» قال: فوالذي بعثك بالحق، ما علم بهذا أحد من الناس غيري وغيرها، وإني لأعلم أنك رسول الله.**

487. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: دادام ئاببباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنى ئەسىرگە ئالغان كىشى بەنى سەلەمە جەمەتىدىن ئەبۇ يەسەر كەئب ئىبنى ئەمر ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن:

— ئى ئەبۇ يەسەر! ئۇنى قانداق قىلىپ ئەسىر ئېلىۋالدىڭ؟ — دەپ

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② ئەھمەد ۋە بەززار توپلىغان، ھەيسەمى «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

سورىغانىدى، ئۇ:

ــ ماڭا مەن ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان بىر ئادەم ياردەملەشتى، ئۇنىڭ تۇرقى مۇنداق ـ مۇنداقكەن، ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ئۇنداقتا، ساڭا بىر ئېسىل پەرىشتە ياردەملىشىپتۇ، ــ دېدى. ئاندىن ئاbباسقا:

ــ ئى ئابباس! ئۆزۈڭگە، جىيەنىڭ ئەقىل ئىبنى ئەبۇ تالىبقا، نەۋفەل ئىبنى ھارىسقا ۋە ئىتتىپاقدىشىڭ ئۇتبە ئىبنى جەھدەمگە تۆلەم تۆلەپ ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇڭلار! ــ دېگەنىدى، ئۇ ئۇنىماي:

ــ مەن بۇرۇندىن تارتىپلا مۇسۇلمان ئىدىم، مېنى (قەۋمىم) زورلاپ ئېلىپ كەلدى، ــ دەپ تۇرىۋالدى، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ئەھۋالىڭنى الله ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر سۆزلىرىڭ راست بولسا، الله ساڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىڭ ئۈچۈن كاتتا ساۋاب بېرىدۇ ئەمما سىېنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشۈڭدىكى قىلمىشىڭ بىزگە قارشى ئىدى، شۇڭا تۆلەم تۆلەپ ئەسىرلىكتىن قۇتۇلغىن! ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئالدىدا ئۇنىڭدىن 20 ئۇقىيە ئالتۇننى ئولجا ئالغان ئىدى. ئۇ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەشۇ ئالتۇننى مېنىڭ فىدىيەرىم ھېسابىدا ئالغىن!

ــ دېدى، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ياق، ئۇ دېگەن الله سەندىن بىزگە ئېلىپ بەرگەن ئولجا، ــ دېگەنىدى، ئابباس:

ــ ئۇنداقتا، مېنىڭ باشقا مېلىم يوق، ــ دەپ تۇرىۋالدى، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ئەمىسە، سەن مەككىدىن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئايالىڭ ئۇممۇ فەزلگە يالغۇز يەردە: «مەن مۇشۇ سەپىرىمدە ئۆلۈپ كەتسەم، فەزلگە مۇنچىلىك، قۇسەمگە مۇنچىلىك، ئابدۇللاھقا مۇنچىلىك بېرىلسۇن» دەپ تەقسىم قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈكلىرىڭ قېنى؟ ــ دەپ سورىۋېدى، ئابباس:

ــ سېنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئىشتىن ئايالىم ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. ئەمدى ھەقىقىي جەزم قىلدىمكى، سەن ھەقىقەتەن الله نىڭ پەيغەمبىرى

ئىكەنسەن، ـــ دېدى.[1]

**488. عن عبد الله بن عمرو رضي الله عنهما، أن رسول الله ﷺ خرج يوم بدر في ثلاث مائة وخمسة عشر، فقال رسول الله ﷺ: «اللهم إنهم حفاة فاحملهم، اللهم إنهم عراة فاكسهم، اللهم إنهم جياع فأشبعهم». ففتح الله له يوم بدر، فانقلبوا حين انقلبوا، وما منهم رجل إلا وقد رجع بجمل أو جملين واكتسوا وشبعوا.**

488. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بەدر غازىتى كۈنى 315 كىشى بىلەن چىقىپ: «ئى الله ! ئۇلار پىيادە، ئۇلارغا ئۇلاغ ئاتا قىلغىن. ئى الله ! ئۇلار يالىڭاچ، ئۇلارنى كىيىندۈرگىن. ئى الله ! ئۇلار ئاچ، ئۇلارنىڭ قورساقلىرىنى تويغۇزغىن» دەپ دۇئا قىلغاندى، الله ئۇنىڭغا بەدر غازىتىدا غەلىبە ئاتا قىلدى. غازىلار ئۇرۇشتىن كېيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولغاندىن سىرت، ھەر بىرى بىر ياكى ئىككى تۆياقتىن تۆگە يېتىلىگەن ھالدا قايتتى.[2]

**489. عن ابن مسعود رضي الله عنه، أن الثمانية عشر الذين قتلوا من أصحاب رسول الله ﷺ يوم بدر جعل الله أرواحهم في الجنة في طير خضر تسرح في الجنة، قال: فبينما هم كذلك إذ طلع عليهم ربك إطلاعة، فقال: يا عبادي، ماذا تشتهون؟ قالوا: يا ربنا، ما فوق هذا شيء، قال: فيقول: عبادي، ماذا تشتهون؟ فيقولون في الرابعة: ترد أرواحنا في أجسادنا فنقتتل كما قتلنا.**

489. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بەدردە شەھىد قىلىنغان 18 ساھابىنىڭ روھلىرىنى الله تائالا يېشىل قۇشلارنىڭ پوكىنىدا قىلغان بولۇپ، ئۇلار جەننەتتە ئۇچۇپ يۈرىدۇ. ئۇچۇپ يۈرۈۋاتقان شۇ پەيتتە الله تائالا تۇيۇقسىز ئۇلارغا ئاشكارا بولۇپ: «ئى بەندىلىرىم! نېمە ئارزۇيۇڭلار بار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «ئى رەببىمىز! بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق نېمەت بولمىسا كېرەك» دەيدۇ. الله تائالا ئۇلاردىن قايتىلاپ: «ئى بەندىلىرىم! نېمە ئارزۇيۇڭلار بار؟» دەپ سوراپ تۆتىنچى قېتىمدا ئۇلار: «جانلىرىمىزنى تەنلىرىمىزگە قايتۇرساڭ، يەنە ئىلگىرىكىدەك شەھىد قىلىنساق» دەيدۇ.[3]

---

[1] ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى ۋە ئابدۇقادىر ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

[3] تەبرانى توپلىغان، ھەيسەمى «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن.

# 62 ـ باب

# بەنى نەزىر غازىتى

490. عن عبد الرحمن بن كعب بن مالك، عن رجل من أصحاب النبي ﷺ: أن كفار قريش كتبوا إلى ابن أبي، ومن كان يعبد معه الأوثان من الأوس والخزرج، ورسول الله ﷺ يومئذ بالمدينة قبل وقعة بدر: إنكم آويتم صاحبنا، وإنا نقسم بالله لتقاتلنه، أو لتخرجنه أو لنسيرن إليكم بأجمعنا حتى نقتل مقاتلتكم، ونستبيح نساءكم، فلما بلغ ذلك عبد الله بن أبي ومن كان معه من عبدة الأوثان، اجتمعوا لقتال النبي ﷺ، فلما بلغ ذلك النبي ﷺ لقيهم، فقال: «لقد بلغ وعيد قريش منكم المبالغ، ما كانت تكيدكم بأكثر مما تريدون أن تكيدوا به أنفسكم، تريدون أن تقاتلوا أبناءكم، وإخوانكم» فلما سمعوا ذلك من النبي ﷺ تفرقوا، فبلغ ذلك كفار قريش، فكتبت كفار قريش بعد وقعة بدر إلى اليهود: إنكم أهل الحلقة والحصون، وإنكم لتقاتلن صاحبنا، أو لنفعلن كذا وكذا، ولا يحول بيننا وبين خدم نسائكم شيء، وهي الخلاخيل، فلما بلغ كتابهم النبي ﷺ، أجمعت بنو النضير بالغدر، فأرسلوا إلى رسول الله ﷺ: اخرج إلينا في ثلاثين رجلا من أصحابك، وليخرج منا ثلاثون حبرا، حتى نلتقي بمكان المنصف فيسمعوا منك، فإن صدقوك وآمنوا بك آمنا بك، فقص خبرهم، فلما كان الغد، غدا عليهم رسول الله ﷺ بالكتائب فحصرهم، فقال لهم: «إنكم والله لا تأمنون عندي إلا بعهد تعاهدوني عليه»، فأبوا أن يعطوه عهدا، فقاتلهم يومهم ذلك، ثم غدا الغد على بني قريظة بالكتائب، وترك بني النضير ودعاهم إلى أن يعاهدوه، فعاهدوه، فانصرف عنهم، وغدا على بني النضير بالكتائب، فقاتلهم حتى نزلوا على الجلاء، فجلت بنو النضير، واحتملوا ما أقلت الإبل من أمتعتهم، وأبواب بيوتهم، وخشبها، فكان نخل بني النضير لرسول الله ﷺ خاصة، أعطاه الله إياها وخصه بها، فقال: ﴿وَمَا أَفَاءَ اللَّهُ عَلَى رَسُولِهِ مِنْهُمْ فَمَا أَوْجَفْتُمْ عَلَيْهِ مِنْ خَيْلٍ وَلَا رِكَابٍ﴾ [الحشر: 6] يقول: بغير قتال، فأعطى النبي ﷺ أكثرها للمهاجرين، وقسمها بينهم وقسم منها لرجلين من الأنصار، وكانا ذوي حاجة لم يقسم لأحد من الأنصار غيرهما، وبقي منها صدقة رسول الله ﷺ التي في أيدي بني فاطمة رضي الله عنها.

490. ئابدۇراھمان ئىبنى كەئب ئىبنى مالىك پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن بىرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: بەدر غازىتىدىن ئىلگىرى، پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىدىكى چاغدا، قۇرەيش كاپىرلىرى

ئىبنى ئۇبەي ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بۇتقا چوقۇنىدىغان ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرىدىن بولغان بۇتپەرەسلەرگە مەكتۇب يوللاپ: «سىلەر بىزنىڭ ئادىمىمىز (يەنى پەيغەمبەر ﷺ)گە جاي بەردىڭلار، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، يا سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار، ياكى ئۇنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، بىز ھەممىمىز سىلەرگە قارشى يۇرۇش قىلىپ، ئەرلىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ، بالا ـ چاقىلىرىڭلارنى ئەسىرگە ئالىمىز» دېدى. بۇ مەكتۇبنى تاپشۇرۇۋالغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي باشلىق بۇتپەرەسلەر مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۇچۇن توپلاندى. پەيغەمبەر ﷺ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە: «قۇرەيشنىڭ سىلەرنى بەكلا قورقىتىۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىدىم. ئەجىبا سىلەر ئۆز قېرىنداشلىرىڭلار ۋە بالا ـ چاقاڭلارغا قارشى ئۇرۇش قىلماقچىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، قۇرەيشلەر سىلەرگە سالالمايدىغان چوڭ زىياننى ئۆز ـ ئۆزۈڭلارغا سالغان بولىسىلەر» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار تارقىلىپ كېتىشتى. بۇ خەۋەر قۇرەيشلەرگىمۇ يېتىپ باردى.

بەدر غازىتىدىن كېيىن قۇرەيش مۇشرىكلىرى يەھۇدىيلارغا مەكتۇب يوللاپ مۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ سېپىل ـ قورغانلىرىڭلار بار. سىلەر يا بىزنىڭ ئادىمىمىز مۇھەممەد بىلەن ئۇرۇش قىلىشىڭلار كېرەك، ياكى بولمىسا بىز (سىلەرگە قارشى قوشۇن تارتىپ بېرىپ) ئۇنداق قىلىمىز، مۇنداق قىلىمىز. بىزنىڭ سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارغا چېقىلىشىمىزغا ھېچنىمە توسالغۇ بولالمايدۇ» دېدى. بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى بۇ مەكتۇبنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا خىيانەت قىلماقچى بولدى ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە ئادەم ئەۋەتىپ: «سەن ساھابىلىرىڭدىن 30 ئادەمنى ئېلىپ بىز تەرەپكە كەلگىن، بىزدىنمۇ 30 ئالىم چىقىپ، بىرەر جايدا ئۇچرىشايلى. سەن دەلىل ـ ئىسپاتلىرىڭنى كۆرسەتكىن. ئەگەر ئۇلار سېنى راستچىل دەپ ئىشەنسە، بىزمۇ ساڭا ئىشىنىپ ئىمان ئېيتايلى» دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ باشقىلارغا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى.

ئەتىسى ئەتىگەندە پەيغەمبەر ﷺ پىدائىيلارنى باشلاپ بەنى نەزىر قەبىلىسىگە يېتىپ كەلدى ۋە ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ: «الله نىڭ نامى

بىلەن قەسەمكى، بىزگە ئىشەنچلىك ئەھدە بەرمىسەڭلار، مەندىن سىلەرگە ئامانلىق يوق» دېدى لېكىن يەھۇدىيلار ئەھدە بىرىشكە ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ شۇ كۈنى كەچكىچە ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە بەنى نەزىر قەبىلىسىنى تاشلاپ، بەنى قۇرەيزىگە باردى ۋە ئۇلارنى سۈلھىلىشىشكە چاقىرغانىدى، ئۇلار سۈلھىلەشتى. شۇنىڭ بىلەن، يەنە بەنى نەزىر قەبىلىسىگە قايتىپ كەلدى ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە پەيغەمبەر ﷺ قوشۇن باشلاپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار ئاخىرى مەدىنىدىن چىقىپ كېتىشكە ماقۇل بولدى ۋە ئىشىك-دېرىزىلىرىدىن تارتىپ ھەممە نەرسىسىنى تۆگىلىرىگە ئارتىپ، چىقىپ كېتىشتى. الله تائالا بەنى نەزىرنىڭ خورمىزارلىقلىرىنى پەيغەمبەر ﷺگە ئولجا قىلىپ بەردى ۋە بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «الله پەيغەمبىرىگە ئۇلاردىن (يەنى بەنى نەزىرنىڭ ماللىرىدىن) قايتۇرغان غەنىيمەتلەرنى سىلەر ئات-تۆگىلەرنى چاپتۇرۇپ (يەنى ئەجىر قىلىپ، جاپا-مۇشەققەت تارتىپ) قولغا كەلتۇرگەن ئەمەس».[1]

پەيغەمبەر ﷺ بۇ غەنىيمەتنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇھاجىرلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى، ئەنسارىلاردىن پەقەت ئىككى كىشىدىن باشقا ھېچكىمگە بەرمىدى. ئۇ خورمىزارلىقتىن پەقەت پەيغەمبەر ﷺ سەدىقە قىلغان ۋە كېيىن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن ۋەقفىلا ساقلىنىپ قالدى.[2]

**491. عن عبد الله رضي الله عنهما، عن النبي ﷺ: أنه حرق نخل بني النضير وقطع، وهي البويرة، ولها يقول حسان:**

**وهان على سراة بني لؤي ... حريق بالبويرة مستطير**

491. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ بەنى نەزىر خورمىزارلىقىنىڭ بەزىلىرىنى كۆيدۈرۈپ، بەزىلىرىنى كېسىۋەتتى. بۇ خورمىزارلىق <ئەلبۇۋەيرە> دەپ ئاتىلاتتى. ھەسسان ئىبنى سابىت بۇ ۋەقەلىك ھەققىدە مۇنداق بىر شېئىر ئوقۇغانىدى:

[1] سۈرە ھەشىر 6- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

ئېلىپ كەلدى ئەجەپ ھەيۋەت بەنى لۇئەيگە[1] خارلىقنى،
كۆيۈش ـ كۆيدۇرۇش دەھشەت، بۇۋەيرە خورمىزارلىقنى.[2]

**492. عن ابن عمر رضي الله عنهما قال: حرق رسول الله ﷺ نخل بني النضير وقطع، وهي البويرة، فنزلت: ﴿مَا قَطَعْتُمْ مِنْ لِينَةٍ أَوْ تَرَكْتُمُوهَا قَائِمَةً عَلَى أُصُولِهَا فَبِإِذْنِ اللَّهِ وَلِيُخْزِيَ الْفَاسِقِينَ﴾ [الحشر: 5].**

492. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ بەنى نەزىر خورمىزارلىقىنىڭ بەزىلىرىنى كۆيدۈرۈپ، بەزىلىرىنى كېسىۋەتتى. بۇ خورمىزارلىق <ئەلبۇۋەيرە> دەپ ئاتىلاتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: «(ئى مۇسۇلمانلار!) سىلەر مەيلى (بەنى نەزىرنىڭ) خورمىلىرىنى كېسىڭلار، مەيلى ئۇنى بۇرۇنقى پېتى ئۆزە قالدۇرۇڭلار، الله ھەممىسىگە رۇخسەت قىلىدۇ، (الله نىڭ رۇخسەت قىلىشى) الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلارنى (يەنى يەھۇدىيلارنى) رەسۋا قىلىش ئۈچۈندۇر[3]».[4]

## 63 ـ باب

## ئۇھۇد غازىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ هَمَّتْ طَائِفَتَانِ مِنْكُمْ أَنْ تَفْشَلَا وَاللَّهُ وَلِيُّهُمَا وَعَلَى اللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا سىلەردىن ئىككى گۇرۇھ (يەنى سەلەمە ئايمىقى بىلەن بەنى ھارىسە ئايمىقى) ئاجىزلىق كۆرسەتمەكچى (يەنى قورقۇپ ئۇرۇش مەيدانىدىن قايتماقچى) بولدى، الله ئۇلارنىڭ مەدەتكارى ئىدى. (مۇئمىنلەر جىمى ئەھۋالى ۋە جىمى ئىشلىرىدا) الله قىلا تەۋەككۇل قىلسۇن!»[5].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ صَدَقَكُمُ اللَّهُ وَعْدَهُ إِذْ تَحُسُّونَهُمْ بِإِذْنِهِ حَتَّى إِذَا فَشِلْتُمْ وَتَنَازَعْتُمْ فِي الْأَمْرِ وَعَصَيْتُمْ مِنْ بَعْدِ مَا أَرَاكُمْ مَا تُحِبُّونَ مِنْكُمْ مَنْ يُرِيدُ الدُّنْيَا وَمِنْكُمْ مَنْ

[1] بەنى لۇئەي ــ بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى.
[2] بۇخارى توپلىغان.
[3] سۈرە ھەشىر 5 ـ ئايەت.
[4] بۇخارى توپلىغان.
[5] سۈرە ئال ئىمران 122 ـ ئايەت.

﴿يُرِيدُ الْآخِرَةَ ثُمَّ صَرَفَكُمْ عَنْهُمْ لِيَبْتَلِيَكُمْ وَلَقَدْ عَفَا عَنْكُمْ وَاللَّهُ ذُو فَضْلٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ ۞ إِذْ تُصْعِدُونَ وَلَا تَلْوُونَ عَلَى أَحَدٍ وَالرَّسُولُ يَدْعُوكُمْ فِي أُخْرَاكُمْ فَأَثَابَكُمْ غَمًّا بِغَمٍّ لِكَيْلَا تَحْزَنُوا عَلَى مَا فَاتَكُمْ وَلَا مَا أَصَابَكُمْ وَاللَّهُ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ ۞ ثُمَّ أَنْزَلَ عَلَيْكُمْ مِنْ بَعْدِ الْغَمِّ أَمَنَةً نُعَاسًا يَغْشَى طَائِفَةً مِنْكُمْ وَطَائِفَةٌ قَدْ أَهَمَّتْهُمْ أَنْفُسُهُمْ يَظُنُّونَ بِاللَّهِ غَيْرَ الْحَقِّ ظَنَّ الْجَاهِلِيَّةِ يَقُولُونَ هَلْ لَنَا مِنَ الْأَمْرِ مِنْ شَيْءٍ قُلْ إِنَّ الْأَمْرَ كُلَّهُ لِلَّهِ يُخْفُونَ فِي أَنْفُسِهِمْ مَا لَا يُبْدُونَ لَكَ يَقُولُونَ لَوْ كَانَ لَنَا مِنَ الْأَمْرِ شَيْءٌ مَا قُتِلْنَا هَاهُنَا قُلْ لَوْ كُنْتُمْ فِي بُيُوتِكُمْ لَبَرَزَ الَّذِينَ كُتِبَ عَلَيْهِمُ الْقَتْلُ إِلَى مَضَاجِعِهِمْ وَلِيَبْتَلِيَ اللَّهُ مَا فِي صُدُورِكُمْ وَلِيُمَحِّصَ مَا فِي قُلُوبِكُمْ وَاللَّهُ عَلِيمٌ بِذَاتِ الصُّدُورِ ۞ إِنَّ الَّذِينَ تَوَلَّوْا مِنْكُمْ يَوْمَ الْتَقَى الْجَمْعَانِ إِنَّمَا اسْتَزَلَّهُمُ الشَّيْطَانُ بِبَعْضِ مَا كَسَبُوا وَلَقَدْ عَفَا اللَّهُ عَنْهُمْ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ حَلِيمٌ ۞﴾ «الله سىلەرگە قىلغان (دۈشمەنلەرگە قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت) ۋەدىسىدە تۇردى. الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتاتتىڭلار، الله سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن زەئىپلىشىپ قالدىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى توغرىسىدا جاڭجاللاشتىڭلار، (پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنمىدىڭلار: بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار، ئاندىن الله سىناش ئۈچۈن سىلەردىن دۈشمەننى قايتۇردى (يەنى سىلەرنى غەلىبىدىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى) ۋە سىلەرنى ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى. الله مۇئمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر [152]. ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر (<ئى الله نىڭ بەندىلىرى! مېنىڭ تەرىپىمگە كېلىڭلار، مەن رەسۇلۇللاھتۇرمەن. كىمكى جىھاد مەيدانىغا قايتسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ> دەپ) ئارقاڭلاردىن سىلەرنى چاقىرىپ تۇراتتى. سىلەر ھېچ كىشىگە قارىماي قاچاتتىڭلار، (بۇنىڭدىن كېيىن) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە (يەنى غەنىيمەتكە)، بېشىڭلارغا كەلگەن مۇسىبەتكە (يەنى مەغلۇبىيەتكە) قايغۇرماسلىقىڭلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە غەم ئۈستىگە غەم بەردى (يەنى سىلەرنى غەنىيمەتتىن مەھرۇم قىلغاننىڭ ئۈستىگە مەغلۇبىيەت بىلەن جازالىدى). الله قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر [153]. غەمدىن كېيىن الله سىلەرگە ئەمىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى، سىلەرنىڭ بىر قىسمىڭلارنى (يەنى ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى) مۈگدەك باستى، يەنە بىر قىسمىڭلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆزلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى (يەنى كۇففارلار قايتا ھۇجۇم قىلارمۇ دەپ جان قايغۇسى بىلەن بولۇپ كەتتى). بۇلار جاھىلىيەت دەۋرى كىشىلىرىگە ئوخشاش، الله قا قارىتا ناتوغرا

گۇمانلاردا بولدى. ئۇلار: ‹بىزگە الله ۋەدە قىلغان غەلىبىدىن نېسىۋە بارمۇ؟› دەيدۇ. ئېيتقىنكى: ‹ھەممە ئىش ھەقىقەتەن الله نىڭ ئىلكىدە›. ئۇلار ساڭا ئاشكارا قىلمايدىغان نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىدە يوشۇرۇشىدۇ؛ ئۇلار: ‹ئەگەر بىزگە غەلىبىدىن ئازراق نېسىۋە بولسا ئىدى، بۇ يەردە ئۆلتۈرۈلمەيتتۇق› دەيدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: ‹ئەگەر سىلەر ئۆيلىرىڭلاردا بولغان تەقدىردىمۇ (ئاراڭلاردىكى) ئۆلتۈرۈلۇشى پۈتۈۋېتىلگەن كىشىلەر چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغان جايلىرىغا بېرىشىدۇ (الله نىڭ قازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ). (الله نىڭ مۇنداق قىلىشى) كۆڭلۈڭلاردىكىنى سىناش ۋە قەلبىڭلاردىكى نەرسىلەرنى پاكلاش ئۈچۈندۇر. الله كۆڭۈللەردىكىنى (ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) بىلگۈچىدۇر› [154]. ئىككى قوشۇن (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار) بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقان كۈندە ئىچىڭلاردىكى (جەڭدىن) ھەقىقەتەن يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەرنى، بەزى قىلمىشلىرى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقى) تۈپەيلىدىن شەيتان تېيىلدۇرۇشقا ئۇرۇندى؛ الله ھەقىقەتەن ئۇلارنى ئەپۇ قىلدى. الله ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ) [155]»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَوَلَمَّا أَصَابَتْكُم مُّصِيبَةٌ قَدْ أَصَبْتُم مِّثْلَيْهَا قُلْتُمْ أَنَّىٰ هَٰذَا قُلْ هُوَ مِنْ عِندِ أَنفُسِكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ۞ وَمَا أَصَابَكُمْ يَوْمَ الْتَقَى الْجَمْعَانِ فَبِإِذْنِ اللَّهِ وَلِيَعْلَمَ الْمُؤْمِنِينَ ۞ وَلِيَعْلَمَ الَّذِينَ نَافَقُوا وَقِيلَ لَهُمْ تَعَالَوْا قَاتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَوِ ادْفَعُوا قَالُوا لَوْ نَعْلَمُ قِتَالًا لَّاتَّبَعْنَاكُمْ هُمْ لِلْكُفْرِ يَوْمَئِذٍ أَقْرَبُ مِنْهُمْ لِلْإِيمَانِ يَقُولُونَ بِأَفْوَاهِهِم مَّا لَيْسَ فِي قُلُوبِهِمْ وَاللَّهُ أَعْلَمُ بِمَا يَكْتُمُونَ ۞﴾ «سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن مۇسىبەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا (يەنى ئۇھۇد غازىتىدا سىلەردىن 70 كىشى شەھىد بولغان تۇرسا، بەدر غازىتىدا بولسا مۇشرىكلاردىن 70 كىشىنى ئۆلتۈرگەن، 70 كىشىنى ئەسىر ئالغان تۇرساڭلار)، سىلەر يەنە: ‹بۇ مۇسىبەت قەيەردىن كەلدى؟› دېدىڭلار. ئېيتقىنكى: ‹ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلاردىن (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە غەنىيمەتكە ھېرىس بولغانلىقىڭلاردىن) بولدى›. الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە

[1] سۈرە ئال ئىمران 152 ـ ئايەتتىن 155 ـ ئايەتكىچە.

قادىردۇر [165]. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان كۈندە (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار توقۇنۇشقان ئۇھۇد جېڭىدە) سىلەرگە كەلگەن مۇسىبەت الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن كەلگەندۇر، بۇ ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى بىلىش (يەنى ئايرىش) ئۈچۈندۇر [166]. شۇنداقلا يەنە مۇناپىقلارنى بىلىش (يەنى ئايرىش) ئۈچۈندۇركى، ئۇلارغا: >كېلىڭلار، الله يولىدا ئۇرۇش قىلىڭلار ياكى (ئۆزۈڭلارنى) قوغداڭلار< دېيىلسە، ئۇلار: >ئۇرۇشتىن خەۋەر تاپقان بولساق ئەلۋەتتە سىلەرگە ئەگىشەتتۇق (يەنى سىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلاتتۇق)< دېدى. ئۇ كۈندە ئۇلار ئىمانغا قارىغاندا كۇفرىغا يېقىن ئىدى. ئۇلار كۆڭۈللىرىدە يوق نەرسىلەرنى ئېغىزلىرىدا دېدى، ئۇلار يوشۇرغاننى (يەنى نىفاق بىلەن مۇشرىكلىكنى) الله ئوبدان بىلىدۇ [167]»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَهِنُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَنْتُمُ الْأَعْلَوْنَ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ ۞ إِنْ يَمْسَسْكُمْ قَرْحٌ فَقَدْ مَسَّ الْقَوْمَ قَرْحٌ مِثْلُهُ وَتِلْكَ الْأَيَّامُ نُدَاوِلُهَا بَيْنَ النَّاسِ وَلِيَعْلَمَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَيَتَّخِذَ مِنْكُمْ شُهَدَاءَ وَاللَّهُ لَا يُحِبُّ الظَّالِمِينَ ۞ وَلِيُمَحِّصَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَيَمْحَقَ الْكَافِرِينَ ۞ أَمْ حَسِبْتُمْ أَنْ تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَعْلَمِ اللَّهُ الَّذِينَ جَاهَدُوا مِنْكُمْ وَيَعْلَمَ الصَّابِرِينَ ۞﴾ «(جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شەھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر [139]. ئەگەر سىلەرگە شىكەستلىك يەتكەن بولسا (يەنى بۇ جەڭدە سىلەر يارىلانغان ۋە شەھىد بولغان بولساڭلار)، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدر جېڭىدە) ئوخشاشلا شىكەستلىك يەتتى (يەنى ئۇلار يارىلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى). بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي، بىر كۈن بۇ پىرقىدە، بىركۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز)، بۇ ــ الله نىڭ (ھەقىقىي) مۇئمىنلەرنى (مۇناپىقلاردىن) ئايرىشى ئۈچۈندۇر، سىلەرنى شەھىدلەردىن قىلىشى (يەنى سىلەردىن بەزىلەرنى شەھىدلىك دەرىجىسىگە مۇشەررەپ قىلىشى) ئۈچۈندۇر. الله زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ [140]؛ مۇئمىنلەرنى (ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت ئارقىلىق) پاكلىشى ئۈچۈندۇر، كاپىرلارنى يوق قىلىشى ئۈچۈندۇر [141]. (ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) الله سىلەردىن (ھەقىقىي) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى ئايرىماي تۇرۇپ)، (پەقەت

① سۈرە ئال ئىمران 165 ـ ئايەتتىن 167 ـ ئايەتكىچە.

ئىغىزىڭلاردا ئىمان ئىيتتۇق دىيىش بىلەنلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ [142]»[①].

**493. عن عقبة بن عامر رضي الله عنه قال: صلى رسول الله ﷺ على قتلى أحد بعد ثماني سنين، كالمودع للأحياء والأموات.**

493. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇھۇد غازىتىدىن سەككىز يىل كىيىن ئۇھۇد شەھىدلىرىگە خۇددى ئۆلگەنلەر ۋە تىرىكلەر بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك دۇئا قىلدى».[②]

**494. عن زيد بن ثابت رضي الله عنه قال: لما خرج النبي ﷺ إلى أحد، رجع ناس ممن خرج معه، وكان أصحاب النبي ﷺ فرقتين: فرقة تقول: نقاتلهم، وفرقة تقول: لا نقاتلهم، فنزلت ﴿فَمَا لَكُمْ فِي الْمُنَافِقِينَ فِئَتَيْنِ وَاللَّهُ أَرْكَسَهُمْ بِمَا كَسَبُوا أَتُرِيدُونَ أَنْ تَهْدُوا مَنْ أَضَلَّ اللَّهُ وَمَنْ يُضْلِلِ اللَّهُ فَلَنْ تَجِدَ لَهُ سَبِيلًا﴾ [النساء: 88] وقال: «إنها طيبة، تنفي الذنوب، كما تنفي النار خبث الفضة».**

494. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ئۇھۇد غازىتىغا چىققاندا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىققان بىر تۈركۈم كىشىلەر (يىرىم يولدىنلا) قايتىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى: «ئۇلار بىلەن ئۇرۇشايلى» دىسە، يەنە بىر قىسمى: «ئۇلار بىلەن ئۇرۇشساق بولمايدۇ» دىدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالانىڭ: «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر نىمىشقا مۇناپىقلار توغرىسىدا ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كىتىسىلەر؟! الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى كاپىرلار ھۆكمىدە قىلدى. الله ئازدۇرغان كىشىلەرنى سىلەر ھىدايەت قىلماقچى بولامسىلەر؟! كىمنىكى الله گۇمراھ قىلىدىكەن، سەن ئۇنىڭغا ھەرگىز توغرا يول تىپىپ بىرەلمەيسەن»[③] دىگەن ئايىتى نازىل بولدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇ مۇنداق دىدى: «مەدىنە پاك شەھەر بولۇپ، گۇناھكارلارنى خۇددى ئوت كۇمۇشنىڭ دىتىنى تازىلىغاندەك تازىلايدۇ».[④]

---

[①] سۇرە ئال ئىمران 139 ـ ئايەتتىن 142 ـ ئايەتكىچە.

[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[③] سۇرە نىسا 88 ـ ئايەت.

[④] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

495. عن بريدة رضي الله عنه، أن رجلا قال يوم أحد: اللهم إن كان محمد على الحق فاخسف بي، قال: فخسف به.

495. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇھۇد غازىتى كۈنى بىر ئادەم: «ئى الله ! ئەگەر مۇھەممەد ھەق يولدا بولسا، مېنى يەرگە يۇتقۇزۇۋەتكىن!» دېگەنىدى، يەر ئۇ ئادەمنى شۇ ھامان يۇتۇۋەتتى.[1]

496. عن البراء رضي الله عنه قال: لقينا المشركين يومئذ، وأجلس النبي ﷺ جيشا من الرماة، وأمر عليهم عبد الله، وقال: «لا تبرحوا، إن رأيتمونا ظهرنا عليهم فلا تبرحوا، وإن رأيتموهم ظهروا علينا فلا تعينونا» فلما لقينا هربوا حتى رأيت النساء يشتددن في الجبل، رفعن عن سوقهن، قد بدت خلاخلهن، فأخذوا يقولون: الغنيمة الغنيمة، فقال عبد الله: عهد إلي النبي ﷺ أن لا تبرحوا، فأبوا، فلما أبوا صرف وجوههم، فأصيب سبعون قتيلا، وأشرف أبو سفيان فقال: أفي القوم محمد؟ فقال: «لا تجيبوه» فقال: أفي القوم ابن أبي قحافة؟ قال: «لا تجيبوه» فقال: أفي القوم ابن الخطاب؟ فقال: إن هؤلاء قتلوا، فلو كانوا أحياء لأجابوا، فلم يملك عمر نفسه، فقال: كذبت يا عدو الله، أبقى الله عليك ما يخزيك، قال أبو سفيان: اعل هبل، فقال النبي ﷺ: «أجيبوه» قالوا: ما نقول؟ قال: «قولوا: الله أعلى وأجل» قال أبو سفيان: لنا العزى ولا عزى لكم، فقال النبي ﷺ: «أجيبوه» قالوا: ما نقول؟ قال: «قولوا: الله مولانا، ولا مولى لكم» قال أبو سفيان: يوم بيوم بدر، والحرب سجال، وتجدون مثلة، لم آمر بها ولم تسؤني.

496. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: شۇ كۈنى (ئۇھۇد كۈنى) مۇشرىكلارغا ئۇچراشقىنىمىزدا، پەيغەمبەر ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەيرنى مەرگەنلەرگە باش قىلىپ: «ئورنۇڭلاردىن قوزغالماڭلار، بىزنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىمىزنى كۆرسەڭلارمۇ تەۋرەنمەڭلار. ئۇلارنىڭ ئۈستىمىزدىن غەلىبە قىلغانلىقىنى كۆرسەڭلارمۇ بىزگە ياردەم قىلماڭلار!» دەپ تاپىلىدى. بىز ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنى چېكىندۇردۇق. دۈشمەن قوشۇنى قاچقىلى تۇردى، ھەتتا مەن پاچاقلىرىدىكى خەلخاللارنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىغا قارىماي ئېتەكلىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا تاغقا قاراپ جان جەھلى بىلەن قېچىۋاتقان ئاياللارنى كۆردۈم. بۇنى كۆرگەن ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەيرنىڭ ھەمراھلىرى: «غەنىيمەت، غەنىيمەت!» دېيىشكىلى تۇردى. ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير:

[1] بەززار توپلىغان، ھەيسەمى: «راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر» دېگەن.

«رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا: <ئورنۇڭلاردىن قوزغالماڭلار!> دەپ تاپىلىغان» دېسىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى، مەغلۇبىيەت مۇسۇلمانلارغا يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن، ساھابىلەردىن 70 كىشى شەھىد بولدى. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئەبۇ سۇفيان پەيدا بولۇپ:

— ئاراڭلاردا مۇھەممەد بارمۇ؟ — دەپ توۋلىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلەرگە:

— جاۋاب قايتۇرماڭلار! — دېدى. ئەبۇ سۇفيان يەنە:

— ئاراڭلاردا ئەبۇ قۇھافەنىڭ ئوغلى (ئەبۇبەكرى) بارمۇ؟ — دەپ توۋلىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلەرگە:

— جاۋاب قايتۇرماڭلار! — دېدى. ئەبۇ سۇفيان بۇ قېتىم:

— ئاراڭلاردا خەتتاب ئوغلى (ئۆمەر) بارمۇ؟ — دەپ توۋلىدى. ئاندىن ئۆز قوشۇنىغا بۇرۇلۇپ:

— بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، ھايات بولغان بولسا جاۋاب قايتۇرغان بولاتتى، — دېدى. شۇ چاغدا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي:

— ئى الله نىڭ دۈشمىنى! يالغان ئېيتتىڭ (سەن ئىسمىنى ئاتىغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە ھايات). سېنى غەمگە پاتۇرىدىغان كىشىلەرنى الله قالدۇرۇپ قويدى (يەنى سەن ئۆلۈپتۇ دېگەن كىشىلەرنى الله ئۆلۈمدىن ساقلىدى)، — دېدى. ئەبۇ سۇفيان:

— ھۇبەل (بۇتنىڭ ئىسمى) ياشنا! — دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇڭلار! — دېدى. ساھابىلەر:

— نېمە دەيمىز؟ — دەپ سورىغانىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— الله ھەممىدىن بۈيۈك ۋە ئۇلۇغدۇر دەڭلار! — دېدى. ئەبۇ سۇفيان:

— ئۇززا بىزنىڭ بۇتىمىز. سىلەرنىڭ ئۇززايىڭلار يوق، — دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇڭلار! — دېدى. ساھابىلەر:

— نېمە دەيمىز؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— الله بىزنىڭ مەدەتكارىمىز، سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلار يوق دەڭلار، — دېدى. ئەبۇ سۇفيان:

— بۇگۈنكى غەلىبىمىز بەدرىكى مەغلۇبىيىتىمىزگە تەڭ بولسۇن. ئۇرۇش دېگەندە يېڭىش-يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ. ئۆلۈكلىرىڭلار ئىچىدىن قۇلاق-بۇرۇنلىرى كېسىلگەنلەرنى ئۇچرىتىسىلەر. مەن ئەسلىدە بۇنداق قىلىشقا بۇيرۇمىغان ئىدىم لېكىن بۇ ئىشقا خاپا بولۇپمۇ كەتمىدىم، — دېدى. [1]

497. عن ابن عباس رضي الله عنهما قال: ما نصر الله تبارك وتعالى في موطن، كما نصر يوم أحد. قال: فأنكرنا ذلك، فقال ابن عباس: بيني وبين من انكر ذلك كتاب الله تبارك وتعالى، إن الله عز وجل يقول في يوم أحد: ﴿وَلَقَدْ صَدَقَكُمُ اللَّهُ وَعْدَهُ إِذْ تَحُسُّونَهُم بِإِذْنِهِ﴾ [آل عمران: 152]- يقول ابن عباس: والحس: القتل - ﴿حَتَّىٰ إِذَا فَشِلْتُمْ﴾ [آل عمران: 152]- إلى قوله - ﴿وَلَقَدْ عَفَا عَنكُمْ وَاللَّهُ ذُو فَضْلٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ﴾ [آل عمران: 152] ، وإنما عنى بهذا الرماة، وذلك أن النبي ﷺ أقامهم في موضع، ثم قال: «حموا ظهورنا، فإن رأيتمونا نقتل، فلا تنصرونا، وإن رأيتمونا قد غنمنا فلا تشركونا» فلما غنم النبي ﷺ، وأباحوا عسكر المشركين، أكب الرماة جميعا، فدخلوا في العسكر ينهبون، وقد التقت صفوف أصحاب رسول الله ﷺ، فهم هكذا - وشبك بين أصابع يديه - والتبسوا، فلما أخل الرماة تلك الخلة التي كانوا فيها، دخلت الخيل من ذلك الموضع على أصحاب النبي ﷺ، فضرب بعضهم بعضا، والتبسوا، وقتل من المسلمين ناس كثير، وقد كان لرسول الله ﷺ وأصحابه أول النهار، حتى قتل من أصحاب لواء المشركين سبعة، أو تسعة، وجال المسلمون جولة نحو الجبل، ولم يبلغوا حيث يقول الناس الغار، إنما كانوا تحت المهراس، وصاح الشيطان: قتل محمد، فلم يشك فيه أنه حق، فما زلنا كذلك ما نشك أنه قد قتل، حتى طلع رسول الله ﷺ بين السعدين نعرفه بتكفئه إذا مشى، قال: ففرحنا حتى كأنه لم يصبنا ما أصابنا، قال: فرقي نحونا، وهو يقول: «اشتد غضب الله على قوم دموا وجه رسوله»، قال: ويقول مرة أخرى: «اللهم إنه ليس لهم أن يعلونا»، حتى انتهى إلينا. فمكث ساعة، فإذا أبو سفيان يصيح في أسفل الجبل: اعل هبل - مرتين، يعني آلهته - أين ابن أبي كبشة ؟ أين ابن أبي قحافة؟ أين ابن الخطاب؟ فقال عمر: يا رسول الله، ألا أجيبه؟ قال: «بلى»، فلما قال: اعل هبل، قال عمر: الله أعلى وأجل. قال: فقال أبو سفيان: يا ابن الخطاب، إنه قد انعمت عينها، فعاد عنها، أو فعال عنها، فقال: أين ابن أبي كبشة؟ أين ابن أبي قحافة؟ أين ابن الخطاب؟ فقال عمر: هذا رسول الله ﷺ، وهذا أبو بكر،

[1] بۇخارى توپلىغان.

**وها أنا ذا عمر. قال: فقال أبو سفيان: يوم بيوم بدر، الأيام دول، وإن الحرب سجال. قال: فقال عمر: لا سواء، قتلانا في الجنة، وقتلاكم في النار. قال: إنكم لتزعمون ذلك، لقد خبنا إذن وخسرنا. ثم قال أبو سفيان: أما إنكم سوف تجدون في قتلاكم مثلى، ولم يكن ذاك عن رأي سراتنا. قال: ثم أدركته حمية الجاهلية، قال: فقال: أما إنه قد كان ذاك، ولم نكرهه.**

497. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا ھېچبىر ئورۇندا بىزگە ئۇھۇد كۈنىدە ياردەم بەرگەندەك ياردەم بەرگەن ئەمەس».

(ھەدىسنى نەقىل قىلغۇچى) مۇنداق دەيدۇ: بىز ئىبنى ئابباسنىڭ سۆزىنى ئىنكار قىلغانىدۇق، ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن بىلەن مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى ئىنكار قىلغۇچىغا الله تائالانىڭ سۆزى گۇۋاھتۇر. الله تائالا ئۇھۇد غازىتى كۈنى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: <الله سىلەرگە قىلغان (دۈشمىنىڭلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت) ۋەدىسىدە تۇردى. الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتاتتىڭلار...>[1]. ئايەتتىكى <تَحُسُّونَهُمْ> دېگەن سۆز <ئۇلارنى قىرىۋاتاتتىڭلار> دېگەنلىك بولىدۇ. <الله سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن زەئىپلىشىپ قالدىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى توغرىسىدا جاڭجاللاشتىڭلار، (پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنمىدىڭلار؛ بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار، ئاندىن الله سىناش ئۈچۈن سىلەردىن دۈشمەننى قايتۇردى (يەنى سىلەرنى غەلىبىدىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى) ۋە سىلەرنى ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى. الله مۇئمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.>[2] ئايەتنىڭ بۇ قىسمىدا بولسا الله تائالا ئوقياچىلارنى مەقسەت قىلغان. سەۋەبى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى بىر ئورۇندا تۇرغۇزۇپ قويۇپ ئاندىن ئۇلارغا: <سىلەر بىزنى ئارقا تەرەپتىن قوغداڭلار، ھەتتا بىزنىڭ ئۆلتۈرۈلۈۋاتقانلىقىمىزنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ بىزگە ياردەم بەرمەڭلار (يەنى ياردەم بىرىش ئۈچۈن تاغدىن چۈشمەڭلار)، بىزنىڭ ئولجا ـ غەنىيمەتلەرنى ئېلىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ بىزگە شېرىك بولماڭلار (يەنى غەنىيمەت يىغىش ئۈچۈن چۈشمەڭلار)> دېگەن بولسىمۇ ئەمما پەيغەمبەر ﷺ باشچىلىقىدىكى قوشۇن مۇشرىكلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ غەنىيمەت

[1] سۈرە ئال ئىمران 152 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ئال ئىمران 152 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يىغىۋاتقاندا ئوقياچىلار قىسمى غەنىيمەتكە دۈم چۈشتى، ئۇلار ئەسكەرلەر ئارىسىغا كىرىپ غەنىيمەت توپلاشقا باشلىدى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىنىڭ سەپلىرى ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتتى. (ھەدىس نەقىل قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرىنى بىر-بىرىگە كىرىشتۈرۈپ كۆرسەتتى.) ئوقياچىلار تۇرۇۋاتقان ئورۇن بوش قالغان چاغدا (دۈشمەن) ئاتلىق قوشۇنى شۇ ئورۇندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىگە باستۇرۇپ كەلدى، نەتىجىدە بىر-بىرى بىلەن ئېلىشىپ سەپلەر قالايمىقانلىشىپ كەتتى، مۇسۇلمانلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر شەھىد قىلىندى. كۇندۇزنىڭ ئەۋۋىلىدە غەلىبە ئەسلىدە پەيغەمبەر ﷺ ۋە ساھابىلەرگە مەنسۇپ ئىدى، ھەتتا كاپىرلارنىڭ بايراقدارلىرىدىن يەتتە ياكى توققۇز كىشى ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار تاغ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى، ئۇلار ھەتتا كىرىۋالغۇدەك ئۆڭكۈرمۇ تاپالماي قورشاۋدا قالدى. شۇ ۋاقىتتا شەيتان (ئۇنىڭغا الله نىڭ لەنىتى بولسۇن!): <مۇھەممەد ئۆلتۈرۈلدى> دەپ توۋلىغانىدى، ھەممەيلەن بۇنىڭغا ئىشىنىپ قالدى. بىزمۇ ئۇ خەۋەرنىڭ راست ئىكەنلىكىگە قىلچە شەك قىلمىغانىدۇق ئەمما كېيىن پەيغەمبەر ﷺ ئىككى تۆپىلىكنىڭ ئارىسىدا ئاشكارا بولغانىدى، بىز ئۇنىڭ مېڭىش ھالىتىدىن تونۇپ قالدۇق. بىز (پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ) ھېچ مۇسىبەت يەتمىگەندەك قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتتۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ: <ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ يۈزىنى قانغا بويىغان قەۋمگە الله تائالا قاتتىق غەزەپ قىلىدۇ> دېگىنىچە بىز تەرەپكە كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ پات-پات: <ئى الله! دۈشمەنلەر بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن غالىب بولسا بولمايدۇ> دەيتتى. ئۇ بىزنىڭ يېنىمىزغا يېتىپ كېلىپ بىرئاز تۇرغان بىر پەيتتە، ئەبۇ سۇفيان توساتتىنلا تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە تۇرۇپ:

— ھۇبەل (بۇتنىڭ ئىسمى) ياشنا! ئەبۇ كەبشەنىڭ ئوغلى قېنى؟ ئەبۇ قۇھافىنىڭ ئوغلى قېنى؟ — دەپ توۋلىدى. ئۆمەر:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمايمۇ؟ — دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ جاۋاب قايتۇر، ــ دېدى. ئاندىن ئەبۇ سۇفيان:

ــ ھۇبەل ياشنا! ــ دېگەندى، ئۆمەر:

ــ الله ھەممىدىن بۈيۈك ۋە ئۇلۇغدۇر! ــ دېدى».

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ سۇفيان: <ئى ئىبنى خەتتاب! ھۇبەل خۇرسەن بولدى، ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلما> ياكى <ئۇنىڭدىن يىراق تۇر> دېدى (بۇ ئىككى سۆزنىڭ قايسىسىنىڭ ئېيتىلغانلىقى ھەدىس نەقىل قىلغۇچىنىڭ ئېسىدە قالمىغان.) ئاندىن يەنە:

ــ ئەبۇ كەبشىنىڭ ئوغلى قېنى؟ ئەبۇ قۇھافىنىڭ ئوغلى قېنى؟ خەتتابنىڭ ئوغلى قېنى؟ ــ دېگەندى، ئۆمەر:

ــ مانا بۇ رەسۇلۇللاھ، بۇ ئەبۇبەكرى، مانا مەن ئۆمەر! ــ دېدى. ئەبۇ سۇفيان:

ــ بۈگۈنكى غەلىبىمىز بەدردىكى مەغلۇبىيىتىمىزگە تەڭ بولسۇن. كۈنلەر ئايلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇرۇش دېگەندە يېڭىش-يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ، ــ دېگەندى، ئۆمەر:

ــ بىز تەڭلەشمىدۇق، بىزدىن ئۆلتۈرۈلگەنلەر جەننەتتە، سىلەردىن ئۆلتۈرۈلگەنلەر دوزاختا، ــ دېدى، ئاندىن يەنە:

ــ سىلەر شۇنداق ئويلايسىلەر، ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا بىز زىيان تارتقان ۋە ئۈمىدسىزلەنگەن بولۇپ قالامدۇق، ــ دېدى. ئاندىن ئەبۇ سۇفيان:

ــ ئاگاھ بولۇڭلار! ئۆلۈكلىرىڭلار ئىچىدىن مۇسلى قىلىۋېتىلگەنلەرنى[1] ئۇچرىتىسىلەر ئەمما بۇ بىزنىڭ ئاقساقاللىرىمىزنىڭ پىكرى بويىچە بولغان ئىش ئەمەس ئىدى، ــ دېدى ۋە جاھىلىيەتنىڭ قىززىققانلىقى تۇتۇپ، گەرچە (ئاقساقاللىرىنىڭ پىكرى بويىچە بولمىغان بولسىمۇ) ئۆزىنىڭ بۇ ئىشنى يامان كۆرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.[2]

**498. عن سعد بن أبي وقاص رضي الله عنه قال: رأيت رسول الله ﷺ يوم أحد، ومعه رجلان يقاتلان عنه، عليهما ثياب بيض، كأشد القتال ما رأيتهما قبل ولا بعد.**

---

[1] مۇسلى قىلىش — بۇرۇن، قۇلاق ۋە بېشىنى كېسىش قاتارلىق ئىشلار ئارقىلىق جەسەتلىرىنى ئەسلىدىكى ھالىتىدىن ئۆزگەرتىۋېتىشتۇر.

[2] ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان، زەھەبى ۋە ھاكىم «سەھىھ» دېگەن، شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

498. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇھۇد غازىتى كۈنى ئاق كىيىم كىيگەن ئىككى كىشىنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىللە قاتتىق ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئۇلارنى ئىلگىرى ھېچ كۆرۈپ باقمىغانىدىم، شۇندىن كېيىنمۇ ھەم ئۇچرىتىپ باقمىدىم».[①]

**499. عن سعيد بن المسيب قال: سمعت سعد بن أبي وقاص رضي الله عنه يقول: نثل لي النبي ﷺ كنانته يوم أحد، فقال: «ارم فداك أبي وأمي».**

499. سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: مەن سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئۇھۇد غازىتى كۈنى پەيغەمبەر ﷺ ماڭا ئوقدىنىنى سۇنۇپ بېرىپ: <ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئاتقىن!> دېگەنىدى».[②]

**500. عن عامر بن سعد، عن أبيه، أن النبي ﷺ جمع له أبويه يوم أحد قال: كان رجل من المشركين قد أحرق المسلمين، فقال له النبي ﷺ: «ارم فداك أبي وأمي». قال: فنزعت له بسهم ليس فيه نصل، فأصبت جنبه فسقط، فانكشفت عورته فضحك رسول الله ﷺ حتى نظرت إلى نواجذه.**

500. ئامىر ئىبنى سەئىد دادىسى (سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)دىن نەقىل قىلىپ ئېيتىدۇكى، ئۇھۇد غازىتى كۈنى پەيغەمبەر ﷺ ئاتا-ئانىسىنى تەڭ تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا (پىدا قىلغانىدى). (ئۇ كۈنى،) مۇشرىكلاردىن بىرى مۇسۇلمانلارنى قاتتىق قىرىۋەتكەن ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ سەئىدكە: «ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئاتقىن!» دېدى.

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بۇنى ئاڭلاپ ھېلىقى مۇشرىكقا ئۇچى يوق بىر ئوقنى ئېتىپ بىقىنىغا تەگكۈزدۈم. ئۇ يەرگە يىقىلىپ، ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالغان ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى كۆرۈپ ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنگىدەك دەرىجىدە كۈلۈپ كەتتى.[③]

**501. عن أنس رضي الله عنه قال: لما كان يوم أحد انهزم الناس عن النبي ﷺ، وأبو**

---

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[③] مۇسلىم توپلىغان.

طلحة بين يدي النبي ﷺ مجوب عليه بحجفة له، وكان أبو طلحة رجلا راميا شديد النزع، كسر يومئذ قوسين أو ثلاثا، وكان الرجل يمر معه بجعبة من النبل، فيقول: «انثرها لأبي طلحة» قال: ويشرف النبي ﷺ ينظر إلى القوم، فيقول أبو طلحة: بأبي أنت وأمي، لا تشرف، يصيبك سهم من سهام القوم، نحري دون نحرك.

ولقد رأيت عائشة بنت أبي بكر وأم سليم، وإنهما لمشمرتان، أرى خدم سوقهما تنقزان القرب على متونهما تفرغانه في أفواه القوم، ثم ترجعان فتملآنها، ثم تجيئان فتفرغانه في أفواه القوم.

ولقد وقع السيف من يدي أبي طلحة إما مرتين وإما ثلاثا.

501. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇھۇد غازىتى كۈنى بىر قىسىم كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ نى تاشلاپ قاچتى. ئەبۇ تەلھە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، تېرىدىن ياسالغان قالقىنى بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نى قوغدىدى. ئەبۇ تەلھە ئوقيانىڭ كىرىچىنى ناھايىتى تېز تارتىدىغان مەرگەن بولۇپ، شۇ كۈنى ئىككى ـ ئۈچ يانى سۇندۇرۇۋەتكەنىدى. بىرەرسى ئۇنىڭ يېنىدىن ئوقدان كۆتۈرگەن ھالدا ئۆتۈپ قالسا، پەيغەمبەر ﷺ: «ئوقنى ئەبۇ تەلھەنىڭ ئالدىغا چېچىپ بەرگىن» دەيتتى. پەيغەمبەر ﷺ بويىنىنى سوزۇپ دۈشمەننى كۆزەتمەكچى بولسا، ئەبۇ تەلھە: «(ئى رەسۇلۇللاھ!) ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن. بېشىڭنى كۆتۈرمىگىن، دۈشمەننىڭ ئوقى تېگىپ كەتمىسۇن. مېنىڭ بوغۇزۇم سېنىڭ بوغۇزۇڭغا دالدا بولسۇن (يەنى ئوق ساڭا تەگكەندىن كۆرە ماڭا تەگسۇن)» دەيتتى.

مەن شۇ كۈنى يەنە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنها ئىككىسىنىڭ پۇشقاقلىرىنى تۈرگەن ھالدا سۇ توشۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ پۇتىدىكى خالخاللىرى ھەم كۆرۈنۈپ قالغان ئىدى. ئۇلار سۇ قاچىلانغان تۇلۇمنى مۈرىلىرىگە ئارتىپ كېلىپ، مۇجاھىدلارنىڭ ئېغىزىغا قۇياتتى. تۇلۇمدىكى سۇ تۈگىسە يەنە سۇ تولدۇرۇپ كېلىپ، يەنە مۇجاھىدلارنىڭ ئېغىزىغا قۇياتتى.

شۇ كۈنى ئەبۇ تەلھەنى (مۈگدەك بېسىپ كەتكەنلىكتىن) قولىدىكى قىلىچ ئىككى ـ ئۈچ قېتىم چۈشۈپ كەتتى.[1]

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم تويلىغان.

**502. عن أبي طلحة رضي الله عنه قال: كنت فيمن تغشاه النعاس يوم أحد حتى سقط سيفي من يدي مرارا يسقط وآخذه ويسقط فآخذه.**

502. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇھۇد غازىتىدا مېنى مۈگدەك بېسىپ، قولۇمدىكى قىلىچ ھەتتا بىر نەچچە قېتىم چۈشۈپ كەتتى. قىلىچ چۈشۈپ كېتىدۇ، ئالىمەن؛ يەنە چۈشۈپ كېتىدۇ، يەنە ئالىمەن».[1]

**503. عن معتمر، عن أبيه، قال زعم أبو عثمان: أنه لم يبق مع النبي ﷺ في بعض تلك الأيام التي يقاتل فيهن، غير طلحة، وسعد، عن حديثهما.**

503. مۇئتەمىر ئاتىسىدىن نەقىل قىلىدۇكى، ئەبۇ ئوسمان مۇنداق دېگەن: «(ئۇھۇد كۈنى) پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا تۇرۇپ دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلغانلاردىن پەقەت تەلھە بىلەن سەئىد ئىككىسىلا قالدى». ئۇ ئىككىسى ئەبۇ ئوسمانغا مۇشۇنداق دەپ بەرگەنىكەن.[2]

**504. عن جابر بن عبد الله رضي الله عنه قال: لما كان يوم أحد وولى الناس كان رسول الله ﷺ في ناحية في اثني عشر رجلا من الأنصار وفيهم طلحة بن عبيد الله فأدركه المشركون، فالتفت رسول الله ﷺ فقال: «من للقوم؟» فقال طلحة: أنا، قال رسول الله ﷺ: «كما أنت» فقال رجل من الأنصار: أنا يا رسول الله، فقال: «أنت» فقاتل حتى قتل ثم التفت فإذا بالمشركين قال: «من للقوم؟» قال طلحة: أنا، قال: «كما أنت»، فقال رجل من الأنصار: أنا، فقال: «أنت»، فقاتل حتى قتل ثم لم يزل يقول ذلك ويخرج إليهم رجل من الأنصار فيقاتل قتال من قبله حتى يقتل حتى بقي رسول الله ﷺ وطلحة بن عبيد الله، فقال رسول الله ﷺ: «من للقوم؟» فقال طلحة: أنا، فقاتل طلحة قتال الأحد عشر حتى ضربت يده فقطعت أصابعه فقال: حس فقال رسول الله ﷺ: «لو قلت: بسم الله لرفعتك الملائكة والناس ينظرون» ثم رد الله المشركين.**

504. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇھۇد غازىتى كۈنى كىشىلەر پاتپاراق بولۇپ قېچىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا ئەنسارىلاردىن 12 كىشى قالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھمۇ بار ئىدى. مۇشرىكلار ئۇلارغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ بېشىنى بۇراپ:

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

— بۇلارغا كىم تاقابىل تۇرىدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، تەلھە:

— مەن، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— سەن تۇرۇپ تۇر! — دېدى، ئەنسارىلاردىن بىرى:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن چىقاي، — دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ھە، سەن چىق! — دېدى، ئۇ تاكى شەھىد قىلىنغانغا قەدەر باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشتى. پەيغەمبەر ﷺ مۇشرىكلارنىڭ يەنە كېلىۋاتاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— بۇلارغا كىم تاقابىل تۇرىدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، تەلھە:

— مەن، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— سەن تۇرۇپ تۇر! — دېدى. ئەنسارىلاردىن بىرى:

— مەن چىقاي، — دېگەنىدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ھە، سەن چىق، — دېدى. ئۇمۇ ھەمراھىدەك تاكى شەھىد قىلىنغانغا قەدەر باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىش تەكرارلىنىۋەردى، ئەنسارىلار بىر-بىرلەپ چىقىپ ئىلگىرىكىلەردەك تاكى شەھىد قىلىنغانغا قەدەر باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشتى. ئاخىرى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن تەلھە ئىككىسىلا قالدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— بۇلارغا كىم تاقابىل تۇرىدۇ؟ — دېگەنىدى، تەلھە:

— مەن، — دېدى ۋە ئىلگىرىكى 11 كىشىدەك قاتتىق ئۇرۇشتى. ئاخىرى قولىغا قىلىچ چېپىلىپ، بارماقلىرى كېسىلىپ: «ۋايجان!» دەۋەتتى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ﷺ:

— بىسمىللاھ دېگەن بولساڭ پەرىشتىلەر سېنى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىلا كۆتۈرگەن بولاتتى، — دېدى. كېيىن، الله تائالا مۇشرىكلارنى چېكىندۇردى.[①]

**505. عن قيس رضي الله عنه قال: رأيت يد طلحة شلاء وقى بها النبي ﷺ يوم أحد.**

505. قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇھۇد كۈنى تەلھەنىڭ قولىنىڭ تۇتماس (پالەچ) بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردۈم، ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قوغداش ئۈچۈن (رەسۇلۇللاھ ﷺ گە چېپىلغان قىلىچقا قولىنى قالقان قىلىپ

[①] نەسائى توپلىغان، ئىبنى ھەجەر «ئىسنادى ياخشى» دېگەن، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

تۇتۇپ بەرگەن ئىدى))». ①

**506. عن أنس رضي الله عنه: أن رسول الله ﷺ أخذ سيفا يوم أحد، فقال: «من يأخذ مني هذا؟» فبسطوا أيديهم كل إنسان منهم يقول: أنا أنا. قال: «فمن يأخذه بحقه؟» فأحجم القوم فقال أبو دجانة رضي الله عنه: أنا آخذه بحقه، فأخذه ففلق به هام المشركين.**

506. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇھۇد غازىتى كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ قولىغا بىر قىلىچنى ئېلىپ: «بۇنى مەندىن كىم ئالىدۇ؟» دېدى. ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى قوللىرىنى ئۇزىتىپ: «مەن، مەن» دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «بۇنى كىم ئېلىپ ھەققىنى ئادا قىلالايدۇ؟» دېگەندى، ھەممەيلەن جىمىپ كەتتى. ئەبۇ دۇجانە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن ئۇنى ئېلىپ ھەققىنى ئادا قىلالايمەن» دېدى ۋە ئۇ قىلىچ بىلەن مۇشرىكلارنىڭ باشلىرىنى چاپتى. ②

**507. عن جابر بن عبد الله رضي الله عنهما قال: قال رجل للنبي ﷺ يوم أحد: أرأيت إن قتلت فأين أنا؟ قال: «في الجنة»، فألقى تمرات في يده ثم قاتل حتى قتل.**

507. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۇھۇد غازىتى كۈنى بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «ئەگەر مەن ئۆلتۈرۈلسەم قەيەردە بولىمەن؟» دەپ سورىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «جەننەتتە» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم قولىدىكى بىر قانچە تال خورمىلارنى تاشلىۋەتتى ۋە (جەڭگە كىرىپ) تاكى ئۆلتۈرۈلگۈچە ئۇرۇشتى. ③

**508. عن عائشة رضي الله عنها قالت: لما كان يوم أحد هزم المشركون، فصرخ إبليس لعنة الله عليه: أي عباد الله أخراكم، فرجعت أولاهم فاجتلدت هي وأخراهم، فبصر حذيفة فإذا هو بأبيه اليمان، فقال: أي عباد الله أبي أبي، قال: قالت: فوالله ما احتجزوا حتى قتلوه، فقال حذيفة: يغفر الله لكم. قال عروة: فوالله ما زالت في حذيفة بقية خير، حتى لحق بالله عز وجل.**

508. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئۇھۇد غازىتى كۈنى مۇشرىكلار قاتتىق يېڭىلدى. شۇ ئارىدا لەنەتتى ئىبلىس: «ئى اللە نىڭ

① بۇخارى توپلىغان.

② مۇسلىم توپلىغان.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بەندىلىرى! كەينىڭلارغا دىققەت قىلىڭلار (كەينىڭلاردىن دۈشمەن كەلدى)» دەپ ۋارقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇشرىكلارنى قوغلاپ كېتىۋاتقان مۇسۇلمانلار كەينىگە يېنىپ، كەينىدىن كېلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنى تونۇيالماي ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ كەتتى. ھۇزەيفە دادىسى يەماننى تونۇۋېلىپ: «ئى اللە نىڭ بەندىلىرى! دادام، دادام!» دەپ ۋارقىرىغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي ئاخىرى ھۇزەيفەنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇنى كۆرگەن ھۇزەيفە: «اللە سىلەرنى مەغپىرەت قىلسۇن!» دېدى.

ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: «ھۇزەيفە تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر (ئەپۇچانلىقتىن ئىبارەت) مۇشۇ ياخشى خىسلەتتىن ئايرىلمىغان».[1]

**509. عن أنس رضي الله عنه أن عمه غاب عن بدر، فقال: غبت عن أول قتال النبي ﷺ، لئن أشهدني الله مع النبي ﷺ ليرين الله ما أجد، فلقي يوم أحد، فهزم الناس، فقال: «اللهم إني أعتذر إليك مما صنع هؤلاء، يعني المسلمين وأبرأ إليك مما جاء به المشركون» فتقدم بسيفه فلقي سعد بن معاذ، فقال: أين يا سعد، إني أجد ريح الجنة دون أحد، فمضى فقتل، فما عرف حتى عرفته أخته بشامة أو ببنانه، وبه بضع وثمانون من طعنة وضربة ورمية بسهم.**

509. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: تاغام (ئەنەس ئىبنى نەزىر) بەدر ئۇرۇشىغا قاتنىشالمىغانىدى. شۇڭا ئۇ: «پەيغەمبەر ﷺ قىلغان تۇنجى جەڭگە مەن قاتنىشالماي قالدىم. ئەگەر اللە مېنى يەنە بىر قېتىم پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە جەڭگە چىقىشقا نېسىپ قىلسا، مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا نېسىپ قىلسا، اللە چوقۇم مېنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىمنى كۆرىدۇ» دېدى.

كېيىن ئۇ ئۇھۇد ئۇرۇشىغا چىقتى. مۇسۇلمانلار مەغلۇب بولغاندا، ئۇ: «ئى اللە ! مەن ھەمراھلىرىمنىڭ قاچقانلىقىدىن ساڭا ئۆزرە ئېيتىمەن ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئىشىدىن ئادا ـ جۇدامەن» دەپ، قىلىچىنى ئېلىپ كاپىرلار تەرەپكە ئىلگىرىلەپ ماڭدى. شۇ ۋاقىتتا ئالدىغا سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇچرىغانىدى، (ئەنەس ئىبنى نەزىر) ئۇنىڭغا: «ئى سەئىد! قەيەرگە كېتىۋاتىسەن؟ مەن ئۇھۇد تەرەپتىن جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇراۋاتىمەن»

[1] بۇخارى توپلىغان.

دېدى ـ دە، (دۈشمەن سېپىگە) ئېتىلدى.

ئۇ شەھىد بولغاندا جەسىتىنى تونۇغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ھەمشىرىسى ئۇنى بەدىنىدىكى مەڭدىن ياكى بارماقلىرىنىڭ ئۇچلىرىدىن ئاران تونۇيالىدى. ئۇنىڭ جەسىتى نەيزە بىلەن سانجىلغان، قىلىچ بىلەن چېپىلغان ۋە ئوقيا بىلەن ئېتىلغان بولۇپ 80 نەچچە يېرىدىن يارىلانغان ئىدى.[1]

**510. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «اشتد غضب الله على قوم فعلوا هذا برسول الله» وهو حينئذ يشير إلى رباعيته، وقال رسول الله ﷺ: «اشتد غضب الله على رجل يقتله رسول الله في سبيل الله عز وجل».**

510. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ (سۇنۇپ كەتكەن) ئوتتۇرا چىشلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ پەيغەمبىرىگە مۇشۇنداق ئازار بەرگەن قەۋمگە الله نىڭ غەزىپى ئىنتايىن شىددەتلىك بولىدۇ، الله نىڭ پەيغەمبىرى الله يولىدا ئۆلتۈرگەن كىشىگىمۇ الله نىڭ غەزىپى ئىنتايىن شىددەتلىك بولىدۇ».[2]

**511. عن سهل رضي الله عنه قال: لما كسرت بيضة النبي ﷺ على رأسه، وأدمي وجهه وكسرت رباعيته، وكان علي يختلف بالماء في المجن، وكانت فاطمة تغسله، فلما رأت الدم يزيد على الماء كثرة، عمدت إلى حصير فأحرقتها وألصقتها على جرحه، فرقأ الدم.**

511. سەھل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بېشىدىكى دۇبۇلغىسى يېرىلىپ، يۈزى قاناپ، ئوتتۇرا چىشى سۇنۇپ كەتكەنىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قالقاندا سۇ ئېلىپ كەلدى، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يۈزىدىكى قاننى يۇيدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قاننىڭ تېخىمۇ كۆپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بورا كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى پەيغەمبەر ﷺ يارىسىغا باسقان ئىدى، قان توختىدى.[3]

**512. عن جابر رضي الله عنه قال: اصطبح الخمر يوم أحد ناس، ثم قتلوا شهداء.**

513. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغان كۈنى (ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن) بەزى مۇسۇلمانلار ئەتىگەندە ھاراق ئىچىۋالغان

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئىدى[1]، كېيىن ئۇلار شەھىد بولۇپ كەتتى». [2]

514. عن جعفر بن عمرو بن أمية الضمري قال: خرجت مع عبيد الله بن عدي بن الخيار، فلما قدمنا حمص، قال لي عبيد الله بن عدي: هل لك في وحشي، نسأله عن قتل حمزة؟ قلت: نعم، وكان وحشي يسكن حمص، فسألنا عنه، فقيل لنا: هو ذاك في ظل قصره، كأنه حميت، قال: فجئنا حتى وقفنا عليه بيسير، فسلمنا فرد السلام، قال: وعبيد الله معتجر بعمامته، ما يرى وحشي إلا عينيه ورجليه، فقال عبيد الله: يا وحشي أتعرفني؟ قال: فنظر إليه ثم قال: لا والله، إلا أني أعلم أن عدي بن الخيار تزوج امرأة يقال لها أم قتال بنت أبي العيص، فولدت له غلاما بمكة، فكنت أسترضع له، فحملت ذلك الغلام مع أمه فناولتها إياه، فلكأني نظرت إلى قدميك، قال: فكشف عبيد الله عن وجهه ثم قال: ألا تخبرنا بقتل حمزة؟ قال: نعم، إن حمزة قتل طعيمة بن عدي بن الخيار ببدر، فقال لي مولاي جبير بن مطعم: إن قتلت حمزة بعمي فأنت حر، قال: فلما أن خرج الناس عام عينين، وعينين جبل بحيال أحد، بينه وبينه واد، خرجت مع الناس إلى القتال، فلما أن اصطفوا للقتال، خرج سباع فقال: هل من مبارز؟ قال: فخرج إليه حمزة بن عبد المطلب، فقال: يا سباع، يا ابن أم أنمار مقطعة البظور، أتحاد الله ورسوله ﷺ؟ قال: ثم شد عليه، فكان كأمس الذاهب، قال: وكمنت لحمزة تحت صخرة، فلما دنا مني رميته بحربتي، فأضعها في ثنته حتى خرجت من بين وركيه، قال: فكان ذاك العهد به، فلما رجع الناس رجعت معهم، فأقمت بمكة حتى فشا فيها الإسلام، ثم خرجت إلى الطائف، فأرسلوا إلى رسول الله ﷺ رسولا، فقيل لي: إنه لا يهيج الرسل، قال: فخرجت معهم حتى قدمت على رسول الله ﷺ، فلما رآني قال: «آنت وحشي» قلت: نعم، قال: «أنت قتلت حمزة» قلت: قد كان من الأمر ما بلغك، قال: «فهل تستطيع أن تغيب وجهك عني» قال: فخرجت فلما قبض رسول الله ﷺ فخرج مسيلمة الكذاب، قلت: لأخرجن إلى مسيلمة، لعلي أقتله فأكافئ به حمزة، قال: فخرجت مع الناس، فكان من أمره ما كان، قال: فإذا رجل قائم في ثلمة جدار، كأنه جمل أورق ثائر الرأس، قال: فرميته بحربتي، فأضعها بين ثدييه حتى خرجت من بين كتفيه، قال: ووثب إليه رجل من الأنصار فضربه بالسيف على هامته، قال: قال عبد الله بن الفضل: فأخبرني سليمان بن يسار، أنه سمع عبد الله بن عمر يقول: فقالت جارية على ظهر بيت: وا أمير المؤمنين، قتله العبد الأسود.

514. جەئفەر ئىبنى ئەمر ئىبنى ئۇمەييە زەمرىي نەقىل قىلىپ مۇنداق

---

[1] بۇ — ھاراق ھارام قىلىنىشتىن بۇرۇنقى ۋاقىت ئىدى — تۈزگۈچىدىن.

[2] بۇخارى توپلىغان.

دەيدۇ: ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئەدىي ئىبنى خىيار بىلەن سەپەرگە چىقتىم. ھېمس شەھىرىگە كەلگەندە ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئەدىي ماڭا:

— ۋەھشىينى تېپىپ ئۇنىڭدىن ھەمزىنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىنى سوراپ باقامدۇق؟ — دېگەنىدى، مەن:

— ھەئە، شۇنداق قىلايلى، — دېدىم. ۋەھشىي (ئۇ چاغلاردا) ھېمس شەھىرىدە تۇراتتى. كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرگەنىمىزدە، ئۇنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويدى ۋە:

— ئەنە ئاۋۇ، ئۆيىنىڭ سايىسىدا ئولتۇرىدۇ، — دېدى. ئۇ، خۇددى ياغ كۆپىدەك سېمىز بىرى ئىدى. ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ توختىدۇق ۋە سالام قىلدۇق، ئۇمۇ بىزگە سالام قايتۇردى. ئۇبەيدۇللاھ سەللىسى بىلەن يۈزىنى يۆگىۋالغان بولۇپ، ۋەھشىي ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ۋە ئىككى پۇتىدىن باشقا يەرلىرىنى كۆرەلمەيتتى. ئۇبەيدۇللاھ:

— ئى ۋەھشىي! مېنى تونۇمسەن؟ — دېگەنىدى، ئۇ ئۇبەيدۇللاھقا سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— ياق، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، يادىمغا مۇنداق بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ: ئەدىي ئىبنى خىيار (ئۇبەيدۇللاھنىڭ دادىسى) ئەبۇ ئىيسنىڭ قىزى ئۇممۇ قىتال ئىسىملىك بىر ئايالنى نىكاھىغا ئالغان ئىدى. ئۇ ئايال مەككىدە ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. مەن بىر ئىنىكئانا تېپىپ، بالىنى ئانىسى بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىپ، ئۇ ئىنىكئانىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىدىم. سېنىڭ پۇتلىرىڭنى شۇ بالىنىڭ پۇتلىرىغا ئوخشاتتىم. شۇڭا پۇتلىرىڭغا بەكرەك سەپسالدىم، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇبەيدۇللاھ يۈزىنى ئېچىۋەتتى. ئاندىن:

— بىزگە ھەمزىنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىڭنى ئېيتىپ بېرەمسەن؟ — دېگەنىدى، ئۇ:

— بولىدۇ، — دېدى ۋە شۇ ۋەقەلىكنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «ھەمزە بەدر غازىتىدا تۇئەيمە ئىبنى ئەدى ئىبنى خىيارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى. خوجايىنىم جۇبەير ئىبنى مۇتئىم ماڭا: <ئەگەر ھەمزىنى ئۆلتۈرۈپ تاغامنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بەرسەڭ، سېنى ئازاد قىلىۋېتىمەن> دېدى. ئەينەيىن (ئۇھۇد

تېغىنىڭ قارشىسىدىكى تاغ بولۇپ، ئۇھۇد تېغى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ۋادى بار) جېڭى بولغان يىلى قۇرەيشلەر جەڭگە يۈرۈش قىلغاندا، مەنمۇ ئۇلارنىڭ سېپىگە قېتىلدىم. ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە قارشى سەپ تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن مۇشرىكلاردىن سىباڭ ئىسىملىك بىرى چىقىپ:

— مەن بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشىدىغانلار بارمۇ؟ — دېگەنىدى. ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب چىقىپ:

— ھەي سىباڭ! ھەي ئايال سۈننەتچىسى ئۇممۇ ئەنمارنىڭ ئوغلى! سەن تېخى الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىقىۋاتامسەن؟ — دېدى ۋە ئۇنىڭغا ئېتىلىپ بېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. مەن بىر چوڭ قۇرام تاشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ، ھەمزىنىڭ يېقىنلاپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. ئۇ ماڭا يېقىن كەلگەندە نەيزەمنى ئاتتىم. نەيزە ئۇنىڭ جان يېرىدىن كىرىپ، يانپىشى ئارىلىقىدىن چىقىپ كەتتى، ئەنە شۇ نەيزە زەربىسى ھەمزىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. كىشىلەر ئۆرۈشتىن قايتقاندا مەنمۇ بىللە قايتتىم. ئىسلام مەككىگە ئومۇملاشقىچە مەن مەككىدە تۇرۇپ، ئاندىن تائىفقا قېچىپ كەتتىم. تائىف خەلقى پەيغەمبەر ﷺ گە ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولغاندا، مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەلچىلەرگە چېقىلمايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەلچىلەر قاتارىدا مەدىنىگە باردىم. پەيغەمبەر ﷺ مېنى كۆرۈپ:

— سەن ۋەھشىيمۇ؟ — دەپ سورىدى. مەن:

— ھەئە، — دېدىم.

— ھەمزىنى سەن ئۆلتۈرگەنمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، مەن:

— ساڭا قانداق يەتكۈزۈلگەن بولسا، ۋەقە ئۆز ئەينى شۇنداق يۈز بەردى، — دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

— سەن ماڭا يۈزۈڭنى كۆرسەتمەي يۈرەلەمسەن؟ — دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەدىنىدىن چىقىپ كەتتىم. پەيغەمبەر ﷺ ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇسەيلەمە كاززاب پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئاتلاندى، مەنمۇ سەپكە قېتىلدىم. ئۆز-ئۆزۈمگە: <مۇسەيلەمەگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرسەم، الله تائالا بۇ ئارقىلىق ھەمزىنى ئۆلتۈرگەن جىنايىتىمنى ئەپۇ قىلىۋەتسە ئەجەب ئەمەس> دەيتتىم.

جەڭ باشلاندى. قارىسام، كۆلرەڭ تۆگىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاپ قالغان، ئۈستى-بېشى چۇۋۇق بىر ئادەم تامنىڭ شورىسىدا تۇرۇپتۇ. دەرھال ئۇنى نىشانغا ئالدىم-دە، نەيزەمنى ئاتتىم. نەيزە ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن كىرىپ، ئىككى تاغىقىنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى. بىر ئەنسارى ئۇنىڭ يېنىغا سەكرەپ كېلىپ، قىلىچى بىلەن بېشىغا چاپتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: شۇ كۈنى ئۆگزىدە تۇرغان بىر دېدەك (مۇسەيلىمەنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ): ۋاي ئىست! مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىنى (يەنى مۇسەيلىمەنى) بىر قارا قۇل (يەنى ۋەھشىي) ئۆلتۈرۈۋەتتى، ــ دەپ ۋارقىرىغانىدى».[1]

**515. وعن أبو هريرة رضي الله عنه: أن عمرو بن أقيش كان له ربا في الجاهلية، فكره أن يسلم حتى يأخذه، فجاء يوم أحد، فقال: أين بنو عمي؟ قالوا: بأحد، قال: أين فلان، قالوا: بأحد، فلبس لأمته، وركب فرسه، وتوجه قبلهم، فلما رآه المسلمون قالوا: إليك عنا يا عمرو، قال: إني قد آمنت، فقاتل حتى جرح، فحمل إلى أهله جريحا، فجاءه سعد بن معاذ، فقال لأخته: سليه أحمية لقومك، أم غضبا لهم، أم غضبا لله تبارك وتعالى؟ قال: بل غضبا لله ولرسوله، فمات فدخل الجنة، وما صلى لله تبارك وتعالى صلاة.**

515. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەمر ئىبنى ئۇقەيش جاھىلىيەت دەۋرىدە جازانە ئالاتتى. ئۇ ئالىدىغان جازانىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ بولغۇچە ئىسلام دىنىغا كىرىشنى خالاپ كەتمىدى. ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغان كۈنى ئۇ:

— تاغامنىڭ ئوغۇللىرى قېنى؟ — دەپ سورىغانىدى، كىشىلەر:

— ئۇلار ئۇھۇدتا، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ:

— پالانى قېنى؟ — دەپ سورىغانىدى. ئۇلار:

— ئۇمۇ ئۇھۇدتا، — دېدى. ئۇ يەنە:

— پۇكۇنى قېنى؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

— ئۇمۇ ئۇھۇدتا، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ ئېتىغا مىندى ۋە ئۇھۇدقا قاراپ ئاتلاندى. مۇسۇلمانلار ئۇنى كۆرۈپ:

— ئى ئەمر! بىزدىن يىراق تۇرغىن، — دېيىشتى. ئۇ:

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

— مەن ئىمان كەلتۈردۈم، — دېدى ۋە جەڭگە كىرىپ يارىلاندى. كېيىن ئۇ يارىدار ھالەتتە ئائىلىسىگە ئاپىرىلدى. سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ ھەمشىرىسىگە:

— ئۇنىڭدىن سوراپ باققىن، ئۇ بۇ قېتىم قەۋمى ئۈچۈن ئۇرۇشۇپتىمۇ ياكى ئاچچىقى كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇرۇشۇپتىمۇ ۋە ياكى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن غەزەپلىنىپ ئۇرۇشۇپتىمۇ، — دېدى. (ھەمشىرىسى ئۇنىڭدىن بۇ سوئالنى سورىغاندا،) ئۇ:

— الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن غەزەپلىنىپ ئۇرۇشتۇم، — دېدى ۋە شۇ جاراھىتى سەۋەبلىك جان ئۈزدى. نەتىجىدە، ئۇ الله رازىلىقى ئۈچۈن بىر رەكئەت ناماز ئوقۇماستىن جەننەتكە كىرىپ كەتتى.[1]

**516. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: كان يقول: حدثوني عن رجل دخل الجنة لم يصل قط فإذا لم يعرفه الناس سألوه: من هو؟ فيقول: أصيرم بني عبد الأشهل عمرو بن ثابت بن وقش.**

**قال الحصين: فقلت لمحمود بن لبيد: كيف كان شأن الأصيرم؟ قال: كان يأبى الإسلام على قومه فلما كان يوم أحد وخرج رسول الله ﷺ إلى أحد بدا له الإسلام فأسلم، فأخذ سيفه فغدا حتى أتى القوم فدخل في عرض الناس، فقاتل حتى أثبتته الجراحة، قال: فبينما رجال بني عبد الأشهل يلتمسون قتلاهم في المعركة إذا هم به، فقالوا: والله إن هذا للأصيرم، وما جاء؟ لقد تركناه وإنه لمنكر لهذا الحديث، فسألوه ما جاء به؟ قالوا: ما جاء بك يا عمرو، أحدبا على قومك، أو رغبة في الإسلام؟ قال: بل رغبة في الإسلام، آمنت بالله ورسوله، وأسلمت، ثم أخذت سيفي فغدوت مع رسول الله فقاتلت حتى أصابني ما أصابني، قال: ثم لم يلبث أن مات في أيديهم، فذكروه لرسول الله ﷺ فقال: «إنه لمن أهل الجنة».**

516. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىدۇكى، ئۇ ئەتراپىدىكى سۆھبەتداشلىرىغا: «بىر ۋاق نامازمۇ ئوقۇماي جەننەتكە كىرگەن كىشى ھەققىدە ماڭا سۆزلەپ بېرىڭلار» دېسە، ئۇلار ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەي ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆزىدىن سورايتتى. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ كىشىنىڭ ئابدۇلئەشھەل جەمەتىدىن ئۇسەيرىم ئەمر ئىبنى سابىت ئىبنى ۋەقش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم توپلىغان. ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «ھەسەن» دېگەن.

بىرەتتى.

ھۈسەين مۇنداق دەيدۇ: مەن مەھمۇد ئىبنى لەبىدتىن: «ئۇسەيرىمنىڭ ئىشى قانداق ئىدى؟» دەپ سورىغانىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى: «گەرچە ئۇنىڭ قەۋمى ئىسلامنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ لېكىن ئۇ ئۆزى ئىسلام دىنىغا كىرىشنى رەت قىلاتتى. ئۇھۇد غازىتى كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇھۇدقا چىقىپ كەتتى. شۇ ئارىدا، ئۇسەيرىمنىڭ كۆڭلىگە ئىسلامنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكى نامايەن بولۇپ، مۇسۇلمان بولدى. ئاندىن قىلىچىنى ئېلىپ يولغا چىقتى ۋە مۇجاھىدلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ، دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭگە كىردى ۋە ئېغىر يارىلاندى. جەڭدىن كېيىن ئابدۇلئەشھەل جەمەتىنىڭ ئادەملىرى جەڭ مەيداندىن شەھىدلەرنى توپلاۋېتىپ ئۇنى كۆرۈپ قالدى-دە: ‹اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئۇسەيرىم ئىكەنغۇ!؟ ئۇ بىز بىلەن كەلمىگەن ئىدى، بىز ئۇنى تاشلاپ قويۇپ كەلگەنىدۇق. ئۇ بۇ دىننى ئىنكار قىلاتتى، ئۇنىڭدىن نېمىشقا كەلگەنلىكىنى سوراپ باقايلى› دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۇنىڭدىن: ‹ئى ئەمر! سەن نېمىشقا كەلدىڭ؟ قەۋمىڭگە يان بېسىپ ئۇرۇشقىلى كەلدىڭمۇ ياكى ئىسلامغا كىرىپ ئۇرۇشقىلى كەلدىڭمۇ؟› دەپ سورىغانىدى، ئۇ: ‹ئىسلامغا كىرىپ جەڭ قىلغىلى كەلدىم. مەن اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدۇم. ئاندىن قىلىچىمنى ئېلىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىللە ئۇرۇشقا كەلدىم ۋە ئۇرۇشتا مانا مۇشۇنداق يارىدار بولدۇم› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ قولىدا جان ئۈزدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بۇ ئەھۋالنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئېيتقانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹ئۇ ئەلۋەتتە جەننەت ئەھلىدىندۇر› دېدى».[1]

517. عن خباب بن الأرت رضي الله عنه قال: هاجرنا مع رسول الله ﷺ نبتغي وجه الله، فوجب أجرنا على الله، ومنا من مضى، أو ذهب، لم يأكل من أجره شيئا، كان منهم مصعب بن عمير، قتل يوم أحد، لم يترك إلا نمرة كنا إذا غطينا بها رأسه خرجت رجلاه، وإذا غطي بها رجلاه خرج رأسه، فقال لنا النبي ﷺ: «غطوا بها رأسه، واجعلوا على رجله الإذخر»، أو قال: «ألقوا على رجله من الإذخر» ومنا من قد أينعت له ثمرته فهو يهدبها.

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئىبنى ھەجەر «سەھىھ» دېگەن، ھەيسەمى «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن، شۇئەيب ئەرنەئۇت «ئىسنادى ھەسەن» دېگەن.

517. خەبباب ئىبنى ئەرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن پەقەت الله رازىلىقى ئۈچۈنلا ھىجرەت قىلدۇق. بەلكىم ئەجرىمىزنى الله بەرگەندۇر. ئارىمىزدا غازاتنىڭ مېۋىسىنى (نەتىجىسىنى) كۆرەلمەي ئۆلۈپ كەتكەنلەر بولدى. مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير شۇلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئۇھۇد غازىتىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. ئۇنىڭغا بىر يەكتىكىدىن باشقا كېپەنلىك قىلغۇدەك بىر نىمە تاپالمىدۇق. يەكتەكنى بېشىغا ياپساق پۇتى، پۇتىغا ياپساق بېشى ئېچىلىپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ يەكتەكنى ئۇنىڭ بېشىغا يېپىپ، (ئوچۇق قالغان) پۇتىنى چىغ بىلەن يېپىشقا بۇيرۇدى. ئەمما ھايات قالغانلىرىمىز شۇ چاغدىكى جاپالىرىمىزنىڭ راھىتىنى راسا سۈرۈۋاتىمىز». [1]

**518. عن عبد الله بن الزبير رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول عند قتل حنظلة بن أبي عامر بعد أن التقى هو و أبو سفيان بن الحارث حين علاه شداد بن الأسود بالسيف فقتله، فقال رسول الله ﷺ: «إن صاحبكم تغسله الملائكة» فسألوا صاحبته فقالت: إنه خرج لما سمع الهائعة وهو جنب، فقال رسول الله ﷺ: «لذلك غسلته الملائكة».**

518. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇھۇد غازىتىدا ھەنزەلە ئىبنى ئەبۇ ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ئۆزئارا ئېلىشىۋاتقان ۋاقىتتا، شەدداد ئىبنى ئەسۋەد ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇ چاغدا، مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «سەپدىشىڭلارنى پەرىشتىلەر يۇيۇۋاتىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. كېيىن ساھابىلەر ئۇنىڭ ئايالىدىن بۇ ھەقتە سورىغانىدى، ئايالى: «ئۇ جەڭگە ماڭغان ئاۋازنى ئاڭلاپ جۇنۇب ھالىتىدە چىقىپ كەتكەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇنى ئاڭلاپ: «شۇڭا ئۇنى پەرىشتىلەر يۇيغان ئىكەن» دېدى. [2]

**519. عن عائشة رضي الله عنها، ﴿الَّذِينَ اسْتَجَابُوا لِلَّهِ وَالرَّسُولِ مِن بَعْدِ مَا أَصَابَهُمُ الْقَرْحُ لِلَّذِينَ أَحْسَنُوا مِنْهُمْ وَاتَّقَوْا أَجْرٌ عَظِيمٌ﴾ [آل عمران: 172] قالت لعروة: يا ابن أختي، كان أبواك منهم: الزبير، وأبو بكر، لما أصاب رسول الله ﷺ ما أصاب يوم أحد، وانصرف عنه المشركون، خاف أن يرجعوا، قال: «من يذهب في إثرهم؟» فانتدب منهم سبعون رجلا، قال: كان فيهم أبو**

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] ھاكىم ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بكر، والزبير.

519. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا اللہ تائالانىڭ: «(ئۇھۇد غازىتىدا) يارىلانغاندىن كېيىن اللہ نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلار، ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر)دىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلار چوڭ ساۋابقا ئېرىشىدۇ»[①] دېگەن ئايىتى توغرىسىدا ئۇرۋەگە مۇنداق دېگەن: «ئى جىيەنىم! (اللہ ۋە اللہ نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلار) ئىچىدە ئەجدادلىرىڭدىن زۇبەير ۋە ئەبۇبەكرىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇھۇد غازىتى كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە مۇسىبەت يەتتى. كېيىن (جەڭ ئاخىرلىشىپ) مۇشرىكلارمۇ قايتىشتى ئەمما رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنىڭ يەنە قايتىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ: <مۇشرىكلارنىڭ كەينىدىن كىم بارىدۇ؟> دېگەنىدى، مۇسۇلمانلار ئىچىدىن 70 كىشى تەييار بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇبەكرى بىلەن زۇبەيرمۇ بار ئىدى».[②]

**520. عن قتادة رضي الله عنه قال: ما نعلم حيا من أحياء العرب أكثر شهيدا أعز يوم القيامة من الأنصار. قال قتادة: وحدثنا أنس بن مالك أنه قتل منهم يوم أحد سبعون، ويوم بئر معونة سبعون، ويوم اليمامة سبعون، قال: وكان بئر معونة على عهد رسول الله ﷺ، ويوم اليمامة على عهد أبي بكر، يوم مسيلمة الكذاب.**

520. قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئەڭ كۆپ شەھىد بولغان، قىيامەت كۈنى ئەڭ ئىززەتلىك بولىدىغان ئەنسارىلاردەك بىرەر قەۋمنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمىز چۈنكى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىزگە سۆزلەپ بېرىشىچە، ئەنسارىلاردىن ئۇھۇد غازىتىدا 70 كىشى، بىئرى مەئۇنە جېڭىدە 70 كىشى، يەمامە جېڭىدە 70 كىشى شەھىد بولغانىكەن.

قەتادە يەنە مۇنداق دەيدۇ: بىئرى مەئۇنە جېڭى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ زامانىدا يۈز بەرگەن. يەمامە جېڭى بولسا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ جەڭ مۇسەيلىمە كاززاپقا قارشى ئېلىپ بېرىلغان.[③]

**521. عن جابر بن عبد الله رضي الله عنهما، أن رسول الله ﷺ كان يجمع بين الرجلين**

[①] سۈرە ئال ئىمران 172ـ ئايەت.

[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[③] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

من قتلى أحد في ثوب واحد، ثم يقول: «أيهم أكثر أخذا للقرآن» فإذا أشير له إلى أحد قدمه في اللحد، وقال: «أنا شهيد على هؤلاء يوم القيامة» وأمر بدفنهم بدمائهم، ولم يصل عليهم ولم يغسلوا.

521. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇھۇد غازىتىدا شەھىد بولغانلارنى ئىككى ـ ئىككىدىن قىلىپ ياتقۇزغاندىن كېيىن: «بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى قۇرئاننى كۆپ بىلىدۇ؟» دەپ سورايتتى ۋە قايسىسىغا ئىشارەت قىلىنسا، شۇنى قەبرىگە بۇرۇن قويۇپ: «قىيامەت كۈنى مەن بۇلارغا گۇۋاھچى بولىمەن» دەيتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنى يۇيماستىن، قانلىرى بىلەن دەپنە قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە نامىزىنىمۇ چۈشۈرمىگەن ئىدى.[1]

522. عن جابر بن عبد الله رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول إذا ذكر أصحاب أحد: «أما والله لوددت أني غودرت مع أصحابي نحص الجبل يعني سفح الجبل».

522. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىدا ئۇھۇد شەھىدلىرى تىلغا ئېلىنغان چاغدا مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «الله بىلەن قەسەمكى! مەن ئۇھۇد شەھىدلىرى بىلەن تاغ باغرىدا قېلىپ قېلىشنى (يەنى شەھىد بولۇپ كېتىشنى) ئارزۇ قىلىپ قالدىم».[2]

## 64 ـ باب

## رەجىئ غازىتى

523. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: بعث رسول الله ﷺ عشرة عينا، وأمر عليهم عاصم بن ثابت الأنصاري جد عاصم بن عمر بن الخطاب، حتى إذا كانوا بالهدة بين عسفان، ومكة ذكروا لحي من هذيل يقال لهم بنو لحيان، فنفروا لهم بقريب من مائة رجل رام، فاقتصوا آثارهم حتى وجدوا مأكلهم التمر في منزل نزلوه، فقالوا: تمر يثرب، فاتبعوا آثارهم، فلما حس

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] ئەھمەد، ھاكىم، زەھەبى ۋە بەيھەقى توپلىغان؛ شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

بهم عاصم وأصحابه لجئوا إلى موضع فأحاط بهم القوم، فقالوا لهم: انزلوا فأعطوا بأيديكم، ولكم العهد والميثاق: أن لا نقتل منكم أحدا، فقال عاصم بن ثابت: أيها القوم: أما أنا فلا أنزل في ذمة كافر، ثم قال: اللهم أخبر عنا نبيك ﷺ، فرموهم بالنبل فقتلوا عاصما، ونزل إليهم ثلاثة نفر على العهد والميثاق، منهم خبيب، وزيد بن الدثنة، ورجل آخر، فلما استمكنوا منهم أطلقوا أوتار قسيهم، فربطوهم بها، قال الرجل الثالث: هذا أول الغدر، والله لا أصحبكم، إن لي بهؤلاء أسوة، يريد القتلى، فجرروه وعالجوه فأبى أن يصحبهم، فانطلق بخبيب، وزيد بن الدثنة حتى باعوهما بعد وقعة بدر، فابتاع بنو الحارث بن عامر بن نوفل خبيبا، وكان خبيب هو قتل الحارث بن عامر يوم بدر، فلبث خبيب عندهم أسيرا حتى أجمعوا قتله، فاستعار من بعض بنات الحارث موسى يستحد بها فأعارته، فدرج بني لها وهي غافلة حتى أتاه، فوجدته مجلسه على فخذه والموسى بيده، قالت: ففزعت فزعة عرفها خبيب، فقال: أتخشين أن أقتله؟ ما كنت لأفعل ذلك، قالت: والله ما رأيت أسيرا قط خيرا من خبيب، والله لقد وجدته يوما يأكل قطفا من عنب في يده، وإنه لموثق بالحديد، وما بمكة من ثمرة، وكانت تقول: إنه لرزق رزقه الله خبيبا، فلما خرجوا به من الحرم ليقتلوه في الحل، قال لهم خبيب: دعوني أصلي ركعتين، فتركوه فركع ركعتين، فقال: والله لولا أن تحسبوا أن ما بي جزع لزدت، ثم قال: اللهم أحصهم عددا، واقتلهم بددا، ولا تبق منهم أحدا، ثم أنشأ يقول:

فلست أبالي حين أقتل مسلما ... على أي جنب كان لله مصرعي

وذلك في ذات الإله وإن يشأ ... يبارك على أوصال شلو ممزع

ثم قام إليه أبو سروعة عقبة بن الحارث فقتله، وكان خبيب هو سن لكل مسلم قتل صبرا الصلاة، وأخبر أصحابه يوم أصيبوا خبرهم، وبعث ناس من قريش إلى عاصم بن ثابت - حين حدثوا أنه قتل - أن يؤتوا بشيء منه يعرف، وكان قتل رجلا عظيما من عظمائهم، فبعث الله لعاصم مثل الظلة من الدبر، فحمته من رسلهم، فلم يقدروا أن يقطعوا منه شيئا.

523. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ (قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ) ئەھۋالىنى كۆزىتىپ كېلىش ئۈچۈن 10 كىشىلىك بىر ئەترەت ئەۋەتىپ، ئاسىم ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ بوۋىسى ئاسىم ئىبنى سابىت ئەنسارىنى ئۇلارغا باشلىق قىلدى. ئۇلار مېڭىپ ئۇسفان بىلەن مەككىنىڭ ئارىلىقىدىكى ھەددە دېگەن بىر جايغا كەلگەندە، ھۇزەيل قەبىلىسىدىن بولغان بەنى لىھيان جەمەتىنىڭ ئادەملىرى ئاڭلاپ قېلىپ، يۈزگە يېقىن مەرگەننى ئۇلارنى قوغلاشقا ئەۋەتتى. ئۇلار ئىز قوغلاپ مېڭىپ

مۇسۇلمانلار چۈشكەن بىر مەنزىلدىن ئۇلار يەپ تاشلىغان خورما ئۇرۇقچىلىرىنى تاپتى ـ دە: «بۇ مەدىنىنىڭ خورمىسىكەن» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىزىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

ئاسىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مۇشرىكلارنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، قىيالىق بىر يەرگە چىقىۋالغان بولسىمۇ مۇشرىكلار ئۇلارنى قورشىۋالدى ۋە: «چۈشۈپ بىزگە تەسلىم بولساڭلار سىلەردىن ھېچكىمنى ئۆلتۈرمەسلىككە ۋەدە بېرىمىز» دېيىشتى. قوماندان ئاسىم ئىبنى سابىت: «ئى قېرىنداشلار! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن كاپىرنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ بۇ يەردىن چۈشىدىغان ئىشنى قىلمايمەن» دەپ، ئاندىن: «ئى الله ! بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى پەيغەمبىرىڭگە يەتكۈزگىن» دەپ دۇئا قىلدى. مۇشرىكلار ئۇلارنى ئوققا تۇتۇپ، ئاسىم (بىلەن قوشۇپ يەتتە كىشى)نى ئۆلتۈرۈۋەتتى. قالغان ئۈچ كىشى كاپىرلارنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ يەرگە چۈشتى. ئۇلار: خۇبەيب ئەنسارى، زەيد ئىبنى دەسىنە ۋە يەنە بىر ئادەم ئىدى. مۇشرىكلار ئۇلارنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن ياچاقلىرىنىڭ تارىلىرى بىلەن ئۇلارنى باغلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچىنچى كىشى: «مانا بۇ خىيانەتنىڭ باشلىنىشى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەر بىلەن بىللە ماڭمايمەن. ئاۋۇ (شەھىد بولغان) قېرىنداشلىرىم مەن ئۈچۈن ياخشى ئۈلگە بولدى (يەنى شەھىد بولغىنىم بۇلار بىلەن ماڭغىنىمدىن ياخشىراق)» دېدى. مۇشرىكلار ئۇنى سۆرەپ ماڭدۇرۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئۇ ماڭغىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇشرىكلار ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، خۇبەيب بىلەن زەيد ئىبنى دەسىنەنى (مەككىگە) ئېلىپ بېرىپ سېتىۋەتتى. بۇ ئىش بەدر غازىتىدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىدى. خۇبەيبنى ھارىس ئىبنى ئامىر ئىبنى نەۋفەلنىڭ بالىلىرى سېتىۋالدى. خۇبەيب بەدر غازىتىدا ھارىس ئىبنى ئامىرنى ئۆلتۈرگەن ئىدى. خۇبەيب ئۇلارنىڭ قولىدا تاكى ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش قارارىغا كەلگەنگە قەدەر ئەسىر بولۇپ تۇردى. شۇ ئارىدا، خۇبەيب سۈننەت قىلىۋېلىش ئۈچۈن ھارىسنىڭ قىزلىرىنىڭ بىرىدىن ئۇستۇرا سورىغانىدى، قىز ئۇنىڭغا ئەچىقىپ بەردى.

كېيىن (ئۇنىڭغا ئۇستۇرا بەرگەن) ئايال مۇنداق دەيتتى: «دىققەتسىزلىك قىلغانلىقىمدىن ئوغلۇم ئۇنىڭ يېنىغا كېتىپ قاپتۇ. قارىسام، ئۇ قولىدا ئۇستۇرا تۇتقان ھالدا بالامنى قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇۋاپتۇ، مەن بۇنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. خۇبەيب چىراي ئىپادەمگە قاراپ: <بالاڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىمدىن قورقۇۋاتامسەن؟ مەن ئۇنداق قىلمايمەن> دېدى. اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن خۇبەيبدىن ياخشىراق بىر ئەسىرنى كۆرمىدىم. بىر كۈنى، ئۇ زەنجىر بىلەن باغلاقلىق تۇرۇپمۇ قولىدا بىر ساپ ئۈزۈمنى تۇتۇپ يەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ چاغلاردا مەككىدە مېۋە يوق ئىدى. ئۇ چوقۇم اللە نىڭ خۇبەيبكە ئاتا قىلغان رىزقىدۇر».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار خۇبەيبنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرەمنىڭ دائىرىسىنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىققاندا، خۇبەيب ئۇلارغا: «مېنى ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغىلى قويۇڭلار» دېگەندى، ئۇلار خۇبەيبنى قويۇپ بەردى. ئۇ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بولۇپ: «اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەرنىڭ مېنى <ئۆلۈمدىن قورقۇۋاتىدۇ> دەپ ئويلاپ قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرىمىگەن بولسام، نامازنى ئۇزۇن ئوقۇغان بولاتتىم» دەپ، ئاندىن: «ئى اللە ! بۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي بىر-بىرلەپ ھالاك قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلدى ۋە مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

پەقەت ئىمان بىلەن كەتسەملا بولدى، يوقكى پەرۋايىم،
شەھىد بولۇپ يىقىلسام سول تەرەپتىن ياكى ئوڭ ياندىن،
اللە نىڭ يولىدا ئۆلدۈم ئەگەر ئۇ خالىسا، شەكسىز
ئورۇن ئالغاي بۇ قىينالغان ۋۇجۇدۇم باغۇ رىزۋاندىن[1].

ھارىسنىڭ ئوغلى ئۇقبە ئەبۇ سىرۋەئە خۇبەيبنى ئۆلتۈردى. شۇنداق قىلىپ، خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا ناماز ئوقۇشنى سۈننەت قىلىپ قالدۇرغان تۇنجى كىشى بولۇپ قالدى. ئۇلار (يەنى ئاسىم قاتارلىقلار) مۇسىبەتكە ئۇچرىغان كۈنلا پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىغا ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى بەرگەن ئىدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئاسىم

[1] باغۇ رىزۋان ــــ جەننەت مەنىسىدە.

ئىبنى سابىتنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ راست ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئەزالىرىدىن تونۇلغۇدەك بىرەر پارچە يېرىنى كېسىپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بىر نەچچە كىشىلەرنى ئەۋەتتى. سەۋەبى، ئاسىم ئۇلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن بىرىنى (بەدر غازىتىدا) ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى لېكىن الله ئاسىمنى قوغداش ئۈچۈن قارا بۇلۇتقا ئوخشاش ھەرىلەر توپىنى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئاسىمنىڭ جەسىتىنىڭ ھېچيېرىنى كېسەلمىدى.[①]

## 65 ـ باب

## بىئرى مەئۇنە غازىتى

524. عن أنس رضي الله عنه، أن النبي ﷺ: بعث خاله، أخ لأم سليم، في سبعين راكبا، وكان رئيس المشركين عامر بن الطفيل، خير بين ثلاث خصال، فقال: يكون لك أهل السهل ولي أهل المدر، أو أكون خليفتك، أو أغزوك بأهل غطفان بألف وألف؟ فطعن عامر في بيت أم فلان، فقال: غدة كغدة البكر، في بيت امرأة من آل فلان، ائتوني بفرسي، فمات على ظهر فرسه.

فانطلق حرام أخو أم سليم وهو رجل أعرج، ورجل من بني فلان، قال: كونا قريبا حتى آتيهم فإن آمنوني كنتم، وإن قتلوني أتيتم أصحابكم، فقال: أتؤمنوني أبلغ رسالة رسول الله ﷺ، فجعل يحدثهم، وأومئوا إلى رجل، فأتاه من خلفه فطعنه، - قال همام أحسبه - حتى أنفذه بالرمح، قال: الله أكبر، فزت ورب الكعبة، فلحق الرجل، فقتلوا كلهم غير الأعرج، كان في رأس جبل، فأنزل الله علينا، ثم كان من المنسوخ: إنا قد لقينا ربنا فرضي عنا وأرضانا، فدعا النبي ﷺ عليهم ثلاثين صباحا، على رعل، وذكوان، وبني لحيان، وعصية، الذين عصوا الله ورسوله ﷺ.

524. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ئانا تەرەپ تاغامنى، (يەنى ئانام) ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ قېرىنداشىنى 70 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن بەنى ئامىر قەبىلىسىگە ئەۋەتتى. (بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى:) ئامىر ئىبنى تۇفەيل مۇشرىكلارنىڭ رەئىسى بولۇپ،

[①] ئەھمەد، ھاكىم، زەھەبى ۋە بەيھەقى توپلىغان؛ شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

ئۇ، پەيغەمبەر ﷺ دىن مۇنۇ ئۈچ ئىشتىن بىرىنى تاللاشنى تەلەپ قىلدى: «بىرىنچىسى، سەھرالىق كىشىلەر ساڭا، شەھەرلىك كىشىلەر ماڭا تەۋە بولسۇن؛ ئىككىنچىسى، مەن سېنىڭ خەلىپەڭ (يەنى ئورۇنباسارىڭ) بولىمەن. (ئەگەر يۇقىرىقى ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قوبۇل قىلمىساڭ) غەتەفان خەلقىنى باشلاپ، مىڭ تۈپاق ئايغىر ۋە مىڭ تۈياق بايتال بىلەن ھۇجۇم قىلىمەن» دەپ تەھدىت سالغان ئىدى. (رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا بەددۇئا قىلدى.) كېيىن ئامىر ئۇممۇ پالانى دېگەن بىر ئايالنىڭ ئۆيىدە گال ئاغرىقى ۋاباسىغا مۇپتىلا بولدى، ئۇ ھەسرەتلىنىپ ۋايسىرىغان ھالدا: «ۋايجان! پالانى جەمەتتىن بىر ئايالنىڭ ئۆيىدە ياش تۆگىگە تەگكەن بەز ۋاباسىدەك ۋابا تەگدىغۇ ماڭا، ئېتىمنى كەلتۈرۈڭلار!» دېدى ۋە ئات ئۈستىدە ئۆلدى.

ئۇممۇ سۇلەيمىنىڭ قېرىندىشى ھەرام (يەنى تاغام) ئىككى ئادىمىنى ئېلىپ، ئامىر قەبىلىسىگە يېقىنلاپ باردى. ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرى توكۇر ئىدى، يەنە بىرى مەلۇم جەمەتتىن ئىدى. ھەرام ھەمراھلىرىغا: «ئىككىڭلار بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، ئالدى بىلەن مەن بېرىپ باقاي. ئەگەر ئۇلار ماڭا ئامانلىق بەرسە، جايىڭلاردا تۇرىۋېرىڭلار. ئەگەر ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ھەمراھلىرىڭلارغا يەتكۈزۈڭلار» دەپ تاپىلاپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى ۋە: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈشۈم ئۈچۈن ماڭا ئامانلىق بېرەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار تاغامغا ئامانلىق بەردى. شۇنىڭ بىلەن، تاغام ئۇلارغا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەدىسىنى سۆزلەشكە باشلىدى. شۇ ئەسنادا ئۇلار بىرىگە ئىشارەت قىلىپ قويدى. ئۇ ئادەم تاغامنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كېلىپ نەيزە سانجىۋەتتى. تاغام جان ئۈزۈش ئالدىدا: «ئاللاھۇ ئەكبەر! كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، نىجات تاپتىم» دېدى. ئاندىن مۇشرىكلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ قالغان ھەمراھلىرىدىن پەقەت تاغقا چىقىۋالغان ھېلىقى توكۇردىن باشقا ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇ چاغدا، الله تائالا: «بىز رەببىمىز بىلەن ئۇچراشتۇق، ئۇ بىزدىن رازى بولدى، بىزنىمۇ رازى قىلدى» دەپ ئايەت نازىل قىلغانىدى، كېيىن بۇ ئايەت مەنسۇخ قىلىندى. رىئل، زەكۋان، بەنى لەھيان، بەنى ئۇسەييە قاتارلىق قەبىلىلەر الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ تاكى 30 كۈنگىچە

بامدات نامىزىدا ئۇلارنىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن بەددۇئا قىلدى.①

**525. عن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: جاء ناس إلى النبي ﷺ فقالوا: أن ابعث معنا رجالا يعلمونا القرآن والسنة، فبعث إليهم سبعين رجلا من الأنصار، يقال لهم: القراء، فيهم خالي حرام، يقرءون القرآن، ويتدارسون بالليل يتعلمون، وكانوا بالنهار يجيئون بالماء فيضعونه في المسجد، ويحتطبون فيبيعونه، ويشترون به الطعام لأهل الصفة وللفقراء، فبعثهم النبي ﷺ إليهم، فعرضوا لهم، فقتلوهم قبل أن يبلغوا المكان، فقالوا: اللهم، بلغ عنا نبينا أنا قد لقيناك فرضينا عنك، ورضيت عنا، قال: وأتى رجل حراما، خال أنس من خلفه، فطعنه برمح حتى أنفذه، فقال حرام: فزت ورب الكعبة، فقال رسول الله ﷺ لأصحابه: «إن إخوانكم قد قتلوا، وإنهم قالوا: اللهم بلغ عنا نبينا أنا قد لقيناك فرضينا عنك، ورضيت عنا».**

525. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «بىزگە قۇرئان-سۈننەت ئۆگىتىدىغان كىشىلەرنى بىز بىلەن بىرگە قوشۇپ قويساڭ!» دېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ «قارىلار» دەپ ئاتىلىدىغان ئەنسارىلاردىن 70 كىشىنى ئۇلار بىلەن بىرگە ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەرام ئىبنى مەلھانمۇ بار ئىدى. ئۇلار كېچىسى قۇرئان ئوقۇيتتى، ئۆنىگىدىن دەرس ئالاتتى ۋە ئۆگىنەتتى. كۈندۈزى مەسجىدكە سۇ توشۇيتتى، ئوتۇن كېسىپ كېلىپ سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا ئەھلى سۇففە ۋە پېقىرلارغا تاماق سېتىۋالاتتى. پەيغەمبەر ﷺ مانا شۇلارنى ئۇلار بىلەن بىرگە يولغا سالدى. مەنزىلگە يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ كىشىلەر قارىلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى (يەنە بىر نەقىلدە، 70 قارىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلەر بولسا باشقا مۇشرىكلار دەپ كەلگەن). ئۇلار: «ئى الله ! پەيغەمبىرىمىزگە بىزنىڭ ساڭا ئۇچراشقانلىقىمىزنى، بىزنىڭ سەندىن رازى بولغانلىقىمىزنى، سەنمۇ بىزدىن رازى بولغانلىقىڭنى يەتكۈزۈپ قويساڭ» دېدى. ئۇلاردىن بىرى تاغام ھەرامنىڭ كەينىدىن كېلىپ نەيزە تىقىپ، ئالدىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ. ھەرام: «كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، غەلىبە قازاندىم» دەپتۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېدى: «قېرىنداشلىرىڭلار ئۆلتۈرۈلدى (شەھىد بولدى) ھەمدە: ‹ئى الله ! پەيغەمبىرىمىزگە بىزنىڭ ساڭا ئۇچراشقانلىقىمىزنى، بىزنىڭ سەندىن رازى بولغانلىقىمىزنى، سەنمۇ بىزدىن

① بۇخارى ۋە مۇسلىم تويلىغان.

رازى بولغانلىقىڭنى يەتكۈزۈپ قويساڭ>[1] دېدى».[2]

**526. وعن أنس بن مالك رضي الله عنه يقول: لما طعن حرام بن ملحان، وكان خاله يوم بئر معونة قال: بالدم هكذا فنضحه على وجهه ورأسه، ثم قال: فزت ورب الكعبة.**

526. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىئرى مەئۇنە غازىتى كۈنى (تاغام) ھەرام ئىبنى مىلھانغا نەيزە سانجىلغاندا قاننى ئېلىپ يۈزىگە ۋە بېشىغا سۈرتۈپ: «كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، مەن نىجات تاپتىم» دېگەن.[3]

## 66 ـ باب

## ئەھزاب غازىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اذْكُرُوا نِعْمَةَ اللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ جَاءَتْكُمْ جُنُودٌ فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ رِيحًا وَجُنُودًا لَمْ تَرَوْهَا وَكَانَ اللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرًا ۞ إِذْ جَاءُوكُمْ مِنْ فَوْقِكُمْ وَمِنْ أَسْفَلَ مِنْكُمْ وَإِذْ زَاغَتِ الْأَبْصَارُ وَبَلَغَتِ الْقُلُوبُ الْحَنَاجِرَ وَتَظُنُّونَ بِاللَّهِ الظُّنُونَا ۞ هُنَالِكَ ابْتُلِيَ الْمُؤْمِنُونَ وَزُلْزِلُوا زِلْزَالًا شَدِيدًا ۞ وَإِذْ يَقُولُ الْمُنَافِقُونَ وَالَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ مَا وَعَدَنَا اللَّهُ وَرَسُولُهُ إِلَّا غُرُورًا ۞ وَإِذْ قَالَتْ طَائِفَةٌ مِنْهُمْ يَا أَهْلَ يَثْرِبَ لَا مُقَامَ لَكُمْ فَارْجِعُوا وَيَسْتَأْذِنُ فَرِيقٌ مِنْهُمُ النَّبِيَّ يَقُولُونَ إِنَّ بُيُوتَنَا عَوْرَةٌ وَمَا هِيَ بِعَوْرَةٍ إِنْ يُرِيدُونَ إِلَّا فِرَارًا ۞ وَلَوْ دُخِلَتْ عَلَيْهِمْ مِنْ أَقْطَارِهَا ثُمَّ سُئِلُوا الْفِتْنَةَ لَآتَوْهَا وَمَا تَلَبَّثُوا بِهَا إِلَّا يَسِيرًا ۞ وَلَقَدْ كَانُوا عَاهَدُوا اللَّهَ مِنْ قَبْلُ لَا يُوَلُّونَ الْأَدْبَارَ وَكَانَ عَهْدُ اللَّهِ مَسْئُولًا ۞ قُلْ لَنْ يَنْفَعَكُمُ الْفِرَارُ إِنْ فَرَرْتُمْ مِنَ الْمَوْتِ أَوِ الْقَتْلِ وَإِذًا لَا تُمَتَّعُونَ إِلَّا قَلِيلًا ۞ قُلْ مَنْ ذَا الَّذِي يَعْصِمُكُمْ مِنَ اللَّهِ إِنْ أَرَادَ بِكُمْ سُوءًا أَوْ أَرَادَ بِكُمْ رَحْمَةً وَلَا يَجِدُونَ لَهُمْ مِنْ دُونِ اللَّهِ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا ۞ قَدْ يَعْلَمُ اللَّهُ الْمُعَوِّقِينَ مِنْكُمْ وَالْقَائِلِينَ لِإِخْوَانِهِمْ هَلُمَّ إِلَيْنَا وَلَا يَأْتُونَ الْبَأْسَ إِلَّا قَلِيلًا ۞ أَشِحَّةً عَلَيْكُمْ فَإِذَا جَاءَ الْخَوْفُ رَأَيْتَهُمْ يَنْظُرُونَ إِلَيْكَ تَدُورُ أَعْيُنُهُمْ كَالَّذِي يُغْشَى عَلَيْهِ مِنَ الْمَوْتِ فَإِذَا ذَهَبَ الْخَوْفُ سَلَقُوكُمْ بِأَلْسِنَةٍ حِدَادٍ أَشِحَّةً عَلَى الْخَيْرِ أُولَئِكَ لَمْ يُؤْمِنُوا فَأَحْبَطَ اللَّهُ أَعْمَالَهُمْ وَكَانَ ذَلِكَ عَلَى اللَّهِ يَسِيرًا ۞ يَحْسَبُونَ الْأَحْزَابَ لَمْ يَذْهَبُوا وَإِنْ يَأْتِ الْأَحْزَابُ يَوَدُّوا لَوْ أَنَّهُمْ بَادُونَ فِي الْأَعْرَابِ يَسْأَلُونَ عَنْ أَنْبَائِكُمْ وَلَوْ كَانُوا فِيكُمْ مَا قَاتَلُوا إِلَّا قَلِيلًا ۞ لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي

[1] بۇ ھەدىس ـــ الله تائالانىڭ شەھىدلەرگە بۇندىن كېيىن غەزەبلەنمەيدىغان دەرىجىدە رازى بولىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا ۞ وَلَمَّا رَأَى الْمُؤْمِنُونَ الْأَحْزَابَ قَالُوا هَٰذَا مَا وَعَدَنَا اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَصَدَقَ اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَمَا زَادَهُمْ إِلَّا إِيمَانًا وَتَسْلِيمًا ۞﴾ «ئى مۇئمىنلەر! اللە نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمەتىنى ئەسلەڭلار. ئۆز ۋاقتىدا ئۇستۇڭلارغا (كۇففارلاردىن ئۇيۇشقان ئۇرۇشقۇچى) قوشۇن كەلگەن ئىدى. بىز ئۇلارغا قارشى بوران ۋە سىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن (يەنى پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتتۇق، اللە سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [9]. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئېغىزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، اللە ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار [10]. بۇ يەردە مۇئمىنلەر سىنالغان ۋە (بېشىغا كەلگەن كۈنىنىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا ئۇلارنى يەر سىلكىگەندەك) قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى [11]. ئەينى ۋاقىتتا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلار: <اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزلەرگە قۇرۇق ۋەدىلەرنى قىلىپتىكەن> دېيىشەتتى [12]. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم: <ئى يەسرىبلىكلەر! بۇ يەردە تۇرماي قايتىڭلار> دېيىشەتتى. ئۇلاردىن يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم: <بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز ھەقىقەتەن ئوچۇقچىلىقتا> دېيىشىپ پەيغەمبەردىن رۇخسەت سورىشاتتى. بۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوچۇقچىلىقتا ئەمەس، ئۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلايدۇ [13]. ئەگەر شەھەرگە تۆت تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىلسە، ئاندىن ئۇلاردىن ئىماندىن قايتىش، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش تەلەپ قىلىنسا، ئۇلار بۇ تەلەپنى ئۇزلۇكسىز رەۋىشتە ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا قوبۇل قىلاتتى [14]. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئىلگىرى اللە قا (جەڭدە) چېكىنمەسلىككە ۋەدە بەرگەن ئىدى. اللە قا بەرگەن ۋەدىسى سورىلىدۇ [15]. ئېيتقىنكى: <ئەگەر سىلەر ئۆلۈمدىن يا ئۆلتۈرۈلۈشتىن قاچساڭلار، قېچىشنىڭ سىلەرگە ھېچقانداق پايدىسى يوق، قاچقاندىمۇ سىلەر (دۇنيادىن) ئازغىنا (ۋاقىت) بەھرىمەن بولالايسىلەر> [16]. ئېيتقىنكى: <ئەگەر اللە سىلەرگە بىرەر يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، كىم اللە قا قارشى تۇرۇپ سىلەرنى قوغدىيالايدۇ؟ ئەگەر اللە سىلەرگە رەھمەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا (كىم ئۇنىڭغا ئارىلىشالايدۇ؟)> ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن اللە تىن باشقا ھېچ ئىگە ۋە ھېچ ياردەمچى تاپالمايدۇ [17]. اللە

ئىچىڭلاردىكى باشقىلارنى (جىھادتىن) توسقۇچىلارنى ۋە قېرىنداشلىرىغا: <(مۇھەممەدنى ۋە ساھابىلىرىنى تەرك ئېتىپ) بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىڭلار> دېگۈچىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇلار جەڭگە (رىيا قىلىپ) ئاندا-ساندا قاتنىشىدۇ [18]. ئۇلار سىلەرگە (ياردەمدە بولۇشقا) بېخىلدۇر، ئەگەر (ئۇلارغا دۈشمەن تەرەپتىن) خەۋپ كېلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ساڭا سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك (قورقۇنچتىن) كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. قورقۇنچ كەتكەندە ئۇلار پۇل-مالغا ئاچكۆز بولغان ھالدا سىلەرنى كەسكىن تىللار بىلەن رەنجىتىدۇ. ئۇلار (چىن دىللىرى بىلەن) ئىمان ئېيتقان ئەمەس. (ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبلىك) ئەمەللىرىنى الله بىكار قىلدى، بۇ الله ئۈچۈن ئاساندۇر [19]. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) (قاتتىق قورققانلىقتىن) ئىتتىپاقداش قوشۇننى چېكىنمىدى دەپ ئويلايدۇ. ئەگەر ئىتتىپاقداش قوشۇن قايتا كەلسە، ئۇلار (قىردا) ئەئرابىلارنىڭ (يەنى قىر ئەرەبلىرىنىڭ) يېنىدا تۇرۇپ سىلەرنىڭ خەۋەرلىرىڭلارنى ئۇققاچ (تىنچ يېتىشنى) ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار (ئۇرۇش ۋاقتىدا) ئاراڭلاردا بولغان تەقدىردىمۇ، (قورققانلىقتىن) جەڭگە (رىيا قىلىپ) ئاندا-ساندا قاتناشقان بولاتتى [20]. سىلەرگە — الله نى، ئاخىرەت كۈننى ئۈمىد قىلغان ۋە الله نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر [21]. مۆئمىنلەر ئىتتىپاقداش قوشۇننى كۆرگەن چاغدا: <بۇ (يەنى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش) الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر. الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى> دېيىشتى. (بۇ ئىش) ئۇلارنىڭ (الله قا بولغان) ئىمانىنى ۋە (الله نىڭ بۇيرۇقلىرىغا بولغان) بويسۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى [22]»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَرَدَّ اللَّهُ الَّذِينَ كَفَرُوا بِغَيْظِهِمْ لَمْ يَنَالُوا خَيْرًا وَكَفَى اللَّهُ الْمُؤْمِنِينَ الْقِتَالَ وَكَانَ اللَّهُ قَوِيًّا عَزِيزًا﴾ «الله كاپىرلار (يەنى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلغان ئىتتىپاقداش قوشۇن)نى خاپا قايتۇردى، ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلمىدى، الله (دۈشمەنگە بوران ۋە پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ) مۆئمىنلەرنى ئۇرۇشسىز

[1] سۈرە ئەھزاب 9- ئايەتتىن 22- ئايەتكىچە.

غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. الله كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر»[1].

527. عن أنس رضي الله عنه يقول: خرج رسول الله ﷺ إلى الخندق، فإذا المهاجرون، والأنصار يحفرون في غداة باردة، فلم يكن لهم عبيد يعملون ذلك لهم، فلما رأى ما بهم من النصب والجوع، قال:

اللهم إن العيش عيش الآخره،

فاغفر للأنصار والمهاجره.

فقالوا مجيبين له:

نحن الذين بايعوا محمدا،

على الجهاد ما بقينا أبدا.

527. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ئەتىگەن سوغۇقتا خەندەك كولاۋاتقان مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنىڭ يېنىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلارنى قىلىپ بەرگۈدەك خىزمەتكارلىرى يوق ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنىڭ جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئاچلىق ئازابى تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

ئى الله ! بىزلەرگە ئاتا قىل جەننەت،

مۇھاجىر ـ ئەنسارغا قىلىپ مەغپىرەت.

دېگەنىدى، ئۇلارمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە جاۋابەن مۇنداق دېدى:

بەيئەت قىلدۇق مۇھەممەدكە، سادىق بولىمىز،

تاكى ئۆلۈم يەتكۈچە بىز جىھاد قىلىمىز.[2]

528. وعن أنس رضي الله عنه قال: جعل المهاجرون والأنصار يحفرون الخندق حول المدينة، وينقلون التراب على متونهم، وهم يقولون

نحن الذين بايعوا محمدا،

على الإسلام ما بقينا أبدا.

قال: يقول النبي ﷺ وهو يجيبهم:

اللهم إنه لا خير إلا خير الآخره،

فبارك في الأنصار والمهاجره.

قال: يؤتون بملء كفي من الشعير، فيصنع لهم بإهالة سنخة، توضع بين يدي القوم،

[1] سۈرە ئەھزاب 25 ـ ئايەت.

[2] بۇخارى توپلىغان.

والقوم جياع، وهي بشعة في الحلق، ولها ريح منتن.

528. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلار مەدىنە ئەتراپىغا بىر تەرەپتىن خەندەك كولىسا، يەنە بىر تەرەپتىن قىزىلغان توپىلارنى توشۇغاچ مۇنداق دەيتتى:

بەيئەت قىلدۇق مۇھەممەدكە، ئەھدىمىز چىندۇر،

ئىسلامىمىز بىزلەر ئۈچۈن مەڭگۈلۈك دىندۇر.

پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دەيتتى:

ئى الله ! كۆزلەيمىز ئاخىرەتنىڭ ساۋابىن،

مۇھاجىر ـ ئەنسارغا بەرىكەتلەر ئەيلىگىن.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: تەمى ئۆزگىرىپ قالغان قوي مېيىدا قورۇلغان ئارپا كەلتۈرۈلۈپ، مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارغا بىر چاڭگالدىن بېرىلەتتى. ئىشلەۋاتقانلار بەكمۇ ئاچ بولغاچقا، بۇنى يېمەي ئامال يوق ئىدى. تائام بوغۇزغا بارغاندا ياغنىڭ سېسىق تەمى كىشىنى خېلىلا قىيناىتتى.[①]

529. عن البراء رضي الله عنه قال: كان النبي ﷺ ينقل التراب يوم الخندق، حتى أغمر بطنه، أو اغبر بطنه يقول:

والله لولا الله ما اهتدينا،

ولا تصدقنا ولا صلينا،

فأنزلن سكينة علينا،

وثبت الأقدام إن لاقينا،

إن الألى قد بغوا علينا،

إذا أرادوا فتنة أبينا.

ورفع بها صوته: «أبينا أبينا».

529. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: خەندەك غازىتى كۈنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇستى ـ باشلىرى توپا ـ چاڭغا مىلەنگەن ھالدا، توپا توشۇغاچ مۇنداق شېئىر ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم:

رەببىمىز سەن بولمىساڭ تاپماس ئىدۇق ھىدايەت،

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بىلمەس ئىدۇق نېمىدۇر زاكات، ناماز، ئىبادەت.

ئاتا قىلغىن بىزلەرگە خاتىرجەملىك، سائادەت،
ئېلىشقاندا ياۋ بىلەن سەبرى ـ سابات، جاسارەت.

بوزەك قىلدى دۈشمەنلەر تۇتۇپ بىزگە ئاداۋەت،
دىنىمىزدىن ياندۇرسا قىلمايمىز ھېچ ئىتائەت.

پەيغەمبەر ﷺ: «قىلمايمىز ھېچ ئىتائەت» دېگەن مىسرانى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇيتتى.[1]

**530. عن جابر رضي الله عنهما قال: إنا يوم الخندق نحفر، فعرضت كدية شديدة، فجاءوا النبي ﷺ فقالوا: هذه كدية عرضت في الخندق، فقال: «أنا نازل». ثم قام وبطنه معصوب بحجر، ولبثنا ثلاثة أيام لا نذوق ذواقا، فأخذ النبي ﷺ المعول فضرب، فعاد كثيبا أهيل، أو أهيم، فقلت: يا رسول الله، ائذن لي إلى البيت، فقلت لامرأتي: رأيت بالنبي ﷺ شيئا ما كان في ذلك صبر، فعندك شيء؟ قالت: عندي شعير وعناق، فذبحت العناق، وطحنت الشعير حتى جعلنا اللحم في البرمة، ثم جئت النبي ﷺ والعجين قد انكسر، والبرمة بين الأثافي قد كادت أن تنضج، فقلت: طعيم لي، فقم أنت يا رسول الله ورجل أو رجلان، قال: «كم هو» فذكرت له، قال: كثير طيب، قال: قل لها: «لا تنزع البرمة، ولا الخبز من التنور حتى آتي»، فقال: «قوموا» فقام المهاجرون، والأنصار، فلما دخل على امرأته قال: ويحك جاء النبي ﷺ بالمهاجرين والأنصار ومن معهم، قالت: هل سألك؟ قلت: نعم، فقال: «ادخلوا ولا تضاغطوا» فجعل يكسر الخبز، ويجعل عليه اللحم، ويخمر البرمة والتنور إذا أخذ منه، ويقرب إلى أصحابه ثم ينزع، فلم يزل يكسر الخبز، ويغرف حتى شبعوا وبقي بقية، قال: «كلي هذا وأهدي، فإن الناس أصابتهم مجاعة».**

530. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز خەندەك غازىتى كۈنى خەندەك كولاۋېتىپ، مېتىن (جوتۇ) ئۆتمىگىدەك دەرىجىدىكى قاتتىق يەرگە دۇچ كېلىپ قالدۇق ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە بۇ ئەھۋالنى ئېيتتۇق. پەيغەمبەر ﷺ: «مەن چۈشەي» دەپ ئورنىدىن تۇردى. پەيغەمبەر ﷺ قورسىقىغا تاش تېڭىۋالغان ئىدى. بىز ئۈچ كۈندىن بېرى ھېچنەرسە يېمىگەن ئىدۇق. پەيغەمبەر ﷺ مېتىننى ئېلىپ چاپقانىدى، ھېلىقى قاتتىق يەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چېپىشى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بىلەن قومدەك يومشاپ كەتتى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۆيگە بېرىپ كېلەي، ــ دەپ رۇخسەت ئېلىپ ئۆيگە بېرىپ ئايالىمغا:

ــ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قورسىقى تاقەت قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە ئېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم، يېگۈدەك بىرەر نەرسىڭىز يوقمۇ؟ ــ دېگەنىدىم، ئايالىم:

ــ ئارپا بىلەن بىر چىشى ئوغلاق بار، ــ دېدى. مەن ئوغلاقنى بوغۇزلاپ، ئارپىنى ئېزىپ ئۇن تارتتىم، گۆشنى قازانغا سېلىپ قويۇپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كەلدىم. خېمىر تەييار بولۇپ، گۆش پىشقىلى ئاز قالغاندا، پەيغەمبەر ﷺ گە:

ــ ئازراق تاماق تەييار قىلغان ئىدىم، بىر-ئىككى كىشى بىلەن بارغان بولساڭ، ــ دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ قانچىلىك تاماق ئۇ؟ ــ دەپ سورىغانىدى، ئۇنىڭغا دەپ بەرسەم ئۇ:

ــ خېلىلا كۆپكەن، ياخشى، ئايالىڭغا ئېيتقىن، مەن بارغۇچە قازاننى ئوچاقتىن چۈشۈرۈۋەتمىسۇن، ناننى تونۇردىن ئېلىۋەتمىسۇن، ــ دېدى ۋە جامائەتكە:

ــ يۈرۈڭلار! ــ دېگەنىدى، مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنىڭ ھەممىسى ماڭدى. مەن ئايالىمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ ئاپلا! ئەمدى قانداقمۇ قىلارسىز؟! پەيغەمبەر ﷺ مۇھاجىر-ئەنسارىلارنى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ئەگەشكەن كىشىلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ، ــ دېسەم، ئايالىم:

ــ پەيغەمبەر ﷺ سىزدىن تامىقىمىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى سورىمىدىمۇ؟ ــ دېدى. مەن:

ــ ھەئە، سورىدى، ــ دېدىم.

پەيغەمبەر ﷺ يېتىپ كېلىپ: «قىستاشماي كىرىڭلار!» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ نان بىلەن گۆشنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، تونۇر بىلەن قازاننى يېپىپ قويۇپ، ناننى ئوشتۇپ، ئۈستىگە گۆشنى قويۇپ ساھابىلەرگە سۇنۇپ بىرىپ يەنە ئالاتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تويۇپ تاماقتىن يەنە ئېشىپ قالدى.

پەيغەمبەر ﷺ جابىرنىڭ ئايالىغا:

— سىزمۇ يەڭ، باشقىلارغىمۇ ھەدىيە قىلىڭ، كىشىلەرگە ھەقىقەتەن ئاچارچىلىق يەتتى، — دېدى.①

531. وعن جابر بن عبد الله رضي الله عنهما قال: لما حفر الخندق رأيت بالنبي ﷺ خمصا شديدا، فانكفأت إلى امرأتي، فقلت: هل عندك شيء؟ فإني رأيت برسول الله ﷺ خمصا شديدا، فأخرجت إلي جرابا فيه صاع من شعير، ولنا بهيمة داجن فذبحتها، وطحنت الشعير، ففرغت إلى فراغي، وقطعتها في برمتها، ثم وليت إلى رسول الله ﷺ، فقالت: لا تفضحني برسول الله ﷺ وبمن معه، فجئته فساررته، فقلت: يا رسول الله ذبحنا بهيمة لنا وطحنا صاعا من شعير كان عندنا، فتعال أنت ونفر معك، فصاح النبي ﷺ فقال: «يا أهل الخندق، إن جابرا قد صنع سورا، فحي هلا بكم» فقال رسول الله ﷺ: «لا تنزلن برمتكم، ولا تخبزن عجينكم حتى أجيء». فجئت وجاء رسول الله ﷺ يقدم الناس حتى جئت امرأتي، فقالت: بك وبك، فقلت: قد فعلت الذي قلت، فأخرجت له عجينا فبصق فيه وبارك، ثم عمد إلى برمتنا فبصق وبارك، ثم قال: «ادع خابزة فلتخبز معي، واقدحي من برمتكم ولا تنزلوها» وهم ألف، فأقسم بالله لقد أكلوا حتى تركوه وانحرفوا، وإن برمتنا لتغط كما هي، وإن عجيننا ليخبز كما هو.

531. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: خەندەك كولاۋاتقان چاغدا مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قورسىقىنىڭ قاتتىق ئېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئايالىمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— يېگۈدەك بىرەر نەرسىڭىز بارمۇ؟ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كېتىپتۇ، — دېگەنىدىم، ئۇ ماڭا بىر سا ئارپا قاچىلانغان تۇلۇمنى ئېلىپ چىقتى. ئۆيىمىزدە باققان بىر پاقلان بار ئىدى، ئۇنى سويدۇم. ئايالىم ئارپىنى تارتتى. مەن پاقلاننى سويۇپ بولغۇچە ئايالىممۇ ئارپىنى ئۇن قىلىپ تارتىپ بولدى. ئاندىن گۆشنى پارچىلاپ قازانغا سېلىۋېتىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا ماڭغانىدىم، ئايالىم:

— (بۇنچە ئاز تاماقتا) پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە كۆپ مېھمان باشلاپ كېلىپ مېنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويماڭ! — دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ قۇلىقىغا:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بىر پاقلىنىمىز بار ئىدى، شۇنى سويۇپ، ئازراق

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئارپىنى تارتىپ تاماق تەييارلىدۇق. بىر قانچە ئادەمنى باشلاپ بارغان بولساڭ، ــــ دەپ پىچىرلىغانىدىم. پەيغەمبەر ﷺ شۇ ھامان:

ــــ ئى خەندەك ئەھلى! جابىر بىزگە تاماق تەييارلاپتۇ، يۈرۈڭلار، تاماققا بارايلى، ــــ دەپ توۋلىدى. ئاندىن ماڭا:

ــــ مەن بارغۇچە قازىنىڭلارنى ئوچاقتىن چۈشۈرۈۋەتمەڭلار، خېمىردىمۇ نان ياقماي تۇرۇڭلار! ــــ دېدى. مەن ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆيگە بېرىپ بولدۇم. پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنى باشلاپ كېلىۋاتاتتى. ئايالىم (ئۆيگە كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ):

ــــ خەپ سىزنى، خەپ سىزنى! ــــ دەپ قاقشاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا:

ــــ پەيغەمبەر ﷺ گە سىز دېگەندەك دېگەنىدىم، ــــ دېدىم. ئايالىم پەيغەمبەر ﷺ گە خېمىرنى ئەچىقىپ بەردى. پەيغەمبەر ﷺ خېمىرغا سۈفلەپ، بەرىكەتلىك بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. ئاندىن قازانغا سۈفلەپ، گۆشنىڭمۇ بەرىكەتلىك بولۇشىغا دۇئا قىلدى. ئاندىن:

ــــ نان ياقالايدىغان ئايالدىن بىرنى چاقىرغىن، ماڭا ياردەملىشىپ نان ياقسۇن. قازاندىن شورپىنى ئۇسسۇۋېرىڭلار ئەمما قازاننى ئوچاقتىن ئېلىۋەتمەڭلار! ــــ دېدى. مىڭغا يېقىن ئادەم كەلگەنىدى، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەممەيلەن (گۆش بىلەن شورپىدىن) تويغۇدەك يەپ ـ ئىچىپ قايتىشقان بولسىمۇ، قازاندىكى شورپا بۇرۇنقىدەكلا تۇراتتى. شۇنچە كۆپ نان ياققان بولساقمۇ خېمىر يەنىلا شۇ پېتى تۇراتتى.[1]

**532. عن عائشة رضي الله عنها: ﴿إِذْ جَاءُوكُمْ مِنْ فَوْقِكُمْ وَمِنْ أَسْفَلَ مِنْكُمْ وَإِذْ زَاغَتِ الْأَبْصَارُ وَبَلَغَتِ الْقُلُوبُ الْحَنَاجِرَ وَتَظُنُّونَ بِاللَّهِ الظُّنُونَا﴾ قالت: كان ذاك يوم الخندق.**

532. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئېغىزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، الله ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار»[2] دېگەن ئايەتتىكى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] سۈرە ئەھزاب 10 ـ ئايەت.

«بۇ چاغ» بولسا خەندەك ئۇرۇشى بولغان كۈننى كۆرسىتىدۇ.①

**533. عن رافع بن خديج قال: لم يكن حصن أحصن من حصن بني حارثة، فجعل النبي ﷺ النساء والصبيان والذراري فيه، فقال: «إن ألم بكن أحد فألمعن بالسيف»، فجاءهن رجل من بني ثعلبة بن سعد يقال له: بجدان أحد بني جحاش على فرس حتى كان في أصل الحصن ثم جعل يقول للنساء: انزلن إلي خير لكن، فحركن السيف فأبصره أصحاب النبي ﷺ، فابتدر الحصن قوم فيهم رجل من بني حارثة، يقال له: ظهير بن رافع، فقال: يا بجدان أبرز فبرز إليه، فحمل عليه فرسه فقتله وأخذ رأسه، فذهب به إلى النبي ﷺ.**

533. رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بەنى ھارىسە جەمەتىنىڭ قورغىنىدىنمۇ مۇستەھكەم قورغان يوق ئىدى. (خەندەك غازىتى كۈنى) پەيغەمبەر ﷺ ئايال-باللارنى شۇ قورغانغا ئورۇنلاشتۇرۇپ: «ئەگەر بىرەرسى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا باستۇرۇپ كېلىپ قالسا، قىلىچنى پۇلاڭلىتىپ بەلگە بېرىڭلار!» دەپ تاپىلىدى.

بەنى سەئلەبە جەمەتىدىن نەجدان ئىسىملىك بىرى ئاتقا مىنگەن ھالدا قورغاننىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئاياللارغا: «مېنىڭ قېشىمغا چۈشسەڭلار سىلەر ئۈچۈن ياخشىلىق بار» دېدى. ئاياللار دەرھال قىلىچنى پۇلاڭلىتىپ بەلگە بەردى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرى بەلگىنى كۆردى ۋە بەنى ھارىسەلىك زۇھەير ئىبنى رافىئ قاتارلىق بىر نەچچە كىشى قورغانغا قاراپ يۈگۈردى. زۇھەير: «ھەي نەجدان، مەيدانغا چىق!» دېگەنىدى، ئۇ چىقتى. ئۇلار يەكمۇيەك تۇتۇشتى. زۇھەير ئۇنىڭ ئېتىنى چېپىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.②

**534. عن إبراهيم التيمي، عن أبيه، قال: كنا عند حذيفة، فقال رجل: لو أدركت رسول الله ﷺ قاتلت معه وأبليت، فقال حذيفة: أنت كنت تفعل ذلك؟ لقد رأيتنا مع رسول الله ﷺ ليلة الأحزاب، وأخذتنا ريح شديدة وقر، فقال رسول الله ﷺ: «ألا رجل يأتيني بخبر القوم جعله الله معي يوم القيامة؟» فسكتنا فلم يجبه منا أحد، ثم قال: «ألا رجل يأتينا بخبر القوم جعله الله معي يوم القيامة؟» فسكتنا فلم يجبه منا أحد، ثم قال: «ألا رجل يأتينا بخبر القوم جعله الله معي يوم القيامة؟»، فسكتنا فلم يجبه منا أحد، فقال: «قم يا حذيفة، فأتنا بخبر**

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② تەبرانى توپلىغان، ھەيسەمى «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن.

القوم»، فلم أجد بدا إذ دعاني باسمي أن أقوم، قال: «اذهب فأتني بخبر القوم، ولا تذعرهم علي»، فلما وليت من عنده جعلت كأنما أمشي في حمام حتى أتيتهم، فرأيت أبا سفيان يصلي ظهره بالنار، فوضعت سهما في كبد القوس فأردت أن أرميه، فذكرت قول رسول الله ﷺ: «ولا تذعرهم علي»، ولو رميته لأصبته فرجعت وأنا أمشي في مثل الحمام، فلما أتيته فأخبرته بخبر القوم، وفرغت قررت، فألبسني رسول الله ﷺ من فضل عباءة كانت عليه يصلي فيها، فلم أزل نائما حتى أصبحت، فلما أصبحت قال: «قم يا نومان».

534. ئىبراھىم تەيمىي دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: بىز ھۇزەيفەنىڭ قېشىدا ئىدۇق، بىر كىشى: «ناۋادا مەن پەيغەمبەر ﷺ ھايات ۋاقتىدا بولغان بولسام، ھەرقانداق خىيىم-خەتەرگە پەرۋا قىلماي، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلغان بولاتتىم» دېگەنىدى، ھۇزەيفە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «ھەقىقەتەن شۇنداق قىلارمىدىڭ؟ ئەھزاب كېچىسى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا ئىدۇق. قاتتىق بوران چىقىپ، جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ﷺ: <كىم دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كەلسە الله ئۇنى قىيامەت كۈنى مەن بىلەن بىللە قىلغاي!> دېدى. ھېچقايسىمىز جاۋاب بەرمەي جىم تۇردۇق. پەيغەمبەر ﷺ يەنە: <كىم دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كەلسە، الله ئۇنى قىيامەت كۈنى مەن بىلەن بىللە قىلغاي!> دېدى. بىز يەنە جاۋاب بەرمەي جىم تۇردۇق. پەيغەمبەر ﷺ ئۈچىنچى قېتىم: <كىم دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كەلسە، الله ئۇنى قىيامەت كۈنى مەن بىلەن بىللە قىلغاي!> دېدى. بۇ قېتىممۇ بىز يەنە جاۋاب بەرمەي جىم تۇرغانىدۇق، پەيغەمبەر ﷺ: <ئى ھۇزەيفە، ئورنۇڭدىن تۇر! بېرىپ دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كەلگىن ئەمما ئۇلارغا تۇيدۇرمىغىن!> دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ ئىسمىمنى ئاتاپ چاقىرغانلىقى ئۈچۈن، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلماي ئامالىم يوق ئىدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ خۇددى مۇنچىدا تۇرغاندەك بىر خىل ئىللىقلىق ئىچىدە مېڭىپ دۈشمەنلەرنىڭ ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىردىم. ئەبۇ سۇفيانىنىڭ دۈمبىسىنى ئوتقا قاقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم-دە، ئوقتىن بىرنى ئېلىپ، يانىڭ كىرىچىنى كەردىم-يۇ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «ئۇلارغا تۇيدۇرمىغىن!» دېگەن سۆزىنى يادىمغا ئېلىپ، ئوق ئېتىشتىن ۋاز كەچتىم. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئاتقان بولسام چوقۇم تەگكۈزگەن

بولاتتىم. قايتىشىمدىمۇ يەنە خۇددى مۇنچىدا تۇرغاندەك بىرخىل ئىللىقلىق ئىچىدە مېڭىپ، قايتىپ كەلدىم ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزدۈم. ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە مۇزلاشقا باشلىدىم. پەيغەمبەر ﷺ ماڭا ناماز ئوقۇغاندا كىيىدىغان ئارتۇق تونىنى كىيدۈرۈپ قويدى. كېيىن ئۇخلاپ قالدىم. تاڭ ئاتقاندا پەيغەمبەر ﷺ چاقچاق قىلىپ: <ھەي ئۇيقۇخۇمار، ئورنۇڭدىن تۇر!> دېدى». [1]

**535. عن عمر بن الخطاب رضي الله عنه، جاء يوم الخندق بعد ما غربت الشمس، جعل يسب كفار قريش وقال: يا رسول الله، ما كدت أن أصلي، حتى كادت الشمس أن تغرب، قال النبي ﷺ: «والله ما صليتها» فنزلنا مع النبي ﷺ بطحان، فتوضأ للصلاة وتوضأنا لها، فصلى العصر بعدما غربت الشمس، ثم صلى بعدها المغرب.**

535. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىلى قىلىنىدۇكى، خەندەك غازىتى كۈنى كۈن كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ قۇرەيش كاپىرلىرىنى تىللىغاندىن كېيىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئەسىر نامىزىنى ئوقۇيالمىغىلى تاس قالدىم، ئۇنى كۈن كىرىپ كېتەي دەپ قالغاندا ئاران ئوقۇۋالالىدىم» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەنمۇ تېخى ئوقۇمىدىم» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بۇتھان دېگەن جايغا بېرىپ، نامازغا تاھارەت ئالدۇق. پەيغەمبەر ﷺ ئەسىر نامىزىنى كۈن كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئوقۇدى، ئاندىن شام نامىزىنى ئوقۇدى. [2]

**536. عن علي رضي الله عنه، عن النبي ﷺ أنه قال يوم الخندق: «ملأ الله عليهم بيوتهم وقبورهم نارا، كما شغلونا عن صلاة الوسطى حتى غابت الشمس».**

536. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ ئەھزاب غازىتىدا: «الله ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى ۋە قەبرىلىرىنى ئوتقا توشقۇزۇۋەتسۇن. ئۇلار بىزنى كۈن ئولتۇرغىچىلىك ئوتتۇرا ناماز (يەنى ئەسىر نامىزى)نى ئوقۇتماي ئاۋارە قىلىپ، ئاخىرى كۈن ئولتۇرۇپ كەتتى» دېگەن. [3]

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**537. عن سليمان بن صرد رضي الله عنه يقول: سمعت النبي ﷺ يقول: حين أجلى الأحزاب عنه: «الآن نغزوهم ولا يغزوننا، نحن نسير إليهم».**

537. سۇلايمان ئىبنى سۇرەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەھزاب (كاپىرلارنىڭ بىرلەشمە) قوشۇنى چېكىنگەندە، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «بۈندىن كېيىن بىز ئۇلارغا ئۇرۇش ئاچىمىز، ئۇلار بىزگە ئۇرۇش ئاچالمايدۇ. بىز ئۇلارغا يۈرۈش قىلىمىز» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.①

## 67 ـ باب

## بەنى قۇرەيزە غازىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنزَلَ الَّذِينَ ظَاهَرُوهُم مِّنْ أَهْلِ الْكِتَابِ مِن صَيَاصِيهِمْ وَقَذَفَ فِي قُلُوبِهِمُ الرُّعْبَ فَرِيقًا تَقْتُلُونَ وَتَأْسِرُونَ فَرِيقًا ۞ وَأَوْرَثَكُمْ أَرْضَهُمْ وَدِيَارَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ وَأَرْضًا لَّمْ تَطَئُوهَا وَكَانَ اللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرًا ۞﴾ «الله ئەھلى كىتابتىن مۇشرىكلارغا ياردەم بەرگەنلەرنى (يەنى رەسۇلۇللاھ بىلەن قىلغان ئەھدىنى بۇزغان بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنى) قورغانلىرىدىن چۈشۈردى، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى. (ئۇلارنىڭ) بىر بۆلۈكىنى ئۆلتۈردۈڭلار ۋە بىر بۆلۈكىنى ئەسىر ئالدىڭلار [26]. الله سىلەرگە ئۇلارنىڭ زېمىنىنى، قورۇ ـ جايلىرىنى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ۋە (تېخى) سىلەرنىڭ قەدىمىڭلار دەسسەپ باقمىغان زېمىننى مىراس قىلىپ بەردى، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر [27]»②.

**538. عن عائشة رضي الله عنها قالت: أصيب سعد يوم الخندق، رماه رجل من قريش، يقال له حبان بن العرقة وهو حبان بن قيس، من بني معيص بن عامر بن لؤي رماه في الأكحل، فضرب النبي ﷺ خيمة في المسجد ليعوده من قريب، فلما رجع رسول الله ﷺ من الخندق وضع السلاح واغتسل، فأتاه جبريل عليه السلام وهو ينفض رأسه من الغبار، فقال: قد وضعت السلاح، والله ما وضعته، اخرج إليهم، قال النبي ﷺ: «فأين؟» فأشار إلى بني قريظة. فأتاهم رسول الله ﷺ فنزلوا على حكمه، فرد الحكم إلى سعد، قال: فإني أحكم فيهم: أن تقتل المقاتلة، وأن تسبى النساء والذرية، وأن تقسم أموالهم.**

① بۇخارى توپلىغان.

② سۈرە ئەھزاب 26 ـ، 27 ـ ئايەتلەر.

قال هشام، فأخبرني أبي، عن عائشة: أن سعدا قال: اللهم إنك تعلم أنه ليس أحد أحب إلي أن أجاهدهم فيك، من قوم كذبوا رسولك ﷺ وأخرجوه، اللهم فإني أظن أنك قد وضعت الحرب بيننا وبينهم، فإن كان بقي من حرب قريش شيء فأبقني له، حتى أجاهدهم فيك، وإن كنت وضعت الحرب فافجرها واجعل موتتي فيها، فانفجرت من لبته فلم يرعهم، وفي المسجد خيمة من بني غفار، إلا الدم يسيل إليهم، فقالوا: يا أهل الخيمة، ما هذا الذي يأتينا من قبلكم؟ فإذا سعد يغذو جرحه دما، فمات منها رضي الله عنه.

538. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: سەئىد (ئىبنى مۇئاز) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەندەك غازىتىدا يارىلاندى. قۇرەيش قەبىلىسىدىن ھىببان ئىبنى ئەرىقە (يەنى مۇئەيىس ئىبنى ئامىر ئىبنى لۇئەي جەمەتىدىن ھىببان ئىبنى قەيس) دېگەن ئادەم ئاتقان ئوق ئۇنىڭ بىلىكىدىكى جان تومۇرغا تەگكەن ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى پات-پات يوقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن مەسجىدكە چېدىر تىكتۈردى. پەيغەمبەر ﷺ خەندەك غازىتىدىن كېلىپ، قورال-ياراقلىرىنى قويۇپ غۇسلى قىلىۋاتقاندا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ بېشىدىكى توپا-چاڭنى قېقىپ تۇرۇپ: «قورالنى قويۇپ بولدۇڭمۇ؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن تېخى قورالىمنى قويمىدىم، ئۇلارغا ھۇجۇم قىل!» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «قەيەرگە؟» دەپ سورىغانىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بەنى قۇرەيزە تەرەپنى ئىشارەت قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ دەرھال ئاتلىنىپ، ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۆكمىگە رازىلىق بىلدۈردى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا ھۆكۈم قىلىش ئىختىيارلىقىنى سەئىدكە بەردى. سەئىد: «ئۇلارنىڭ جەڭگە يارايدىغانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇن-بالىلىرىنى ئەسىر ئېلىپ، پۇل-ماللىرىنى تەقسىم قىلىشقا ھۆكۈم قىلىمەن» دېدى.

ھىشام (راۋى) مۇنداق دەيدۇ: دادامنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىشىچە، سەئىد مۇنداق دەپ دۇئا قىلغان: «ئى الله! پەيغەمبىرىڭنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتكەنلەرگە قارشى جىھاد قىلىشنىڭ ماڭا نىسبەتەن ئەڭ سۆيۈملۈك (ئەمەل) ئىكەنلىكىنى بىلىسەن. ئى الله! بىلىشىمچە، قۇرەيشلەر بىلەن ئارىمىزدىكى ئۇرۇشنى سەن ئورۇنلاشتۇردۇڭ. ئەگەر قۇرەيشلەر بىلەن بولىدىغان ئۇرۇش تېخى تۈگىمىگەن

بولسا، سېنىڭ يولۇڭدا ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىم ئۈچۈن مېنى ھايات قالدۇرغىن. ئەگەر بۇ ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرغان بولساڭ، جاراھىتىمنىڭ ئېغىزىنى ئېچىۋەتكىن، مەن مۇشۇ يارام بىلەن ئۆلۈپ كېتەي!»

كۆپ ئۆتمەي، ئۇنىڭ (دۇئاسى قوبۇل قىلىنىپ) يارىسىنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ كېتىپ، قان ئېقىشقا باشلىدى. مەسجىدتە بەنى غىفارلىقلارنىڭ چېدىرى بولۇپ، ئۇلار سەئىدتىن ئېقىپ كەلگەن قاننى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىشتى ـ دە: «ئى چېدىر ئەھلى! بىز تەرەپكە ئېقىپ كەلگەن بۇ نەرسە نېمە؟» دېيىشتى ۋە سەئىدنىڭ قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆردى. شۇنداق قىلىپ، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قانسىراپ جان ئۈزدى.[1]

**539. عن جابر رضي الله عنه قال: رمي يوم الأحزاب سعد بن معاذ فقطعوا أكحله أو أبجله، فحسمه رسول الله ﷺ بالنار، فانتفخت يده، فتركه فنزفه الدم، فحسمه أخرى، فانتفخت يده، فلما رأى ذلك، قال: اللهم لا تخرج نفسي حتى تقر عيني من بني قريظة، فاستمسك عرقه، فما قطر قطرة، حتى نزلوا على حكم سعد بن معاذ، فأرسل إليه، فحكم أن يقتل رجالهم وتستحيا نساؤهم، يستعين بهن المسلمون، فقال رسول الله ﷺ: «أصبت حكم الله فيهم»، وكانوا أربع مائة، فلما فرغ من قتلهم انفتق عرقه فمات.**

539. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەھزاب غازىتىدا سەئىد ئىبنى مۇئازغا ئوق تېگىپ بىلىكىدىكى جان تومۇرنى ئۈزۈۋەتتى. (قان توختىماي ئاققانلىقى ئۈچۈن) پەيغەمبەر ﷺ سەئىدنىڭ يارىسىنى ئوتتا داغلىدى ئەمما ئۇنىڭ قولى ئىششىپ كەتكەچكە پەيغەمبەر ﷺ داغلاشتىن توختىدى. قان يەنە ئېقىشقا باشلىغان ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ يەنە بىر قېتىم داغلىدى ئەمما سەئىدنىڭ قولى يەنە ئىششىپ كەتتى. سەئىد بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ: «ئى الله ! بەنى قۇرەيزە ھەققىدە كۆڭلۈم تىنجىماي تۇرۇپ جېنىمنى ئالمىغىن» دەپ دۇئا قىلغانىدى، قان توختاپ قالدى ۋە بەنى قۇرەيزە ھەققىدە ھۆكۈم چىقارغۇچە بىر تامچىمۇ ئاقمىدى. پەيغەمبەر ﷺ ھۆكۈم قىلىش ئىختىيارلىقىنى ئۇنىڭغا بەرگەنىدى، ئۇ: «بەنى قۇرەيزىنىڭ ئەرلىرى ئۆلتۈرۈلسۇن، ئاياللىرى ئەسىر ئېلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ خىزمىتىگە سېلىنسۇن» دەپ ھۆكۈم قىلدى، (بۇ ھۆكۈمنى ئاڭلىغان) پەيغەمبەر ﷺ:

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

«اللە نىڭ ئۇلارغا چىقارغان ھۆكمى بويىچە ھۆكۈم قىلدىڭ» دېدى. ئۇلار جەمئىي 400 كىشى بولۇپ، ھەممىسى ئۆلتۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، سەئىدنىڭ يارىسى ئېچىلىپ، قانسىراپ جان ئۈزدى.[1]

**540. عن أبي سعيد الخدري رضي الله عنه قال: نزل أهل قريظة على حكم سعد بن معاذ، فأرسل النبي ﷺ إلى سعد فأتى على حمار، فلما دنا من المسجد قال للأنصار: «قوموا إلى سيدكم» أو «خيركم». فقال: «هؤلاء نزلوا على حكمك». فقال: تقتل مقاتلتهم، وتسبي ذراريهم، قال: «قضيت بحكم الله» وربما قال: «بحكم الملك».**

540. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بەنى قۇرەيزە (يەھۇدىيلىرى) سەئىد ئىبنى مۇئازنىڭ ھۆكمىگە رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پەيغەمبەر ﷺ سەئىدنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ ئېشەككە مىنىپ كەلدى. ئۇ مەسجىدكە يېقىن كەلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئەنسارىلارغا: «خوجاڭلارغا (ياكى سىلەرنىڭ ياخشىڭلارغا) ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار!» دېدى. ئاندىن سەئىدكە: «ئۇلار سېنىڭ ھۆكمىڭگە رازى بولىدىغان بولدى» دېگەنىدى، سەئىد: «ئۇرۇشقا يارايدىغانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇن-بالىلىرىنى ئەسىر ئېلىشقا ھۆكۈم قىلىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇلارغا اللە نىڭ ھۆكمى بويىچە ھۆكۈم چىقاردىڭ» دېدى.[2]

**541. عن أنس رضي الله عنه قال: كأني أنظر إلى الغبار ساطعا في زقاق بني غنم، موكب جبريل صلوات الله عليه حين سار رسول الله ﷺ إلى بني قريظة.**

541. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ بەنى قۇرەيزىگە جىبرىئىلنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرگە يۈرۈش قىلغاندا بەنى غەنم كوچىسىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزان ھېلىمۇ ئېسىمدە».[3]

**542. عن البراء بن عازب رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ يوم قريظة لحسان بن ثابت: «اهج المشركين، فإن جبريل معك».**

542. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، قۇرەيزە غازىتى بولغان كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەسسان ئىبنى سابىتقا: «مۇشرىكلارنى

---

[1] تىرمىزى، ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن، شۇئەيب ئەرنەئۇت «ئىسنادى سەھىھ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى توپلىغان.

ھەجۋى قىلىپ (شېئىر ئوقۇغىن)، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام سەن بىلەن بىللە» دېدى.①

**543. عن عطية القرظي رضي الله عنه قال: «عرضنا على النبي ﷺ يوم قريظة فكان من أنبت قتل، ومن لم ينبت خلي سبيله، فكنت ممن لم ينبت فخلي سبيلي».**

543. ئەتىييە قۇرەزىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەنى قۇرەيزە غازىتى كۈنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدۇق. ئەۋرەتتىگە تۈك چىققانلار ئۆلتۈرۈلۈپ، تۈك چىقمىغانلار قويۇپ بېرىلدى. مەن تېخى ئەۋرىتىمگە تۈك چىقمىغانلار قاتارىدىن بولغاچقا قويۇپ بېرىلدىم».②

# 68 ـ باب

## بەنى مۇستەلىق غازىتى

**544. عن محمد بن إسحاق قال: بلغ رسول الله ﷺ أن بني المصطلق يجمعون له، وقائدهم الحارث بن أبي ضرار أبو جويرية بنت الحارث زوج النبي ﷺ، فلما سمع بهم رسول الله ﷺ، خرج إليهم حتى لقيهم على ماء لهم يقال له المريسيع من ناحية قديد إلى الساحل، فتزاحم الناس واقتتلوا، فهزم الله بني المصطلق، وقتل الحارث بن أبي ضرار أبو جويرية، وقتل من قتل منهم، ونفل الله رسوله أبناءهم ونساءهم، وكان رسول الله ﷺ أصاب منهم سبيا كثيرا قسمه في المسلمين، وكان فيما أصاب يومئذ من النساء: جويرية بنت الحارث بن أبي ضرار سيدة نساء قومها.**

544. مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بەنى مۇستەلىق قەبىلىسىنىڭ ئۆزىگە قارشى لەشكەر توپلاۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارغا كېيىن پەيغەمبەر ﷺ ئەمرىگە ئالغان جۇۋەيرىيەنىڭ دادىسى ھارىس ئىبنى ئەبۇ زەرارنىڭ قوماندان بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ئۇلارغا لەشكەر تارتىپ چىقتى. ئۇلار قۇدەيد تەرەپتىن ساھىلغا كېتىدىغان جايدىكى مۇرەيسىئ دەپ ئاتىلىدىغان بىر قۇدۇقنىڭ قېشىدا ئۇچرىشىپ قاتتىق ئېلىشتى. ئاخىرىدا،

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان؛ ئىبنى ھەجەر ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن، شۇئەيب ئەرنەئۇت «ئىسنادى سەھىھ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن.

ﷲ تائالا بەنى مۇستەلىق قەبىلىسىنى مەغلۇب قىلدى. جۇۋەيرىيەنىڭ دادىسى ھارىس بىلەن بىللە نۇرغۇن ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. ﷲ تائالا ئۇلارنىڭ خوتۇن-بالىلىرىنى پەيغەمبىرىگە غەنىيمەت قىلىپ بەردى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلاردىن ئېلىنغان ئەسىر ۋە غەنىيمەتلەرنى مۇسۇلمانلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. ئەسىرلەرنىڭ ئارىسىدا شۇ قەۋمنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئىسىل ئايال جۇۋەيرىيەمۇ بار ئىدى.①

**545. عن ابن عون قال: كتبت إلى نافع، فكتب إلي «إن النبي ﷺ أغار على بني المصطلق وهم غارون، وأنعامهم تسقى على الماء، فقتل مقاتلتهم، وسبى ذراريهم، وأصاب يومئذ جويرية». حدثني به عبد الله بن عمر، وكان في ذلك الجيش.**

545. ئىبنى ئەۋن مۇنداق دەيدۇ: مەن نافىئقا خەت يازغانىدىم، ئۇ ماڭا جاۋاب خەت يېزىپ مۇنداق دەپتۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بەنى مۇستەلىق قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار بۇنىڭدىن خەۋەرسىز بولۇپ، چارۋا-ماللىرىنى سۇغۇرۇۋاتاتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلاردىن جەڭگە يارايدىغانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇن-بالىلىرىنى ئەسىر ئالدى. ئايالى جۇۋەيرىيەنىمۇ شۇ كۈنى ئەسىر ئالغانىدى».

بۇ ۋەقەلىكنى ماڭا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سۆزلەپ بەرگەن چۈنكى ئۇ شۇ قوشۇندا بار ئىدى.②

**546. عن عائشة رضي الله عنها قالت: وقعت جويرية بنت الحارث بن المصطلق في سهم ثابت بن قيس بن شماس، أو ابن عم له فكاتبت على نفسها، وكانت امرأة ملاحة تأخذها العين، قالت: عائشة رضي الله عنها فجاءت تسأل رسول الله ﷺ في كتابتها فلما قامت على الباب فرأيتها كرهت مكانها وعرفت أن رسول الله ﷺ سيرى منها مثل الذي رأيت فقالت يا رسول الله: أنا جويرية بنت الحارث وإنما كان من أمري ما لا يخفى عليك وإني وقعت في سهم ثابت بن قيس بن شماس وإني كاتبت على نفسي فجئتك أسألك في كتابتي فقال رسول الله ﷺ: «فهل لك إلى ما هو خير منه؟» قالت: وما هو يا رسول الله؟ قال: «أؤدي عنك كتابتك وأتزوجك» قالت: قد فعلت، قالت: فتسامع - تعني الناس - أن رسول الله ﷺ قد تزوج جويرية، فأرسلوا ما في أيديهم من السبي، فأعتقوهم، وقالوا: أصهار رسول الله ﷺ فما رأينا امرأة**

① تەبرانى توپلىغان، ھەيسەمى «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**كانت أعظم بركة على قومها منها، أعتق في سببها مائة أهل بيت من بني المصطلق.**

546. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: (ئولجا تەقسىم قىلىنغاندا) ھارىس ئىبنى مۇستەلىقنىڭ قىزى جۇۋەيرىيە سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شەمماسقا ياكى ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلىغا تەقسىم قىلىندى. ئۇ ئايال ئىشلەپ (مەلۇم مىقداردا پۇل تېپىپ) بېرىش بەدىلىگە ئۆزىنى ئازاد قىلىش ھەققىدە خوجايىنى بىلەن كېلىشتى. ئۇ، كۆرگەنلا كىشىنىڭ كۆزى چۈشكىدەك دەرىجىدە چىرايلىق ئايال ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ ئايال پەيغەمبەر ﷺ دىن ياردەم سوراپ كەلدى ۋە ئىشىك تۈۋىدە تۇردى. مەن ئۇ ئايالنى كۆرۈپلا (كۈندەشلىكىمدىن) ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇشىنى ياقتۇرمىدىم. چۈنكى ئۇ ئايالنىڭ گۈزەل جامالىنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭمۇ خۇددى مەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەكلا كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ ئايال: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن جۇۋەيرىيە بىنتى ھارىس بولىمەن، مېنىڭ بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى ئوبدان بىلىسەن. مەن سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شەمماسقا تەقسىم قىلىنغانىدىم، مەن ئىشلەپ (پۇل تېپىپ) بېرىپ ئۆزۈمنى ئازاد قىلىشقا ئۇنىڭ بىلەن كېلىشتىم. شۇڭا سەندىن ياردەم سوراپ كەلدىم» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىرەر ئىشنى قىلىشقا قانداق قارايسەن؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئايال: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ قانداق ئىش؟» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «مەن سېنىڭ قەرزىڭنى تۆلەپ، سېنى نىكاھىمغا ئالاي» دېدى. ئۇ ئايال: «بولىدۇ، مەن قوشۇلىمەن» دېدى. كېيىن كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ جۇۋەيرىيەنى نىكاھىغا ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ، قوللىرىدىكى ئەسىرلەرنى: «بۇلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قۇدا ـ باجىلىرى بولۇپ قاپتۇ» دېيىشىپ، ئازاد قىلىۋەتتى. بىز ئۆز قەۋمىگە بۇ ئايالدەك مەنپەئەت يەتكۈزگەن بىرەر ئايالنى كۆرمىدۇق. مۇشۇ ئايالنىڭ سەۋەبىدىن بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىدىن ئەسىرگە چۈشكەن يۈز ئائىلە ئازاد قىلىۋېتىلدى.[1]

## 69 ـ باب

[1] ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

# زىـقـەرەد غـازىـتـى

547. عن سلمة بن الأكوع رضي الله عنه قال: خرجت من المدينة ذاهبا نحو الغابة، حتى إذا كنت بثنية الغابة، لقيني غلام لعبد الرحمن بن عوف، قلت: ويحك ما بك؟ قال: أخذت لقاح النبي ﷺ قلت: من أخذها؟ قال: غطفان، وفزارة فصرخت ثلاث صرخات أسمعت ما بين لابتيها: يا صباحاه يا صباحاه، ثم اندفعت حتى ألقاهم، وقد أخذوها، فجعلت أرميهم، وأقول:

أنا ابن الأكوع،

واليوم يوم الرضع.

فاستنقذتها منهم قبل أن يشربوا، فأقبلت بها أسوقها، فلقيني النبي ﷺ فقلت: يا رسول الله إن القوم عطاش، وإني أعجلتهم أن يشربوا سقيهم، فابعث في إثرهم، فقال: «يا ابن الأكوع: ملكت، فأسجح إن القوم يقرون في قومهم».

547. سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن (تاڭ سەھەردە) مەدىنىدىن يۇلغۇنلۇققا قاراپ يولغا چىقتىم. يۇلغۇن داۋىنىغا كەلگەندە ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ خىزمەتچىسى ئۇچراپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا:

ــ ھالىڭ خارابقۇ، ساڭا نېمە بولدى؟ ــ دېسەم، ئۇ:

ــ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سېغىن تۆگىلىرى بۇلاپ كېتىلدى، ــ دېدى. مەن:

ــ كىم بۇلاپ كەتتى؟ ــ دېسەم، ئۇ:

ــ غەتەفان ۋە فەزارە قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن مەدىنە خەلقى ئاڭلىغۇدەك قىلىپ يۇقىرى ئاۋازدا ئۈچ قېتىم:

ــ دۈشمەن ھۇجۇم قىلدى! ــ دەپ توۋلاپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ناھايىتى تېز سۈرئەتتە قوغلىدىم. ئۇلار تۆگىلەرنى راستىنلا بۇلاپ كەتكەن بولۇپ، سۇ ئىچىش ئۈچۈن بىر يەردە توختىغانىكەن. مەن يېتىشىپ بېرىپ:

مەنكى ئەكۋەئ ئوغلىمەن،

دىن ئىسلامنىڭ قالقىنى.

بۈگۈن دۈشمەن تېتىيدۇ،

ھالاكەتنىڭ تەمىنى

دېگىنىمچە، ئۇلارغا ئوق ئېتىپ، سۇ ئىچىشكىمۇ پۇرسەت بەرمەي تۆگىلەرنى ئۇلاردىن قايتۇرۇۋالدىم ـ دە، تۆگىلەرنى ھەيدەپ ئارقىمغا قايتتىم. يولدا ماڭا

پەيغەمبەر ﷺ ئۇچرىغان ئىدى، مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! دۈشمەن ئۇسسۇز، مەن ئۇلارنىڭ سۇ ئىچىشىگە پۇرسەت بەرمەي قوغلىۋەتتىم، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا ئادەم ئەۋەتكىن، — دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئى ئىبنى ئەكۋەئ! ھېلىمۇ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدىڭ، بولدى قىل، ئۇلار ئاللىبۇرۇن مەھەللىسىگە بېرىپ بولدى، شۇ تاپتا ئۇلار مېھمان بولۇۋاتىدۇ، — دېدى.[1]

548. وعن سلمة بن الأكوع رضي الله عنه قال: بعث رسول الله ﷺ بظهره مع رباح غلام رسول الله ﷺ، وأنا معه، وخرجت معه بفرس طلحة أنديه مع الظهر، فلما أصبحنا إذا عبد الرحمن الفزاري قد أغار على ظهر رسول الله ﷺ، فاستاقه أجمع، وقتل راعيه، قال: فقلت يا رباح، خذ هذا الفرس فأبلغه طلحة بن عبيد الله وأخبر رسول الله ﷺ أن المشركين قد أغاروا على سرحه. قال: ثم قمت على أكمة، فاستقبلت المدينة فناديت ثلاثا يا صباحاه!

ثم خرجت في آثار القوم أرميهم بالنبل وأرتجز أقول:

أنا ابن الأكوع،

واليوم يوم الرضع.

فألحق رجلا منهم فأصك سهما في رحله حتى خلص نصل السهم إلى كتفه، قال: قلت خذها، وأنا ابن الأكوع واليوم يوم الرضع، قال: فوالله ما زلت أرميهم وأعقر بهم، فإذا رجع إلى فارس أتيت شجرة، فجلست في أصلها، ثم رميته فعقرت به، حتى إذا تضايق الجبل، فدخلوا في تضايقه، علوت الجبل فجعلت أرديهم بالحجارة، قال: فما زلت كذلك أتبعهم حتى ما خلق الله من بعير من ظهر رسول الله ﷺ إلا خلفته وراء ظهري وخلوا بيني وبينه، ثم اتبعتهم أرميهم حتى ألقوا أكثر من ثلاثين بردة، وثلاثين رمحا، يستخفون ولا يطرحون شيئا إلا جعلت عليه آراما من الحجارة يعرفها رسول الله ﷺ وأصحابه، حتى أتوا متضايقا من ثنية، فإذا هم قد أتاهم فلان بن بدر الفزاري، فجلسوا يتضحون - يعني يتغدون - وجلست على رأس قرن، قال الفزاري: ما هذا الذي أرى؟ قالوا: لقينا من هذا البرح والله ما فارقنا منذ غلس يرمينا حتى انتزع كل شيء في أيدينا. قال: فليقم إليه نفر منكم أربعة.

قال: فصعد إلى منهم أربعة في الجبل، قال: فلما أمكنوني من الكلام، قال: قلت هل تعرفوني؟ قالوا: لا، ومن أنت؟ قال: قلت أنا سلمة بن الأكوع، والذي كرم وجه محمد ﷺ، لا

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

أطلب رجلا منكم إلا أدركته، ولا يطلبني رجل منكم فيدركني، قال أحدهم: أنا أظن. قال: فرجعوا، فما برحت مكاني حتى رأيت فوارس رسول الله ﷺ يتخللون الشجر، قال: فإذا أولهم الأخرم الأسدي، على إثره أبو قتادة الأنصاري، وعلى إثره المقداد بن الأسود الكندي، قال: فأخذت بعنان الأخرم، قال: فولوا مدبرين، قلت: يا أخرم، احذرهم لا يقتطعوك حتى يلحق رسول الله ﷺ وأصحابه. قال: يا سلمة، إن كنت تؤمن بالله واليوم الآخر، وتعلم أن الجنة حق والنار حق، فلا تحل بيني وبين الشهادة. قال: فخليته، فالتقى هو وعبد الرحمن، قال: فعقر بعبد الرحمن فرسه وطعنه عبد الرحمن فقتله وتحول على فرسه ولحق أبو قتادة فارس رسول الله ﷺ بعبد الرحمن، فطعنه فقتله، فوالذي كرم وجه محمد ﷺ، لتبعتهم أعدو على رجلى حتى ما أرى ورائي من أصحاب محمد ﷺ، ولا غبارهم شيئا حتى يعدلوا قبل غروب الشمس إلى شعب فيه ماء يقال له: ذو قرد ليشربوا منه وهم عطاش، قال: فنظروا إلى أعدو وراءهم، فحليتهم عنه - يعني أجليتهم عنه - فما ذاقوا منه قطرة، قال: ويخرجون فيشتدون في ثنية، قال: فأعدو فألحق رجلا منهم فأصكه بسهم في نغض كتفه. قال: قلت خذها، وأنا ابن الأكوع واليوم يوم الرضع. قال: يا ثكلته أمه، أكوعه بكرة؟ قال: قلت نعم يا عدو نفسه، أكوعك بكرة، قال: وأردوا فرسين على ثنية، قال: فجئت بهما أسوقهما إلى رسول الله ﷺ، قال: ولحقني عامر بسطيحة فيها مذقة من لبن، وسطيحة فيها ماء، فتوضأت وشربت، ثم أتيت رسول الله ﷺ وهو على الماء الذي حليتهم عنه، فإذا رسول الله ﷺ قد أخذ تلك الإبل وكل شىء استنقذته من المشركين، وكل رمح وبردة، وإذا بلال نحر ناقة من الإبل الذي استنقذت من القوم، وإذا هو يشوي لرسول الله ﷺ من كبدها وسنامها، قال: قلت يا رسول الله، خلني فأنتخب من القوم مائة رجل فأتبع القوم، فلا يبقى منهم مخبر إلا قتلته، قال: فضحك رسول الله ﷺ حتى بدت نواجذه في ضوء النار، فقال: «يا سلمة أتراك كنت فاعلا». قلت: نعم، والذي أكرمك. فقال: «إنهم الآن ليقرون في أرض غطفان». قال: فجاء رجل من غطفان، فقال: نحر لهم فلان جزورا فلما كشفوا جلدها رأوا غبارا، فقالوا: أتاكم القوم فخرجوا هاربين. فلما أصبحنا قال رسول الله ﷺ: «كان خير فرساننا اليوم أبو قتادة وخير رجالتنا سلمة».

548. سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ تۆگىلىرىنى خىزمەتچىسى رەباھتىن يايلاققا ئەۋەتتى. شۇ چاغدا مەنمۇ رەباھ بىلەن بىللە بولۇپ، تەلھەنىڭ ئىپتىنى تۆگە بىلەن بىللە ئوتلىتىشقا ئېلىپ چىققان ئىدىم. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئابدۇراھمان فەزارى باستۇرۇپ كېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پادىچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، تۆگىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ

ھەيدەپ كەتتى. مەن رەباھقا:

— ئى رەباھ! بۇ ئاتنى ئېلىپ تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھقا يەتكۈزۈپ بەر ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە ئەھۋاللارنى خەۋەر قىلغىن، — دېدىم. ئاندىن بىر دۆڭگە چىقىپ مەدىنىگە قاراپ:

— دۈشمەن ھۇجۇم قىلدى! — دەپ ئۈچ قېتىم توۋلىدىم ۋە:

مەنكى ئەكۋەئ ئوغلىمەن،

دىن ئىسلامنىڭ قالقىنى.

بۈگۈن دۈشمەن تېتىيدۇ،

ھالاكەتنىڭ تەمىنى.

دەپ بېيىت ئوقۇغاچ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىز قوغلاپ ماڭدىم. ئۇلاردىن بىرىگە يېتىشىۋېلىپ ئوق ئاتقانىدىم، ئوق ئۇنىڭ تارغىقىغا تەگدى. مەن:

— ئالە مانا! مەن ئەكۋەئنىڭ ئوغلىمەن، بۈگۈن سەن پەسكەشلەرنىڭ ھالاكەت كۈنىدۇر، — دېدىم.

اللە بىلەن قەسەمكى، ئۇلارغا توختىماي ئوق ئېتىپ، ئاتلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەردىم. ناۋادا ئاتلىق بىرەرسى ئارقىغا بۇرۇلۇپ ماڭا ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، دەرھال دەرەخنى دالدا قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئوق ئېتىپ ئېتىنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم. ئاندىن تاغ يولى تارىيىپ چىغىر يوللارغا كىرگەندە تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇلارغا تاش دومىلاتتىم. ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈردۈم. ئۇلار ئاخىرى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تۆگىلىرىنى تاشلاپ قاچقىلى تۇردى، مەنمۇ تۆگىلەرنى ئارقامدا قالدۇرۇپ، داۋاملىق ئوق ئاتقان ھالدا ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ مېڭىۋەردىم. ئۇلار يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئوتتۇز قۇرغا يېقىن كىيىم-كېچەك ۋە ئوتتۇز تالغا يېقىن نەيزىلىرىنى تاشلاپ ماڭدى. ئۇلار تاشلاپ ماڭغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە پەيغەمبەر ﷺ ۋە ساھابىلەرنىڭ بىلىۋېلىشى ئۈچۈن تاش بىلەن بەلگە قويۇپ ماڭدىم. ھەتتا ئۇلار بىر چاغدا تاغ قاپتىلىغا كېلىپ قالدى، ئۇلارنىڭ قېشىغا بەدر فەزارىنىڭ ئوغلىمۇ كەلدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق يېگەچ پاراڭلىشىشقا باشلىدى. مەنمۇ بىر تۆپىلىككە چىقىپ ئولتۇردۇم. فەزارى ئۇلاردىن:

— سىلەرگە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىۋېدى، ئۇلار:

— بۇ ئادەم بېشىمىزغا بالا بولدى. تاڭ يورىغاندىن باشلاپ بىزدىن نېرى كەتمەي ئۇوق ئېتىپ قوغلاۋاتىدۇ، قولىمىزدىكى ھەممە نەرسىنى ئېلىۋالدى، — دېيىشتى. فەزارى:

— تۆت كىشى تۆپىلىككە چىقىپ ئۇنىڭغا بىر نېمە دېسۇن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلاردىن تۆت كىشى مەن بار تۆپىلىككە ياماشقىلى تۇردى. ئۇلار يېقىنلاپ گېپىمنى ئاڭلىغۇدەك يەرگە كەلگەندە، مەن:

— مېنى تونۇمسىلەر؟ — دەپ سورىدىم، ئۇلار:

— ياق، كىمسەن؟ — دېيىشتى، مەن:

— سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ بولىمەن. مۇھەممەد ﷺ نىڭ يۈزىنى ھۆرمەتلىك قىلغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قايسىڭلارنى قوغلىسام ئۇ ھەرگىزمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ئەمما مېنى تۇتماقچى بولساڭلار ھېچقايسىڭلار يېتىشەلمەيسىلەر، — دېدىم، ئۇلاردىن بىرى:

— ھەقىقەتەن شۇنداقكەن، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قايتىپ چۈشۈپ كەتتى. مەن جايىمدا مىدىرلىماي تۇردۇم. شۇ ئارىدا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ دەرەخزارلىقنىڭ ئارىسىدا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. ئەڭ باشتا ئەخرەم ئەسەدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەبۇ قەتادە ئەنسارى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مىقداد ئىبنى ئەسۋەد كىندى كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر قېچىپ كېتىشتى. مەن ئەخرەمنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئى ئەخرەم! دىققەت قىل، پەيغەمبەر ﷺ ۋە ساھابىلەر يېتىپ كەلگۈچە ئۇلار سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قالمىسۇن، — دېسەم، ئۇ:

— ئى سەلەمە! سەن اللە قا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرسەڭ، جەننەت ۋە دوزاخنى ھەق دەپ بىلسەڭ، مېنى شەھىد بولۇشتىن توسمىغىن! — دېدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم. ئۇ بېرىپ ئابدۇراھمان بىلەن ئېلىشىپ ئېتىنى ئۆلتۈردى لېكىن ئابدۇراھمان ئۇنىڭغا نەيزە سانجىپ شەھىد قىلىۋەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئېتىغا مىنىپ قاچماقچى بولغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چەۋەندازى ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ نەيزە

بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى.

مۇھەممەد ﷺ نىڭ يۈزىنى ھۆرمەتلىك قىلغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن پىيادە يۈگۈردۈم. (مەن بەك ئىلگىرىلەپ كەتكەن بولغاچقا) ئارقامدىن كېلىۋاتقان ساھابىلەرنىڭ بىرىنىمۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئايىغىدىن چىققان چاڭ-توزاننىمۇ كۆرمىدىم. كۈن ئولتۇراي دەپ قالغان ۋاقىتتا، دۈشمەن زىقەرەد دەپ ئاتىلىدىغان سۇلۇق جىلغىغا يېتىپ باردى ۋە قاتتىق چاڭقاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سۇ ئىچمەكچى بولۇشقاندى لېكىن مېنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ بىر تامچىمۇ سۇ ئىچمەلمەي يەنە قاچتى ۋە ئېگىز بىر تۆپىلىككە قاراپ يامىشىشقا باشلىدى. مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ بىرسىگە يېتىشىۋېلىپ مۈرىسىنى چەنلەپ تۇرۇپ ئوق ئاتتىم ۋە:

— ئاله مانا! مەن ئەكۋەئنىڭ ئوغلىمەن، بۈگۈن سەن پەسكەشلەرنىڭ ھالاكەت كۈنىدۇر، — دېدىم، ئۇ:

— ۋۈي ئانىسى ئۆلگۈر، يەنە شۇ ئەتىگەنكى ئەكۋەئمۇسەن؟ — دېگەنىدى، مەن:

— شۇنداق، ئى ئۆز جېنىڭنىڭ دۈشمىنى! ئەتىگەنكى ئەكۋەئىڭمەن، — دېدىم.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تاغ يولىدا ئىككى تۇياق ئاتنى تاشلاپ قاچتى. مەن ئۇ ئىككى تۇياق ئاتنى ئېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا قاراپ قايتىپ ماڭدىم. شۇ ئارىدا، تاغام ئامىر ماڭا يېتىشىپ كەلدى. ئۇ بىر تۇلۇمدا سۈت، يەنە بىر تۇلۇمدا سۇ ئەكەلگەن ئىكەن. سۈتنى ئىچىپ، سۇدا تاھارەت ئالدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ﷺ زىقەرەدتىكى سۇلۇق جىلغىدا تۇرۇۋاتقانىكەن؛ قارىسام، مەن مۇشرىكلاردىن تارتىۋالغان تۆگە، نەيزە ۋە كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ كەپتۇ. بىلال مەن قايتۇرۇۋالغان تۆگىدىن بىرنى بوغۇزلاپ، ئۇنىڭ جىگىرى بىلەن لوكىسىنى پەيغەمبەر ﷺ گە كاۋاپ قىلىپ پۇشۇرۇپ بىرىۋېتىپتۇ. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئىجازەت بەرگىن، ساھابىلەردىن يۈز ئادەمنى تاللاپ، ئۇلارنى قوغلاپ بېرىپ بىرىنىمۇ قويماي قىرىپ تۈگىتىۋېتەي، —

دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ كۈلۈپ كەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ چىشلىرى ئوت يورۇقىدا كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئۇ:

— ئى سەلەمە! راستىنلا شۇنداق قىلامتىڭ؟ — دېگەنىدى، مەن:

— ھەئە، سېنى ئىززەت-ھۆرمەتلىك قىلغان زات بىلەن قەسەمكى، راستىنلا شۇنداق قىلىمەن، — دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇلار ھازىر غەتفان زېمىنىدا مېھمان قىلىنىۋاتىدۇ، — دېدى.

شۇ ئارىدا، غەتفان تەرەپتىن بىر ئادەم كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بىرەيلەن ئۇلار ئۈچۈن تۆگە بوغۇزلاپ، تېرىسىنى چىقىرىۋاتقان ۋاقىتتا يىراقتىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزاننى كۆرۈپ: «ھوي! مەدىنىلىكلەر ئارقىمىزدىن قوغلاپ كەپتۇ» دېيىشىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە پەيغەمبەر ﷺ:

— بۈگۈنكى چەۋەندازلىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەبۇ قەتادە، پىيادىلىك ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى سەلەمەدۇر، — دېدى.[①]

## 70 - باب

## خەيبەر غازىتى

**549. عن سلمة بن الأكوع رضي الله عنه قال: خرجنا مع النبي ﷺ إلى خيبر، فسرنا ليلا، فقال رجل من القوم لعامر: يا عامر ألا تسمعنا من هنيهاتك؟ وكان عامر رجلا شاعرا، فنزل يحدو بالقوم يقول:**

اللهم لولا أنت ما اهتدينا،
ولا تصدقنا ولا صلينا.

فاغفر فداء لك ما أبقينا،
وثبت الأقدام إن لاقينا.

وألقين سكينة علينا،
إنا إذا صيح بنا أبينا.

① مۇسلىم توپلىغان.

وبالصياح عولوا علينا، فقال رسول الله ﷺ: «من هذا السائق؟»، قالوا: عامر بن الأكوع، قال: «يرحمه الله» قال رجل من القوم: وجبت يا نبي الله، لولا أمتعتنا به.

فأتينا خيبر فحاصرناهم حتى أصابتنا مخمصة شديدة، ثم إن الله تعالى فتحها عليهم، فلما أمسى الناس مساء اليوم الذي فتحت عليهم، أوقدوا نيرانا كثيرة، فقال النبي ﷺ: «ما هذه النيران على أي شيء توقدون؟» قالوا: على لحم، قال: «على أي لحم؟» قالوا: لحم حمر الإنسية، قال النبي ﷺ: «أهريقوها واكسروها»، فقال رجل: يا رسول الله، أو نهريقها ونغسلها؟ قال: «أو ذاك».

فلما تصاف القوم كان سيف عامر قصيرا، فتناول به ساق يهودي ليضربه، ويرجع ذباب سيفه، فأصاب عين ركبة عامر فمات منه، قال: فلما قفلوا قال سلمة: رآني رسول الله ﷺ وهو آخذ بيدي، قال: «ما لك» قلت له: فداك أبي وأمي، زعموا أن عامرا حبط عمله؟ قال النبي ﷺ: «كذب من قاله، إن له لأجرين - وجمع بين إصبعيه - إنه لجاهد مجاهد، قل عربي مشى بها مثله».

549. سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرلىكتە خەيبەرگە بارماقچى بولۇپ كېچىدە يولغا چىقتۇق. بىر ئادەم ئامىر ئىبنى ئەكۋەئكە:

— ھېلىقى شېئىرلىرىڭدىن بىزگە ئوقۇپ بەرمەمسەن؟! — دېدى. ئامىر شائىر ئىدى. ئۇ ئۇلىغىدىن چۈشۈپ، ئۇلىغىنى كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە ھەيدىگەچ:

رەببىمىز سەن بولمىساڭ تاپماس ئىدۇق ھىدايەت،
بىلمەس ئىدۇق نېمىدۇر زاكات، ناماز، ئىبادەت.

پىدا بولسۇن جېنىمىز، قىلغىن بىزگە مەغپىرەت،
ئىلىشقاندا ياۋ بىلەن نېسىپ ئەيلە جاسارەت.

ئاتا قىلغىن بىزلەرگە خاتىرجەملىك، سائادەت،
ياۋ گۇناھقا ئۈندىسە قىلمايمىز ھېچ ئىتائەت.

دەپ بېيىت ئوقۇدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ﷺ:

— تۆگىلەرنى ھەيدەپ ماڭغان ئاۋۇ كىشى كىم؟ — دەپ سورىغانىدى، ساھابىلەر:

— ئامىر ئىبنى ئەكۋەئ، — دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! ـــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاردىن بىرەيلەن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! سىنىڭ دۇئايىڭ (يەنى شەھىد بولۇش) ئۇنىڭغا نېسىپ بولدى. كاشكى، بىزنى ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل بىللە بولغىلى قويغان بولساڭ! ـــ دېدى.

شۇنداق قىلىپ، بىز خەيبەرگە يېتىپ باردۇق ۋە ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئالدۇق. (شۇ كۈنلەردە) بىز قاتتىق ئاچارچىلىققا دۇچار بولدۇق. نىھايەت، الله بىزگە خەيبەرنى فەتىھ قىلىپ بەردى. خەيبەر فەتىھ بولغان كۈنى كەچتە نۇرغۇن يەرگە ئوت يېقىلدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ بۇ نېمە ئوت؟ نېمىگە ئوت يېقىۋاتىسىلەر؟ ـــ دەپ سورىغانىدى، ساھابىلەر:

ـــ گۆش پىشۇرۇشقا، ـــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ يەنە:

ـــ قايسى گۆشنى؟ ـــ دەپ سورىغانىدى، ساھابىلەر:

ـــ يەرلىك ئېشەكنىڭ گۆشىنى، ـــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ گۆشنى تۆكۈۋېتىپ، قازانلارنى چېقىۋېتىڭلار! ـــ دېدى. بىرەيلەن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! گۆشنى تۆكۈۋېتىپ، قازانلارنى يۇيۇۋەتسەك بولمامدۇ؟

ـــ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ يۇيۇۋەتسەڭلارمۇ مەيلى، ـــ دېدى.

(مۇسۇلمانلار بىلەن خەيبەر يەھۇدىيلىرى) ئىككى تەرەپ ئۇرۇش ئۇچۇن سەپ تارتقاندا، ئامىر ئىبنى ئەكۋەئ بىر يەھۇدىينىڭ پاچىقىنى چاپماقچى بولۇپ قىلىچ ئۇرغانىدى ئەمما ئۇنىڭ قىلىچى قىسقا بولغانلىقتىن قىلىچىنىڭ ئۇچى ئۆزىگە يېنىپ كېلىپ، تىزىنىڭ لېپىكىگە تېگىپ كەتتى ۋە شۇ جاراھەتتى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. خەيبەردىن قايتقان چاغدا، پەيغەمبەر ﷺ مېنىڭ سولغۇن ھالەتتە تۇرغىنىمنى كۆرۈپ مېنىڭ قولۇمنى سىقىپ تۇرۇپ:

ـــ ساڭا نېمە بولدى؟ ـــ دەپ سورىدى. مەن:

ـــ ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! كىشىلەر: «ئامىرنىڭ ئەملى بىكار بولۇپ كەتتى» دېيىشىۋاتىدۇ، ـــ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ ئۇنداق دېگەنلەر يالغان ئېيتىپتۇ، ـــ دېدى ۋە ئىككى بارمىقىنى جۈپلەپ تۇرۇپ:

ـــ ئۇنىڭغا ئىككى ئەجىر بار. ئۇ بىر تىرىشچان مۇجاھىد ئىدى. ئەرەبلەر ئىچىدە ئۇنىڭدەك كىشى ئاز تېپىلىدۇ، ـــ دېدى.[①]

550. وعن سلمة بن الأكوع رضي الله عنه قال: فوالله، ما لبثنا إلا ثلاث ليال حتى خرجنا إلى خيبر مع رسول الله ﷺ قال: فجعل عمي عامر يرتجز بالقوم:

تالله لولا الله ما اهتدينا،

ولا تصدقنا ولا صلينا.

ونحن عن فضلك ما استغنينا،

فثبت الأقدام إن لاقينا،

وأنزلن سكينة علينا.

فقال رسول الله ﷺ: «من هذا؟» قال: أنا عامر، قال: «غفر لك ربك»، قال: وما استغفر رسول الله ﷺ لإنسان يخصه إلا استشهد، قال: فنادى عمر بن الخطاب وهو على جمل له: يا نبي الله، لولا ما متعتنا بعامر، قال: فلما قدمنا خيبر، قال: خرج ملكهم مرحب يخطر بسيفه، ويقول:

قد علمت خيبر أني مرحب،

شاكي السلاح بطل مجرب،

إذا الحروب أقبلت تلهب.

قال: وبرز له عمي عامر، فقال:

قد علمت خيبر أني عامر،

شاكي السلاح بطل مغامر.

قال: فاختلفا ضربتين، فوقع سيف مرحب في ترس عامر، وذهب عامر يسفل له، فرجع سيفه على نفسه، فقطع أكحله، فكانت فيها نفسه، قال سلمة: فخرجت، فإذا نفر من أصحاب النبي ﷺ يقولون: بطل عمل عامر، قتل نفسه، قال: فأتيت النبي ﷺ وأنا أبكي، فقلت: يا رسول الله، بطل عمل عامر؟ قال رسول الله ﷺ: «من قال ذلك؟» قال: قلت: ناس من أصحابك، قال: «كذب من قال ذلك، بل له أجره مرتين»، ثم أرسلني إلى علي وهو أرمد، فقال: «لأعطين

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

الراية رجلا يحب الله ورسوله» - أو «يحبه الله ورسوله» -، قال: فأتيت عليا، فجئت به أقوده وهو أرمد، حتى أتيت به رسول الله ﷺ فبسق في عينيه فبرأ وأعطاه الراية، وخرج مرحب، فقال:

قد علمت خيبر أني مرحب،
شاكي السلاح بطل مجرب،
إذا الحروب أقبلت تلهب.

فقال علي:

أنا الذي سمتني أمي حيدره،
كليث غابات كريه المنظره،
أوفيهم بالصاع كيل السندره.

قال: فضرب رأس مرحب فقتله، ثم كان الفتح على يديه.

550. سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز (زىقەرەد غازىتىدىن قايتىپ كېلىپ) مەدىنىدە ئۈچ كۈنلا تۇرغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ﷺ بىلەن خەيبەرگە چىقتۇق. تاغام ئامىر قوشۇنىنىڭ ئالدىدا مۇنداق دەپ بېيىت ئوقۇدى:

رەببىمىز سەن بولمىساڭ تاپماس ئىدۇق ھىدايەت،
بىلمەس ئىدۇق نېمىدۇر زاكات، ناماز، ئىبادەت.

بىز ئەمەسمىز ئى اللہ ! رەھمىتىڭدىن بىھاجەت،
ئېلىشقاندا ياۋ بىلەن ئاتا قىلغىن جاسارەت
ھەمدە نېسىپ ئەيلىگىن خاتىرجەملىك، سائادەت،

بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ﷺ:

— بۇ كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىۋېدى، تاغام:

— مەن ئامىر، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— اللہ گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلسۇن! — دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ اللہ تىن بىرەر كىشىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلىسە، شۇ كىشى چوقۇم شەھىد بولاتتى شۇڭا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! كاشكى، بىزنى ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل بىللە

بولغىلى قويغان بولساڭ! ــ دېدى.

خەيبەرگە يېتىپ كەلگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ باشلىقى مەرھەب شەمشىرىنى پۇلاڭلىتىپ چىقىپ مۇنداق دېدى:

خەيبەر ئارا نامىم مەشھۇر پەھلىۋانمەن،
ئىسمىم مەرھەب، ئۆزۈم خەيبەر شاھىدۇرمەن.
قايسى پالۋان ئالسا مەيدان پەرۋايىم يوق،
قىلىچىمنى ئوينىتىپ يەر چىشلىتۇرمەن.

تاغام ئامىر دەرھال ئۇنىڭغا قارشى مەيدانغا چىقىپ مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:

قۇلىقىڭنى دىڭ تۇت ئاڭلا نامىمدۇر ئامىر،
ھەممە بىلۇر خەيبەرلىكمەن، قورقماس، باھادىر.
ئەركەك بولساڭ كەلگىن قېنى ۋۇ تۇزكور ھايۋان،
ئۆلتۈرەرمەن يا شەھىدمەن ــ شەرەپلىك ئاخىر.

ئۇلار قاتتىق تۇتۇشۇپ، ئىككى مەيدان ئېلىشقاندىن كېيىن، مەرھەبنىڭ قىلىچى ئامىرنىڭ قالقىنىغا تەگدى. ئامىر ئۇنىڭغا ئاستىدىن ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋېدى، قىلىچى سىيرىلىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ جان تومۇرى كېسىلىپ كەتتى ۋە شۇ يارىسى بىلەن جان ئۈزدى.

كېيىن مەن سىرتقا چىقسام، ساھابىلەردىن بىر نەچچەيلەن:

ــ ئامىرنىڭ ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، ــ دېيىشىۋاتقان ئىكەن، بۇنى ئاڭلاپ يىغلىغان پېتى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئامىرنىڭ ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتتىمۇ؟ ــ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ كىم شۇنداق دەيدۇ؟ ــ دېدى، مەن:

ــ ساھابىلىرىڭدىن بىر نەچچەيلەن، ــ دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ كىم شۇنداق دېگەن بولسا يالغان سۆزلەپتۇ. ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ، ــ دېدى. ئاندىن مېنى ئەلىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالغانىدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ مەن بۇ بايراقنى الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدىغان، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە بېرىمەن ، ــ دېگەنىدى. مەن ئەلىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدىم. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگە مۇبارەك تۈكۈرۈكىنى سۈرتۈپ قويغانىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى دەرھال ساقىيىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ تۇغنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى، مەرھەب مەيدانغا چىقىپ يەنە مۇنداق دېدى:

خەيبەر ئارا نامىم مەشھۇر پەھلىۋانمەن،
ئىسمىم مەرھەب، ئۆزۈم خەيبەر شاھىدۇرمەن.
قايسى پالۋان ئالسا مەيدان پەرۋايىم يوق،
قىلىچىمنى ئوينىتىپ يەر چىشلىتۇرمەن.

ئەلىمۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ:

ئانام مېنى ئاتاپتۇ نامىمنى ھەيدەر[1]،
ياۋ مەن بىلەن ئېلىشسا يولۋاس ئىكەن دەر.
گەر دۈشمەنگە ئۇچراشسام قىلماسمەن شەپقەت،
ئىت جېنىڭغا بىر قىلىچ... ئاللاھۇ ئەكبەر!

دېگىنىچە بىر قىلىچ ئۇرۇۋېلا مەرھەبنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. شۇنداق قىلىپ، خەيبەر ئۇنىڭ قولىدا فەتھ بولدى.[2]

**551. عن أنس رضي الله عنه، أن النبي ﷺ خرج إلى خيبر، فجاءها ليلا، وكان إذا جاء قوما بليل لا يغير عليهم حتى يصبح، فلما أصبح خرجت يهود بمساحيهم ومكاتلهم، فلما رأوه قالوا: محمد والله، محمد والخميس، فقال النبي ﷺ: «الله أكبر، خربت خيبر إنا إذا نزلنا بساحة قوم، فساء صباح المنذرين».**

551. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ خەيبەرگە قاراپ يۈرۈش قىلىپ كېچىدە يېتىپ باردى. ئۇ بىرەر يۇرتقا يېتىپ بارسا تاڭ ئاتمىغۇچە ھۇجۇم قىلمايتتى. تاڭ ئاتقاندا، تېرىقچىلىق سايمانلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ (سېپىل سىرتىدىكى) ئېكىنزارلىقىغا چىقىپ كېتىۋاتقان خەيبەر يەھۇدىيلىرى بىزنى كۆرۈپ: «مۇھەممەد كەپتۇ! مۇھەممەد

[1] ھەيدەر ــ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «شىر» دېگەن مەنىدە.
[2] مۇسلىم توپلىغان.

قوشۇن باشلاپ كەپتۇ!» دەپ ۋارقىراشقا (ۋە كەينىگە قاراپ قېچىشقا) باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ: «ئاللاھۇ ئەكبەر! خەيبەر ھالاك بولدى. بىز قانداق بىر دۈشمەننىڭ تەۋەلىكىگە كىرىدىكەنمىز، ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەنلەرنىڭ ئەھۋالى يامان بولىدۇ» دېدى.[1]

**552. عن سهل بن سعد رضي الله عنه، أن رسول الله ﷺ قال يوم خيبر: «لأعطين هذه الراية غدا رجلا يفتح الله على يديه، يحب الله ورسوله ويحبه الله ورسوله»، قال: فبات الناس يدوكون ليلتهم أيهم يعطاها، فلما أصبح الناس غدوا على رسول الله ﷺ كلهم يرجو أن يعطاها، فقال: «أين علي بن أبي طالب». فقيل: هو يا رسول الله يشتكي عينيه، قال: «فأرسلوا إليه». فأتي به فبصق رسول الله ﷺ في عينيه ودعا له، فبرأ حتى كأن لم يكن به وجع، فأعطاه الراية، فقال علي: يا رسول الله، أقاتلهم حتى يكونوا مثلنا؟ فقال: «انفذ على رسلك حتى تنزل بساحتهم، ثم ادعهم إلى الإسلام، وأخبرهم بما يجب عليهم من حق الله فيه، فوالله لأن يهدي الله بك رجلا واحدا، خير لك من أن يكون لك حمر النعم».**

552. سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ خەيبەر غازىتى كۈنى: «ئەتە مەن بۇ بايراقنى الله ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق بىزگە غەلىبە بېرىدىغان؛ ئۇ، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدىغان، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە بېرىمەن» دېدى. ساھابىلەر شۇ كېچىنى «ئۇ بايراقنى قايسىمىزغا بېرىدىغاندۇ» دېگەن خىيال بىلەن ئۆتكۈزۈشتى. تاڭ ئاتقاندا، ساھابىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ بايراقنىڭ ئۆزلىرىگە بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. پەيغەمبەر ﷺ: «ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب قېنى؟» دېگەندى، ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىپ قاپتۇ» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنى چاقىرغىلى ئادەم ئەۋەتىڭلار» دېدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېلىپ كېلىنگەندە پەيغەمبەر ﷺ (مۇبارەك) تۈكۈرۈكىنى ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگە سۈرۈپ، دۇئا قىلغانىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزلىرى ھېچ ئاغرىپ باقمىغاندەك ساقىيىپ كەتتى. پەيغەمبەر ﷺ بايراقنى ئۇنىڭغا بەردى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! دۈشمەنلەر تاكى بىزگە ئوخشاش بولغانغا (يەنى ئىسلامغا كىرگەنگە) قەدەر ئۇرۇش

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلامدىم؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «سەن ئۇلارنىڭ زېمىنىغا بارغىچە تەمكىنلىك بىلەن ماڭغىن، ئاندىن ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرغىن ۋە ئۇلارغا الله ئىسلامدا پەرز قىلغان ئىشلارنى يەتكۈزگىن. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله نىڭ سەن سەۋەبلىك بىر كىشىنى ھىدايەت قىلىشى سەن ئۈچۈن قىزىل تۆگىدىنمۇ[1] ياخشىدۇر» دېدى.[2]

## 71 ـ باب

## زاتۇررىقائ غازىتى

**553. عن أبي موسى رضي الله عنه قال: خرجنا مع النبي ﷺ في غزوة ونحن ستة نفر، بيننا بعير نعتقبه، فنقبت أقدامنا، ونقبت قدماي، وسقطت أظفاري، وكنا نلف على أرجلنا الخرق، فسميت غزوة ذات الرقاع، لما كنا نعصب من الخرق على أرجلنا. وحدث أبو موسى بهذا ثم كره ذاك، قال: ما كنت أصنع بأن أذكره، كأنه كره أن يكون شيء من عمله أفشاه.**

553. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە غازاتقا چىقتۇق. ئالتە كىشى بىر تۆگىنى نۆۋەتلىشىپ مىنەتتۇق. پۇتلىرىمىز تېشىلىشكە باشلىدى. مېنىڭ ھەر ئىككى پۇتۇم تېشىلىپ، تىرناقلىرىم چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، پۇتلىرىمىزغا لاتىلارنى يۆگىۋالدۇق. شۇ سەۋەبتىن ئۇ غازات زاتۇررىقائ (لاتا ئورىۋۇالغۇچىلار) غازىتى دەپ ئاتالدى».

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇنى قايتا سۆزلەپ بېرىشنى ياقتۇرماي: «بۇندىن كېيىن (بۇنى ھېچكىمگە) سۆزلىمەيمەن» دېدى. ئۇ قىلغان ئەمىلىنى باشقىلارغا يېيىپ يۈرۈشنى ياقتۇرمىغاندەك قىلاتتى.[3]

**554. عن جابر رضي الله عنه قال: خرج النبي ﷺ إلى ذات الرقاع من نخل، فلقي جمعا من غطفان، فلم يكن قتال، وأخاف الناس بعضهم بعضا، فصلى النبي ﷺ ركعتي الخوف.**

---

[1] قىزىل تۆگە ــ ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مېلى بولۇپ، بۇ يەردە ئەڭ چوڭ ساۋاب كۆزدە تۇتۇلغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

554. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ (مەدىنىدىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتىكى) نەخلە دېگەن جايدىن زاتۇررىقائىغا چىقىپ، غەتەفان قوشۇنىغا ئۇچرىشىپ قالدى. گەرچە ئۇرۇش بولمىغان بولسىمۇ ھەر ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنى قورقۇتۇشتى. پەيغەمبەر ﷺ شۇ ۋاقىتتا ئىككى رەكئەت خەۋپ نامىزى ئوقۇدى».[1]

## 72 ـ باب

## مۇئتە غازىتى

**555. عن عبد الله بن عمر رضي الله عنهما قال: أمر رسول الله ﷺ في غزوة مؤتة زيد بن حارثة، فقال رسول الله ﷺ: «إن قتل زيد فجعفر، وإن قتل جعفر فعبد الله بن رواحة» قال عبد الله: كنت فيهم في تلك الغزوة، فالتمسنا جعفر بن أبي طالب، فوجدناه في القتلى، ووجدنا ما في جسده بضعا وتسعين، من طعنة ورمية.**

555. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مۇئتە غازىتىغا زەيد ئىبنى ھارىسەنى قوماندان قىلىپ: «ئەگەر زەيد ئۆلتۈرۈلسە، جەئفەر قوماندان بولسۇن؛ جەئفەر ئۆلتۈرۈلسە، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە قوماندان بولسۇن» دېدى. مەنمۇ شۇ غازاتقا قاتناشقان ئىدىم. بىز جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىبنى ئىزدەپ، ئۆلۈكلەرنىڭ ئىچىدىن تاپتۇق. قارىغۇدەك بولساق، ئۇنىڭ 90 نەچچە يېرىگە نەيزە ۋە ئوقيا تەگكەن ئىكەن.[2]

**556. عن أنس رضي الله عنه، أن النبي ﷺ نعى زيدا، وجعفرا، وابن رواحة للناس قبل أن يأتيهم خبرهم، فقال: «أخذ الراية زيد فأصيب، ثم أخذ جعفر فأصيب، ثم أخذ ابن رواحة فأصيب» وعيناه تذرفان: «حتى أخذ الراية سيف من سيوف الله، حتى فتح الله عليهم».**

556. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ زەيد، جەئفەر ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە قاتارلىقلارنىڭ (شەھىدلىك) خەۋىرى كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ: «تۇغنى زەيد ئېلىپ شەھىد بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن جەئفەر ئېلىپ شەھىد بولدى. ئاندىن ئىبنى رەۋاھە

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

ئېلىپ ئۇمۇ شەھىد بولدى» دېدى-دە، ئىككى كۆزىدىن تارامالاپ ياش تۆكۈلدى. (ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:) «تۇغنى ئاخىرى الله نىڭ قىلىچلىرىدىن بىرى (خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى دېمەكچى) ئالدى-دە، الله تائالا ئۇلارغا غەلىبە-نۇسرەت ئاتا قىلدى» دېدى.[1]

557. عن قيس بن أبي حازم قال: سمعت خالد بن الوليد رضي الله عنه يقول: لقد انقطعت في يدي يوم مؤتة تسعة أسياف فما بقي في يدي إلا صفيحة يمانية.

557. قەيس ئىبنى ئەبۇ ھازىم مۇنداق دەيدۇ: مەن خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مۇئتە غازىتى كۈنى مېنىڭ قولۇمدا توققۇز دانە قىلىچ سۇنۇپ، ئاخىرىدا پەقەت يەمەندە سوقۇلغان بىر دانە قىلىچ قالغان».[2]

## 73- باب

## مەككە فەتھىسى غازىتى

558. عن علي رضي الله عنه قال: بعثني رسول الله ﷺ أنا والزبير، والمقداد، فقال: «انطلقوا حتى تأتوا روضة خاخ، فإن بها ظعينة معها كتاب، فخذوا منها» قال: فانطلقنا تعادى بنا خيلنا حتى أتينا الروضة، فإذا نحن بالظعينة، قلنا لها: أخرجي الكتاب، قالت: ما معي كتاب، فقلنا: لتخرجن الكتاب، أو لنلقين الثياب، قال: فأخرجته من عقاصها، فأتينا به رسول الله ﷺ، فإذا فيه: من حاطب بن أبي بلتعة، إلى ناس بمكة من المشركين، يخبرهم ببعض أمر رسول الله ﷺ. فقال رسول الله ﷺ: «يا حاطب، ما هذا؟» قال: يا رسول الله، لا تعجل علي، إني كنت امرأ ملصقا في قريش، يقول: كنت حليفا، ولم أكن من أنفسها، وكان من معك من المهاجرين من لهم قرابات يحمون أهليهم وأموالهم، فأحببت إذ فاتني ذلك من النسب فيهم، أن أتخذ عندهم يدا يحمون قرابتي، ولم أفعله ارتدادا عن ديني، ولا رضا بالكفر بعد الإسلام، فقال رسول الله ﷺ: «أما إنه قد صدقكم»، فقال عمر: يا رسول الله، دعني أضرب عنق هذا المنافق، فقال: «إنه قد شهد بدرا، وما يدريك لعل الله اطلع على من شهد بدرا فقال: اعملوا ما شئتم فقد غفرت لكم». فأنزل الله السورة: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا عَدُوِّي

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

وَعَدُوَّكُمْ أَوْلِيَاءَ تُلْقُونَ إِلَيْهِمْ بِالْمَوَدَّةِ وَقَدْ كَفَرُوا بِمَا جَاءَكُمْ مِنَ الْحَقِّ يُخْرِجُونَ الرَّسُولَ وَإِيَّاكُمْ أَنْ تُؤْمِنُوا بِاللَّهِ رَبِّكُمْ إِنْ كُنْتُمْ خَرَجْتُمْ جِهَادًا فِي سَبِيلِي وَابْتِغَاءَ مَرْضَاتِي تُسِرُّونَ إِلَيْهِمْ بِالْمَوَدَّةِ وَأَنَا أَعْلَمُ بِمَا أَخْفَيْتُمْ وَمَا أَعْلَنْتُمْ وَمَنْ يَفْعَلْهُ مِنْكُمْ فَقَدْ ضَلَّ سَوَاءَ السَّبِيلِ﴾ [الممتحنة: 1].

558. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ زۇبەير ۋە مىقداد ئۈچىمىزنى بىر يەرگە يولغا سېلىپ:

— سىلەر دەرھال يولغا چىقىپ رەۋزەتۇخاخ دېگەن جايغا بارغاندا، كاجۋىغا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان بىر ئايالنى ئۇچرىتىسىلەر. ئۇ ئايالدا بىر پارچە خەت بار، شۇ خەتنى ئېلىپ كېلىڭلار! — دېدى. بىز ئاتلىرىمىزنى چاپتۇرغىنىمىزچە ئۇ جايغا يېتىپ باردۇق. قارىساق، بىر ئايال ھەقىقەتەن كاجۋىغا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقانىكەن. بىز ئۇنىڭغا:

— خەتنى چىقار! — دېدۇق. ئۇ ئايال:

— مەندە خەت يوق، — دەپ تۇرۇۋالدى. بىز:

— خەتنى چىقار! بولمىسا كىيىملىرىڭنى سالدۇرۇپ ئاختۇرىمىز، — دېگەنىدۇق، ئۇ ئايال ئۆرۈمە چېچىنىڭ ئارىسىدىن خەتنى چىقىرىپ بەردى. خەتنى ئېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدۇق. ئۇ خەتنى ھاتىب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئە يازغان بولۇپ، ھاتىب پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بەزى مەخپىيەتلىكلىرىنى مەلۇم قىلىپ مەككە مۇشرىكلىرىغا يوللىغانىكەن. پەيغەمبەر ﷺ (خەتنى ئوقۇتقاندىن كېيىن) ھاتىبتىن:

— ئى ھاتىب! بۇ نېمە؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! (ئىشنىڭ جەريانىنى چۈشەندۈرەي،) ئالدىرىمىغىن. مەن ئەسلى قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئەمەس، سىرتتىن كېلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا يەرلەشكەن بىر ئادەممەن. مەندىن باشقا مۇھاجىرلارنىڭ مەككىدە تۇغقانلىرى بار. ئۇ مۇھاجىرلار تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ئارقىلىق مەككىدىكى ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە مال-ۋارانلىرىنى قوغدايدۇ. مېنىڭ قۇرەيشلەر ئىچىدىن تۇغقىنىم بولمىغاچقا، قۇرەيشلەرگە بىرەر ئىش قىلىپ بەرسەم، شۇ ئىشىمنىڭ يۈز-خاتىرىسىنى قىلىپ بولسىمۇ مېنىڭ تۇغقانلىرىمنى قوغداپ قالارمىكىن دەپ مۇشۇنداق قىلدىم. مەن يا دىنىدىن يېنىپ، ياكى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن كۇفۇرلۇققا رازى بولۇپ ئۇنداق

قىلغىنىم يوق، ـــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ بۇنى ئاڭلاپ:

ـــ ئۇ سىلەرگە راست ئېيتتى، ـــ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا رۇخسەت قىلغىن، بۇ مۇناپىقنىڭ كاللىسىنى ئالاي! ـــ دېگەندى، پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ ئۇ بەدر غازىتىغا قاتناشقان، سەن نېمە بىلىسەن، الله بەلكىم بەدر غازىتىغا قاتناشقانلارنىڭ دىللىرىدىكىنى بىلگەچكە ئۇلارغا: «خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، مەن سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىۋەتتىم» دەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ـــ دېدى. شۇ چاغدا الله تائالا: «ئى مۇئمىنلەر! مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلار سىلەرگە كەلگەن ھەقىقەتنى (يەنى ئىسلامنى، قۇرئاننى) ئىنكار قىلغان تۇرسا، ئۇلارغا دوستلۇق يەتكۈزىسىلەر. ئۇلار پەرۋەردىگارىڭلار اللهقا ئىمان ئېيتقىنىڭلار ئۈچۈن پەيغەمبەرنى ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقاردى، ئەگەر سىلەر مېنىڭ يولۇمدا جىھاد قىلىپ ۋە رازىلىقىمنى تىلەپ چىققان بولساڭلار (ئۇ چاغدا مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار). سىلەر ئۇلارغا يوشۇرۇن دوستلۇق يەتكۈزىسىلەر، مەن سىلەر يوشۇرغان ۋە ئاشكارىلىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىمەن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارغا پەيغەمبەرنىڭ خەۋەرلىرىنى يەتكۈزىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ»[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.[2]

559. **عن هشام، عن أبيه قال: لما سار رسول الله ﷺ عام الفتح، فبلغ ذلك قريشا، خرج أبو سفيان بن حرب، وحكيم بن حزام، وبديل بن ورقاء، يلتمسون الخبر عن رسول الله ﷺ، فأقبلوا يسيرون حتى أتوا مر الظهران، فإذا هم بنيران كأنها نيران عرفة، فقال أبو سفيان: ما هذه، لكأنها نيران عرفة؟ فقال بديل بن ورقاء: نيران بني عمرو، فقال أبو سفيان: عمرو أقل من ذلك، فرآهم ناس من حرس رسول الله ﷺ فأدركوهم فأخذوهم، فأتوا بهم رسول الله ﷺ فأسلم أبو سفيان، فلما سار قال للعباس: «احبس أبا سفيان عند حطم الخيل، حتى ينظر إلى المسلمين». فحبسه العباس، فجعلت القبائل تمر مع النبي ﷺ، تمر كتيبة كتيبة على أبي سفيان، فمرت كتيبة، قال: يا عباس من هذه؟ قال: هذه غفار، قال: ما لي ولغفار، ثم مرت**

[1] سۈرە مۇمتەھىنە 1 ـ ئايەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**جهينة، قال مثل ذلك، ثم مرت سعد بن هذيم فقال مثل ذلك، ومرت سليم، فقال مثل ذلك، حتى أقبلت كتيبة لم ير مثلها، قال: من هذه؟ قال: هؤلاء الأنصار، عليهم سعد بن عبادة معه الراية، فقال سعد بن عبادة: يا أبا سفيان، اليوم يوم الملحمة، اليوم تستحل الكعبة، فقال أبو سفيان: يا عباس حبذا يوم الذمار، ثم جاءت كتيبة، وهي أقل الكتائب، فيهم رسول الله ﷺ وأصحابه، وراية النبي ﷺ مع الزبير بن العوام، فلما مر رسول الله ﷺ بأبي سفيان قال: ألم تعلم ما قال سعد بن عبادة؟ قال: «ما قال؟» قال: كذا وكذا، فقال: «كذب سعد، ولكن هذا يوم يعظم الله فيه الكعبة، ويوم تكسى فيه الكعبة» قال: وأمر رسول الله ﷺ أن تركز رايته بالحجون.**

559. ھىشام دادىسى (ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ) مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: مەككە فەتھە قىلىنغان يىلى پەيغەمبەر ﷺ يۈرۈش قىلغان ئىدى، قۇرەيش بۇنىڭدىن خەۋەر تاپتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب، ھەكىم ئىبنى ھىزام ۋە بۇدەيل ئىبنى ۋەرقائ قاتارلىقلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن مەككىدىن يولغا چىقىپ، مەررىزەھران دېگەن جايغا كەلگەندە كۆزلىرىگە خۇددى ئەرافاتنىڭ گۈلخانلىرىدەك سان ـ ساناقسىز گۈلخان كۆرۈندى. ئەبۇ سۇفيان:

— بۇ قانداق ئىش، خۇددى ئەرافاتنىڭ گۈلخانلىرىدەك كۆپقۇ؟ — دېگەنىدى، بۇدەيل ئىبنى ۋەرقائ:

— بەنى ئەمر قەبىلىسىنىڭ گۈلخانلىرىچىلىك كېلەر بەلكىم، — دېدى، ئەبۇ سۇفيان:

— بەنى ئەمر قەبىلىسىنىڭ ئاھالىسى بۇنچىلىك كۆپ ئەمەس، — دېدى. شۇ ئارىدا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قاراۋۇللىرى ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ، قوغلاپ بېرىپ تۇتۇۋالدى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئەبۇ سۇفيان دەرھال مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر ﷺ يۈرۈشكە ئاتلانغاندا ئابباسقا:

— ئەبۇ سۇفيانىنى ئاتلىق قوشۇن ئۆتىدىغان تار ئېغىزدا توختىتىپ تۇرغىن. ئۇ بوگۈن مۇسۇلمانلارنى بىر كۆرۈپ باقسۇن! — دېدى. ئابباس ئۇنى شۇ يەردە تۇرغۇزۇپ قويدى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ باشچىلىقىدىكى قەبىلىلەر ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بىر بۆلەك قوشۇن ئۆتكەنىدى، ئەبۇ سۇفيان ئابباستىن:

— بۇلار كىم؟ — دەپ سورىدى. ئاببا:

— بۇ غىففار قەبىلىسى، — دېگەنىدى، ئەبۇ سۇفيان:

— غىففارنىڭ مەندە نېمە ئىشى باردۇ (ئۇلار بىلەن ئۆچ-ئاداۋىتىم بولمىسا)؟ — دېدى. جۇھەينە قەبىلىسىنىڭ ئاتلىق قوشۇنى ئۆتكەندىمۇ شۇنداق دېدى. ئاندىن سەئىد ئىبنى ھۇزەيم قەبىلىسىنىڭ ئاتلىق قوشۇنى ۋە سۇلەيم قەبىلىسىنىڭ ئاتلىق قوشۇنى بىر-بىرلەپ ئۆتكەندىمۇ يەنە شۇنداق دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىدىن مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئاتلىق قوشۇن ئۆتكەنىدى، ئۇ:

— بۇلار كىملەر؟ — دەپ سورىدى، ئاببا:

— ئۇلار سەئىد ئىبنى ئۇبادە قوماندانلىقىدىكى ئەنسارىلار. تۇغ كۆتۈرگىنى سەئىد ئىبنى ئۇبادە بولىدۇ، — دېدى. سەئىد ئىبنى ئۇبادە ئەبۇ سۇفيانغا:

— ئى ئەبۇ سۇفيان! بۇگۈن جەڭ كۈنى، بۇگۈن كەئبە ئەتراپىدا ئۇرۇش قىلىش ھالال قىلىنغان كۈن، — دېگەنىدى، ئەبۇ سۇفيان:

— ئى ئاببا! خەلقىمنى قوغداپ قالالىسام ياخشى بولاتتى، — دېدى. ئاندىن كېيىن سان جەھەتتە ئىلگىرىكىلەردىن ئاز بىر قوشۇن كەلدى، پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرى (مۇھاجىرلار) بىلەن بىللە بۇ قوشۇننىڭ ئىچىدە بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تۇغىنى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام كۆتۈرگەن ئىدى. ئەبۇ سۇفيان پەيغەمبەر ﷺ گە:

— سەئىد ئىبنى ئۇبادەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇ نېمە دېدى؟ — دېگەنىدى، ئەبۇ سۇفيان:

— مۇنداق-مۇنداق دېدى، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ﷺ:

— سەئىد خاتالىشىپتۇ، بۈگۈن الله كەئبىنى ئۇلۇغلىغان كۈندۇر. كەئبە يوپۇق بىلەن پۈركىنىدىغان كۈندۇر، — دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ تۇغىنى ھەجۇن دېگەن جايغا تىكلەشكە بۇيرۇق قىلدى.[1]

**560. عن ابن عباس رضي الله عنهما قال: ثم مضى رسول الله ﷺ، واستخلف على المدينة أبا رهم كلثوم بن حصين الغفاري، وخرج لعشر مضين من رمضان، فصام رسول الله**

[1] بۇخارى توپلىغان.

ﷺ، وصام الناس معه حتى إذا كان بالكديد ما بين عسفان وأمج أفطر، ثم مضى حتى نزل مر الظهران في عشرة آلاف من المسلمين من مزينة وسليم، وفي كل القبائل عدد وإسلام، وأوعب مع رسول الله ﷺ، المهاجرون والأنصار، فلم يتخلف منهم أحد، فلما نزل رسول الله ﷺ بمر الظهران، وقد عميت الأخبار عن قريش، فلم يأتهم عن رسول الله ﷺ خبر، ولا يدرون ما هو فاعل، خرج في تلك الليلة أبو سفيان بن حرب، وحكيم بن حزام، وبديل بن ورقاء يتحسسون وينتظرون هل يجدون خبرا، أو يسمعون به، وقد كان العباس بن عبد المطلب أتى رسول الله ﷺ ببعض الطريق، وقد كان أبو سفيان بن الحارث بن عبد المطلب، وعبد الله بن أبي أمية بن المغيرة، قد لقيا رسول الله ﷺ، فيما بين مكة والمدينة، فالتمسا الدخول عليه، فكلمته أم سلمة فيهما، فقالت: يا رسول الله، ابن عمك وابن عمتك وصهرك، قال: «لا حاجة لي بهما، أما ابن عمي فهتك عرضي، وأما ابن عمتي وصهري، فهو الذي قال لي بمكة ما قال»، فلما أخرج إليهما بذلك، ومع أبي سفيان بني له، فقال: والله ليأذنن لي أو لآخذن بيد ابني هذا، ثم لنذهبن في الأرض حتى نموت عطشا وجوعا، فلما بلغ ذلك رسول الله ﷺ رق لهما، ثم أذن لهما فدخلا وأسلما، فلما نزل رسول الله ﷺ بمر الظهران.

قال العباس: واصباح قريش، والله لئن دخل رسول الله ﷺ مكة عنوة قبل أن يستأمنوه، إنه لهلاك قريش إلى آخر الدهر، قال: فجلست على بغلة رسول الله ﷺ البيضاء، فخرجت عليها حتى جئت الأراك، فقلت: لعلي ألقى بعض الحطابة، أو صاحب لبن، أو ذا حاجة يأتي مكة، فيخبرهم بمكان رسول الله ﷺ ليخرجوا إليه، فيستأمنوه قبل أن يدخلها عليهم عنوة، قال: فوالله، إني لأسير عليها، وألتمس ما خرجت له إذ سمعت كلام أبي سفيان، وبديل بن ورقاء وهما يتراجعان، وأبو سفيان يقول: ما رأيت كاليوم قط نيرانا ولا عسكرا، قال: يقول بديل: هذه والله نيران خزاعة حمشتها الحرب، قال: يقول أبو سفيان: خزاعة، والله أذل وألأم من أن تكون هذه نيرانها وعسكرها، قال: فعرفت صوته، فقلت: يا أبا حنظلة، فعرف صوتي، فقال أبو الفضل، فقلت: نعم، قال: مالك فداك أبي وأمي، فقلت: ويحك يا أبا سفيان، هذا رسول الله ﷺ في الناس واصباح قريش والله، قال: فما الحيلة، فداك أبي وأمي؟ قال: قلت: والله لئن ظفر بك ليضربن عنقك، فاركب معي هذه البغلة حتى آتي بك رسول الله ﷺ أستأمنه لك، قال: فركب خلفي ورجع صاحباه، فحركت به كلما مررت بنار من نيران المسلمين، قالوا: من هذا؟ فإذا رأوا بغلة رسول الله ﷺ، قالوا: عم رسول الله ﷺ على بغلته حتى مررت بنار عمر بن الخطاب رضي الله عنه، فقال: من هذا؟ وقام إلي، فلما رأى أبا سفيان على عجز البغلة، قال: أبو سفيان، عدو الله، الحمد للّه الذي أمكن منك بغير عقد ولا عهد، ثم خرج

يشتد نحو رسول الله ﷺ، وركضت البغلة، فسبقته بما تسبق الدابة البطيء الرجل البطيء، فاقتحمت عن البغلة، فدخلت على رسول الله ﷺ، ودخل عمر، فقال: يا رسول الله، هذا أبو سفيان قد أمكن الله منه بغير عقد ولا عهد، فدعني فلأضرب عنقه، قال: قلت: يا رسول الله، إني أجرته، ثم جلست إلى رسول الله ﷺ فأخذت برأسه، فقلت: لا والله، لا يناجيه الليلة رجل دوني، فلما أكثر عمر في شأنه، قلت: مهلا يا عمر، أما والله لو كان من رجال بني عدي بن كعب ما قلت هذا، ولكنك عرفت أنه رجل من رجال بني عبد مناف، قال: مهلا يا عباس، فوالله لإسلامك يوم أسلمت كان أحب إلى من إسلام الخطاب لو أسلم، وما بي إلا أني قد عرفت أن إسلامك كان أحب إلى رسول الله ﷺ من إسلام الخطاب، فقال رسول الله ﷺ: «اذهب به إلى رحلك يا عباس، فإذا أصبح فائتني به»، فذهبت به إلى رحلي فبات عندي، فلما أصبح غدوت به إلى رسول الله ﷺ، فلما رآه رسول الله ﷺ، قال: «ويحك يا أبا سفيان، ألم يأن لك أن تعلم أن لا إله إلا الله؟» قال: بأبي أنت وأمي، ما أكرمك وأوصلك، والله لقد ظننت أن لو كان مع الله غيره لقد أغنى عني شيئا، قال: «ويحك يا أبا سفيان، ألم يأن لك أن تعلم أني رسول الله؟» قال: بأبي أنت وأمي، ما أحلمك وأكرمك وأوصلك هذه، والله كان في نفسي منها شيء حتى الآن، قال العباس: ويحك يا أبا سفيان، أسلم، واشهد أن لا إله إلا الله، وأن محمدا رسول الله قبل أن تضرب عنقك، قال: فشهد بشهادة الحق وأسلم، قلت: يا رسول الله، إن أبا سفيان رجل يحب هذا الفخر، فاجعل له شيئا، قال: «نعم من دخل دار أبي سفيان فهو آمن، ومن أغلق بابه فهو آمن، ومن دخل المسجد فهو آمن».

فلما ذهب لينصرف، قال رسول الله ﷺ: «يا عباس، احبسه بمضيق الوادي عند خطم الجبل، حتى تمر به جنود الله فيراها»، قال: فخرجت به حتى حبسته حيث أمرني رسول الله ﷺ أن أحبسه قال: ومرت به القبائل على راياتها، كلما مرت قبيلة، قال: من هؤلاء؟ فأقول: سليم، فيقول: مالي ولسليم؟ قال: ثم تمر القبيلة، قال: من هؤلاء؟ فأقول: مزينة، فيقول: ما لي ولمزينة؟ حتى تعدت القبائل لا تمر قبيلة إلا، قال: من هؤلاء؟ فأقول: بنو فلان، فيقول: مالي ولبني فلان، حتى مر رسول الله ﷺ في الخضراء كتيبة فيها المهاجرون والأنصار لا يرى منهم إلا الحدق، قال: سبحان الله، من هؤلاء يا عباس؟ قلت: هذا رسول الله ﷺ في المهاجرين والأنصار، قال: ما لأحد بهؤلاء قبل ولا طاقة، والله يا أبا الفضل، لقد أصبح ملك ابن أخيك الغداة عظيما، قلت: يا أبا سفيان، إنها النبوة، قال: فنعم إذن، قلت: النجاء إلى قومك، قال: فخرج حتى إذا جاءهم صرخ بأعلى صوته يا معشر قريش، هذا محمد قد جاءكم بما لا قبل لكم به، فمن دخل دار أبي سفيان فهو آمن، فقامت إليه امرأته هند بنت عتبة،

فأخذت بشاربه، فقالت: اقتلوا الدسم الأحمس، فبئس من طليعة قوم، قال: ويحكم، لا تغرنكم هذه من أنفسكم، فإنه قد جاء ما لا قبل لكم به، من دخل دار أبي سفيان، فهو آمن، قالوا: ويلك وما تغني عنا دارك، قال: ومن أغلق بابه فهو آمن، ومن دخل المسجد فهو آمن، فتفرق الناس إلى دورهم، وإلى المسجد.

560. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىگە ئەبۇ رۇھم كۇلسۇم ئىبنى ھۇسەيىن غىفارىنى نائىب ئەمىر قىلىپ، رامىزاننىڭ 11 ـ كۈنى (مەككە فەتھىسى غازىتىغا) ئاتلاندى. پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ساھابىلەر روزىدار ھالەتتە ئىدى، ئەسفان بىلەن ئەمج دېگەن جاينىڭ ئارىلىقىدىكى كەدىد دېگەن جايغا كەلگەندە ئىپتار قىلدى. ئاندىن ئۇلار يول يۈرۈپ مۇزەينە ۋە سۇلەيم قەبىلىسىدىن 10 مىڭدەك مۇسۇلمانلار بىلەن مەررىزەھران دېگەن جايغا كەلدى. بۇ ۋاقىتتا بارلىق قەبىلىلەر مۇسۇلمان بولۇپ جەڭگە تەييار ئىدى. بۇ سەپەرگە پەيغەمبەر ﷺ بىلەن مۇھاجىر- ئەنسارىلارنىڭ ھەممىسى تولۇق چىققان بولۇپ، ئۇلار تاكى مەررىزەھران دېگەن جايغا كەلگەنگە قەدەر پۈتۈن خەۋەرلەر مەخپىي تۇتۇلغان ئىدى.

قۇرەيش ھېچقانداق ئۇچۇر ئالالماي پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. شۇ كېچىسى، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب، ھەكىم ئىبنى ھىزام ۋە بۇدەيل ئىبنى ۋەرقائىلار بىرەر خەۋەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەتراپنى تىڭ ـ تىڭلاشقا چىقتى. ئاببا‌س ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب بەزى چىغىر يول بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا چىققان ئىدى، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە ئىبنى مۇغىرە مەككە بىلەن مەدىنە ئارىلىقىدا مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا بارماقچى بولدى. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كىرىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! تاغاڭنىڭ ئوغلى بىلەن كۈيئوغلۇڭ يەنى ھاماڭنىڭ ئوغلى ھوزۇرۇڭغا كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سوراپ كەپتۇ، ــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ئۇلارغا ئېھتىياجىم يوق. تاغامنىڭ ئوغلى مەككىدە ئىززىتىمنى ئاياغ ئاستى قىلدى، ھامامنىڭ ئوغلى ماڭا دەيدىغىنىنى دەپ بولغانىدى، ــ

دېدى.

بۇ سۆزلەر ئۇلارغا يەتكۈزۈلدى. ئەبۇ سۇفيانىنىڭ يېنىدا بىر كىچىك ئوغلى بار ئىدى، ئۇ:

— الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، يا ماڭا ئىجازەت بېرىدۇ ياكى مۇشۇ ئوغلۇمنىڭ قولىنى تۇتقىنىمچە چۆل ـ باياۋانلارغا كىرىپ كېتىپ، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كەتكىچە سەرسان بولۇپ يۈرىمىز، — دېدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كۆڭلى يۇمشاپ، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتتى ۋە كىرىشكە ئىجازەت بەردى. ئۇلار كىرىپ مۇسۇلمان بولدى.

ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ سۇفيان بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇنىڭغا:

— ئىسسىت ساڭا ئى ئەبۇ سۇفيان! مانا بۇ الله نىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قۇرەيش ئەمدى تۈگەشتىدىغان بولدى، — دېدى، ئەبۇ سۇفيان:

— ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇنكى، بۇنىڭغا قانداق چارە قىلغۇلۇق؟ — دەپ سورىغانىدى، ئاباس:

— الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سېنى تۇتۇۋېلىپ قالسا چوقۇم كاللاڭنى ئالىدۇ شۇڭا مەن بىلەن بۇ قېچىرغا مىنگىن، سېنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ ئامانلىق ئېلىپ بېرەي، — دېدىم.

ئۇ ئارقامغا مىنگەشتى، ئىككى ھەمراھى قايتىپ كەتتى. مەن ئۇنى ئېلىپ ماڭدىم، مۇسۇلمانلار قوشۇنى ياققان ھەربىر گۈلخانىنىڭ يېنىدىن ئۆتكىنىمىزدە، ئۇلار:

— بۇ كىم؟ — دەپ سورىشاتتى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېچىرىنى كۆرۈپ:

— پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاغىسى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېچىرىنى مىنىپ كېتىۋېتىپتۇ، — دېيىشىپ ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. شۇنداق مېڭىپ، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ گۈلخانىنىڭ يېنىغا كەلدۇق. ئۇ:

— بۇ كىم؟ — دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ بىز تەرەپكە كەلدى. ئەبۇ سۇفيانىنى قېچىرنىڭ ئارقا تەرىپىدە كۆرۈپ:

— الله نىڭ دۈشمىنى ئەبۇ سۇفيانغۇ بۇ!؟ سېنى ھېچبىر ئەھدۇ ـ پەيمان ياكى كېلىشىمسىز قولىمىزغا چۈشۈرۈپ بەرگەن الله قا ھەمدىلەر بولسۇن! —

دېگىنىچە پەيغەمبەر ﷺ تەرەپكە قاراپ ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى. مەنمۇ قېچىرنى دېۋىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدىم-دە، قېچىردىن سەكرىگەن پېتىم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىغا كىردىم، ئۆمەرمۇ كەينىمدىنلا كىرىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! الله تائالا ئەبۇ سۇفياننى ئەھدۇ-پەيمان ياكى كېلىشىمسىزلا قولىمىزغا چۈشۈرۈپتۇ. ماڭا ئىجازەت بەرسەڭ، كاللىسىنى ئالاي، — دېدى. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇنىڭغا پاناھلىق بەردىم، — دېدىم، ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ ئەبۇ سۇفياننىڭ بېشىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— بۈگۈن كېچە ئەبۇ سۇفيان بىلەن مەندىن باشقا ھېچكىم پاراڭلاشمايدۇ، — دېدىم. ئۆمەر گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالغاچقا مەن:

— ئى ئۆمەر! ئالدىرىما. ئەبۇ سۇفيان ئەدىي ئىبنى كەئب جەمەتىدىن بولغان بولسا، ھەرگىز بۇنداق دېمىگەن بولاتتىڭ. سەن ئۇنىڭ ئابدۇمەنناف جەمەتىدىن ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە شۇنداق دەۋاتىسەن، — دېدىم. ئۆمەر:

— ياق، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال ئى ئاببas! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ مۇسۇلمان بولۇشۇڭ مەن ئۈچۈن (دادام) خەتتابنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدىنمۇ بەك خۇشاللىنارلىق ئىش بولغانىدى. بۇ پەقەت سېنىڭ ئىسلامغا كىرىشىڭنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈچۈن خەتتابنىڭ ئىسلامغا كىرىشىدىنمۇ بەكرەك خۇشاللىنارلىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىمدىن بولغان، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئى ئاببas! ئۇنى تۇرالغۇڭغا ئېلىپ كېتىپ، ئەتە ئەتىگەن ئېلىپ كەلگىن! — دېدى.

مەن ئەبۇ سۇفياننى ئېلىپ تۇرالغۇمغا قايتتىم، ئۇ مەن بىلەن قونۇپ قالدى. تاڭ ئاتقاندا ئۇنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ باردىم، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى كۆرۈپ:

— ئى ئەبۇ سۇفيان! ئىسىت ساڭا، سېنىڭ ئەمدى بىر ھەق الله تىن باشقا ھېچبىر مەئبۇدنىڭ يوقلۇقىنى تونۇپ يېتىدىغان ۋاقتىڭ كەلمىدىمۇ؟ — دېدى. ئەبۇ سۇفيان:

— ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! سەن نېمىدېگەن كەڭ قورساق،

نىمىدېگەن رەھىمدىل سەن؟! اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، اللە تىن باشقا بىر ئىلاھ بولىدىغان بولسا، بۇ چاغقىچە مېنى قۇتقۇلدۇرغان بولاتتى، ـــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ يەنە:

ـــ ئى ئەبۇ سۇفيان! ئىسىت ساڭا، سېنىڭ ئەمدى مېنىڭ اللە نىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىمنى بىلىدىغان ۋاقتىڭ كەلمىدىمۇ؟ ـــ دېدى. ئەبۇ سۇفيانمۇ:

ـــ ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! سەن نىمىدېگەن كەڭ قورساق. باغرىڭ يۇمشاق ۋە رەھىمدىل! اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھازىرغا قەدەر بۇ توغرىسىدا كۆڭلۈمدە ئازراق شەك بار ئىدى، ـــ دېدى. ئاباس دەرھال:

ـــ ئى ئەبۇ سۇفيان! ئىسىت ساڭا، كالλاڭ ئېلىنىپ كەتكۈچە مۇسۇلمان بولۇپ، بىر اللە تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللە نىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە شاھادەت كەلتۈرگىن! ـــ دېگەنىدى، ئەبۇ سۇفيان ھەقكە شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

پەيغەمبەر ﷺ ئەنسارىلار بىلەن مۇھاجىرلاردىن تەركىب تاپقان ئاتلىق قوشۇن ئىچىدە ئىدى. ئۇلارنىڭ ساۋۇتى بەكمۇ پۇختا بولۇپ، پەقەت كۆزلىرىنىلا كۆرگىلى بولاتتى. ئەبۇ سۇفيان ئۇلارنى كۆرۈپ:

ـــ سۇبھانەللاھ! ئى ئاباس، بۇلار كىملەر؟ ـــ دەپ سورىغانىدى، ئاباس:

ـــ بۇلار ئەنسارىلار بىلەن مۇھاجىرلاردىن تەركىب تاپقان قوشۇن، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، ـــ دېدى. ئەبۇ سۇفيان:

ـــ بۇلارغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمىگۈدەك. ئى ئەبۇ فەزل! اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، جىيەنىڭنىڭ ھاكىمىيىتى بەكمۇ كۈچلىنىپ كېتىپتۇ، ـــ دېگەنىدى، ئاباس:

ـــ ئى ئەبۇ سۇفيان! بۇ ھاكىمىيەت ئەمەس بەلكى پەيغەمبەرلىك، ـــ دېدى. ئۇ:

ـــ شۇنداق دېسەكمۇ مەيلى، ـــ دېدى. ئاباس:

ـــ ماڭ، دەرھال خەلقىڭنى قۇتقۇزغىن! ـــ دېدىم. ئۇ دەرھال مەككىگە قايتىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن:

ـــ ئى قۇرەيش خەلقى! مۇھەممەد ناھايىتى كۈچلۈك قوشۇن بىلەن

ئۇستۇڭلارغا باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، كىم ئەبۇ سۇفىياننىڭ ئۆيىگە كىرىۋالسا ئۇ ئامان قالىدۇ، ـــ دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان (ئەبۇ سۇفىياننىڭ ئايالى) ھىندى بىنتى ئۇتبە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بۇرۇتىدىن تارتقىنىچە:

ـــ بۇ پەسكەشنى ئۆلتۈرۈڭلار! ھۇ قۇرەيش خەلقىنىڭ يۈز قارىسى! ـــ دېدى. ئەبۇ سۇفىيان:

ـــ بۇ خوتۇنغا ئىشەنمەڭلار، بۇنىڭغا ئالدانماڭلار! مۇھەممەد سىلەر بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان قوشۇن بىلەن كېلىۋاتىدۇ. كىم ئەبۇ سۇفىياننىڭ ئۆيىگە كىرىۋالسا ئۇ ئامان قالىدۇ، ـــ دېدى. ئۇلار:

ـــ (ھەي ئەخمەق!) سېنىڭ ئۆيۈڭگە قانچىلىك ئادەم سىغاتتى؟ ـــ دېيىشتى. ئەبۇ سۇفىيان:

ـــ (ئۆيىگە كىرىپ) ئىشىكىنى تاقىۋالغان كىشىمۇ ئامان قالىدۇ، مەسجىدكە كىرىۋالغان كىشىمۇ ئامان قالىدۇ، ـــ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، مەككە خەلقى ئۆيلىرىگە ۋە مەسجىدكە كىرىۋېلىشتى.[1]

**561. عن عبد الله بن رباح رضي الله عنه، عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: وفدت وفود إلى معاوية وذلك في رمضان، فكان يصنع بعضنا لبعض الطعام، فكان أبو هريرة مما يكثر أن يدعونا إلى رحله، فقلت: ألا أصنع طعاما فأدعوهم إلى رحلي؟ فأمرت بطعام يصنع، ثم لقيت أبا هريرة من العشي، فقلت: الدعوة عندي الليلة، فقال: سبقتني، قلت: نعم، فدعوتهم، فقال أبو هريرة: ألا أعلمكم بحديث من حديثكم يا معشر الأنصار، ثم ذكر فتح مكة، فقال: أقبل رسول الله ﷺ حتى قدم مكة، فبعث الزبير على إحدى المجنبتين، وبعث خالدا على المجنبة الأخرى، وبعث أبا عبيدة على الحسر، فأخذوا بطن الوادي، ورسول الله ﷺ في كتيبة، قال: فنظر فرآني، فقال أبو هريرة: قلت: لبيك يا رسول الله، فقال: «لا يأتيني إلا أنصاري» - زاد غير شيبان -، فقال: «اهتف لي بالأنصار»، قال: فأطافوا به، ووبشت قريش أوباشا لها، وأتباعا، فقالوا: نقدم هؤلاء، فإن كان لهم شيء كنا معهم، وإن أصيبوا أعطينا الذي سئلنا، فقال رسول الله ﷺ: «ترون إلى أوباش قريش، وأتباعهم»، ثم قال بيديه إحداهما على الأخرى، ثم قال: «حتى توافوني بالصفا»، قال: فانطلقنا فما شاء أحد منا أن يقتل أحدا إلا قتله، وما أحد منهم يوجه إلينا شيئا، قال: فجاء أبو سفيان، فقال: يا رسول الله، أبيحت خضراء قريش،**

[1] تەبرانى توپلىغان، ئىبنى ھەجەر ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

لا قريش بعد اليوم، ثم قال: «من دخل دار أبي سفيان فهو آمن»، فقالت الأنصار بعضهم لبعض: أما الرجل فأدركته رغبة في قريته، ورأفة بعشيرته، قال أبو هريرة: وجاء الوحي وكان إذا جاء الوحي لا يخفى علينا، فإذا جاء فليس أحد يرفع طرفه إلى رسول الله ﷺ حتى ينقضي الوحي، فلما انقضى الوحي، قال رسول الله ﷺ: «يا معشر الأنصار» قالوا: لبيك يا رسول الله، قال: «قلتم: أما الرجل فأدركته رغبة في قريته؟» قالوا: قد كان ذاك، قال: «كلا، إني عبد الله ورسوله، هاجرت إلى الله وإليكم، والمحيا محياكم والممات مماتكم»، فأقبلوا إليه يبكون ويقولون: والله، ما قلنا الذي قلنا إلا الضن بالله وبرسوله، فقال رسول الله ﷺ: «إن الله ورسوله يصدقانكم، ويعذرانكم»، قال: فأقبل الناس إلى دار أبي سفيان، وأغلق الناس أبوابهم، قال: وأقبل رسول الله ﷺ حتى أقبل إلى الحجر، فاستلمه ثم طاف بالبيت، قال: فأتى على صنم إلى جنب البيت كانوا يعبدونه، قال: وفي يد رسول الله ﷺ قوس وهو آخذ بسية القوس، فلما أتى على الصنم جعل يطعنه في عينه ويقول: ﴿جَاءَ الْحَقُّ وَزَهَقَ الْبَاطِلُ﴾ [الإسراء: 81]، فلما فرغ من طوافه أتى الصفا، فعلا عليه حتى نظر إلى البيت، ورفع يديه فجعل يحمد الله ويدعو بما شاء أن يدعو.

561. ئابدۇللاھ ئىبنى رەباھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مۇئاۋىيەنىڭ قېشىغا ئەلچىلەر ئۆمىكى كەلدى. ئۇ رامىزان ئېيى ئىدى. بىز تاماق ئېتىپ، بىر-بىرىمىزنى تاماققا چاقىراتتۇق. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزنى تاماققا ئەڭ كۆپ چاقىراتتى. بىر كۈنى مەن ئۆز-ئۆزۈمگە: «بۈگۈن ئۇلارنى مەن تاماققا چاقىرىۋالاي» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، (خىزمەتچىلىرىمنى) تاماق ئېتىشكە بۇيرۇۋېتىپ، كەچ كىرگەندە ئەبۇ ھۇرەيرە بىلەن ئۇچراشتىم ۋە:

— بۇ ئاخشام تاماقنى بىزنىڭكىدە يەيمىز، — دېدىم. ئۇ:

— مەندىن چاققان ئوخشىمامسەن؟ — دېگەندى، مەن:

— ھەئە، — دېدىم. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنى تاماققا چاقىرىۋالدىم. (تاماققا چاقىرىلغاندىن كېيىن) ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى ئەنسارىلار جامائەسى! سىلەرگە ئۆزۈڭلار ھەققىدىكى ھەدىسلەردىن بىرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ — دېدى ۋە مەككىنى فەتىھ قىلىش يۈرۈشى ھەققىدە سۆز باشلاپ مۇنداق دېدى:

— پەيغەمبەر ﷺ يۈرۈش قىلىپ مەككىگە يېتىپ كەلدى. ئاتلىق

قوشۇننىڭ بىر قانىتىغا زۇبەيرنى، يەنە بىر قانىتىغا خالىدنى، ساۋۇت-دۇبۇلغىسىز قوشۇنغا ئەبۇ ئۇبەيدىنى قوماندان قىلىپ بەلگىلىدى. قوشۇن جىلغا بويلاپ يۈرۈش قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ بىر ئاتلىق قوشۇننىڭ ئارىسىدا ئىدى، ئۇ مېنى كۆرۈپ:

— ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! — دېدى. مەن:

— مانىمەن، ئى رەسۇلۇللاھ! — دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئەنسارىلارنى چاقىرغىن، ئۇلاردىن باشقىسى كەلمىسۇن! — دېدى. (مەن ئەنسارىلارنى چاقىردىم.) ئۇلار دەرھال پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

قۇرەيشلەرمۇ ئىتتىپاقداش قەبىلىلەردىن نۇرغۇن لەشكەر توپلاپ: «ئالدى بىلەن ئاشۇ ئىتتىپاقداش قەبىلىلەرنى ئۇرۇشقا سالايلى. ئەگەر ئۇلار يەڭگۈدەك بولسا، دەرھال ئۇلارغا قېتىلايلى. يېڭىلگۈدەك بولسا، مۇسۇلمانلار بىزدىن تەلەپ قىلغان نەرسىنى بېرەيلى» دەپ پىلان سوقۇشتى. پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىگە:

— قۇرەيشلەرنىڭ ئىتتىپاقداش لەشكەرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى كۆرۈۋاتامسىلەر؟ — دېدى ۋە بىر قولىنى يەنە بىر قولىغا قويۇپ، ئۇلارغا ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشنى ئىشارەت قىلدى (يەنە بىر نەقىلدە: «<ئۇلارنى قىرىپ تاشلاڭلار!> دېدى» دېيىلگەن). ئاندىن:

— ئاخىردا سەفادا ئۇچرىشايلى، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، بىز ئاتلاندۇق. قايسىمىز بىرسىنى ئۆلتۈرمەكچى بولساق ئۇنى ئۆلتۈرەلەيتتۇق، بىراق قۇرەيشلەردىن ھېچكىم بىزگە قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنالمىدى. شۇ ئارىدا، ئەبۇ سۇفيان كېلىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! قۇرەيش قىرىپ تاشلاندى، بۇگۈندىن تارتىپ قۇرەيش دېگەن نەرسە بولمايدۇ، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— كىمكى ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۆيىگە كىرىۋالسا ئامان قالىدۇ، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەنسارىلار بىر-بىرىگە:

— بۇ ئادەم ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئوتىدا ھەسرەت چېكىۋاتقانىكەن-دە، — دېيىشتى. دەل شۇ پەيتتە ۋەھىي نازىل

بولدى. ۋەھيي نازىل بولۇشقا باشلىسا ھەممىمىز بىلىۋالاتتۇق. شۇڭا ۋەھيي نازىل بولۇشقا باشلىغاندا تاكى نازىل بولۇپ بولغۇچە ھېچكىم پەيغەمبەر ﷺ گە قارىمايتتى. ۋەھيي نازىل بولۇپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ:

— ئى ئەنسارىلار جامائەسى! — دېدى، ئەنسارىلار:

— لەببەي، ئى رەسۇلۇللاھ! — دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ:

— سىلەر: «بۇ ئادەم ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئوتىدا ھەسرەت چېكىۋاتقانىكەن ـ دە» دەپسىلەر، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئەنسارىلار:

— ئارىمىزدا شۇنداق گەپ سادىر بولۇپ قالدى، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، مەن الله نىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلىمەن. الله تائالانىڭ رازىلىقىغا ۋە سىلەر تەرەپكە ھىجرەت قىلغانمەن. ياشىسام سىلەر بىلەن ياشايمەن، ئۆلسەممۇ سىلەر بىلەن ئۆلىمەن، — دېدى. ئەنسارىلار دەرھال يىغلاشقان ھالدا كېلىپ:

— الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز بۇ سۆزنى پەقەت الله قا ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا ھېرىسمەنلىك قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئېيتقانىدۇق، — دەپ ئۆزرە ئېيتىشتى. پەيغەمبەر ﷺ:

— الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئىشىنىدۇ، ئۆزرەڭلارنى قوبۇل قىلىدۇ، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، قۇرەيشلەرنىڭ بىر قىسمى ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرسە، يەنە بەزىلىرى ئىشىكلىرىنى تاقاشتى. پەيغەمبەر ﷺ بەيتۇللاھقا كىرىپ، ھەجەرۇلئەسۋەدنى سۆيدى. ئاندىن كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ، كەئبىنىڭ يېنىدىكى (قۇرەيشلەر ئىبادەت قىلىدىغان) بىر بۇتنىڭ يېنىغا كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قولىدا بىر يا بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئەگرى يېرىدىن تۇتۇۋالغان ئىدى. بۇتنىڭ ئالدىغا كەلگەندە:

— ھەق كەلدى، باتىل يوقالدى، — دەپ، يانى ئۇنىڭ كۆزىگە سانجىغىلى تۇردى. تاۋاپتىن پارىغ بولغاندىن كېيىن سەفا تېغىغا چىقىپ كەئبىگە قارىدى، ئاندىن ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، الله قا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ، ئۆزى

خالىغان دۇئانى قىلدى.①

**562. عن ابن عباس رضي الله عنهما قال: لما نزل رسول الله ﷺ مر الظهران قال العباس: قلت والله، لئن دخل رسول الله ﷺ مكة عنوة، قبل أن يأتوه فيستأمنوه إنه لهلاك قريش، فجلست على بغلة رسول الله ﷺ، فقلت لعلي: أجد ذا حاجة يأتي أهل مكة فيخبرهم بمكان رسول الله ﷺ ليخرجوا إليه، فيستأمنوه فإني لأسير إذ سمعت كلام أبي سفيان، وبديل بن ورقاء، فقلت: يا أبا حنظلة، فعرف صوتي، فقال: أبو الفضل؟ قلت: نعم، قال: ما لك فداك أبي وأمي؟ قلت: هذا رسول الله ﷺ، والناس، قال: فما الحيلة؟ قال: فركب خلفي، ورجع صاحبه، فلما أصبح غدوت به على رسول الله ﷺ، فأسلم، قلت: يا رسول الله، إن أبا سفيان رجل يحب هذا الفخر، فاجعل له شيئا، قال: «نعم، من دخل دار أبي سفيان فهو آمن، ومن أغلق عليه داره فهو آمن، ومن دخل المسجد فهو آمن» قال: فتفرق الناس إلى دورهم وإلى المسجد.**

562. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مەررىززاھىران دېگەن جايغا كېلىپ چۈشتى. مەن كۆڭلۈمدە: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر قۇرەيشلىكلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ئامانلىق تىلىمەي، پەيغەمبەر ﷺ مەككىگە قورال كۈچى بىلەن كىرسە، قۇرەيشنىڭ ھالاك بولۇشى تۇرغانلا گەپ» دەپ ئويلىدىم ۋە ئىشى بار بىرەر كىشىنى تاپسام، مەككە خەلقىگە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قەيەردىلىكىنى يەتكۈزۈپ قويسا، ئۇلار كېلىپ ئامانلىق تىلەرمىكىن دېگەن خىيال بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېچىرىنى مىنىپ يولغا چىقتىم. كېتىۋېتىپ ئەبۇ سۇفيان بىلەن بۇدەيل ئىبنى ۋەرقائنىڭ پاراڭلاشقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم-دە:

— ئى ئەبۇ ھەنزەلە! — دەپ چاقىرغانىدىم، ئۇ دەرھال ئاۋازىمدىن تونۇپ:

— ئەبۇل فەزلمۇ سەن؟ — دېدى، مەن:

— ھەئە، — دېدىم، ئۇ:

— ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! ئەھۋاللار قانداقراق؟ — دەپ سورىدى. مەن:

— مانا بۇلار الله نىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۇسۇلمانلار قوشۇنى، — دېدىم. ئۇ:

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

— مەككىنى قۇتۇلدۇرۇپ قىلىشىنىڭ چارىسى بارمىدۇ؟ — دېدى. ئاندىن ئۇ مېنىڭ ئارقامغا مىنگەشتى، ھەمراھى قايتىپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، مەن ئۇنى ئېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا باردىم، ئۇ مۇسۇلمان بولدى. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئەبۇ سۇفيان پەخىرلىنىشنى ياقتۇرىدىغان ئادەم، ئۇنىڭغا پەخىرلەنگۈدەك بىرەر ئىلتىپات كۆرسەتكىن! — دېگەنىدىم. پەيغەمبەر ﷺ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ:

— كىمكى ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۆيىگە كىرىۋالسا ئامان بولىدۇ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكىنى تاقىۋالغانلارمۇ ئامان بولىدۇ. مەسجىدكە كىرىۋالغانلارمۇ ئامان بولىدۇ، — دېدى. شۇنداق قىلىپ، مەككىلىكلەر ئۆيلىرىگە ۋە مەسجىدكە بېكىنىۋېلىشتى.[①]

**563. عن معاوية بن قرة قال: سمعت عبد الله بن مغفل رضي الله عنه يقول: رأيت رسول الله ﷺ يوم فتح مكة على ناقته، وهو يقرأ سورة الفتح يرجع. وقال: لولا أن يجتمع الناس حولي لرجعت كما رجع.**

563. مۇئاۋىيە ئىبنى قۇررە مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ فەتھ سۈرىسىنى قىرائەت قىلىپ تۇرۇپ: «مەن مەككە فەتھ قىلىنغان كۈنى پەيغەمبەر ﷺ تۆگىسى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ فەتھ سۈرىسىنى تەرجىئ[②] قىلىپ ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەنىدىم» دېگەنىدى. كىشىلەرنىڭ ئەتراپىمغا توپلىشىۋېلىشىدىن ئەنسىرىمەيدىغان بولسام، مەنمۇ فەتھ سۈرىسىنى خۇددى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ﷺ دىن نەقىل قىلىپ ئوقۇپ بەرگىنىدەك ئوقۇپ بەرگەن بولاتتىم.[③]

**564. عن عبد الله بن مسعود رضي الله عنه قال: دخل النبي ﷺ مكة، وحول الكعبة ثلاث مائة وستون نصبا، فجعل يطعنها بعود كان بيده ويقول: ﴿جَاءَ الْحَقُّ وَزَهَقَ الْبَاطِلُ إِنَّ الْبَاطِلَ كَانَ زَهُوقًا﴾ [الإسراء: 81] ﴿جَاءَ الْحَقُّ وَمَا يُبْدِئُ الْبَاطِلُ وَمَا يُعِيدُ﴾ [سبأ: 49].**

564. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: (فەتھ

---

① ئەبۇ داۋۇد ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

② تەرجىئ — بىر ھەرپنى گېلىدا قايتۇرۇپ تەكرار ئوقۇش.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

كۈنى) پەيغەمبەر ﷺ مەككىگە كىرگەندە كەئبىنىڭ ئەتراپىدا 360 دانە بۇت بار ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «ھەق كەلدى، باتىل يوقالدى. باتىل ھەقىقەتەن ئوڭاي يوقىلىدۇ»① دېگەن ئايەت بىلەن «ھەق كەلدى، باتىل (بىرەر مەخلۇقنى) پەيدا قىلالمايدۇ، (يوقالغان بىرەر مەخلۇقنى) ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ»② دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇغىنىچە ھاسىسىنى ئۇلارغا سانجىشقا باشلىدى.③

## 74 ـ باب

## ھۇنەيىن غازىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ نَصَرَكُمُ اللَّهُ فِي مَوَاطِنَ كَثِيرَةٍ وَيَوْمَ حُنَيْنٍ إِذْ أَعْجَبَتْكُمْ كَثْرَتُكُمْ فَلَمْ تُغْنِ عَنْكُمْ شَيْئًا وَضَاقَتْ عَلَيْكُمُ الْأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ ثُمَّ وَلَّيْتُمْ مُدْبِرِينَ ۞ ثُمَّ أَنْزَلَ اللَّهُ سَكِينَتَهُ عَلَى رَسُولِهِ وَعَلَى الْمُؤْمِنِينَ وَأَنْزَلَ جُنُودًا لَمْ تَرَوْهَا وَعَذَّبَ الَّذِينَ كَفَرُوا وَذَلِكَ جَزَاءُ الْكَافِرِينَ ۞﴾ «الله سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەيىن كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى <بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇپ بولمايمىز> دېدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ سانى 4000 ئىدى). سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. (قاتتىق قورققىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن (مەغلۇپ بولۇپ رەسۇلۇللاھنى ئازغىنا مۇئمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار [25]. ئاندىن الله پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، سىلەرگە قوشۇنلارنى (يەنى سىلەرگە ياردەمگە پەرىشتىلەرنى) چۈشۈردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار (شۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار)، الله كاپىرلارنى (ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىر ئېلىنىش بىلەن) ئازابلىدى، كاپىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇ [26]»④.

---

① سۈرە ئىسرا 81 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە سەبەئ 49 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

④ سۈرە تەۋبە 25 ـ ، 26 ـ ئايەتلەر.

565. عن سهل بن الحنظلية رضي الله عنه، أنهم ساروا مع رسول الله ﷺ يوم حنين، فأطنبوا السير حتى كانت عشية، فحضرت الصلاة مع رسول الله ﷺ، فجاء رجل فارس فقال: يا رسول الله، إني انطلقت بين أيديكم حتى طلعت جبل كذا وكذا، فإذا أنا بهُوازن على بكرة أبيهم بظعنهم ونعمهم وشائهم اجتمعوا إلى حنين، فتبسم النبي ﷺ وقال: «تلك غنيمة المسلمين غدا إن شاء الله». ثم قال: «من يحرسنا الليلة؟» قال أنس بن أبي مرثد: أنا يا رسول الله. فقال: «فاركب» فركب فرسا له، فجاء إلى رسول الله ﷺ، فقال له رسول الله ﷺ: «استقبل هذا الشعب حتى تكون في أعلاه ولا نغرن من قبلك الليلة» فلما أصبحنا خرج رسول الله ﷺ إلى مصلاه فركع ركعتين ثم قال: «هل أحسستم فارسكم؟» قال رجل: يا رسول الله، ما أحسسناه، فثوب بالصلاة، فجعل النبي ﷺ، وهو يصلي يلتفت إلى الشعب، حتى إذا قضى صلاته قال: «أبشروا فقد جاءكم فارسكم» فجعلنا ننظر إلى خلال الشجر في الشعب، فإذا هو قد جاء، حتى وقف على رسول الله ﷺ فقال: إني انطلقت حتى كنت في أعلى هذا الشعب حيث رسول الله ﷺ، فلما أصبحت طلعت الشعبين كليهما، فنظرت فلم أر أحدا، فقال له رسول الله ﷺ: «هل نزلت الليلة؟» قال: لا إلا مصليا أو قاضيا حاجة، فقال له: «أوجبت، فلا عليك أن لا تعمل بعدها».

565. سەھل ئىبنى ھەنزەلىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ھۇنەين كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە چىقىپ ئىنتايىن ئۇزۇن يول يۈردى. كەچ كىرىپ ھەتتا خۇپتەن ۋاقتى بولدى. ناماز ۋاقتىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بىر ئاتلىق كىشى كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا پالانى تاغقا چىقتىم. مەن ئۇشتۇمتۇت ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى، ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى ۋە چارۋا-قويلىرىنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇلار ھۇنەينگە يىغىلىپتۇ» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ تەبەسسۇم قىلىپ: «الله خالىسا بۇلار ئەتە مۇسۇلمانلارنىڭ غەنىيمىتى بولىدۇ» دېدى، ئاندىن: «بۇ كېچە بىزگە كىم ھارىستا تۇرىدۇ؟» دېدى. ئەنەس ئىبنى ئەبۇ مەرسەد غەنەۋى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ھارىستا تۇراي» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنداقتا ئېتىڭغا مىنگىن!» دېدى. ئۇ ئېتىغا مىنىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «بۇ ۋادىغا قاراپ مېڭىپ ئۇنىڭ ئەڭ ئۈستىگە چىققىن، بىز بۇ كېچە سەن تۇرغان تەرەپتىن خاتىرجەم بولايلى» دېدى.

تاڭ ئاتقاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ ناماز ئوقۇيدىغان جايغا چىقىپ ئىككى رەكئەت

ناماز ئوقۇدى ۋە: «سىلەرنىڭ چەۋەندازىڭلاردىن خەۋەر بارمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! ھېچبىر خەۋەر يوق» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. نامازنى ئوقۇپ سالام بەرگىچە ۋادى تەرەپكە قارايتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نامىزىنى تاماملاپ سالام بەرگەندىن كېيىن: «خۇشخەۋەر! چەۋەندازىڭلار قايتىپ كەلدى» دېدى. بىز ۋادىدىكى دەرەخلەر ئارىسىدىن ئۇنىڭغا قارىساق ئۇ راستىنلا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىغا كېلىپ: «مەن بۇ ۋادىنىڭ ئۈستىدىكى رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇيرۇغان ئورۇنغىچە ماڭدىم. تاڭ ئاتقاندا ئىككى ۋادىنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە چىقىپ قاراپ بىرەر كىشىنىمۇ كۆرمىدىم» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭدىن: «كېچىدە چۈشتۈڭمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، ئۇ: «ياق، پەقەت ناماز ئوقۇش ياكى ھاجىتىمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن چۈشتۈم» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سەن بۇ كېچىدە ھارىستا تۇرغانلىق سەۋەبلىك ئۆزۈڭگە جەننەتنى ۋاجىب قىلدىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچبىر ئەمەل قىلمىساڭمۇ ساڭا زەرەر يوق» دېدى.[1]

**566. عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ حين أراد حنينا: «منزلنا غدا إن شاء الله، بخيف بني كنانة، حيث تقاسموا على الكفر».**

566. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇنەيىن غازىتىغا يۈرۈش قىلغاندا مۇنداق دېگەن: «الله خالىسا ئەتە بەنى كىنانە ۋادىسىغا، يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى كۇفرى ئۈستىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن قەسەمىيات قىلىشقان ئورۇنغا چۈشىمىز».[2]

**567. عن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: افتتحنا مكة، ثم غزونا حنينا، فجاء المشركون بأحسن صفوف رأيت، قال: فصفت الخيل، ثم صفت المقاتلة، ثم صفت النساء من وراء ذلك، ثم صفت الغنم، ثم صفت النعم، قال: ونحن بشر كثير قد بلغنا ستة آلاف، وعلى مجنبة خيلنا خالد بن الوليد، قال: فجعلت خيلنا تلوي خلف ظهورنا، فلم نلبث أن انكشفت خيلنا، وفرت الأعراب ومن نعلم من الناس قال: فنادى رسول الله ﷺ «يا للمهاجرين، يا للمهاجرين» ثم قال: «يا للأنصار، يا للأنصار» قال: قال أنس: هذا حديث عمية قال: قلنا،**

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان؛ ئىبنى ھەجەر ۋە ئابدۇقادىر ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**لبيك يا رسول الله، قال: فتقدم رسول الله ﷺ، قال: فايم الله، ما أتيناهم حتى هزمهم الله، قال: فقبضنا ذلك المال، ثم انطلقنا إلى الطائف فحاصرناهم أربعين ليلة، ثم رجعنا إلى مكة فنزلنا، قال: فجعل رسول الله ﷺ يعطي الرجل المائة من الإبل.**

567. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەككىنى فەتھە قىلغاندىن كېيىن ھۇنەين غازىتىغا چىقتۇق. مۇشرىكلار مەن كۆرگەن ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە سەپ تۈزگەن بولۇپ، ئەڭ ئالدىغا ئاتلىق قوشۇننى، ئۇلارنىڭ كەينىگە پىيادە قوشۇننى، ئاندىن ئاياللارنى، ئەڭ ئاخىرىغا مال-ۋاران ۋە قوي-تۆگىلەرنى تىزغانىدى. ئۇ كۈنى سانىمىز خېلىلا كۆپ بولۇپ، 6 مىڭ كىشى ئەتراپىدا ئىدۇق. ئوڭ قانات ئاتلىق قوشۇنغا خالىد ئىبنى ۋەلىد قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇلار بىردىنلا پاتپاراق بولۇشۇپ سەپ بۆلۈنۈپ كەتتى. ئەئرابىيلار بىلەن بىز بىلمىدىغان بەزى كىشىلەر قېچىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پەيغەمبەر ﷺ: «ئى مۇھاجىرلار! ئى ئەنسارىلار!» دەپ توۋلىدى (ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بۇ ھەدىسلەرنى ماڭا تاغىلىرىم سۆزلەپ بەرگەنىدى» دەيدۇ). بىز: «ئى رەسۇلۇللاھ! پەرمانبەردارمىز» دېيىشتۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئالغا ئىلگىرىلىدى. بىز يېتىپ كېلىشىمىزگە الله ئۇلارنى مەغلۇب قىلدى. ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى غەنىيمەت ئېلىپ تائىفقا يۈرۈش قىلدۇق. ئۇلارنى 40 كېچە قورشاۋغا ئېلىپ تۇرغاندىن كېيىن، مەككىگە قايتتۇق. پەيغەمبەر ﷺ ھەربىر ئادەمگە يۈز تۆياقتىن تۆگە غەنىيمەت بەردى.[1]

**568. عن جابر بن عبد الله رضي الله عنهما قال: لما استقبلنا وادي حنين قال: انحدرنا في واد من أودية تهامة أجوف، حطوط، إنما ننحدر فيه انحدارا، قال: وفي عماية الصبح، وقد كان القوم كمنوا لنا في شعابه، وفي أجنابه، ومضايقه قد أجمعوا وتهيئوا، وأعدوا قال: فوالله ما راعنا، ونحن منحطون إلا الكتائب، قد شدت علينا شدة رجل واحد، وانهزم الناس راجعين فاستمروا لا يلوي أحد منهم على أحد، وانحاز رسول الله ﷺ ذات اليمين، ثم قال: «إلي أيها الناس، هلموا إلي أنا رسول الله، أنا محمد بن عبد الله»، قال: فلا شيء احتملت الإبل بعضها بعضا، فانطلق الناس إلا أن مع رسول الله ﷺ رهطا من المهاجرين والأنصار، وأهل بيته غير كثير، ثبت معه ﷺ أبو بكر وعمر، ومن أهل بيته، علي بن أبي طالب، والعباس بن عبد المطلب،**

[1] مۇسلىم توپلىغان.

وابنه الفضل بن عباس، وأبو سفيان بن الحارث، وربيعة بن الحارث، وأيمن بن عبيد وهو ابن أم أيمن، وأسامة بن زيد، قال: ورجل من هوازن على جمل له أحمر في يده راية له سوداء في رأس رمح طويل له أمام الناس، وهوازن خلفه، فإذا أدرك طعن برمحه، وإذا فاته الناس رفعه لمن وراءه، فاتبعوه.

قال جابر: بينا ذلك الرجل من هوازن صاحب الراية على جمله ذلك، يصنع ما يصنع، إذ هوى له علي بن أبي طالب، ورجل من الأنصار يريدانه، قال: فيأتيه علي من خلفه، فضرب عرقوبي الجمل فوقع على عجزه ووثب الأنصاري على الرجل، فضربه ضربة أطن قدمه بنصف ساقه فانجعف عن رحله ، واجتلد الناس، فوالله ما رجعت راجعة الناس من هزيمتهم حتى وجدوا الأسرى مكتفين عند رسول الله ﷺ.

568. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىز ھۇنەين ۋادىسىغا يىتىپ بارغاندىن كېيىن، ئىنتايىن تېزلىك بىلەن تۆھامە جىلغىلىرىدىن بىرىگە چۈشتۇق. دۈشمەن بۇ جىلغىنىڭ تار يوللىرى ئۈستىگە بۆكتۈرمە قويۇپ تولۇق تەييارلىق بىلەن تۇرغانىكەن، سەھەر قاراڭغۇلۇقىدا جىلغىدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ تۇرۇشىمىزغا بۆكتۈرمىدىكى ئەسكەرلەر بىردەك يوپۇرۇلۇپ چىقىپ ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتۇق. مۇسۇلمانلار بىر-بىرىگە قارىماي ئارقىغا بۇرۇلۇپ قېچىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنى يولنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تارتىپ تۇرۇپ: «ئى خالايىق! مەن تەرەپكە كېلىڭلار، مەن الله نىڭ رەسۇلى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھتۇرمەن» دەپ توۋلىدى لېكىن بۇ چاقىرىق ھېچكىمنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىدا مۇھاجىر، ئەنسارى ۋە ئەھلى بەيتتىن ئازغىنە كىشىلەرلا قالغان بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا تەۋرەنمەي سابىت تۇرغان كىشىلەر: ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ۋە ئوغلى فەزل ئىبنى ئابباس، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس، رەبىئە ئىبنى ھارىس، ئۇممۇ ئەيمەننىڭ ئوغلى ئەيمەن ئىبنى ئۇبەيد ۋە ئۇسامە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار ئىدى.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ھەۋازىن قەبىلىسىدىن قىزىل تۆگىگە مىنگەن بىر ئادەم ئۇزۇن نەيزىنىڭ ئۇچىغا قادىۋالغان قارا تۇغنى كۆتۈرگەن ھالدا دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئالدىدا

كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا مۇسۇلمانلاردىن بىرى يېتىپ بارسىلا، ئۇنىڭ نەيزە زەربىسىگە دۇچ كېلەتتى. ئالدىغا ھېچكىم چىقمىسا تۇغنى كۆتۈرۈپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب بىلەن ئەنسارىلاردىن بىرى ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ئەلى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ تۆگىسىنىڭ ئارقا ئىككى پۇتىنى چېپىۋىدى، تۆگە كەينىچىلاپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئەنسارى ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېتىلىپ بېرىپ قىلىچ ئۇردى ۋە تىزىنىڭ ئاستىدىن ئۇزۇپ تاشلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تۆگىسىدىن موللاق ئېتىپ چۈشتى.

مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئۇ كۈنى قاتتىق قەيسەرلىك كۆرسەتتى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، دۈشمەن قوشۇنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا قوللىرى باغلانغان ئەسىرلەر دۆۋىلىنىپ كەتتى.[1]

569. عن أبي إسحاق قال: قال رجل للبراء: يا أبا عمارة، أفررتم يوم حنين؟ قال: لا والله، ما ولى رسول الله ﷺ، ولكنه خرج شبان أصحابه، وأخفاؤهم حسرا، ليس عليهم سلاح - أو كثير سلاح -، فلقوا قوما رماة لا يكاد يسقط لهم سهم، جمع هوازن وبني نصر، فرشقوهم رشقا ما يكادون يخطئون، فأقبلوا هناك إلى رسول الله ﷺ، ورسول الله ﷺ على بغلته البيضاء، وأبو سفيان بن الحارث بن عبد المطلب يقود به، فنزل فاستنصر، وقال: «أنا النبي لا كذب، أنا ابن عبد المطلب»، ثم صفهم.

569. ئەبۇ ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «ئى ئەبۇ ئەممارە! ھۇنەيىن غازىتىدا ھەممىڭلار قاچقانمىدىڭلار؟» دەپ سورىغانىدى، بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ياق، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ﷺ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپمۇ قويمىدى. بىراق، ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئىچىدىن يۈكى يەڭگىل، ساۋۇت-دۇبۇلغىسىز بىر قىسىم ئالدىراڭغۇ ياشلار ھەۋازىن ۋە بەنى نەسىر قوشۇنىنىڭ ئوقچىلار قىسمىغا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، دۈشمەنلەر ئوقنى ئۇلارنىڭ ئۇستىگە يامغۇردەك ياغدۇرۇۋەتتى. ئۇلار ئوقلىرىنى چەللىگەن يەرگە تەگكۈزەتتى. ئۇلار يەنە پەيغەمبەر ﷺ گە قاراپ ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى ئەمما پەيغەمبەر ﷺ ئاق قېچىرىنى مىنىۋالغان بولۇپ، ئۇنى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس يېتىلىۋالغان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ يەرگە چۈشۈپ الله تىن نۇسرەت تىلەپ دۇئا قىلدى ۋە:

[1] ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «ئىسنادى ھەسەن، راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن.

مەن الله نىڭ رەسۇلى،
پەقەت راستنى سۆزلەيمەن.
ھەمدە پاكتۇر نەسەبىم،
ئابدۇلمۇتتەلىب پۇشتىمەن

دەپ ئاندىن سەپنى (قايتىدىن) رەتكە سالدى». ①

**570. عن أنس رضي الله عنه، أن أم سليم اتخذت يوم حنين خنجرا، فكان معها، فرآها أبو طلحة، فقال: يا رسول الله، هذه أم سليم معها خنجر، فقال لها رسول الله ﷺ: «ما هذا الخنجر؟» قالت: اتخذته إن دنا مني أحد من المشركين، بقرت به بطنه، فجعل رسول الله ﷺ يضحك.**

570. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھۇنەيىن غازىتى كۈنى ئۇممۇ سۇلەيم نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆز يېنىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر خەنجەرنى ئېلىۋالغان ئىدى، ئەبۇ تەلھە بۇنى كۆرۈپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇممۇ سۇلەيمدە خەنجەر بار ئىكەن» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن: «بۇ نېمە خەنجەر؟» دەپ سورىغاندى، ئۇممۇ سۇلەيم: «مۇشرىكلارنىڭ بىرەرسى ماڭا يېقىنلىشىپ قالسا بۇنىڭ بىلەن قارنىنى بۆسۈۋېتەي دەپ ئېلىۋالدىم» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ﷺ كۈلۈپ كەتتى. ②

**571. قال عباس رضي الله عنه: شهدت مع رسول الله ﷺ يوم حنين، فلزمت أنا وأبو سفيان بن الحارث بن عبد المطلب رسول الله ﷺ فلم نفارقه، ورسول الله ﷺ على بغلة له بيضاء أهداها له فروة بن نفاثة الجذامي، فلما التقى المسلمون والكفار ولى المسلمون مدبرين، فطفق رسول الله ﷺ يركض بغلته قبل الكفار، قال عباس: وأنا آخذ بلجام بغلة رسول الله ﷺ أكفها إرادة أن لا تسرع، وأبو سفيان آخذ بركاب رسول الله ﷺ، فقال رسول الله ﷺ: «أي عباس، ناد أصحاب السمرة»، فقال عباس: وكان رجلا صيتا، فقلت بأعلى صوتي: أين أصحاب السمرة؟ قال: فوالله، لكأن عطفتهم حين سمعوا صوتي عطفة البقر على أولادها، فقالوا: يا لبيك، يا لبيك، قال: فاقتتلوا والكفار، والدعوة في الأنصار يقولون: يا معشر الأنصار، يا معشر الأنصار، قال: ثم قصرت الدعوة على بني الحارث بن الخزرج، فقالوا: يا بني الحارث بن الخزرج، يا بني الحارث بن الخزرج، فنظر رسول الله ﷺ وهو على بغلته كالمتطاول عليها**

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② مۇسلىم توپلىغان.

**إلى قتالهم، فقال رسول الله ﷺ «هذا حين حمي الوطيس» قال: ثم أخذ رسول الله ﷺ حصيات فرمى بهن وجوه الكفار، ثم قال: «انهزموا ورب محمد» قال: فذهبت أنظر فإذا القتال على هيئته فيما أرى، قال: فوالله، ما هو إلا أن رماهم بحصياته فما زلت أرى حدهم كليلا، وأمرهم مدبرا.**

571. ئاببابس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە ھۇنەين غازىتىغا قاتناشتىم. ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ئىككىمىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدۇق. پەيغەمبەر ﷺ فەرۋە ئىبنى نۇفاسە جۇزامى سوۋغا قىلغان ئاق قېچىرىغا مىنگەن ئىدى. كاپىرلار قوشۇنى بىلەن تۇتۇشقاندا مۇسۇلمانلار ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قېچىشقا باشلىدى لېكىن پەيغەمبەر ﷺ قېچىرىنى دۈشمەنلەر تەرەپكە دېۋىتتى. مەن، قېچىرنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نى تېز ئېلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قېچىرنىڭ چۇلۋۇرىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇۋالدىم. ئەبۇ سۇفيان بولسا ئۈزەڭگىگە ئېسىلىۋالدى. پەيغەمبەر ﷺ ماڭا:

— ئى ئاببابس! سەمۇرە دەرىخىنىڭ ئاستىدا بەيئەت قىلغانلار (يەنى رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلار)نى چاقىرغىن! — دېدى. مېنىڭ ئاۋازىم بەك ئۈنلۈك چىقاتتى. مەن بار كۈچۈم بىلەن:

— سەمۇرە ئەھلى (رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلار) قېنى؟ — دەپ توۋلىدىم. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئاۋازىمنى ئاڭلاپ خۇددى موزىيىغا چىدىماي قايتىپ يۈگۈرۈپ كەلگەن كالىدەك تېز قايتىپ كەلدى ۋە:

— پەرمانبەردارمىز، پەرمانبەردارمىز! — دېگىنىچە كېلىپ كاپىرلار بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. ئاندىن:

— ئى ئەنسارىلار جامائەسى! ئى ئەنسارىلار جامائەسى! — دەپ ئەنسارىلار چاقىرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بەنى ھارىس ئىبنى خەزرەج جەمەتى چاقىرىلىپ:

— ئى بەنى ھارىس ئىبنى خەزرەج جەمەتى، ئى بەنى ھارىس ئىبنى خەزرەج جەمەتى! — دېيىلدى. دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان پەيغەمبەر ﷺ قېچىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ بويىنىنى سوزۇپ بىر نەزەر سالدى ۋە:

— مانا بۇ جەڭنىڭ راسا قىزىغان ۋاقتى، — دېدى. ئاندى ئالقىنىغا قۇم

ئارىلاش شېغىل تاش ئېلىپ كاپىرلارنىڭ يۈزلىرىگە قارىتىپ ئاتتى ۋە:

— مۇھەممەدنىڭ رەببىگە قەسەمكى، مەغلۇب بولۇشتىلار! — دېدى. مەن ئۇرۇشنى كۆزىتىپ تۇراتتىم، ئۇرۇش قاتتىق داۋام قىلىۋاتاتتى. اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ﷺ دۈشمەنگە قارىتىپ قۇم ئارىلاش شېغىل تاش ئاتقاندىن كېيىن، دۈشمەن كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىپ، سەپلىرىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.[1]

572. عن سلمة رضي الله عنه قال: غزونا مع رسول الله ﷺ حنينا، فلما واجهنا العدو تقدمت فأعلو ثنية، فاستقبلني رجل من العدو، فأرميه بسهم فتوارى عني، فما دريت ما صنع، ونظرت إلى القوم فإذا هم قد طلعوا من ثنية أخرى، فالتقوا هم وصحابة النبي ﷺ، فولى صحابة النبي ﷺ وأرجع منهزما، وعلي بردتان متزرا بإحداهما مرتديا بالأخرى، فاستطلق إزاري فجمعتهما جميعا، ومررت على رسول الله ﷺ منهزما وهو على بغلته الشهباء، فقال رسول الله ﷺ: «لقد رأى ابن الأكوع فزعا»، فلما غشوا رسول الله ﷺ نزل عن البغلة، ثم قبض قبضة من تراب من الأرض، ثم استقبل به وجوههم، فقال: «شاهت الوجوه»، فما خلق الله منهم إنسانا إلا ملأ عينيه ترابا بتلك القبضة، فولوا مدبرين، فهزمهم الله عز وجل، وقسم رسول الله ﷺ غنائمهم بين المسلمين.

572. سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ھۇنەين غازىتىغا چىقتۇق. دۈشمەن سېپىگە قاراپ مېڭىۋاتقىنىمىزدا بىر تۆپىلىككە چىقىۋاتسام بىر دۈشمەن ئالدىمغا چىقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنى ئاتاي دەپ تۇرسام بىردەمدىلا يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. شۇ ئارىدا دۈشمەنلەرگە قارىسام، ئۇلار يەنە بىر تۆپىلىككە چىقىپ بولۇپتۇ. ئۇلار بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرى ئۇچراشقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرى قېچىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەنمۇ قېچىپ ماڭدىم. ئۇستۈمدە ئىككى قۇر كىيىم بار بولۇپ، بىرىنى بېلىمدىن باغلاپ تامبال قىلىۋالغان، يەنە بىرىنى يەكتەك قىلىپ ئۇستۈمگە كىيىۋالغان ئىدىم. شۇ ئارىدا تامبىلىم يېشىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن يەكتىكىم بىلەن تامبىلىمنى چىڭ تۇتقان ھالدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا قېچىپ كەلدىم. پەيغەمبەر ﷺ مېنىڭ ھالىمنى كۆرۈپ: «سەلەمە

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ئىبنى ئەكۋەئ قاتتىق قورقۇنچلۇق بىر نەرسە كۆرۈپتۇ» دېدى.

شۇ ئارىدا دۈشمەنلەر يوپۇرۇلۇپ كەلگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ قېچىرىدىن چۈشۈپ يەردىن بىر چاڭگال توپا ئالدى ـ دە، دۈشمەنىنىڭ يۈزلىرىگە قارىتىپ ئېتىپ: «يۈزلىرىڭ خار بولۇپ كەتسۇن!» دېدى. الله بىرمۇ دۈشمەن قالدۇرماي، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە ئاشۇ بىر چاڭگال توپىنى كىرگۈزۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئارقىغا قاراپ قېچىشتى. شۇنداق قىلىپ، الله تائالا ئۇلارنى مەغلۇب قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلاردىن ئالغان غەنىيمەتلەرنى مۇسۇلمانلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى.①

573. عن يزيد بن عامر السوائي قال: عند انكشافة انكشفها المسلمون يوم حنين فتتبعهم الكفار، فأخذ رسول الله ﷺ قبضة من الأرض فرمى به وجوههم وقال: ارجعوا شاهت الوجوه، فما منا أحد يلقى أخاه إلا وهو يشكو القذى ويمسح عينيه.

573. يەزىد ئىبنى ئامىر سۇۋائىي مۇنداق دەيدۇ: ھۇنەين غازىتى كۈنى مۇسۇلمانلار چېكىنگەندە كاپىرلار ئۇلارغا ئەگىشىۋالغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ يەردىن بىر ئوچۇم توپا ئېلىپ ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ئاتتى ۋە: «چېكىنىش، يۈزلىرىڭ خار بولۇپ كەتسۇن!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، دۈشمەنلەر بىر تەرەپتىن كۆزىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي ۋايىسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۆزىدىكى توپىنى تازىلاشقا تىرىشاتتى.②

574. عن أبي قتادة رضي الله عنه قال: خرجنا مع رسول الله ﷺ عام حنين، فلما التقينا كانت للمسلمين جولة، فرأيت رجلا من المشركين علا رجلا من المسلمين، فاستدرت حتى أتيته من ورائه حتى ضربته بالسيف على حبل عاتقه، فأقبل علي فضمني ضمة وجدت منها ريح الموت، ثم أدركه الموت، فأرسلني، فلحقت عمر بن الخطاب فقلت: ما بال الناس؟ قال: أمر الله، ثم إن الناس رجعوا، وجلس النبي ﷺ فقال: «من قتل قتيلا له عليه بينة فله سلبه»، فقمت فقلت: من يشهد لي، ثم جلست، ثم قال: «من قتل قتيلا له عليه بينة فله سلبه»، فقمت فقلت: من يشهد لي، ثم جلست، ثم قال الثالثة مثله، فقمت، فقال رسول الله ﷺ: «ما لك يا أبا قتادة؟»، فاقتصصت عليه القصة، فقال رجل: صدق يا رسول الله، وسلبه عندي فأرضه عني، فقال أبو بكر الصديق رضي الله عنه: لاها الله، إذا لا يعمد إلى أسد من أسد الله، يقاتل

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② تەبرانى توپلىغان، ئىبنى ھەجەر «ھەسەن» دېگەن، ھەيسەمى «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن.

**عن الله ورسوله ﷺ، يعطيك سلبه، فقال النبي ﷺ: «صدق»، فأعطاه، فبعت الدرع، فابتعت به مخرفا في بني سلمة، فإنه لأول مال تأثلته في الإسلام.**

574. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە ھۇنەين غازىتىغا چىقتۇق. دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىشىۋاتقان ۋاقتىمىزدا مۇسۇلمانلار سەپىدە داۋالغۇش پەيدا بولدى. مەن بىر مۇشرىكنىڭ بىر مۇسۇلماننى بېسىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ قىلىچ بىلەن گەدىنىگە چاپتىم. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ مېنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. مەن ئۇنىڭ جان تالىشىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. بىردەمدىلا جېنى چىقىپ مېنى قويۇۋەتتى. دەرھال ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دېدىم، ئۇ:

— الله نىڭ ئەمرى غالىبتۇر، — دېدى. (ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ) مۇسۇلمانلار قايتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئولتۇرۇپ:

— كىمكى بىر دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنى (ئۆلتۈرگەنلىكىنى) ئىسپاتلىيالىسا، ئۇ دۈشمەننىڭ نەرسە-كېرەكلىرى شۇنىڭ بولىدۇ، — دېدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ:

— كىم ماڭا گۇۋاھچى بولىدۇ؟ — دەپ سورىدىم، ئاندىن ئولتۇردۇم. پەيغەمبەر ﷺ سۆزىنى تەكرارلىدى، مەن يەنە ئورنۇمدىن تۇرۇپ:

— كىم ماڭا گۇۋاھچى بولىدۇ؟ — دەپ سورىدىم، ئاندىن يەنە ئولتۇردۇم. پەيغەمبەر ﷺ سۆزىنى ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىدى. مەن يەنە ئورنۇمدىن تۇرغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئى ئەبۇ قەتادە! نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى. مەن بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردىم. بىر كىشى:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ راست ئېيتتى. ئۇ كىشىنىڭ نەرسە-كېرەكلىرى مەندە. سەن بۇنى رازى قىلىپ قويساڭ، ماللار مەندە قالغان بولسا، — دېدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى ئاڭلاپ:

— ياق! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى ساڭا بېرىپ قويسا، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى ئۈچۈن جىھاد قىلىدىغان الله نىڭ شىرلىرىدىن بىرىنىڭ ئىززىتىنى قىلمىغان بولۇپ

قالامدۇ؟ ــــ دېگەندى، پەيغەمبەر ﷺ:

ــــ راست ئېيتتى، ــــ دەپ، ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ماڭا بەردى. مەن بۇ مالغا بەنى سەلەمە مەھەللىسىدىن بىر خورمىلىق باغ سېتىۋالدىم. بۇ، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئېرىشكەن تۇنجى مېلىم ئىدى.①

575. عن عبد الله بن زيد بن عاصم قال: لما أفاء الله على رسوله ﷺ يوم حنين، قسم في الناس في المؤلفة قلوبهم، ولم يعط الأنصار شيئا، فكأنهم وجدوا إذ لم يصبهم ما أصاب الناس، فخطبهم فقال: «يا معشر الأنصار، ألم أجدكم ضلالا فهداكم الله بي، وكنتم متفرقين فألفكم الله بي، وعالة فأغناكم الله بي» كلما قال شيئا قالوا: الله ورسوله أمن، قال: «ما يمنعكم أن تجيبوا رسول الله؟». قال: كلما قال شيئا، قالوا: الله ورسوله أمن، قال: «لو شئتم قلتم: جئتنا كذا وكذا، أترضون أن يذهب الناس بالشاة والبعير، وتذهبون بالنبي ﷺ إلى رحالكم، لولا الهجرة لكنت امرأ من الأنصار، ولو سلك الناس واديا وشعبا لسلكت وادي الأنصار وشعبها، الأنصار شعار والناس دثار، إنكم ستلقون بعدي أثرة، فاصبروا حتى تلقوني على الحوض».

575. ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد ئىبنى ئاسىم مۇنداق دەيدۇ: ھۇنەيىن غازىتىدا الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ گە نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى ئولجا قىلىپ بەرگەندى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى دىللىرى ئىسلامغا مايىل قىلىنىشى كۆزدە تۇتۇلغانلارغا بېرىپ، ئەنسارىلارغا ھېچنەرسە بەرمىدى. باشقىلارغا غەنىيمەت بېرىلىپ، ئۆزلىرىگە ھېچنەرسە بېرىلمىگەنلىكىنى كۆرگەن ئەنسارىلارنىڭ كۆڭۈللىرى يېرىم بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ خۇتبە سۆزلەپ:

ــــ ئى ئەنسارىلار جامائەسى! مەن كېلىشتىن ئىلگىرى سىلەر ئازغۇن ئىدىڭلار، الله سىلەرنى مەن ئارقىلىق ھىدايەتكە باشلىمىدىمۇ؟ چېچىلاڭغۇ ئىدىڭلار، الله سىلەرنى مەن ئارقىلىق بىرلەشتۈرمىدىمۇ؟ كەمبەغەل ئىدىڭلار، الله سىلەرنى مەن ئارقىلىق باي قىلمىدىمۇ؟ ــــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ھەربىر سوئالنى سورىغاندا ئەنسارىلار:

ــــ الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، ــــ دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــــ الله نىڭ رەسۇلىنىڭ سوئالىغا نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسىلەر؟ ــــ دېدى.

---

① بۇخارى توپلىغان.

ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەربىر سۆزىگە يەنە:

— اللە ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرى ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، — دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ:

— خالىساڭلار «سەن بىزنىڭ ئالدىمىزغا مۇنداق-مۇنداق ھالەتتە كەلگەن ئىدىڭ» دېسەڭلارمۇ بولىدۇ. كىشىلەر قوي-تۆگىلەرنى ئېلىپ كەتسە، سىلەر يۇرتۇڭلارغا پەيغەمبەرنى ئېلىپ قايتساڭلار رازى بولماسىلەر؟ ھىجرەت قىلمىغان بولسام ئىدىم، ئەلۋەتتە ئەنسارىلاردىن بىرى بولۇۋالغان بولاتتىم. ناۋادا كىشىلەر بىرەر ۋادى، بىرەر جىلغىغا ماڭسا، مەن چوقۇم ئەنسارىلار ماڭغان ۋادىغا، ئۇلارنىڭ جىلغىسىغا ماڭىمەن. ئەنسارىلار ئىچ كىيىمگە، باشقا ئىنسانلار تاش كىيىمگە ئوخشايدۇ. مەندىن كېيىن (پات يېقىندا) قاتتىق شەخسىيەتچىلىكلەرنى كۆرىسىلەر. شۇڭا، مېنىڭ بىلەن ھەۋزى كەۋسەردە ئۇچراشقانغا قەدەر سەۋر قىلىڭلار! — دېدى.①

576. عن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: قال ناس من الأنصار، حين أفاء الله على رسوله ﷺ ما أفاء من أموال هوازن، فطفق النبي ﷺ يعطي رجالا المائة من الإبل، فقالوا: يغفر الله لرسول الله ﷺ يعطي قريشا ويتركنا، وسيوفنا تقطر من دمائهم، قال أنس: فحدث رسول الله ﷺ بمقالتهم، فأرسل إلى الأنصار فجمعهم في قبة من أدم، ولم يدع معهم غيرهم، فلما اجتمعوا قام النبي ﷺ فقال: «ما حديث بلغني عنكم»، فقال فقهاء الأنصار: أما رؤساؤنا يا رسول الله فلم يقولوا شيئا، وأما ناس منا حديثة أسنانهم فقالوا: يغفر الله لرسول الله ﷺ يعطي قريشا ويتركنا، وسيوفنا تقطر من دمائهم، فقال النبي ﷺ: «فإني أعطي رجالا حديثي عهد بكفر أتألفهم، أما ترضون أن يذهب الناس بالأموال، وتذهبون بالنبي ﷺ إلى رحالكم، فوالله لما تنقلبون به خير مما ينقلبون به» قالوا: يا رسول الله قد رضينا، فقال لهم النبي ﷺ: «ستجدون أثرة شديدة، فاصبروا حتى تلقوا الله ورسوله ﷺ فإني على الحوض» قال أنس: «فلم يصبروا».

576. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: اللە تائالا ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى پەيغەمبەر ﷺ گە غەنىيمەت قىلىپ بەرگەندە، پەيغەمبەر ﷺ قۇرەيشلىك بەزى كىشىلەرگە يۈز تۆياقتىن تۆگە بەرگىلى تۇرغان ئىدى، ئەنسارىلاردىن بەزىلەر:

① بۇخارى توپلىغان.

— الله پەيغەمبىرىگە مەغپىرەت قىلسۇن. ئۇلارنىڭ (قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ) قانلىرى ھېلىھەم قىلىچلىرىمىزدىن تېمىپ تۇرۇۋاتسا، پەيغەمبەر ﷺ غەنىيمەتنى قۇرەيشلەرگە بېرىپ، بىزگە بەرمىدى، — دېيىشتى. بۇ گەپ پەيغەمبەر ﷺ گە يەتكۈزۈلگەندى، پەيغەمبەر ﷺ ئەنسارىلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تېرىدىن تىكىلگەن بىر چېدىرغا يىغدى، ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم چاقىرىلمىدى. ئۇلار يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ:

— بەزى گەپلىرىڭلارنى ئاڭلاپ قالدىم، بۇ قانداق گەپ؟ — دېگەندى، ئۇلارنىڭ ئالىملىرى:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئاقساقاللىرىمىز بىر نەرسە دېگىنى يوق ئەمما بەزى ياشلار تەنتەكلىك قىلىپ: «الله پەيغەمبىرىگە مەغپىرەت قىلسۇن. ئۇلارنىڭ (قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ) قانلىرى ھېلىھەم قىلىچلىرىمىزدىن تېمىپ تۇرۇۋاتسا، پەيغەمبەر ﷺ غەنىيمەتنى قۇرەيشلەرگە بېرىپ، بىزگە بەرمىدى» دەپ سالپتۇ، — دېيىشتى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ﷺ:

— كۇفرىدىن ئەمدىلا يانغان كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا تېخىمۇ مايىل قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا غەنىيمەت بەردىم. باشقىلار ئۆيلىرىگە ماللارنى ئېلىپ ماڭسا، سىلەر ئۆيلىرىڭلارغا الله نىڭ پەيغەمبىرىنى ئېلىپ قايتىشقا رازى بولمامسىلەر؟ ئۇلارنىڭ ئېلىپ قايتىدىغان نەرسىلىرىدىن سىلەرنىڭ ئېلىپ قايتىدىغان نەرسەڭلار ئەلۋەتتە ياخشىدۇر، — دېگەندى، ئۇلار:

— ئى رەسۇلۇللاھ! رازى بولدۇق، — دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا يەنە:

— پات يېقىندا قاتتىق شەخسىيەتچىلىكلەرنى كۆرىسىلەر شۇڭا الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇچراشقىچە سەۋر قىلىڭلار، مەن ھەۋزى كەۋسەر بويىدا بولىمەن، — دېگەندى. لېكىن بىز ئەنسارىلار سەۋر قىلالمىدۇق.[①]

## 75 ـ باب

## تائىف غازىتى

**577. عن عبد الله بن عمر رضي الله عنهما قال: لما حاصر رسول الله ﷺ الطائف، فلم**

---

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ينل منهم شيئا، قال: «إنا قافلون إن شاء الله». فثقل عليهم، وقالوا: نذهب ولا نفتحه، وقال مرة: «نقفل». فقال: «اغدوا على القتال». فغدوا فأصابهم جراح، فقال: «إنا قافلون غدا إن شاء الله»، فأعجبهم، فضحك النبي ﷺ.

577. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ تائىفنى مۇھاسىرىگە ئالغان بولسىمۇ ھېچقانداق ئۇنۇمگە ئېرىشەلمىدى. بىر كۈنى ساھابىلىرىگە: «الله خالىسا ئەتە مەدىنىگە قايتىمىز» دېگەنىدى، بۇ گەپ ساھابىلەرگە ئېغىر كېلىپ: «تائىفنى فەتىھ قىلمايلا كېتەمدۇق؟» دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنداقتا، ئەتە ئەتىگەن ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار!» دېدى. ئەتىسى ساھابىلەر ھۇجۇمغا ئاتلاندى لېكىن نەچچىسى ئېغىر يارىلانغان ھالدا قايتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ يەنە: «الله خالىسا ئەتە مەدىنىگە قايتىمىز» دېگەنىدى، ساھابىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ﷺ (ئۇلارنىڭ خۇش بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ) كۈلۈپ كەتتى.[1]

## 76 ـ باب

## ئەۋتاس غازىتى

578. عن أبي موسى رضي الله عنه قال: لما فرغ النبي ﷺ من حنين بعث أبا عامر على جيش إلى أوطاس، فلقي دريد بن الصمة، فقتل دريد وهزم الله أصحابه، قال أبو موسى: وبعثني مع أبي عامر، فرمي أبو عامر في ركبته، رماه جشمي بسهم فأثبته في ركبته، فانتهيت إليه فقلت: يا عم من رماك؟ فأشار إلى أبي موسى فقال: ذاك قاتلي الذي رماني، فقصدت له فلحقته، فلما رآني ولى، فاتبعته وجعلت أقول له: ألا تستحيي، ألا تثبت، فكف، فاختلفنا ضربتين بالسيف فقتلته، ثم قلت لأبي عامر: قتل الله صاحبك، قال: فانزع هذا السهم فنزعته فنزا منه الماء، قال: يا ابن أخي أقرئ النبي ﷺ السلام، وقل له: استغفر لي. واستخلفني أبو عامر على الناس، فمكث يسيرا ثم مات، فرجعت فدخلت على النبي ﷺ في بيته على سرير مرمل وعليه فراش، قد أثر رمال السرير بظهره وجنبيه، فأخبرته بخبرنا وخبر أبي عامر، وقال: قل له استغفر لي، فدعا بماء فتوضأ، ثم رفع يديه فقال: «اللهم اغفر لعبيد أبي عامر». ورأيت بياض إبطيه، ثم قال: «اللهم اجعله يوم القيامة فوق كثير من خلقك من الناس». فقلت:

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

ولي فاستغفر، فقال: «اللهم اغفر لعبد الله بن قيس ذنبه، وأدخله يوم القيامة مدخلا كريما».

578. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ھۇنەين غازىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئەۋتاس دېگەن جايغا ئەبۇ ئامىر باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتتى. ئەبۇ ئامىر يولدا دۇرەيد ئىبنى سىممە بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى. الله دۇرەيدنىڭ ئادەملىرىنى تالاپەتكە ئۇچراتتى. پەيغەمبەر ﷺ مېنىمۇ (تاغام) ئەبۇ ئامىر بىلەن بىللە ئەۋەتكەن ئىدى. ئەبۇ ئامىرنىڭ تىزىغا ئوق تەگكەن بولۇپ، ئوق ئۇنىڭ تىزىدا تۇرۇپ قالدى. ئوقنى جۇشەم قەبىلىسىدىن بىرى ئاتقانىدى. مەن ئەبۇ ئامىرنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئى تاغا! ساڭا ئوق ئاتقان كىم؟ — دەپ سورىغانىدىم، ئۇ ماڭا ئوق ئاتقان كىشىنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىپ:

— مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان قاتىل ئەنە ئاشۇ، — دېدى. مەن ئۇنى كۆزلەپ مېڭىپ يېتىشىۋالاي دېگەندە، ئۇ مېنى كۆرۈپ قېلىپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاچتى. مەن بىر تەرەپتىن قوغلىغاچ يەنە بىر تەرەپتىن:

— قېچىشتىن ھايا قىلمامسەن، نوچى بولساڭ كېلە قېنى؟! — دەپ ۋارقىرىدىم. ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ توختىدى. ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە قىلىچ بىلەن بىر-ئىككى قېتىم ھەملە قىلغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتتىم. ئاندىن ئەبۇ ئامىرنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ:

— الله قاتىلىڭنى ئۆلتۈرىۋەتتى، — دېدىم. ئەبۇ ئامىر:

— تىزىمدىكى ئوقنى تارتىۋەتكىن! — دېدى. مەن ئوقنى تارتىۋەتكەن ئىدىم، ئوقنىڭ ئورنىدىن توختىماي قان ئېقىشقا باشلىدى. ئەبۇ ئامىر:

— ئى جىيەنىم! قايتىپ بارغىنىڭدا پەيغەمبەر ﷺ گە سالامىمنى يەتكۈزگىن ۋە ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن الله تىن مەغپىرەت تىلەپ قويۇشىنى ئېيتقىن! — دېدى. ئاندىن مېنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا قوماندانلىققا تەيىنلەپ قويۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتتى. مەن قايتىپ كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆيىگە كىردىم. پەيغەمبەر ﷺ قومۇش پاخىلى بىلەن توقۇلغان، ئۈستىگە سېلىنىچا سېلىنغان كارىۋاتتا ياتقان بولۇپ، دۈمبىسى ۋە ئىككى بېقىنىغا قومۇشنىڭ ئىزى چىقىپ قاپتۇ. پەيغەمبەر ﷺ گە بېشىمىزدىن ئۆتكەن

ۋەقەلەرنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئەبۇ ئامىرنىڭ: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەن ئۈچۈن الله تىن مەغپىرەت تىلەپ قويۇشىنى ئېيتقىن!» دېگەن سۆزلىرىنى يەتكۈزدۈم. پەيغەمبەر ﷺ سۇ ئەكەلدۈرۈپ تاھارەت ئالغاندىن كېيىن ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

ــ ئى الله ! ئۇبەيد ئەبۇ ئامىرنى مەغپىرەت قىلغىن، ــ دەپ دۇئا قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئىككى قولىنى بەكمۇ ئېگىز كۆتۈرۈۋالغاچقا، قولتۇق ئاستىنىڭ ئاقلىقى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ﷺ يەنە:

ــ ئى الله ! قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى نۇرغۇنلىغان خالايىقنىڭ مەرتىۋىسىدىن ئۈستۈن قىلغىن، ــ دېدى. مەن:

ــ ماڭىمۇ مەغپىرەت تىلەپ قويغان بولساڭ، ــ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ:

ــ ئى الله ! ئابدۇللاھ ئىبنى قەيسنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغىن، قىيامەت كۈنى ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگىن! ــ دېدى.[1]

## 77 ـ باب

## تەبۇك غازىتى

**579. عن مصعب بن سعد، عن أبيه، أن رسول الله ﷺ خرج إلى تبوك، واستخلف عليا، فقال: أتخلفني في الصبيان والنساء؟ قال: «ألا ترضى أن تكون مني بمنزلة هارون، من موسى إلا أنه ليس نبي بعدي».**

579. مۇسئەب ئىبنى سەئدتىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭ ئاتىسى سەئد مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ تەبۇك غازىتىغا چىققاندا، ئەلىنى مەدىنىگە مەسئۇل قىلىپ قويدى. ئەلى: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى ئايال ـ باللار بىلەن بىللە مەدىنىدە قويۇپ قويامسەن؟» دېگەنىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «مۇسا ئۈچۈن ھارۇننىڭ ئورنى قانداق بولسا، مەن ئۈچۈن سېنىڭ ئورنۇڭمۇ شۇنداق. سەن بۇنىڭغا رازى ئەمەسمۇ؟ ئەپسۇسكى، مەندىن كېيىن پەيغەمبەرلىك يوق»

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

دېدى. [1]

**580. معاذ بن جبل رضي الله عنه قال: خرجنا مع رسول الله ﷺ عام غزوة تبوك، فكان يجمع الصلاة، فصلى الظهر والعصر جميعا، والمغرب والعشاء جميعا، حتى إذا كان يوما أخر الصلاة، ثم خرج فصلى الظهر والعصر جميعا، ثم دخل، ثم خرج بعد ذلك، فصلى المغرب والعشاء جميعا، ثم قال: «إنكم ستأتون غدا، إن شاء الله، عين تبوك، وإنكم لن تأتوها حتى يضحي النهار، فمن جاءها منكم فلا يمس من مائها شيئا حتى آتي».**

**فجئناها وقد سبقنا إليها رجلان، والعين مثل الشراك تبض بشيء من ماء، قال فسألهما رسول الله ﷺ: «هل مسستما من مائها شيئا؟» قالا: نعم، فسبهما النبي ﷺ، وقال لهما ما شاء الله أن يقول. قال: ثم غرفوا بأيديهم من العين قليلا قليلا، حتى اجتمع في شيء، قال وغسل رسول الله ﷺ فيه يديه ووجهه، ثم أعاده فيها، فجرت العين بماء منهمر أو قال: غزير - شك أبو علي أيهما قال - حتى استقى الناس، ثم قال «يوشك، يا معاذ إن طالت بك حياة، أن ترى ما هاهنا قد ملئ جنانا».**

580. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: تەبۇك غازىتى بولغان يىلى بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە تەبۇك غازىتىغا چىقتۇق. سەپەر جەريانىدا پەيغەمبەر ﷺ پېشىن بىلەن دىگەرنى، شام بىلەن خۇپتەننى جەملەپ ئوقۇيتتى. بىر كۈنى نامازنى كېچىكتۈردى، ئاندىن چىقىپ پېشىن بىلەن دىگەرنى جەملەپ ئوقۇدى. ئاندىن كىرىپ كېتىپ، كېيىن يەنە چىقتى ۋە شام بىلەن خۇپتەننى جەملەپ ئوقۇدى. ئاندىن: «الله خالىسا، ئەتە كۈن ئىسسىشقا باشلىغان ۋاقىتتا تەبۇك بۇلىقىغا ئاران يېتىپ بارىسىلەر. كىم شۇ بۇلاققا بالدۇر يېتىپ بارسا، مەن بارمىغۇچە سۇغا چېقىلمىسۇن!» دېدى.

ئەتىسى بۇلاق بېشىغا يېتىپ بارساق بۇلاقتىن ئازراق سۇ چىقىۋېتىپتۇ، بىزدىن بۇرۇن ئىككى كىشى بېرىپ بولغانىكەن. پەيغەمبەر ﷺ: «سۇغا چېقىلدىڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «ھەئە» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئىككىسىگە خېلىغىچە كايىدى. ئاندىن ھەممەيلەن بۇلاققا قولىنى تىقىپ، ئۇ يەر بۇ يەردىن ئازراق سۇ يىغدۇق. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ سۇدا يۈز-قولىنى يۇيغاندىن كېيىن، ئاشقان سۇنى بۇلاققا تۆكتى. بىردىنلا بۇلاقتىن سۇ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن قانغۇدەك ئىچتى.

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: «ئى مۇئاز! ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسا، بۇ يەرنىڭ (مۇشۇ بۇلاق سۈيى بىلەن) دەرەخزارلىققا ئايلانغانلىقىنى كۆرىسەن» دېدى.[1]

**581. عن أبي حميد الساعدي رضي الله عنه قال: غزونا مع النبي ﷺ غزوة تبوك، فلما جاء وادي القرى إذا امرأة في حديقة لها، فقال النبي ﷺ لأصحابه: «اخرصوا»، وخرص رسول الله ﷺ عشرة أوسق، فقال لها: «أحصي ما يخرج منها» فلما أتينا تبوك قال: «أما إنها ستهب الليلة ريح شديدة، فلا يقومن أحد، ومن كان معه بعير فليعقله» فعقلناها، وهبت ريح شديدة، فقام رجل، فألقته بجبل طيء، وأهدى ملك أيلة للنبي ﷺ، بغلة بيضاء، وكساه بردا وكتب له ببحرهم.**

**فلما أتى وادي القرى قال للمرأة: «كم جاء حديقتك» قالت: عشرة أوسق، خرص رسول الله ﷺ، فقال النبي ﷺ: «إني متعجل إلى المدينة، فمن أراد منكم أن يتعجل معي، فليتعجل».**

581. ئەبۇ ھۇمەيد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە تەبۇك غازىتىغا چىققان ئىدۇق. پەيغەمبەر ﷺ ۋادىلقۇرا دېگەن يەرگە كەلگەندە، بىغىدا تۇرغان بىر ئايالنى كۆرۈپ ساھابىلىرىگە:

— باغنىڭ مېۋىسىنى مۆلچەرلەپ بېقىڭلار! — دېدى ۋە پەيغەمبەر ﷺ ئۆزى ئۇنىڭ 10 ۋەسەق[2] چىقىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. ئاندىن ئۇ ئايالغا:

— باغدىن چىققان ھوسۇلنى ھېسابلاپ قويغىن، — دېدى. تەبۇكقا كەلگىنىمىزدە پەيغەمبەر ﷺ:

— بۇ كېچە قاتتىق بوران چىقىدۇ شۇڭا ھېچقايسىڭلار ئورنۇڭلاردىن تۇرماڭلار، تۆگىسى بارلار تۆگىسىنى باغلىۋەتسۇن، — دېدى. بىز تۆگىلىرىمىزنى باغلىۋەتتۇق. شۇ كېچىسى پەيغەمبەر ﷺ ئېيتقاندەك قاتتىق بوران چىقتى. بىر كىشى ئورنىدىن تۇرغانىكەن، بوران ئۇنى تەييىئ تېغىغا ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. تەبۇكتىن قايتىشتىن بۇرۇن ئەيلە پادشاھى پەيغەمبەر ﷺ گە بىر ئاق قېچىر بىلەن بىر تون ھەدىيە قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ مۇ ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىغا چېقىلماسلىق توغرىسىدا ھۆججەت قىلىپ بەردى.

پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىگە قايتىشىدا يەنە ۋادىلقۇرادىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] بىر ۋەسەق — 122.5 كىلوگرام.

ھېلىقى ئايالدىن:

ــ بېغىڭىزدىن قانچىلىك ھوسۇل ئالدىڭىز؟ ــ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ــ پەيغەمبەر ﷺ مۆلچەرلىگەندەك 10 ۋەسەق ھوسۇل ئالدىم، ــ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ:

ــ مەن مەدىنىگە ئالدىرايمەن، مەن بىلەن بىللە ماڭماقچى بولغانلار چاققان تەييار بولۇڭلار! ــ دېدى.[①]

582. عن كعب بن مالك رضي الله عنه يحدث حين تخلف عن قصة تبوك، قال كعب: لم أتخلف عن رسول الله ﷺ في غزوة غزاها إلا في غزوة تبوك، غير أني كنت تخلفت في غزوة بدر، ولم يعاتب أحدا تخلف عنها، إنما خرج رسول الله ﷺ يريد عير قريش، حتى جمع الله بينهم وبين عدوهم على غير ميعاد.

ولقد شهدت مع رسول الله ﷺ ليلة العقبة، حين تواثقنا على الإسلام، وما أحب أن لي بها مشهد بدر.

وإن كانت بدر، أذكر في الناس منها، كان من خبري: أني لم أكن قط أقوى ولا أيسر حين تخلفت عنه، في تلك الغزاة، والله ما اجتمعت عندي قبله راحلتان قط، حتى جمعتهما في تلك الغزوة، ولم يكن رسول الله ﷺ يريد غزوة إلا ورى بغيرها، حتى كانت تلك الغزوة، غزاها رسول الله ﷺ في حر شديد، واستقبل سفرا بعيدا، ومفازا وعدوا كثيرا، فجلى للمسلمين أمرهم ليتأهبوا أهبة غزوهم، فأخبرهم بوجهه الذي يريد، والمسلمون مع رسول الله ﷺ كثير، ولا يجمعهم كتاب حافظ، يريد الديوان، قال كعب: فما رجل يريد أن يتغيب إلا ظن أن سيخفى له، ما لم ينزل فيه وحي الله، وغزا رسول الله ﷺ تلك الغزوة حين طابت الثمار والظلال، وتجهز رسول الله ﷺ والمسلمون معه، فطفقت أغدو لكي أتجهز معهم، فأرجع ولم أقض شيئا، فأقول في نفسي: أنا قادر عليه، فلم يزل يتمادى بي حتى اشتد بالناس الجد، فأصبح رسول الله ﷺ والمسلمون معه، ولم أقض من جهازي شيئا، فقلت أتجهز بعده بيوم أو يومين، ثم ألحقهم، فغدوت بعد أن فصلوا لأتجهز، فرجعت ولم أقض شيئا، ثم غدوت، ثم رجعت ولم أقض شيئا، فلم يزل بي حتى أسرعوا وتفارط الغزو، وهممت أن أرتحل فأدركهم، وليتني فعلت، فلم يقدر لي ذلك، فكنت إذا خرجت في الناس بعد خروج رسول الله ﷺ فطفت فيهم، أحزنني أني لا أرى إلا رجلا مغموصا عليه النفاق، أو رجلا ممن عذر الله من الضعفاء، ولم يذكرني رسول الله ﷺ حتى بلغ تبوك، فقال: وهو جالس في القوم بتبوك: «ما فعل كعب»

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

فقال رجل من بني سلمة: يا رسول الله، حبسه برداه، ونظره في عطفه، فقال معاذ بن جبل: بئس ما قلت، والله يا رسول الله ما علمنا عليه إلا خيرا، فسكت رسول الله ﷺ، قال كعب بن مالك: فلما بلغني أنه توجه قافلا حضرني همي، وطفقت أتذكر الكذب، وأقول: بماذا أخرج من سخطه غدا، واستعنت على ذلك بكل ذي رأي من أهلي، فلما قيل: إن رسول الله ﷺ قد أظل قادما زاح عني الباطل، وعرفت أني لن أخرج منه أبدا بشيء فيه كذب، فأجمعت صدقه.

وأصبح رسول الله ﷺ قادما، وكان إذا قدم من سفر، بدأ بالمسجد، فيركع فيه ركعتين، ثم جلس للناس، فلما فعل ذلك جاءه المخلفون، فطفقوا يعتذرون إليه ويحلفون له، وكانوا بضعة وثمانين رجلا، فقبل منهم رسول الله ﷺ علانيتهم، وبايعهم واستغفر لهم، ووكل سرائرهم إلى الله، فجئته فلما سلمت عليه تبسم تبسم المغضب، ثم قال: «تعال» فجئت أمشي حتى جلست بين يديه، فقال لي: «ما خلفك، ألم تكن قد ابتعت ظهرك؟». فقلت: بلى، إني والله لو جلست عند غيرك من أهل الدنيا، لرأيت أن سأخرج من سخطه بعذر، ولقد أعطيت جدلا، ولكني والله، لقد علمت لئن حدثتك اليوم حديث كذب ترضى به عني، ليوشكن الله أن يسخطك علي، ولئن حدثتك حديث صدق، تجد علي فيه، إني لأرجو فيه عفو الله، لا والله، ما كان لي من عذر، والله ما كنت قط أقوى، ولا أيسر مني حين تخلفت عنك، فقال رسول الله ﷺ: «أما هذا فقد صدق، فقم حتى يقضي الله فيك». فقمت، وثار رجال من بني سلمة فاتبعوني، فقالوا لي: والله ما علمناك كنت أذنبت ذنبا قبل هذا، ولقد عجزت أن لا تكون اعتذرت إلى رسول الله ﷺ بما اعتذر إليه المتخلفون، قد كان كافيك ذنبك استغفار رسول الله ﷺ لك، فوالله ما زالوا يؤنبوني حتى أردت أن أرجع فأكذب نفسي، ثم قلت لهم: هل لقي هذا معي أحد؟ قالوا: نعم، رجلان، قالا مثل ما قلت، فقيل لهما مثل ما قيل لك، فقلت: من هما؟ قالوا: مرارة بن الربيع العمري، وهلال بن أمية الواقفي، فذكروا لي رجلين صالحين، قد شهدا بدرا، فيهما أسوة، فمضيت حين ذكروهما لي، ونهى رسول الله ﷺ المسلمين عن كلامنا أيها الثلاثة من بين من تخلف عنه، فاجتنبنا الناس، وتغيروا لنا حتى تنكرت في نفسي الأرض فما هي التي أعرف، فلبثنا على ذلك خمسين ليلة، فأما صاحباي فاستكانا وقعدا في بيوتهما يبكيان، وأما أنا، فكنت أشب القوم وأجلدهم فكنت أخرج فأشهد الصلاة مع المسلمين، وأطوف في الأسواق ولا يكلمني أحد، وآتي رسول الله ﷺ فأسلم عليه وهو في مجلسه بعد الصلاة، فأقول في نفسي: هل حرك شفتيه برد السلام علي أم لا؟ ثم أصلي قريبا منه، فأسارقه النظر، فإذا أقبلت على صلاتي أقبل إلي، وإذا التفت نحوه أعرض عني.

حتى إذا طال علي ذلك من جفوة الناس، مشيت حتى تسورت جدار حائط أبي قتادة،

وهو ابن عمي وأحب الناس إلي، فسلمت عليه، فوالله ما رد علي السلام، فقلت: يا أبا قتادة، أنشدك بالله هل تعلمني أحب الله ورسوله؟ فسكت، فعدت له فنشدته فسكت، فعدت له فنشدته، فقال: الله ورسوله أعلم، ففاضت عيناي، وتوليت حتى تسورت الجدار، قال: فبينا أنا أمشي بسوق المدينة، إذا نبطي من أنباط أهل الشأم، ممن قدم بالطعام يبيعه بالمدينة، يقول: من يدل على كعب بن مالك، فطفق الناس يشيرون له، حتى إذا جاءني دفع إلي كتابا من ملك غسان، فإذا فيه: أما بعد، فإنه قد بلغني أن صاحبك قد جفاك ولم يجعلك الله بدار هوان، ولا مضيعة، فالحق بنا نواسك، فقلت لما قرأتها: وهذا أيضا من البلاء، فتيممت بها التنور فسجرته بها، حتى إذا مضت أربعون ليلة من الخمسين، إذا رسول رسول الله ﷺ يأتيني، فقال: إن رسول الله ﷺ يأمرك أن تعتزل امرأتك، فقلت: أطلقها؟ أم ماذا أفعل؟ قال: لا، بل اعتزلها ولا تقربها، وأرسل إلى صاحبي مثل ذلك، فقلت لامرأتي: الحقي بأهلك، فتكوني عندهم، حتى يقضي الله في هذا الأمر، قال كعب: فجاءت امرأة هلال بن أمية رسول الله ﷺ، فقالت: يا رسول الله: إن هلال بن أمية شيخ ضائع، ليس له خادم، فهل تكره أن أخدمه؟ قال: «لا، ولكن لا يقربك». قالت: إنه والله ما به حركة إلى شيء، والله ما زال يبكي منذ كان من أمره، ما كان إلى يومه هذا، فقال لي بعض أهلي: لو استأذنت رسول الله ﷺ في امرأتك كما أذن لامرأة هلال بن أمية أن تخدمه؟ فقلت: والله لا أستأذن فيها رسول الله ﷺ، وما يدريني ما يقول رسول الله ﷺ إذا استأذنته فيها، وأنا رجل شاب؟ فلبثت بعد ذلك عشر ليال، حتى كملت لنا خمسون ليلة من حين نهى رسول الله ﷺ عن كلامنا، فلما صليت صلاة الفجر صبح خمسين ليلة، وأنا على ظهر بيت من بيوتنا، فبينا أنا جالس على الحال التي ذكر الله، قد ضاقت علي نفسي، وضاقت علي الأرض بما رحبت، سمعت صوت صارخ، أوفى على جبل سلع بأعلى صوته: يا كعب بن مالك أبشر، قال: فخررت ساجدا، وعرفت أن قد جاء فرج، وآذن رسول الله ﷺ بتوبة الله علينا حين صلى صلاة الفجر، فذهب الناس يبشروننا، وذهب قبل صاحبي مبشرون، وركض إلي رجل فرسا، وسعى ساع من أسلم، فأوفى على الجبل، وكان الصوت أسرع من الفرس، فلما جاءني الذي سمعت صوته يبشرني، نزعت له ثوبي، فكسوته إياهما، ببشراه والله ما أملك غيرهما يومئذ، واستعرت ثوبين فلبستهما، وانطلقت إلى رسول الله ﷺ، فيتلقاني الناس فوجا فوجا، يهنوني بالتوبة، يقولون: لتهنك توبة الله عليك، قال كعب: حتى دخلت المسجد، فإذا رسول الله ﷺ جالس حوله الناس، فقام إلي طلحة بن عبيد الله يهرول حتى صافحني وهناني، والله ما قام إلي رجل من المهاجرين غيره، ولا أنساها لطلحة، قال كعب: فلما سلمت على رسول الله ﷺ، قال: رسول الله ﷺ، وهو يبرق وجهه من

السرور: «أبشر بخير يوم مر عليك منذ ولدتك أمك»، قال: قلت: أمن عندك يا رسول الله، أم من عند الله؟ قال: «لا، بل من عند الله». وكان رسول الله ﷺ إذا سر استنار وجهه، حتى كأنه قطعة قمر، وكنا نعرف ذلك منه، فلما جلست بين يديه قلت: يا رسول الله، إن من توبتي أن أنخلع من مالي صدقة إلى الله وإلى رسول الله، قال رسول الله ﷺ: «أمسك عليك بعض مالك فهو خير لك». قلت: فإني أمسك سهمي الذي بخيبر، فقلت: يا رسول الله، إن الله إنما نجاني بالصدق، وإن من توبتي أن لا أحدث إلا صدقا، ما بقيت. فوالله ما أعلم أحدا من المسلمين أبلاه الله في صدق الحديث منذ ذكرت ذلك لرسول الله ﷺ، أحسن مما أبلاني، ما تعمدت منذ ذكرت ذلك لرسول الله ﷺ إلى يومي هذا كذبا، وإني لأرجو أن يحفظني الله فيما بقيت، وأنزل الله على رسوله ﷺ: ﴿لَقَدْ تَابَ اللَّهُ عَلَى النَّبِيِّ وَالْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ﴾ [التوبة: 117] إلى قوله ﴿وَكُونُوا مَعَ الصَّادِقِينَ﴾ [التوبة: 119].

فوالله ما أنعم الله علي من نعمة قط بعد أن هداني للإسلام، أعظم في نفسي من صدقي لرسول الله ﷺ، أن لا أكون كذبته، فأهلك كما هلك الذين كذبوا، فإن الله قال للذين كذبوا - حين أنزل الوحي - شر ما قال لأحد، فقال تبارك وتعالى: ﴿سَيَحْلِفُونَ بِاللَّهِ لَكُمْ إِذَا انْقَلَبْتُمْ﴾ [التوبة: 95] إلى قوله ﴿فَإِنَّ اللَّهَ لَا يَرْضَى عَنِ الْقَوْمِ الْفَاسِقِينَ﴾ [التوبة: 96]، قال كعب: وكنا تخلفنا أيها الثلاثة عن أمر أولئك الذين قبل منهم رسول الله ﷺ حين حلفوا له، فبايعهم واستغفر لهم، وأرجأ رسول الله ﷺ أمرنا حتى قضى الله فيه، فبذلك قال الله: ﴿وَعَلَى الثَّلَاثَةِ الَّذِينَ خُلِّفُوا﴾ [التوبة: 118]. وليس الذي ذكر الله مما خلفنا عن الغزو، إنما هو تخليفه إيانا، وإرجاؤه أمرنا، عمن حلف له واعتذر إليه فقبل منه.

582. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ تەبۇك غازىتىغا چىقالمىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەقەلىكنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن تەبۇك غازىتىدىن باشقا ھېچبىر غازاتتىن قالماي پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە چىقتىم. گەرچە مەن بەدر غازىتىغا قاتناشمىغان بولساممۇ، بەدر غازىتىغا چىقمىغانلار ئەيىبلەنمىگەن ئىدى چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ بەدر غازىتىغا قۇرەيش مۇشرىكلىرى كارۋانلىرىنىڭ ماللىرىنى ئولجا ئېلىش مەقسىتىدە چىققان بولۇپ، كېيىن ئويلىمىغان يەردىن الله مۇسۇلمانلارنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى قوشۇنىغا كۇتۇلمىگەن بىر ئورۇندا ئۇچراشتۇرۇپ قويغان ۋە ئۇرۇش يۈز بەرگەنىدى.

ئەقەبە كېچىسى، بىز ئىسلام ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ گە بەيئەت بەرگەن

ۋاقتىمىزدا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىم. گەرچە خەلق ئارىسىدا بەدر غازىتى ئۇ كېچىدىن مەشھۇر بولسىمۇ لېكىن مەن ئۇ كېچىنى بەدر غازىتىدىن تۆۋەن چاغلىمايمەن.

تەبۇك غازىتىغا پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە چىقمىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىگە كەلسەك، بۇ ئۇرۇشقا سەپەرۋەرلىك قىلىنغاندا مەن ھەر جەھەتتىن تولۇق كۈچكە ۋە قۇلاي شارائىتقا ئىگە ئىدىم. بۇ غازاتتىن ئىلگىرى ھېچقاچان مېنىڭ ئىككى تۆگەم بولۇپ باقمىغان ئەمما بۇ غازاتقا مەن ئىككى تۆگە تەييارلىدىم. پەيغەمبەر ﷺ قاچانىكى بىرەر غازاتقا ماڭماقچى بولسا، باشقا بىر ئۇرۇشنى ئېلان قىلىپ، قىلماقچى بولغان ئۇرۇشنى مەخپىي تۇتاتتى. لېكىن بۇ قېتىملىق جەڭ نىشانىنى ئېنىق ئېلان قىلدى چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ تەبۇك غازىتىغا ھاۋا قاتتىق ئىسسىق چاغدا يۈرۈش قىلغان شۇنداقلا ئارىلىق ناھايىتى يىراق، دۈشمەن سانى پەۋقۇلئاددە كۆپ ھەمدە چۆل-باياۋاننى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغان بولغاچقا، مۇسۇلمانلارنىڭ پۇختا تەييارلىنىۋېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ قېتىم پەيغەمبەر ﷺ بىلەن غازاتقا چىقىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سانىنى ئېلىپ بولۇشمۇ تەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، غازاتقا چىقماي قېلىپ قالماقچى بولغان كىشىلەرمۇ: «الله تىن ۋەھيي كېلىپ قالمىسىلا ئۇرۇشقا چىقمىغىنىم بىلىنمەيدىغۇ» دەپ ئويلايتتى. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ئۇرۇشقا مېۋىلەر مەي باغلاپ، دەل-دەرەخلەر تازا سايە تاشلاپ تۇرغان بىر پەيتتە سەپەرۋەرلىك قىلغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبەر ﷺ ۋە باشقا مۇسۇلمانلار جەڭگە تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. مەنمۇ ھەر ئەتىگىنى ئۇلار بىلەن تەييارلىق قىلاي دەپ چىقاتتىم-يۇ، ھېچبىر تەييارلىق قىلمايلا قايتىپ كېلەتتىم چۈنكى كۆڭلۈمدە: «تەييارلىق قىلاي دېسەم ماڭا ئاسانغۇ» دەپ ئويلايتتىم ۋە مۇشۇ خىيالدا يۈرۈۋەردىم ئەمما مۇسۇلمانلار جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

بىر كۈنى سەھەردە پەيغەمبەر ﷺ مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى باشلاپ يولغا چىقتى لېكىن مەن تېخى ھېچبىر تەييارلىقسىز ئىدىم. كۆڭلۈمدە: «بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن تەييارلىق قىلىپ ئۇلارغا يېتىشىۋالالايمەن» دېگەن

خىيالدا يۈردۈم.

قوشۇن يولغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن ئەتىگەندە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقتىم-يۇ، ھېچبىر تەييارلىق قىلالماي قايتىپ كەلدىم. ئۇنىڭ ئەتىسىمۇ يەنە شۇ مەقسەتتە چىقتىم بىراق يەنە ھېچقانداق تەييارلىق قىلالماي قايتىپ كىردىم. مەن شۇ ھالدا يۈرۈۋېرىپ قوشۇن بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى، غازات پەيتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. مەن دەرھال سەپەرگە ئاتلىنىپ ئۇلارغا يېتىشىۋېلىش كويىدا ئىدىم. كاشكى يېتىشىۋالالىغان بولسام! لېكىن بۇ ماڭا نېسىپ بولمىدى.

پەيغەمبەر ﷺ كەتكەندىن كېيىن كوچىلارغا چىقسام كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالاتتى چۈنكى كوچىلاردا پەقەت يا مۇناپىقلارنى، ياكى جىھادقا چىقىشتىن ئاجىز كەلگەن كىشىلەرنىلا كۆرەتتىم. ئىقتىدارلىق كىشىدىن بىرەرسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

پەيغەمبەر ﷺ تەبۇكقا بارغۇچە مېنى ئېسىگە ئالماپتۇ. تەبۇكقا يېتىپ بارغاندىن كېيىن قوشۇن ئارىسىدا ئولتۇرۇپ: «كەئب كۆرۈنمەيدىغۇ؟» دەپ سوراپتۇ. بەنى سەلەمە جەمەتىدىن بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! كەئبنىڭ تونىنى كىيگەن ھالدا ئىككى يانغا بېقىشلىرى (ياسانچۇقلىقى) ئۇنى ئۇرۇشقا كەلگىلى قويمىغاندۇ؟!» دېگەنىكەن، مۇئاز ئىبنى جەبەل: «سەن يامان گەپتىن بىرنى قىلدىڭ. ئى رەسۇلۇللاھ! اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇنىڭ پەقەت ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنىلا بىلىمىز» دەپتۇ. پەيغەمبەر ﷺ گەپ قىلماپتۇ.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تەبۇكتىن قايتىپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزۈمدىن غەم قىلىشقا باشلىدىم ۋە يالغان باھانە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئويلانغىلى تۇردۇم. كۆڭلۈمدە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاچچىقىدىن قانداق قۇتۇلۇشنى ئويلايتتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ھەتتا ئائىلەمدىكى ئەقىل كۆرسىتەلەيدىغانلاردىن پىكرىمۇ ئېلىپ باقتىم. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندا بولسا، ھەرقانداق يالغانچىلىق بىلەن پەيغەمبەر ﷺ دىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىمنى تونۇپ يېتىپ، راست سۆزلەش نىيىتىگە كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن، مەندىكى بولمىغۇر خىياللارمۇ يوقاپ

كەتتى.

پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ھەرقانداق سەپەردىن قايتىپ كەلسە ئالدى بىلەن مەسجىدكە كېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئادىتى بويىچە مەسجىدكە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇرۇشقا چىقمىغانلار ئۇنىڭ ئالدىغا بىر-بىرلەپ كېلىپ، قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ ئۆزرە ئېيتىشقا باشلىدى. ئۆزرە ئېيتقۇچىلار جەمئىي 80 نەچچە كىشى ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشتىكى ئۆزرىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بەيئەتلىرىنى ئالدى ۋە ئۇلارغا مەغپىرەت تىلەپ، ئىچكى سىرلىرىنى الله قا تاپشۇردى. شۇ قاتاردا مەنمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەرگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ نارازىلىق كەيپىياتىدا تەبەسسۇم قىلدى، ئاندىن: «كەل!» دېدى. مەن ئاستا بېرىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇم. پەيغەمبەر ﷺ: «نېمە ئۈچۈن غازاتقا چىقمىدىڭ؟ سەن غازات ئۈچۈن ئۇلاغ سېتىۋالغانغۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «شۇنداق، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر دۇنيا ئەھلىدىن سەندىن باشقا بىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بولسام، يالغان باھانە بىلەن ئۇنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيتتىم چۈنكى مېنىڭ ئالاھىدە سۆز قابىلىيىتىم بار لېكىن مەن شۇنى ئېنىق بىلىمەنكى، بۈگۈن سېنى رازى قىلىدىغان بىر يالغانىنى سۆزلىگىنىم بىلەن، پات ئارىدا الله ۋەھيي ئارقىلىق سېنى ماڭا غەزەپلەندۈرىدۇ. ئەگەر ساڭا راست سۆزلىسەم، مەندىن خاپا بولىسەن. شۇنداقتىمۇ، مەن راست سۆزۈم بىلەن الله تائالادىن كېلىدىغان ياخشى ئاقىۋەتنى ئۈمىد قىلىمەن. قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ ئۇرۇشقا چىقماسلىققا ھېچقانداق ئۆزرەم يوق ئىدى. مەن ئۇرۇشقا چىقماي سەندىن ئايرىلىپ قالغان ۋاقتىمدا، ھەر جەھەتتىن تولۇق كۈچكە ۋە قۇلاي شارائىتقا ئىگە ئىدىم» دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ: «راست ئېيتتىڭ، ئەمدى قايتساڭ بولىدۇ، الله سەن توغرۇلۇق ھۆكۈم چىقارغۇچە كۈتۈپ تۇرغىن!» دېدى.

مەن قايتىپ ماڭغاندا بەنى سەلەمەلىك بىر قانچە كىشى ئورنىدىن قوزغىلىپ ماڭدى ۋە ئارقامدىن كېلىپ: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز سېنىڭ بۇندىن بۇرۇن بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزگىنىڭنى بىلمەيمىز. سەنمۇ

باشقىلاردەك پەيغەمبەر ﷺ گە ئۆزرە ئېيتساڭ بولمامدۇ؟ ئۆزرە ئېيتقان بولساڭ، پەيغەمبەر ﷺ الله تىن گۇناھىڭنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى تىلەيتتى ئەمەسمۇ!؟» دېيىشكىنىچە تاپا ـ تەنە قىلىشۋەرگەن ئىدى، ھەتتا مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ يالغان سۆزلىگىلى تاسلا قالدىم. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ئۇلاردىن: «مەندىن باشقا مۇشۇنداق ئەھۋالغا يولۇققانلار بارمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇلار: «ھەئە، يەنە ئىككى كىشى بار. ئۇلارمۇ پەيغەمبەر ﷺ گە ساڭا ئوخشاش سۆز قىلغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ مۇ ئۇلارغا ساڭا قىلغان سۆزنى قىلدى» دېدى. مەن: «ئۇلار كىم؟» دەپ سورىسام، ئۇلار: «مۇرارە ئىبنى رەبىئ ئەمىر بىلەن ھىلال ئىبنى ئۇمەييە ۋاقىفىي» دېيىشتى. بۇ ئىككىسى بەدر غازىتىغا قاتناشقان، ئۈلگە قىلىشقا تېگىشلىك سالىھ كىشىلەر ئىدى. بۇنى ئاڭلاپ ئىلگىرى قىلغان راست سۆزۈمدە تۇرىۋەردىم.

پەيغەمبەر ﷺ مۇسۇلمانلارنى غازاتقا چىقمىغانلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت بىز ئۈچىمىز بىلەنلا سۆزلىشىشتىن چەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەممەيلەن بىزدىن قېچىشقا ۋە خۇددى بىزنى تونۇمايدىغاندەك باشقىچە مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. ھەتتا زېمىن ماڭا تار كېلىپ، ئۆز مەھەللەمدىنمۇ ياتسىرايدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ ئەھۋال جەمئىي 50 كۈن داۋاملاشتى. قالغان ئىككىيلەن كۆڭلى سۇنۇق ھالدا ئۆيلىرىدە يىغلىشىپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇلارغا قارىغاندا ياش ۋە غەيرەتلىكرەك ئىدىم شۇڭا سىرتلارغا چىقاتتىم، مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇيتتىم، كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرۈۋېرەتتىم لېكىن ھېچكىم ماڭا گەپ قىلمايتتى. پەيغەمبەر ﷺ نامازنى ئوقۇپ ئولتۇرغان ۋاقىتتا ئالدىغا كېلىپ سالام بېرەتتىم. ئىچىمدە: «پەيغەمبەر ﷺ سالام قايتۇرۇش ئۈچۈن لەۋلىرىنى مىدىرلىتامدىغاندۇ؟» دەيتتىم. مەن نامازنى ئۇنىڭ يېنىدا ئوقۇيتتىم ۋە ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە قارايتتىم. مەن نامازغا تۇرسام ئۇ ماڭا قارايتتى. ئۇ تەرەپكە قارىسام يۈزىنى مەندىن بۇرىۋالاتتى.

جامائەتنىڭ ماڭا بولغان سوغۇق مۇئامىلىسى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەڭ يېقىن دوستۇم ــ تاغامنىڭ ئوغلى ئەبۇ قەتادىنىڭ بېغىنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ ھويلىسىغا چۈشتۈم. ئۇنىڭغا سالام بەرسەم ئۇ سالام قايتۇرمىدى. مەن: «ئى ئەبۇ قەتادە! الله نىڭ نامى بىلەن

سورايمەنكى، مېنىڭ ﷲ ۋە ﷲ نىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىغانىدىم، ئۇ گەپ قىلمىدى. مەن قايتا ئۆتۈنۈپ سورىساممۇ، ئۇ گەپ قىلمىدى. مەن يەنە قايتىلاپ سورىۋىدىم، ئۇ: «ﷲ ۋە ﷲ نىڭ رەسۇلى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر» دېدى. شۇ چاغدا كۆزۈمدىن ياش تۆكۈلدى. مەن تامدىن ئارتىلىپ قايتىپ چىقتىم.

مەدىنە بازىرىدا مېڭىپ يۈرسەم، مەدىنىگە ئاشلىق ساتقىلى كەلگەن شام دېھقانلىرىدىن بىرى: «كىم ماڭا كەئب ئىبنى مالىكنى كۆرسىتىپ قويىدۇ؟» دەپ توۋلىدى. ئەتراپتىكىلەر مېنى ئىشارەت قىلغانىدى، ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ، غەسسان پادىشاھىنىڭ بىر پارچە خېتىنى ماڭا بەردى. خەتتە: «مەقسەتكە كەلسەك، بۇرادىرىڭنىڭ سېنى چەتكە قاققانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. ﷲ ساڭا زېمىندا ئاجىز ۋە خار ياشاشنى پۈتۈۋەتكەن ئەمەس. بىزگە قوشۇلغىن، بىز سېنىڭ غەمگۈزارىڭ بولىمىز» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىكەن. خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن «بۇمۇ بىر سىناق بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم-دە، خەتنى تونۇرغا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتتىم.

ئارىدىن ئاشۇ 50 كۈننىڭ 40 كۈنى ئۆتكەندە، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەلچىسى كېلىپ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ سېنىڭ ئايالىڭدىن ئايرىلىپ تۇرۇشۇڭنى ئېيتتى» دېدى. مەن: «تالاق قىلىۋېتەمدىكەنمەن؟» دېسەم، ئەلچى: «ياق، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ تۇرسەن، يېقىن كەلمەيسەن» دېدى. قالغان ئىككىيلەنگىمۇ شۇ يوسۇندا ئەلچى ئەۋەتىلگەنىكەن. مەن ئايالىمغا: «ﷲ مۇشۇ ئىش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغۇچە، سەن ئاتا-ئاناڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرغىن!» دېدىم. ھىلال ئىبنى ئۇمەييەنىڭ ئايالى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ھىلال ئىبنى ئۇمەييە ياشىنىپ قالغان، ئاجىز ئادەم، خىزمەتچىسىمۇ يوق. مەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلسام خاپا بولامسەن؟» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ياق، لېكىن ئۇ ساڭا يېقىنچىلىق قىلمىسۇن» دېدى. ئايال: «ﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ ھېچنەرسىگە مادارى يوق. يەنە قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ مۇشۇ ۋەقەلىك يۈز بەرگەن كۈندىن ئېتىبارەن يىغلاپلا كېلىۋاتىدۇ» دېدى. مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىن بەزىلەر: «سەنمۇ ئايالىڭ توغرىسىدا پەيغەمبەر ﷺ دىن ئىجازەت سورىساڭ بولامدۇ؟ پەيغەمبەر ﷺ

ھىلال ئىبنى ئۇمەييەنىڭ ئايالىغا رۇخسەت بىرىپتۇ» دېيىشتى. مەن: «ياق، مەن ئۇنداق قىلمايمەن. مەن شۇنداق ياش تۇرۇپ خوتۇن توغرىسىدا ئىجازەت سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ نېمە دەپ قالىدۇ؟» دېدىم ۋە شۇ ھالەتتە يەنە ئون كۈن ئۆتكۈزدۈم. شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ جامائەتنى بىز بىلەن سۆزلىشىشتىن چەكلىگىنىگە توپتوغرا 50 كۈن بولدى. 50 ـ كۈنى بامدات نامىزىنى ئۆيۈمنىڭ ئۆگزىسىدە ئوقۇدۇم. شۇ چاغدا، خۇددى الله تائالانىڭ قۇرئاندا بايان قىلغىنىدەك نەپسىم سىقىلىپ، يەر ـ زېمىن تار كېلىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا ئولتۇراتتىم. توساتتىن بىر خەۋەرچىنىڭ سەلئى تېغىغا چىقىۋېلىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «ئى كەئب ئىبنى مالىك! خۇشخەۋەر!» دەپ تۋۋلىغىنىنى ئاڭلىدىم ـ دە، غەمدىن خالاس بولغىنىمنى چۈشىنىپ يىتىپ دەرھال سەجدىگە يىقىلدىم. پەيغەمبەر ﷺ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، الله تائالانىڭ بىزگە تەۋبە ئاتا قىلغانلىقىنى جامائەتكە ئېلان قىلغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر بىزگە خۇشخەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن يۈگۈرۈشۈپتۇ. قالغان ئىككىيلەنگىمۇ خەۋەر يەتكۈزگىلى ئادەم كېتىپتۇ. بىرەيلەن مەن تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپتۇ، ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر كىشى تاغقا چىقىپ بار كۈچى بىلەن تۋۋلاپ، ئاۋاز ئاتتىن تېز كەپتۇ.

تاغ ئۈستىدىن تۋۋلاپ خۇشخەۋەر يەتكۈزگەن ئادەم يېنىمغا كەلگەندى، ئۇچامدىكى ئىككى قۇر كىيىممنى سېلىپ ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىپ كىيدۈرۈپ قويدۇم. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ كۈنلەردە ئۇ ئىككىسىدىن باشقا كىيىمىم يوق ئىدى. شۇڭا باشقىلاردىن ئىككى قۇر كىيىم ئارىيەتكە ئېلىپ كىيدىم ـ دە، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا چاپتىم. يولدا ماڭا ئۇچرىغان جامائەتلەر الله تائالانىڭ مېنىڭ تەۋبەمنى قوبۇل قىلغانلىقىنى تەبرىكلىشىپ: «الله نىڭ ساڭا ئاتا قىلغان تەۋبىسى خەيرلىك ۋە مۇبارەك بولغاي!» دېيىشەتتى. شۇ چاپقىنىمچە ئۇدۇل مەسجىدكە كىردىم. پەيغەمبەر ﷺ جامائەت بىلەن ئولتۇرغان ئىكەن. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئورنىدىن قوپۇپ، يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە مۇبارەكلىدى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۇھاجىرلارنىڭ ئىچىدىن تەلھەدىن باشقىسى ئورنىدىن تۇرمىدى. تەلھەنىڭ بۇ قىلغىنىنى ھەرگىزمۇ

ئۇنتۇمايمەن.

پەيغەمبەر ﷺ گە سالام بەرگەندىم، پەيغەمبەر ﷺ شادلىقتىن يۈزلىرى نۇرلانغان ھالدا: «خۇشخەۋەر! ئاناڭ سېنى تۇغقاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بولغان كۈنلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ خۇشاللىق بىر كۈن بىلەن خۇش بىشارەت ئالغىن» دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ بېشارەت سەندىنمۇ ياكى الله تىنمۇ؟» دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ: «الله تەرەپتىن» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ خۇشال بولسىلا يۈزى نۇرلىنىپ، تولۇن ئايدەك بولۇپ كېتەتتى، بۇنى بىزمۇ بىلەتتۇق. مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! تەۋبەمنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن، مال-مۈلكۈمنىڭ ھەممىسىنى الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ يولىغا سەدىقە قىلىۋېتەي» دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۆزۈڭگىمۇ بىر قىسمىنى ئېلىپ قالغىن! شۇنداق قىلغىنىڭ تېخىمۇ ياخشى» دېدى. مەن: «ئۇنداقتا، خەيبەردىكى نېسىۋەمنى قالدۇرۇپ قوياي» دېدىم. ئاندىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! الله مېنى راستچىللىقىم بىلەن نىجات تاپتۇردى. ھاياتلا بولسام راست سۆزلەش مېنىڭ تەۋبەمنىڭ جۈملىسىدىن بولغاي!» دېدىم. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ گەپنى پەيغەمبەر ﷺ گە دېگەندىن باشلاپ بۈگۈنگە قەدەر الله تائالانىڭ بىر كىشىنى راستچىللىقتا مېنى سىنىغاندىن ياخشىراق سىنىغانلىقىنى بىلمەيمەن. مەن پەيغەمبەر ﷺ گە شۇ سۆزنى قىلغاندىن تارتىپ تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە يالغان سۆزلەشنى ئويلاپمۇ باقمىدىم. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ الله نىڭ مېنى يالغاندىن ساقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇ چاغدا، الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ گە مۇنۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: «الله ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتىدە ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. (ئەينى زاماندا) ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغاندىن كېيىن، الله ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. الله ئۇلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىك، ناھايىتى مېھرىباندۇر [117]. جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ الله قوبۇل قىلدى. شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان، ئۇلارنىڭ جانلىرى سىقىلغان، ئۇلار الله قا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ الله نىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش

مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، الله ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. الله تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر [118]. ئى مۇئمىنلەر! الله تىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار [119]»[①].

الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله مېنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ماڭا يەنە مېنىڭ پەيغەمبەر ﷺ گە راست ئېيتىشىمدىنمۇ كاتتىراق نېئمەت ئاتا قىلغىنى يوق دەپ ئويلايمەن. ناۋادا يالغان ئېيتقان بولسام، باشقا يالغانچىلاردەك ھالاك بولۇپ كېتەتتىم. الله تائالا ئاشۇ يالغانچىلار ھەققىدە ئەڭ يامان سۆزلەر بىلەن ۋەھىي چۈشۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار)نىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەر بايان قىلىپ)، الله بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار (يەنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەڭلار ۋە سالاملاشماڭلار)، ئۇلار ھەقىقەتەن نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر [95]. سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلار سىلەرگە قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ، سىلەر ئۇلاردىن رازى بولساڭلار (بۇ ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ) چۈنكى الله پاسىق قەۋمدىن رازى بولمايدۇ [96]»[②].

بىز ئۈچەيلەن ئۇلاردىن ئەمەس ئىدۇق چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ گە يالغان ئۆزرە قويغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ مۇ ئۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشلىرىگە قاراپلا بەيئىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگەنىدى ئەمما بىزنىڭ ئىشىمىزنى بولسا الله تائالاغا ھاۋالە قىلىپ كېچىكتۈرگەنىدى. نىھايەت، الله تائالا: «ئىشى كېچىكتۈرۈلگەن ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ الله قوبۇل قىلدى»[③] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىپ بىزنى مەغپىرەت قىلدى.

بۇ ئايەتتىن بىزنىڭ غازاتقا چىقمىغانلىقىمىز ئەمەس بەلكى پەيغەمبەر

[①] سۈرە تەۋبە 117 ـ ئايەتتىن 119 ـ ئايەتكىچە.

[②] سۈرە تەۋبە 95 ـ ، 96 ـ ئايەتلەر.

[③] سۈرە تەۋبە 118 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ﷺ نىڭ بىزنى يالغاندىن قەسەم ئىچىپ ئۆزرە ئېيتقان كىشىلەردىن ئايرىپ، ﷲ تائالانىڭ ئۇستىمىزدىن ھۆكۈم چىقىرىشىنى كۈتۈشكە بۇيرۇغانلىقى مەقسەت قىلىنغان.①

## 78 ـ باب

## زۇلخەلەسە غازىتى

**583. عن جرير رضي الله عنه قال: قال لي رسول الله ﷺ: «ألا تريحني من ذي الخلصة» فقلت: بلى، فانطلقت في خمسين ومائة فارس من أحمس، وكانوا أصحاب خيل، وكنت لا أثبت على الخيل، فذكرت ذلك للنبي ﷺ، فضرب يده على صدري حتى رأيت أثر يده في صدري، وقال: «اللهم ثبته، واجعله هاديا مهديا» قال: فما وقعت عن فرس بعد، قال: وكان ذو الخلصة بيتا باليمن لخثعم، وبجيلة، فيه نصب تعبد، يقال له الكعبة، قال: فأتاها فحرقها بالنار وكسرها، قال: ولما قدم جرير اليمن، كان بها رجل يستقسم بالأزلام، فقيل له: إن رسول رسول الله ﷺ ها هنا، فإن قدر عليك ضرب عنقك، قال: فبينما هو يضرب بها إذ وقف عليه جرير، فقال: لتكسرنها ولتشهدن: أن لا إله إلا الله، أو لأضربن عنقك؟ قال: فكسرها وشهد، ثم بعث جرير رجلا من أحمس يكنى أبا أرطاة إلى النبي ﷺ يبشره بذلك، فلما أتى النبي ﷺ قال: يا رسول الله والذي بعثك بالحق، ما جئت حتى تركتها كأنها جمل أجرب، قال: فبرك النبي ﷺ على خيل أحمس ورجالها خمس مرات.**

583. جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: «مېنى زۇلخەلەسەنىڭ پىتنىسىدىن ئارام تاپتۇرامسەن؟!» دېگەندى. مەن: «ئەلۋەتتە بولىدۇ» دېدىم. شۇنداق قىلىپ، ئەھمەس قەبىلىسىدىن 150 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ يولغا چىقتىم. ئۇلار ئات مىنىشكە ئۇستا ئىدى ئەمما مەن ئاتقا مىنەلمەيتتىم. بۇنى پەيغەمبەر ﷺ گە ئېيتقانىدىم، ئۇ مەيدەمگە ئۇرۇپ قويدى. مەن مەيدەمدە ئۇنىڭ قولىنىڭ ئىزىنى كۆردۈم. ئۇ دۇئا قىلىپ: «ئى ﷲ! ئۇنى ئات مىنەلەيدىغان، توغرا يولدا ماڭىدىغان ۋە توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان قىلغىن» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئاتتىن يىقىلىپ باقمىدىم. يەمەندىكى خەسئەم ۋە بەجىلە قەبىلىلىرىنىڭ

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

«زۇلخەلەسە» ناملىق بىر ئىبادەتخانىسى بار ئىدى، ئۇنىڭدا مۇشرىكلار چوقۇنىدىغان بۇتلار بار بولۇپ، ئۇ بۇتخانىنى «كەئبە» دەپ ئاتايتتى.

بىز ئۇ بۇتخانىغا بېرىپ ئوت قويۇۋەتتۇق ۋە ئۇنى چېقىپ تاشلىدۇق. بىز يەمەنگە بارغاندا بىر ئادەم ئۇ بۇتخانىدا يا ئوقلىرى بىلەن پال سېلىۋېتىپتىكەن، بىرەيلەن ئۇنىڭغا: «ناۋادا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەلچىسى مۇشۇ يەردە سېنىڭ ئۈستۈڭگە چۈشكەن بولسا كاللاڭنى ئالاتتى» دېدى. ئۇ ئادەم ھېچنىمە بولمىغاندەك يەنە پال سالماقچى بولغانىدى، مەن ئۇنى دەرھال توسۇپ: «سەن يا پال ئوقلىرىنى سۇندۇرۇپ، بىر الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بىرىسەن، ياكى كاللاڭنى ئالىمەن» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پال ئوقلىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلاپ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتتى. كېيىن مەن ئەھمەس قەبىلىسىدىن ئەبۇ ئەرتا ئىسىملىك بىر ئادەمنى پەيغەمبەر ﷺ گە خۇشخەۋەر بىرىش ئۈچۈن يوللىدىم. مەنمۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە: «ئى رەسۇلۇللاھ! سېنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇ بۇتخانىنى خۇددى قوتۇر تۆگىدەك قىلىۋېتىپ ئاندىن قايتىپ كەلدىم» دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ ئەھمەس قەبىلىسىنىڭ كىشىلىرىگە ۋە ئاتلىرىغا بەرىكەت تىلەپ بەش قېتىم دۇئا قىلدى.[1]

## 79 ـ باب

## زاتۇسەلاسىل غازىتى

**584. عن عامر رضي الله عنه قال: بعث رسول الله ﷺ جيش ذات السلاسل، فاستعمل أبا عبيدة على المهاجرين، واستعمل عمرو بن العاص على الأعراب، فقال لهما: «تطاوعا». قال: وكانوا يؤمرون أن يغيروا على بكر، فانطلق عمرو، فأغار على قضاعة لأن بكرا أخواله . فانطلق المغيرة بن شعبة إلى أبي عبيدة، فقال: إن رسول الله ﷺ استعملك علينا، وإن ابن فلان قد ارتبع أمر القوم، وليس لك معه أمر، فقال أبو عبيدة: إن رسول الله ﷺ أمرنا أن نتطاوع، فأنا أطيع رسول الله ﷺ، وإن عصاه عمرو.**

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

584. ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ زاتۇسەلاسىل قوشۇنىنى تەشكىللەپ، مۇھاجىرلارغا ئەبۇ ئۇبەيدىنى، ئەئرابىلارغا ئەمر ئىبنى ئاسنى قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ئۇلارغا: «ئىتائەت قىلىڭلار» دەپ تاپىلىدى.

قوشۇن بەكر قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئەمر ئاتلىنىپ قۇزائە قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلدى چۈنكى بەكر قەبىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ تاغىلىرى بولاتتى. مۇغىرە ئىبنى شۇئبە بۇنى كۆرۈپ ئەبۇ ئۇبەيدىگە: «پەيغەمبەر ﷺ سىنى بىزگە قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى لېكىن پالانچى كىشى قوشۇنغا قوماندان بولۇشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ سەن ئۇنىڭغا چارە قوللانمايۋاتىسەن» دېگەنىدى، ئەبۇ ئۇبەيدە ئۇنىڭغا: «پەيغەمبەر ﷺ بىزنى ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان. شۇڭا ئەمر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلمىسىمۇ، مەن ئىتائەت قىلىمەن» دېدى.[1]

## 80 ـ باب

## جىھادنىڭ تاكى قىيامەتكىچە ئۈزۈلۈپ قالمايدىغانلىقى ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الْيَوْمَ يَئِسَ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ دِينِكُمْ فَلَا تَخْشَوْهُمْ وَاخْشَوْنِ الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْإِسْلَامَ دِينًا﴾ «كاپىرلار بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلار (نى يوقىتىش) تىن ئۈمىدىنى ئۈزدى، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار. بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېئمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم».[2]

**585. عن عقبة بن عامر رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «لا تزال عصابة من أمتي يقاتلون على أمر الله، قاهرين لعدوهم، لا يضرهم من خالفهم، حتى تأتيهم الساعة وهم على ذلك».**

---

[1] ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك ۋە سەھىھ» دېگەن.

[2] سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

585. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۇممىتىمدىن بىر بۆلەك كىشىلەر اللە نىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن تاكى قىيامەتكىچە دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ھالەتتە ھەمىشە ئۇرۇش قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارغا قارشىلىق قىلغۇچىلار ئۇلارغا زىيان سالالمايدۇ». [1]

**586. عن جابر بن سمرة رضي الله عنه، عن النبي ﷺ أنه قال: «لن يبرح هذا الدين قائما، يقاتل عليه عصابة من المسلمين، حتى تقوم الساعة».**

586. جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلاردىن بولغان بىر جامائەت تاكى قىيامەت كۈنىگىچە بۇ دىنىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ جەڭ قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ». [2]

**587. عن معاوية رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «لا تزال طائفة من أمتي قائمة بأمر الله، لا يضرهم من خذلهم أو خالفهم، حتى يأتي أمر الله وهم ظاهرون على الناس».**

587. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مېنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدىن بىر گۇرۇھ اللە نىڭ ئەمرى (يەنى قىيامەتنىڭ ئالدىدا ھەربىر مۇئمىن ئەر-ئايالنىڭ جېنىنى ئالىدىغان شامال) كەلگەنگە قەدەر ئىنسانلار ئۈستىدىن غالىب ھالدا اللە نىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاش (يەنى ھەقنى بەرپا قىلىش) يولىدا داۋاملىشىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنى ياردەمسىز تاشلىۋەتكەن ياكى ئۇلار بىلەن قارشىلاشقانلار ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ». [3]

**588. عن جابر بن عبد الله رضي الله عنه قال: سمعت النبي ﷺ يقول: «لا تزال طائفة من أمتي يقاتلون على الحق ظاهرين إلى يوم القيامة»، قال: «فينزل عيسى ابن مريم ﷺ فيقول أميرهم: تعال صل لنا، فيقول: لا، إن بعضكم على بعض أمراء تكرمة الله هذه الأمة».**

588. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مېنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدىن بىر گۇرۇھ قىيامەت كۈنىگە قەدەر غالىب ھالدا ھەقىقەت ئۈستىدە داۋام قىلىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشكەندە ئۇلارنىڭ ئەمىرى ئۇنىڭغا: ‹كېلىڭ، بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرىڭ!› دەيدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام: ‹ياق، ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بەزىڭلار بەزىڭلارغا ئەمىر، بۇ ــ الله تائالانىڭ مۇشۇ ئۇممەتنى ھۆرمەتلىگەنلىكىدۇر› دەيدۇ».[1]

**589. وعن عروة البارقي رضي الله عنه، أن النبي ﷺ قال: «الخيل معقود في نواصيها الخير إلى يوم القيامة: الأجر، والمغنم».**

589. ئۇرۋە بارىقىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ كوكۇلىسىغا قىيامەت كۈنىگىچە ئەجىر ۋە غەنىيمەتتىن ئىبارەت ياخشىلىق پۈتۈلگەندۇر».[2]

**590. عن سلمة بن نفيل الكندي قال: كنت جالسا عند النبي ﷺ فقال رجل: يا رسول الله أذال الناس الخيل، ووضعوا السلاح، وقالوا: لا جهاد، وقد وضعت الحرب أوزارها فأقبل ﷺ بوجهه، قال: «كذبوا، الآن جاء القتال، ولا يزال من أمتي أمة يقاتلون على الحق ويزيغ الله لهم قلوب أقوام ويرزقهم منهم حتى تقوم الساعة».**

590. سەلەمە ئىبنى نۇفەيل كىندى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىدا ئولتۇراتتىم. بىر ئادەم كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! كىشىلەر ئاتلارنى خارلاپ، قورالالارنى تاشلىدى ۋە: ‹ئەمدى جىھاد يوق چۈنكى جەڭ ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى قويدى (يەنى جەڭ توختىدى)› دېيىشىۋاتىدۇ» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ: «ئۇلار خاتالىشىپتۇ، جەڭ قىلىشنىڭ دەۋرى ئەمدى كەلدى. مېنىڭ ئۇممىتىمدىن بىر تۈركۈم جامائەت ھەمىشە ھەق ئۈستىدە ئۇرۇش قىلىدۇ. الله ئۇلارغا مەلۇم قەۋملەرنىڭ دىللىرىنى مايىل قىلىپ بېرىدۇ ۋە شۇلارنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا رىزىق بېرىپ تۇرىدۇ. ھەتتا قىيامەت كۈنىگىچە مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ» دېدى.[3]

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.